# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى)

ئىككىنچى كىتاب

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى) ئىككىنچى كىتاب

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14233-0

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى)

ئىككىنچى كىتاب

(2)

تۈزگۈچىلەر: ليۇ زوچاڭ، گۇاڭ رېنخۇڭ
خەن چېڭۋېن، ئەي جۇچاڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن يۇسۇپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئامىياك، فېنىل ۋە سۈنئىي بوياق ماتېرىياللىرى قاتارلىق خىمىيەلىك مەھسۇلاتلار ئايرىپ ئېلىنىدىغان بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سۈنئىي بوياق ماتېرىياللىرى ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنىدىغان بوياقنى چەتكە قاقتى. 1867 ـ يىلى نوبېل پارتلىتىش دورىسىنى كەشىپ قىلدى، 80 ـ يىللىرى يەنە ئىس ـ تۈتەكسىز مىلتىق دورىسى ياساش تېخنىكىسىنى ياخشىلىدى، بۇ ھەربىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. سۇلياۋ، ئېزولياتسىيەلىك ماددا، سۈنئىي تالا ئىشلەپچىقىرىلىشقا ۋە ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ئېلېكتىر سانائىتىنىڭ گۈللىنىشى كونا سانائەت ئورۇنلىرى، مەسىلەن، مېتاللورگىيە، كېمىسازلىق، ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ تېخنىكىسىنى يېڭىلاش ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئېلېكتىر توماسچە پولات تاۋلاش ئۇسۇلى، يايلىق پولات تاۋلاش پېچى، ئېلېكترولىزلىق ئاليۇمىن تاۋلاش ئۇسۇلى، ئېلېكترولىزلىق پولات تاۋلاش ئۇسۇلى كەينى ـ كەينىدىن قوللىنىلىشقا باشلىدى. دۇنيا بويىچە چويۇن ئىشلەپچىقىرىش 1870 ـ يىلى 14 مىليون توننا بولسا، 1900 ـ يىلى كۆپىيىپ 41 مىليون توننىغا، پولات ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات مىقدارى 520 مىڭ تونندىن كۆپىيىپ 28 مىليون 300 مىڭ توننىغا يەتتى.

قاتناش ـ ترانسپورتمۇ يېتەرلىك تەرەققىي قىلدى. پويىز، كېمىلەرمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاندى. ئاپتوموبىل مۇھىم قاتناش قورالىغا ئايلاندى. 1876 ـ يىلى ئامېرىكىلىق بېل تېلېفوننى كەشىپ قىلدى. 1895 ـ يىلى رۇسىيەلىك پوپوف رادىيونى كەشىپ قىلدى. ئىتالىيەلىك ماركونى رادىيونى تەتقىق قىلىپ، 1896 ـ يىلى رادىيو تېلېگراممىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققانلىقى ۋە رادىيو ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

1880 ـ يىللىرى دۇنيا بويىچە تېلېگراما سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 مىلىيون 500 مىڭ كىلومېتىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە 4 مىليون 300 مىڭغا يەتتى.

قىسقىسى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىسى توك پارنىڭ ئورنىنى دەسسەپ مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلاندى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئېلېكتىر دەۋرى»، «پار دەۋرى»نىڭ ئورنىنى ئالدى.

## 2. مونوپول كاپىتال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

1870 ~ 1900 ـ يىللىرى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى كاپىتالىستىك ئىقتىساد قۇرۇلمىسىدا يېڭى ھادىسە — مونوپول تەشكىلاتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى تېخنىكىنى قوللانغان ئاز ساندىكى كارخانىلار تېخنىكىدا قالاق كارخانىلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتال مەركەزلىشىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە تەبىئىي يوسۇندىلا مونوپول پەيدا بولىدۇ. رىقابەت داۋامىدا ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى كۆلىمى چوڭراق كارخانىلار ئارىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، باھا ۋە بازار دائىرىسى ئورتاق بېكىتىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردە دەسلەپكى مونوپول تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بىرقانچە قېتىملىق كەڭ

كۆلەملىك ئىقتىسادىي كرىزىس تۈپەيلىدىن ئاساسى ئاجىز كۆپلىگەن كارخانىلار تاقىلىپ، مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە گېرمانىيەلەرنىڭ مېتاللۇرگىيە، دېڭىز تىرانسپورتى، تۆمۈريول، خىمىيە، ئېلېكتىر سانائىتى قاتارلىق ئورۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىشلەپچىقىرىشى ئون نەچچە چوڭ كارخانىلارغا مەركەزلەشكەن ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرلەشمە تەشكىل ئورنىتىلغانىدى. مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، كارتېل (ئەرزان باھالىق بازار، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ھەمدە باھا قاتارلىقلارنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن تەشكىلات)، سىندىكا (تاۋارلارنى ئورتاق سېتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىرلەشمە تەشكىلات)، تىرەست (ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۆكمە قىلىپ سېتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە كارخانىلار تولۇق بىرلەشكەن تەشكىلات) ۋە كونسېرن (بىر قاتار ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى كارخانىلار ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلەشكەن تەشكىلات) قاتارلىقلار بار ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بانكا كاپىتالىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە مەركەزلىشىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكا كاپىتالى بىلەن سانائەت كاپىتالى بىرلىشىدىغان ئەھۋال بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بۇ ئاتالمىش پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەريان ئالدى بىلەن بىرقەدەر ياش بولغان كاپىتالىستىك دۆلەت ــ گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىلاردا يۈز بەردى، چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە سانائەتكە كاپىتال كەمچىل بولۇپ، بانكا بېرىدىغان قەرز پۇلنىڭ سانائەت ۋە كارخانىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئامېرىكىدا ئىككى چوڭ پۇل مۇئامىلە كاپىتال گۇرۇھى ــ مورگان ۋە روككېفېللېر مەيدانغا كەلدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ

ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ ئىككى پۇل مۇئامىلە كاپىتال گۇرۇھى ئامېرىكا خەلق ئىگىلىكىنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاپىتالىنىڭ سىرتقا چىقىشى باشلاندى. ئىلغار كاپىتالىستىك دۆلەتلەر «ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن» كاپىتالنى ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرگە چىقاردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كاپىتالىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

مونوپول تەشكىلاتلىرى، پۇل مۇئامىلە كاپىتالى ھەمدە كاپىتالىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى قاتارلىقلار كاپىتالىزمنىڭ ئامىللىرى بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 — 90 ـ يىللىرى پۈتكۈل ئىقتىسادتا تېخى ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. شۇڭا، بۇ مەزگىل «ئەركىن» كاپىتالىزمدىن جاھانگىرلىككە ئۆتۈش مەزگىلى ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى دۇنيا كاپىتالىزمى جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى. شۇ چاغدا بۇرژۇئازىيەنىڭ كىتاب ـ ژۇرنال ۋە گېزىتلىرىدە «جاھانگىرلىك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. «جاھانگىرلىك»كە خىلمۇخىل تەبىر بېرىلدى، لېكىن ئۇرغۇن سورۇنلاردا «جاھانگىرلىك» كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى دەپ چۈشەندۈرۈلدى. پەقەت لېنىنلا بۇنىڭغا ئومۇميۈزلۈك، ئىلمىي تەبىر بېرىپ «مونوپول كاپىتالىزم كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جاھانگىرلىكنىڭ بەش چوڭ ئالاھىدىلىكى بار: «بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتال مەركەزلىشىپ مۇشۇنداق يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە، مونوپول تەشكىلاتلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. ئىككىنچى، بانكا كاپىتالى ۋە سانائەت كاپىتالى ئالماشىپ بىرلىشىپ كەتتى، بۇ پۇل

مۇئامىلە كاپىتالى، ئاساسىدا پۇل مۇئامىلە ئولىگارخلىرى شەكىللەندى. ئۈچىنچى، تاۋارنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىغا ئوخشىمايدىغان كاپىتالنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆتىنچى، دۇنيانى بۆلۈشۈۋالىدىغان كاپىتالىستلارنىڭ خەلقئارالىق مونوپول ئىتتىپاقى شەكىللەندى. بەشىنچى، ئەڭ چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەت دۇنيادىكى تېررىتورىيەنى بۆلۈشۈۋالدى.»①

مونوپول بولسا جاھانگىرلىكنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى، 1900 ~ 1903 ـ يىللار ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسىنى قاپلىغان ئىقتىسادىي كرىزىس مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ھەتتا مونوپول تەشكىلاتلارنى كاپىتالىستىك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. 1901 ـ يىلى، دۇنيا ئىقتىسادىي كرىزىسى يۈز بېرىپ، ئامېرىكىدا 75 تىرەست (ئۇلار 1600 دىن كۆپرەك كارخانىنى بىرلەشتۈردى، كاپىتال پاي چېكى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى) بارلىققا كەلدى. 1903 ~ 1905 ـ يىللىرى بۇ مونوپول كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان پولات مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنىڭ 70% نى، كۆمۈر 75% نى، نېفىت 84% نى ئىگىلىدى. گېرمانىيەدە 1905 ـ يىلىغا كەلگەندە كارتېل 385 دىن كەم بولمىدى، ئۇلار 12 مىڭ كارخانىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىق سانائەت ئورۇنلىرىنى تىزگىنلىدى.

مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت رىقابەتنى ئازايتىپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرىچە پايدىدىن كۆپ بولغان نورمىدىن ئارتۇق پايدىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە مونوپول تەشكىلاتلار رىقابەتكە خاتىمە بەردى، يەنى مونوپول تەشكىلاتلارغا قاتناشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھەمدە مونوپول

---

① لېنىن: «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە 3 ـ نەشرى، 651 ـ بەت.

تەشكىلاتلار بىلەن مونوپول تەشكىلاتلارغا قاتناشمىغانلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ھالدا كەسكىن رىقابەت يۈز بېرىپ تۇردى. مونوپول كاپىتالىستلار مونوپول تەشكىلاتلىرىغا قاتناشمىغان كارخانىلارنى خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن چەتكە قېقىپ ۋە ئېزىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار تاۋار باھاسىنى سۈنئىي ھالدا ئۆستۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى.

جاھانگىرلىك مەزگىلىگە كەلگەندە، بانكا كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىشى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. 1907 ـ يىلى گېرمانىيەدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دېگۈدەك ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يېرىمى (47%ى) توققۇز چوڭ بانكىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. قالغان خېلى كۆپ كىچىك بانكىلار بۇ توققۇز بانكىغا بېقىنىپ قالدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىمۇ بانكا كاپىتالىدا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكا كاپىتالى بىلەن سانائەت كاپىتالىنىڭ بىرلىشىشىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھادىسە بولۇپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيەنىڭ بېرلىندىكى ئالتە چوڭ بانكا 751 كارخانىنى كونترول قىلىۋالدى. ئامېرىكا مورگان بانكا گۇرۇھى كۆپلىگەن تۆمۈريولنى كونترول قىلىۋالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى جەمئىي تەخمىنەن 80 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈريولنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇ بانكا گۇرۇھى يەنە ئېلېكتىر سانائىتى، سۇغۇرتا شىركىتى، تېلېگراف شىركىتى ھەمدە پولات ـ تۆمۈرچىلىك تىرەستىنىمۇ ئىدارە قىلدى. مالىيە كاپىتالى غايەت زور ئىقتىسادىي كۈچىنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى كونترول قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي تۇرمۇشنىمۇ كونترول قىلدى.

مونوپول تەشكىلاتلار ۋە مونوپول پايدىنىڭ ئېشىشى مونوپول

كاپىتالىستلارنىڭ نورمىدىن ئاشقان كۆپ پايدىنى جۇغلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بەردى. ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە كاپىتال كەمچىل بولۇپلا قالماستىن، ئىش تۆۋەن، خام ئەشيا ئەرزان بولغاچقا، پايدا بەك يۇقىرى بولىدى. مونوپول كاپىتالىستلار يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغان كاپىتالنى ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرگە چىقىرىپ مەبلەغ سالدى. كاپىتالنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ كاپىتالنى سىرتقا چىقىرىشى ئەڭ كۆپ بولدى، كاپىتالنى چىقىرىش ئوبيېكتى ئاساسلىقى ئامېرىكا، رۇسىيە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر، جۇڭگو ۋە ياپونىيە قاتارلىقلار ئىدى.

مەبلەغ سالىدىغان جايلارنى، تۆكمە قىلىپ سېتىش بازىرىنى ۋە خام ئەشيا چىقىدىغان ئورۇنلارنى تالىشىش ئۈچۈن مونوپول تەشكىلاتلار ئارىسىدا ھەم كۈرەش بولىدى، ھەم ئۆزئارا تىل بىرىكتۈردى، ئاخىر خەلقئارالىق كارتېل قۇرۇپ، بازار ۋە مەبلەغ سالىدىغان جايلارنى بۆلۈشۈۋالدى. 1907 - يىلى ئېلېكتىر سانائىتى جەھەتتە گېرمانىيە ئېلېكتىر باش شىركىتى بىلەن ئامېرىكا ئامېباب ئېلېكتىر شىركىتى ئوتتۇرىسىدا بازارلارنى بۆلۈشۈۋېلىش كېلىشىمى تۈزۈلدى.

1903 - يىلى ھامبۇرگ، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى شىركىتى، شىمالىي گېرمانىيە سۇ ترانسپورت شىركىتى ۋە مورگان ئەنگلىيە - ئامېرىكا سۇ ترانسپورت تىرەستى ئوتتۇرىسىدا پائالىيەت قىلىش دائىرىسىنى بۆلۈشۈۋېلىش كېلىشىمى تۈزۈلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەلقئارا مونوپول تەشكىلاتلار 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1897 - يىلى خەلقئارالىق كارتېلدىن 40 نەچچە بار ئىدى، ئەمما 1910 - يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 100 گە يەتتى.

شۇنداقتىمۇ، قۇرۇلغان خەلقئارا مونوپول تەشكىلاتلار جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئازايتالمىدى، ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ زور پارتلاش يۈز بېرىش ئالدىدىكى ئارىلىق باسقۇچ بولدى.

مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىشىغا ئەگىشىپ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرمۇ زېمىن جەھەتتىن دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىشكە باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە دۇنيانى ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۆلۈشۈپ بولدى. لېكىن، بۇ چاغدا كېيىن باش كۆتۈرگەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر، بولۇپمۇ گېرمانىيە سانائەت جەھەتتە ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەتكە يېتىشىۋالدى ياكى ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتى، شۇڭا دۇنيانى يېڭىباشتىن بۆلۈشۈش مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلغانىدى.

مونوپول تەشكىلاتلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارنى ئىگىلەيدىغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم توختاپ قېلىش ۋە چىرىك تەرىپى بولىدۇ، ئەمما مونوپول تەشكىلاتلار يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى كارخانىلار گۇرۇھىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەرىپى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىجابىي رولى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر، مونوپول تەشكىلاتلار ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر جەھەتتىن رىقابەتنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى پەيدا قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىدۇر. ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت

ئىنقىلابىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى سانائەت ئورۇنلىرى، مەسىلەن، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، نېفىت سانائىتى ۋە ئاپتوموبىل سانائىتى، شۇنىڭدەك يېڭى تېخنىكا قوللىنىپ تېز تەرەققىي تاپقان ئەنئەنىۋى سانائەت ئورۇنلىرى، مەسىلەن، پولات تاۋلاش سانائىتى قاتارلىقلار زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى تەلەپ قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى ۋە نۇرغۇن مەبلەغ سالدى، شۇنىڭ بىلەن كۆلىمى چوڭ بولغان كارخانىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ بۇ سانائەت ئورۇنلىرىدا تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. مونوپول رىقابەت داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلدى. چوڭ كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا پەمى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ رىقابەت داۋامىدا غەلىبە قىلىشى، كۈچى ئاجىزراق كارخانىلارنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇلار مونوپول تەشكىلاتلارغا تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن كارخانا كۆلىمى تېخىمۇ زورايدى، بۇ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىگە تەبىئىي پايدىلىق بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، مونوپولنىڭ شەكىللىنىشى تېخنىكا كەشپىياتى ۋە تېخنىكا يېڭىلاش جەريانىنى ئىجتىمائىيلاشتۇردى. مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ كاپىتالى تولۇق بولغاچقا، پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىنى كەڭ كۆلەملىك، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بارالايتتى، شۇڭا يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرىگە ئوڭايلا ئېرىشەتتى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنالايتتى. قىسقىسى، مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئىككىنچى، مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت بازارنى ئىگىلەپ يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، بۇمۇ «ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەش» ئۈچۈن بازارنىڭ

ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ھېسابلىناتتى. ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىش كۆلىمى بازار ئېھتىياجىنىڭ ئېشىش كۆلىمىدىن ۋاقتىنچە ئېشىپ كەتتى. مانا بۇ ئەھۋال مال باھاسى ۋە پايدىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەتىجىدە ئىقتىسادىي كرىزىس تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى ۋە ئۇزاق داۋام قىلدى. ئېنگېلس: «قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش سانائەت ئورنىنىڭ چوڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى» تىرەستقا، يەنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەشنى مەقسەت قىلغان ئىتتىپاققا بىرلىشىشى كېرەك. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي مەھسۇلاتنى بەلگىلەپ، ئۆزئارا مەھسۇلات مىقدارىنى تەقسىم قىلىدۇ ھەمدە ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن سېتىش باھاسىنى مەجبۇرىي يولغا قويىدۇ. لېكىن، بۇنداق تىرەست كاساتچىلىققا دۇچ كەلگەن چاغدا كۆپ قىسمى گۇمران بولۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەھۋال دەل شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇلار تېخىمۇ مەركەزلەشكەن ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ...»① دېدى. يىغىپ ئېيتقاندا، مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، شۇنداقلا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى قىسمەن تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈندۇر.

ئاخىر، تىرەست ۋە كونسېرن قاتارلىق ئالىي شەكىلدىكى مونوپول تەشكىلاتلار كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىنى ياخشىلاش، تەننەرخىنى چۈشۈرۈش، سۈپەت، ئۈنۈمدارلىقنى ئۆستۈرۈشتە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىتلارنى تەييارلىدى. كاپىتالىستىك كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا

① ئېنگېلس: «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن ئىلمىيلىككە تەرەققىي قىلىشى»، «ماركس ــ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ــ توم خەنزۇچە 2 ــ نەشرى، 751 ــ بەت.

تەشكىللىنىش ياخشى، تەننەرخنى ئۇنۇملۇك چۈشۈرۈپ سۈپەتنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كارخانىنىڭ سىرتىغا نىسبەتەن كارخانا بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا ئامالسىز قېلىشتى. ئالىي شەكىللىك مونوپول تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش كارخانا بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى مۇناسىۋەتنى كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇش ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەپ، تەننەرخنى يەنىمۇ چۈشۈرۈپ سۈپەتنى ئۆستۈردى. كارخانىلارنى بىرلەشتۈرۈپ مونوپول تەشكىلاتلارغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە تۆۋەندىكى ئەۋزەللىكلەر بارلىققا كەلدى: ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك يولغا قويۇلدى، ئوخشىمىغان زاۋۇتلاردا ئوخشىمىغان كەسىپلىشىش ئەمەلگە ئاشتى. قوشۇمچە مەھسۇلاتلاردىن پايدىلانغىلى بولدى. مەمۇرىي خىراجەتلەر ئازايتىلىپ، تەكرارلانغان يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولدى. ئەگەر تىرەست بىرلىشىشكە يۈزلەنسە، ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خام ئەشيا مەنبەسى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، شۇنىڭدەك مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىنى كونترول قىلغىلى بولاتتى، شۇ چاغدا كارخانىنىڭ ئىگىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاپ، تېخىمۇ چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولاتتى.

شۇڭا، كاپىتالىزم مونوپولغا ئۆتكەندىن كېيىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تېزلەشتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى مونوپول تەشكىلاتلار يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا، گېرمانىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش

نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4.8% ۋە 4.2% بولدى.

ئەلۋەتتە، مونوپول كاپىتالىنىڭمۇ پاسسىپ تەرىپى بار ئىدى: چۈنكى، مونوپول كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولغاچقا، كاپىتالىزمنىڭ ئىلگىرى بار بولغان ئېكسپلاتاتسىيە ۋە تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

بىرىنچى، مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ مونوپول بازىرى، مونوپول مال باھاسى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى چۈشۈرۈۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، بۇ ئەمگەكچى خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىككىنچى، مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشى چوڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كىچىك ئىشلەپچىقىرىشنى يۇتۇۋېلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، بۇنىڭدا زورلۇق كۈچ، ئالدامچىلىق ھەمدە خىلمۇخىل رەزىل ۋاسىتىلەر بولۇشىغا ئىشلىتىلدى. ئۈچىنچى، مونوپولنىڭ شەكىللىنىشى تەييارتاپ قاتلامنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇلار چەت ئەلنىڭ مەبلىغى ۋە چەت ئەلگە قەرز بېرىشكە تايىنىپ، نۇرغۇن پايدىغا ۋە يۇقىرى ئۆسۈملۈك كىرىمگە شېرىك بولغاچقا، بىكار تەلەپ، تىرىكتاپ قاتلامغا ئايلاندى. تۆتىنچى، مونوپولنىڭ شەكىللىنىشى مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكنى ئىلگىرى سۈردى. مونوپول كاپىتال چەت ئەل بازىرى ھەمدە خام ئەشيا چىقىدىغان جاينى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى چەت ئەلگە كاپىتال چىقىرىشنى كېڭەيتىشنىمۇ تەلەپ قىلدى، شۇڭا 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى مۇستەملىكىلەرنى بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ ئەسەبىي دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مونوپول كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكە تالىشىشنى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بۇنىڭ مىسالى.»[1]

[1] مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ئىجابىي رولى ھەمدە پاسسىپلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراش، ليۇ زوچاڭ، ۋاڭ جۆفېي قاتارلىقلار تۈزگەن «دۇنيا تارىخى. يېقىنقى زامان قىسمى»، 2 ـ توم، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 274 ــ 277 بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3. سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە كاپىتالىزمنىڭ قايتا جانلىنىشى

1871 ـ يىلىدىن كېيىن كاپىتالىزمنىڭ مونوپولغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى شىددەت بىلەن راۋاجلىنىپ، ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىرقانچە كاپىتالىستىك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى جەھەتتە يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلدى: بىرىنچى، كاپىتالىزمنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى تېخىمۇ گەۋدىلەندى، جەمئىيەتتە ئادالەتسىزلىك ئەھۋاللار بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. مىللىي بايلىق تېز كۆپەيدى، لېكىن بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئادىل بولمىدى، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى بەكلا پەرقلىنىپ كەتتى. ئىككىنچى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېڭى مىسلىسىز ئۆسۈپ، ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلار سىنىپلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇپ، سىياسىي تۇرمۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكتىن، كاپىتالىزم ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئۈچىنچى، 1871 ـ يىلىدىن كېيىن ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسى ئىجتىمائىيلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، سانائەتلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، ئويلىمىغان مەسىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ چىقتى. تۆتىنچى، ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كونا ئىللەتلىرى بارغانسېرى يىغىلىپ، چىرىكلىشىش پۈتكۈل سىياسىي گەۋدىنى خورىتىشقا باشلىدى. بەشىنچى، ھەرقايسى دۆلەتلەردە سانائەت مۇسابىقىسى قانات يېيىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش مەسىلىسىمۇ كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يېڭى ۋەزىيەتكە ئائىت يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا ئىلگىرىكى كونا سىياسىي قۇرۇلما، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى كۆپلىگەن ھالقىلار ھەمدە كونا يۆنىلىش ـ سىياسەتلەر ماسلىشالماي قالدى. ئەگەر «كونا قائىدە بويىچە» ھەممە ئىشلاردا مۇتەئەسسىپلىك قىلىنىدىغان بولسا، كاپىتالىزم پەقەت زاۋاللىققا يۈزلىنىش ياكى گۇمران بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. كاپىتالىزمنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ قوشۇش ۋە يېڭى دەۋردىكى خىرىسنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەدە بىر قاتار تەرتىپكە سېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك ئىدى.

ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتە تەرتىپكە سېلىش.

1) دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش. ھەربىي ـ ساقچى ئورگانلىرىنى، بيۇروكراتلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش ياكى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت ماشىنىلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ، بۇ باشقۇرۇش ياكى ئېزىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش مائارىپنى باشقۇرىدۇ، جامائەتنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، تەبىئىي بايلىقلارنى قوغدايدۇ، پاراۋانلىق سىياسەتلىرىنى يولغا قويىدۇ، ھەتتا ترەستنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتتى قاتارلىقلارنى چەكلەيدۇ. نوسپياستامپ: «دۆلەت ساقچى دۆلەتتىدىن سېستىرا، دوختۇر، سودىگەر، ۋەسىي، يول باشلىغۇچى، پەيلاسوپ ۋە دوستلارنىڭ دۆلىتىگە تەرەققىي قىلدى، بۆشۈكتىن تارتىپ قەبرىگىچە شۇنداق» دەپ يازغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1871 ـ يىلىدىن كېيىن مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ كۈچىيىشى دۆلەت ماشىنىلىرىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇپ قالدى. يېقىنقى زامان يىرىك سانائەت پەيدا قىلغان مەسىلىلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە جىددىي ئىش بولۇپ قالدى. لېكىن، مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئۇنۇمى قانۇن تۈزۈش

ۋاستىلىرىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولدى، شۇڭا 1871 ـ يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ھەمدە بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى كۈچەيدى. ئەنگلىيەدە ئىچكى كابىنېتنىڭ ئورنى ئۆسۈپ، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئامېرىكىدا پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاش ۋە زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقى كۈچىيىپ كېتىشتەك يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى.

2) دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك سانائەت ھەمدە شەھەرلەر تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىپ كۆپ خىللىشىپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي باشقۇرۇشنىڭ كەسىپلىشىشى، ئىلمىيلىشىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. 1871 ـ يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت بۇ جەھەتتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى: بىرىنچى، بۇ ئىككى دۆلەت مەمۇرىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى ياخشىلىدى. ئىككىنچى، ئامېرىكا شەھەر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەنگلىيەدە مۇلكىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ناچار بولغاچقا، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنىدى، بۇنى مۇۋاپىق بولمىغان مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ئېلىپ تاشلاش تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى ئىچكى كابىنېتنىڭ باش ۋەزىرى ھەم ۋەزىرلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

ئامېرىكىدا ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىشىشى «زالىڭ ماللارنى بۆلۈشۈش تۈزۈمى» جەھەتتە ئىپادىلەندى. بۇ تۈزۈم 19 ـ

ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق: بىر پارتىيە تەختكە چىقسا، كۆپلىگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سايلامدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئۆز پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىنى قويىدى. يەنە بىر پارتىيە تەختكە چىقسا، ئۇمۇ دورامچىلىق قىلىپ ئىش كۆردى. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ساپاسى چۈشۈپ كەتتى، ئەخلاقىمۇ بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «زاك مالىلارنى بۆلۈشۈش تۈزۈمى»مۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۇزۇكسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ ئىللەت ـ نۇقسانلارنى تۈزەپ، يېقىنقى زامانىۋىلاشقان يىرىك سانائەت دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مەخسۇسلىشىش، ئىلمىيلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە 1855 ـ يىلى ۋە 1870 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىككى قېتىم ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كونسۇلخانا بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. ئامېرىكىدا 1883 ـ يىلى «پېندلېتون قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئايرىم ـ ئايرىم يولغا قويدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىككى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا تەيىنلەشتە ئوچۇق ـ ئاشكارا، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاپ قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. مۇئەييەن پەن ۋە مەدەنىيەت بىلەن مەخسۇس بىلىمىنى ھازىرلىغان ئىختىساس خادىملىرى ئەمەلدارلىققا تەيىنلەندى. ئامېرىكىدا بەزى چاغلاردا ئىلىم ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئىمتىھاننى باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى. ئىككىنچى، خىزمەت نەتىجىسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش، تىرىشچانلىق ۋە ھۆرۈنلۈكىغا، خىزمەت نەتىجىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئەمەلىنى ئۆستۈرۈش ھەم تۆۋەنلىتىش، مۇكاپاتلاش ھەم جازالاش يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ

ھەربىكتىگە قاتنىشىشى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە بىلەن بىللە بولۇشى مەنىئى قىلىندى.

مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىسلاھاتى مۆئەييەن ياخشى ئۈنۈم بەردى. بىرىنچىدىن، مەمۇرىي ئەمەلدارلار پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كۈرىشى بىلەن كارى بولمىدى، بۇ ھال ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۇزۇكسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىككىنچىدىن، رىقابەت مېخانىزمىنى مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىگە كىرگۈزدى، بۇ ئەمەلدارلار جامائىتى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئازايتىپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ساپاسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۆرغۈتتى. ئۈچىنچىدىن، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ بىلىملىشىشى، كەسپىلىشىشى ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئىلمىيلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىلىمى، ئارتۇقچىلىقى بار زىيالىيلارنى چاكىنا سىياسەتۋازلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

ئامېرىكىدا بازار ئىسلاھاتى ئارقىلىق شەھەر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئامېرىكا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى: پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ئىقتىسادىي سىستېما دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سالمىقى شەھەرلەرگە يۆتكەلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا بۇنداق زور ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، شەھەر تۈزۈلمىسى زور ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالماي قالدى. بۇ ئامېرىكا شەھەر مەمۇرىيىتى ئىسلاھاتىنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولۇپ قالدى.

ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى ئامېرىكىدىكى شەھەرلەر ئادەتتىكى شەھەر باشلىقى، يەنى شەھەر مەمۇرىيىتى پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ تۈزۈلمە ئاستىدا شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش

ئۇنىمۇ تۆۋەنلەپ، ھەتتا خىيانەتچىلىك ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىلغار ھەرىكەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى دەبدەبىلىك ھەرىكەتكە تەرەققىي قىلدى.

ئىسلاھات ھەرىكىتى نەتىجە قازاندى، شەھەر باشلىقى — شەھەر مەمۇرىيىتى پارلامېنت تۈزۈمى تارىخىي مۇزېيغا ئايرىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئورنىنى كومىتېت — دېرىكتور تۈزۈمى ئىگىلىدى. يېڭى تۈزۈلمە ئاستىدىكى كومىتېت (بەش ئادەمدىن توققۇز ئادەمگىچە) شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سايلام پرىنسىپى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلدى، بۇ كومىتېت سىياسەت بېكىتىش، ئەمر ـ پەرمانلارنى تارقىتىش، يىللىق ئاتچوتنى تەستىقلاشقا مەسئۇل بولدى. دېرىكتور كومىتېت تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىندى، يەنى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ھەمدە مول باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ۋە قابىلىيەتلىك مۇتەخەسسىسلەر دېرىكتورلۇقنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ دېرىكتور شەھەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىغا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىدى، ئۇ كومىتېتقا مەسئۇل بولۇپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى چەكلەندى، يەنى كومىتېت خىزمەت تەتجىسى بويىچە دېرىكتورنى بەلگىلىدى. بۇ تۈزۈلمىدە دېموكراتىك تەركىب بار بولۇپ (خەلق سايلاپ چىققان كومىتېت چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، چوڭ تەدبىر، يۆنىلىشلەرنى بەلگىلەيتتى)، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى جارى قىلدۇرۇلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، كومىتېت كارخانا باشقۇرۇش پىرىنسىپىنى دېموكراتىك شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئىچىگە ئەكىرىپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار قىلدى ھەم شەھەر باشقۇرۇشنى مەخسۇسلاشتۇرۇشنى، ئىلمىيلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

شۇنداق قىلىپ، 1871 ـ يىلىدىن كېيىن سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىشنىڭ دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان يېڭى

مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتە تەڭشەش ئېلىپ باردى، يەنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى، شەھەر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ياخشىلىنىپ مەخسۇسلاشتى، ئىلمىيلاشتى، ئاخىر سىياسىي تۈزۈلمە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ يېڭى ئەندىزىسىگە ماسلىشىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ نورمال ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق سىياسىي مۇھىت ھازىرلاندى.

3) سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتىش. ئەنگلىيە بۇ جەھەتتىكى تىپىك مىسال. 1871 ـ يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندى، ئۇلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى بەرپا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمغا مايىل بولدى. ئەنگلىيەدىكى نۆۋەت بىلەن ھاكىمىيەت سورايدىغان مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى ۋە لىبېراللىستلار پارتىيەسى دېموكراتىيەنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇلار ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق تەجرىبىسىدىن سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتكەندە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، كۈرەش تىغىنى گاللاشتۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. مانا بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئارىلىقتا ئەنگلىيەنىڭ ئىسلاھات ئارقىلىق دېموكراتىيەنى كېڭەيتىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە ئەنگلىيەنىڭ دېموكراتىيەنى كېڭەيتىشىدىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىدۇ: مەخپىي ئاۋاز بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سايلام ھوقۇقى دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، ھەتتا خوتۇن - قىزلارنىڭمۇ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، شۇڭا ئەنگلىيە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىگە يېقىنلاشتى. پارلامېنتتىكى ئورۇن تەقسىماتى تەرتىپكە سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن خېلى ئادىل بولغان ۋەكىللەر تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. سايلامدا ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى بىكار قىلىندى، شۇڭا پارا بېرىپ سايلىنىش ئەھۋاللىرى ئازايتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۆڭەك كۈچلىرىنىڭ قەلئەسىدە — يۇقىرى پالاتىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، يەنى يۇقىرى پالاتانىڭ ھوقۇق ئورنى زور دەرىجىدە چۈشۈرۈلۈپ، پارلامېنت ھوقۇقىنىڭ سالمىقى تۆۋەن پالاتىغا يۆتكەلدى. تۆۋەن پالاتا قانۇن تۈزۈش ۋە مالىيە جەھەتتە ئاخىرقى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

بۇ چاغدا ئامېرىكىدىمۇ دېموكراتىيەنى كېڭەيتىش خاھىشى بارلىققا كەلدى، بۇ ئاساسلىقى ئىشتاتتىن تۆۋەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەردە يولغا قويۇلدى، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر (رۇسىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندا)دىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە دېموكراتىيە كېڭەيتىلدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن ياۋروپا - ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىلغار دۆلەتلەر ئىجتىمائىي ساھەدە تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىنى قىلدى. بۇنىڭغا ئەنگلىيەنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئەنگلىيە 1870 - يىلىدىن ئىلگىرى يولغا قويغىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يول قويۇش سىياسىتىدۇر. مۇشۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، چوڭ شىركەت، چوڭ كارخانىلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى، بايلارنىڭ يېنى توم، كەمبەغەللەرنىڭ قورسىقى تويماسلىقتەك ئەھۋال كۆرۈلدى، ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى بەتتەرلىشىپ، سالامەتلىكى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنىمۇ ساقلىيالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ

ئەھۋاللار ئۆز مەيلىچە كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئىجتىمائىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ھۆكۈمران گۇرۇھى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىلگىرىكى ئەركىن يول قويۇش سىياسىتىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىشقا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزگىلدە ئىجتىمائىي ساھەنى تەرتىپكە سېلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى، چۈنكى شۇ چاغدا ئوبيېكتىپ شارائىتلار ھازىرلىنىپ بولغانىدى: بىرىنچى، ئىلىم - پەن كۈندىن - كۈنگە يېڭىچە تۈس ئېلىپ تەرەققىي قىلىپ، بىر تۈركۈم كۆچلۈك ئالىملار قوشۇنى ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ھەمدە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. ئىككىنچى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى مول ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىپ، تەرتىپكە سېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

جەمئىيەتنىكى باي - كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ چوڭلۇقى ۋە مونوپول كاپىتالنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىغا نىسبەتەن غەرب دۆلەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇرغان جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئاساسلىق ئىككى مەزمۇنى بار، بۇ ئەمگەك پاراۋانلىق (ياكى ئىجتىمائىي كاپالەت) سىياسىتى ۋە يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

(1) ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى.

شۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە يولغا قويغان ئەمگەك پاراۋانلىق

سىياسىتى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. لېكىن، ئەنگلىيەدىكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغۇچىلارنىڭ بۇ سىياسەتنى بەلگىلىشى جەمئىيەتتىكى ھەرخىل كۈچلەرنىڭ تۈرتكىسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇنى بىرىنچىدىن، ئىشچىلارنىڭ بېسىمى، ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزمچىلارنىڭ مۇراجىئىتى، ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ — كاپىتالىستلارنىڭ رولىغا سەل قارىغىلى بولمايتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرەر ئىشى بولسىلا، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىنلا ئەمگەك پاراۋانلىقىغا ئائىت قانۇنلارنى بېكىتەتتى. چوڭ كارخانا ئىگىلىرى ئادەتتە بۇنداق سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماقۇل بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق سىياسەتلەرنى يولغا قويغاندا «ئىجتىمائىي كونترول قىلىش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئۇلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياسىتى ئىشچىلارنىڭ سوتسىيالىزمغا ئېغىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، «ئىجتىمائىي كونترول قىلىش» زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ — كاپىتالىستلارنىڭ پاراۋانلىق سىياسىتىنى قوللاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بەزىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى باش قاتۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇلار پاراۋانلىق سىياسىتى ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئەنگلىيەنىڭ ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى تۈۋەندىكى بىرقانچە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1897 ـ يىلى ئىشچىلارنىڭ تۆلەم قانۇنى تۈزۈلدى، قانۇندا: خېيىم ـ خەتىرى ئەڭ چوڭ سانائەت ئورۇنلىرى — تۆمۈريول، ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى، كانچىلىق، تاش ـ شېغىل كولاش

كانى ھەمدە قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق ـــ دىكى ئىشچىلار خىزمەت سەۋەبىدىن قازا قىلسا ياكى مېيىپ بولۇپ قالسا تۆلەم ھەققىگە ئېرىشىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە، يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا كېڭەيدى، 1906 ـ يىلى بارلىق سانائەت ئورۇنلىرىغا ئومۇملاشتى.

1905 ـ ۋە 1909 ـ يىللىرى ئىشسىزلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى قانۇن تۈزۈلدى، لېكىن بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى. شۇڭا، 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە لىبېراللار پارتىيەسىدىن بولغان لويد جورج پارلامېنتقا ئىشسىزلار سۇغۇرتا قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللاندى. ئۇنىڭ مەزمۇنى سۇغۇرتىنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان دائىرىسى بىناكارلىق، ئاممىۋى قۇرۇلۇش ئىشلىرى، كېمىسازلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر ھەپتىدە ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىدىن 2.5 پېنسنى تۇتۇپ قېلىنىدۇ، خوجايىنلار 2.5 پېنسنى، ھۆكۈمەت 1.25 پېنسنى چىقىرىدۇ، بۇ پۇل سۇغۇرتا سوممىسى قىلىنىدۇ. ئىشسىز ئىشچىلار 15 ھەپتىلىك تۇرمۇش خىراجىتىگە ئىگە بولىدۇ، يەنى ھەر ھەپتىسىگە يەتتە شىللىڭدىن توغرا كېلىدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

1909 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان سودا قانۇنىدا بىر سودا ئورگىنى تەسىس قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى، يەنى بۇ قانۇن ئىش ھەققى تۆۋەن بىرقانچە سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى باشقۇردى. لېكىن، نەپ ئالغۇچىلار ئاران 100 مىڭ ئادەمگە يەتتى.

1908 ـ يىلى ياشانغانلارغا نەپىقە بېرىش قانۇنى تۈزۈلدى، بۇ قانۇندا 70 ياشتىن ئاشقانلار ھەپتىسىگە يەتتە شىللىڭغا ئېرىشىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە 490 مىڭ ئادەم بۇ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولاتتى، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى خوتۇن ـ قىزلار ئىدى. بۇ پۇلنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئۈستىگە ئالدى.

1911 ـ يىلى «خەلق سوغۇرتىسى قانۇنى» تۈزۈلدى. ئۇ مەزمۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئىشچىلار ئاغرىپ قالسا، مېيىپ بولۇپ قالسا ياكى ھامىلىدار بولۇپ قالسا، قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى، خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق: ئىشچىلار ھەپتىسىگە تۆت پېنىنى، خوجايىن ئۈچ پېنىنى، ھۆكۈمەت بەش پېنىنى چىقىرىدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئەنگلىيەمۇ زاۋۇت قانۇنىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق زاۋۇتلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلىماقچى بولدى. 1878 ـ يىلىدىكى «زاۋۇت ۋە ئىش مەيدانى قانۇنى»دا ئىشچىلارنىڭ ئون سائەتلىك ئىش تۈزۈمى ۋە شەنبە كۈنى يېرىم كۈنلۈك ئىش تۈزۈمى بېكىتىلدى. 1886 ـ يىلىدىكى «ماگىزىن قانۇنى»دا پارچە سېتىش دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان باللار ھەمدە ياشلارنىڭ خىزمەت ۋاقتى بەلگىلەندى. 1908 ـ يىلىدىكى «كۆمۈر كېنى قانۇنى»دا قۇدۇققا چۈشۈپ ئىشلەش ۋاقتى كۈنىگە سەككىز سائەت قىلىپ بەلگىلەندى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئامېرىكا، فىرانسىيە ئىككى دۆلەت ئىشچىلار پاراۋانلىق سىياسىتىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يولغا قويدى. بۇ سىياسەت دۆلەت ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىنەتتى، بەزىلىرى ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسىنىڭ ئىشچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش تاكتىكىسىنى ئاساس قىلاتتى (مەسىلەن، بىسماركنىڭ گېرمانىيەسىدەك)، بەزىلىرى ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغانىدى (20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئامېرىكىدەك).

(2) يۇقىرى قاتلام گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتى.

بۇ سىياسەتنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ نارازىلىقىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش ئىدى. بۇ ئامېرىكىدىكى ئىرۇستقا قارشى تۈرۈش

كۆرىشىدە ۋە بايلاردىن ئاشۇرما تاپاۋەت بىجى ئېلىشتا ئىپادىلەندى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن ئامېرىكىدا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەھۋال شۇ بولدىكى، چوڭ شىركەت ۋە چوڭ مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇقى قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، ھەتتا ئۇلار قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايتتى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى چوڭ تىرەست ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى كۈچىگە تايىنىپ خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان شۇملۇقلارنى قىلدى. شۇڭا، ئامېرىكا جامائەتچىلىكى غەزەپلىنىپ كەيپىياتى بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ياۋۇز كۈچلەرنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ چاغدا تىرەستنى جازالاشنى تەلەپ قىلغانلار خەلق، شۇنداقلا ئوتتۇرا قاتلامدىكى سىنىپلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە مونوپول بۇرژۇئازىيە ئارىلىقىدىكى لىبېراللارمۇ بار ئىدى. رۇزۋېلىت تېئودور رۇزۋېلت بۇ لىبېراللارنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇردى، لېكىن رۇزۋېلت تىرەستقا قارشى چىقمىدى، بەلكى تىرەستنىڭ قانۇنسىز قىلمىشى ۋە جىنايى قىلمىشىغا قارشى چىقتى. ئۇ تىرەستنى «ياخشى» ۋە «يامان» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىپ، تىرەستقا «يامان» تەرەپلىرىنى چەكلەشنى، يەنە كېلىپ «ياخشى» تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. رۇزۋېلتنىڭ تىرەستقا قارشى تۇرۇشىدا ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەگە تەسەللى بېرىش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئامېرىكىغا تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىمۇ بار ئىدى. دەل خوفستاتېر كۆرسەتكەندەك رۇزۋېلتنىڭ تىرەستنى جازالاشتىكى غەرىزى «دائىرىسى كەڭ بولغان ئاپەتتىن، ئاممىنىڭ نارازىلىقىدىن، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان زوراۋانلارنىڭ زورلۇق ھەرىكىتىدىن، ئىش تاشلاشقا ھەمدە ‹سوتسىيالىستىك ھەرىكەت›كە يوشۇرۇن ھېسداشلىق قىلىش»تىن ساقلىنىش

ئۇچۇن ئىدى.

رۇزۋېلتنىڭ «يامان» تىرەستقا قارشى كۈرىشى بىر مەزگىل ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۈس ئالدى. كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە تىرەستنىڭ ھەيۋىسى پەسكويغا چۈشتى، لېكىن تىرەست يەنىلا تەرەققىي قىلىۋەردى.

بايلاردىن ئاشۇرما تاپاۋەت بېجى ئېلىش يۇقىرى قاتلام گۇرۇھلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. غەربتىكى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ئاشۇرما تاپاۋەت بېجىنى ئېلىشىدا ئىككى مەقسەت بار ئىدى، بىرى، ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ھەل قىلىش، يەنە بىرى، باي - كەمبەغەللىك پەرقى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئىشلەتكەن پۇلىنىڭ سانى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 1914 - يىلى 20 مىليون 500 مىڭ فوندستېرلىڭغا، دۆلەتنىڭ پۈتۈن مالىيە چىقىمى 192 مىليون 300 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەتتى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي سىياسەت جەھەتتە ئىشلەتكەن پۇلى 19 مىليون فوندستېرلىڭغا، ئومۇمىي مالىيە چىقىمى 148 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى.

19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئەنگلىيە ئاشۇرما تاپاۋەت بېجى ئېلىش تەدبىرىنى نورمال يولغا سېلىۋالدى. گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ئامېرىكا، فىرانسىيەلەر 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ مۇشۇنداق باج يىغىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى چوڭ دۆلەتلەر يولغا قويغان بۇ تەڭشەشلەر تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ مەقسەتكە يەتتى:

بىرىنچى، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى. بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ

ھاجىتى يوق، دۆلەت ماشىنىلىرىنى كۈچەيتىش جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇنۇمگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولدى، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ مەسىلىدە سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتىشنىڭ رولى دۆلەت ماشىنىلىرىنى كۈچەيتىشنىڭ رولىغا قارىغاندا چوڭ بولدى. بۇرژۇئازىيە دۆلەتلىرى سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتىش ئىشىدا خەلقنى مۇستەقىل كۈرەش قىلىش ئىرادىسىدىن مەھرۇم قىلدى. ئەنگلىيەنى مىسالغا ئالساق، لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى گىلاستون سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتىش (ئاساسلىقى سايلام ھوقۇقىنى كېڭەيتىش) ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ چىقاردى. ئاخىر خەلقنىڭ نەزىرىدە ئىلغارلىققا، ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان قەھرىمانغا ئايلاندى. شۇڭا، خەلق سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن گىلاستونغا بەس ـ بەستە بېلەت تاشلىدى، ئەمما سايلاش ھوقۇقىنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ۋەكىلىنى سايلاپ چىقالمىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلق دېموكراتىيە كېڭەيتىلگەندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە بۇرژۇئازىيەنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، سىياسىي دېموكراتىيەنىڭ كېڭىيىشى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ «بىخەتەر پومپا»لىق رولىنى ئوينىدى. چۈنكى، دېموكراتىك تۈزۈمى ئاستىدا خەلق كۆپلىگەن سورۇنلاردا (بولۇپمۇ سايلامدا) كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى ئاشكارىلىيالىدى، شۇنىڭ بىلەن نارازىلىق كەيپىيات ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىپ، ئاقىۋەت ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. يەنە كېلىپ سىياسىي دېموكراتىيە خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر تۈرلۈك مەست قىلىش دورىسى بولۇپ، ئۇلاردا بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئوڭايلا خام خىيال پەيدا قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا قانائەتلىنىپ قالغانىدى.

لېكىن، سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتىشكە قارىغاندا،

ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتىنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ ئىدى، ھېچبولمىغاندا ھەر ئىككىلىسىنىڭ «مۇقامى ھەرخىل بولسىمۇ، ئۇنۇمى بىر بولۇش»تەك ياخشى تەرىپى بار ئىدى. ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى بىلەن يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتى بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، ئىجتىمائىي بايلىقنى قايتا تەقسىملەش رولىنى ئوينىدى. بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتە ئەنگلىيە ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. 18 - ئەسىردىن باشلاپ تاكى 1870 - يىلىغىچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئىستېمالچىلاردىن ئېلىنىدىغان «ئۆز مەملىكىتىدە ئىشلەنگەن مەھسۇلات بېجى»دىن كەلدى، شۇڭا باج مەسئۇلىيىتى ئاساسلىقى ئىستېمالچىلار — ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مالىيە كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى زايوم ئۆسۈمى ۋە زايوم ئېھتىياجىنى بىر تەرەپ قىلىش خىراجىتىگە ئىشلەتتى. بۇ ھال دۆلەت مالىيە سىياسىتىنى پىشاڭ قىلىپ، كەمبەغەللەرنىڭ بايلىقىنى بايلار ياكى چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ خەزىنىسىگە ئۇزۇلمەستىن كىرىپ تۇرۇشىدىن، ئاقىۋەت بايلارنىڭ بارغانسېرى بېيىپ، كەمبەغەللەرنىڭ ئىنتايىن نامراتلىشىپ كېتىشىدىن دېرەك بەردى. لېكىن، 1871 - يىلىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى ھەمدە ئاشۇرما تاپاۋەت بېجى تۈزۈمى بىرلىشىپ، مىللىي بايلىقنىڭ قايتا تەقسىملىنىشى ئۈچۈن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى، يەنى بايلاردىن بىر قىسىم بايلىق ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە ئىشلىتىلدى. بايلىقنىڭ بۇ خىل قايتا تەقسىملىنىشىنىڭ كاپىتالىستىك تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ قايتا تەقسىم قىلىنىشى ئەمگەكچىنى توق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، نەتىجىدە ئۇلار

ئۆز كۆڭۈللىرىدىن رازى بولدى ھەم تەۋەككۈل قىلىمىدى ياكى ئىنقىلابىي ئىدىيەنى قوبۇل قىلمىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، 1871 ـ يىلىدىن كېيىن غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىلغار دۆلەتلەردە جەمئىيەت مۇقىم بولۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ ئىنقىلاب يۈز بەرمىدى. ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇنى ئاساسلىقى مۇشۇ مەزگىلدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە تەڭشەش ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، كاپىتالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئېشىپ، غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى ھەمدە يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتىنىڭ ئوينىغان رولى مۇھىم بولدى. كۆپچىلىككە ئايانكى، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنى چوڭايتىۋەتتى ھەمدە ئەمگەكچى خەلقنى نارازىلىققا قويدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تۆۋەنلەپ، دەۋرىيلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قېلىشى كېلىپ چىقتى. لېكىن، ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى ھەمدە يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتى كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى پەيدا قىلغان بۇ زىددىيەتنى پەسەيتتى، شۇڭا بۇ ئىككى سىياسەت ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا تۆۋەن كىرىملىك ئىشچىلار ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر خىل تولۇقلىما بولدى، ئۇلار بۇنداق تولۇقلىمىغا ئېرىشكەندىن كېيىن سېتىۋېلىش كۈچى ئۆستى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىمۇ ئاشتى، بۇ ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر كۆرسىتىپ ئىقتىساد گۈللەندى. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېتىبار بېرىدىغىنى پۇل، لېكىن ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەڭشەشلەرنىڭ تەكىتلەيدىغانلىقى ئادەم ئىدى، ئىجتىمائىي تەڭشەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بازار مېخانىزمىغا

قىلىنغان بىر خىل چەكلەش، بازار ئىگىلىكى پەيدا قىلغان ئەمگەك نامراتچىلىقىغا قىلىنغان بىر خىل ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تولۇقلىما ئىدى. شۇڭا، ئۇ كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا چوڭ پايدىسى بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەك پاراۋانلىق سىياسىتى ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر كۆرسەتتى ھەم ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردىمى بولدى. شۇ سەۋەبتىن كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولدى.

يەنە دۆلەت باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. سىياسىي دېموكراتىيەنى كېڭەيتىشنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ پەسىيىشىگە ياردىمى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىر بىخەتەر ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلاندى.

ھەممىگە مەلۇمكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭدەك ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى قوزغالدى، ھور دەۋرى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى، ئېلېكتىر دەۋرى كەڭ قۇچاق ئاچتى. بۇنىڭ سەۋەبى زادى قەيەردە؟ سەۋەبى بۇ سانائەت چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ بىر قاتار سىياسىي، ئىجتىمائىي تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىدا.

بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ھەمدە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ نەتىجە ـــ بۇ سانائەتتە ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تەڭشەشنىڭ پۈتكۈل تارىخىي مەزمۇنىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغدى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 2 ـ بۆلۈم گېرمانىيە

## 1. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى گېرمانىيە سىياسىتى

1871 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

1871 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىسمارك بىر قوللۇق تۈزگەن ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىندى. ئاساسىي قانۇنغا بىنائەن ئىمپېرىيە 22 ئىشتات، ئۈچ ئەركىن شەھەردىن تەركىب تاپتى. ئىمپېرىيەنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى قوشما ئىشتات پارلامېنتى ۋە ئىمپېرىيە پارلامېنتى ئىدى، قوشما ئىشتات پارلامېنتى 58 ۋەكىلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پىرۇسسىيە بۇنىڭ ئىچىدىكى 17 ئورۇننى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىرۇسسىيە باش ۋەزىرى قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتىنىڭ رەئىسى ئىدى. شۇڭا، پىرۇسسىيە قوشما ئىشتات پارلامېنتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. ئىمپېرىيە پارلامېنتى ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا ئاساسەن بىۋاستە سايلىنىپ چىقاتتى (مەخپىي بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى قوللىناتتى)، پارلامېنتتىكى ئىككى پالاتا ئومۇمىي قانۇنغا ئاۋاز بېرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى، لېكىن ئاخىرقى قارار قىلىش ھوقۇقى قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتىدا بولاتتى، بولۇپمۇ تاموژنا بېجى ھەمدە مۇھىم باج قانۇنلىرىغا قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتىنىڭ رەئىسى ئاخىرقى قارارنى چىقىراتتى. قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتى پادىشاھنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىمپېرىيە پارلامېنتىنى تارقىتىۋېتەلەيتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىمپېرىيە پارلامېنتىنىڭ

ھوقۇقى قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتىدىن ناھايىتىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئىمپېرىيەنىڭ پادىشاھلىقىغا پىرۇسسىيە پادىشاھى ۋارىسلىق قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پىرۇسسىيە باش ۋەزىرى ئىمپېرىيەنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. پادىشاھ چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئىمپېرىيە مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئىمپېرىيە ۋەزىرى ئىمپېرىيە پارلامېنتىغا ئەمەس، پادىشاھقا مەسئۇل ئىدى. پادىشاھنىڭ يەنە ئۇرۇش ئېلان قىلىش، ئالاقە باغلاش ھەمدە چەت ئەللەرگە باش ئەلچى ئەۋەتىش ھوقۇقىغا، قوشما ئىشتاتلار ھەم ئىمپېرىيە پارلامېنتىنى چاقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە، شۇنداقلا ئۇلارنى تارقىتىۋېتىشكىمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۇ يەنە قانۇننى ئوتتۇرىغا قويۇپ پارلامېنتنىڭ ماقۇللىشىنى تەلەپ قىلاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى پادىشاھ ھەربىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولغاچقا، ئىمپېرىيەنىڭ قوراللىق كۈچىگە قوماندانلىق قىلاتتى.

ئاساسىي قانۇن خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايتتى. خەلق ساقچى ئىدارىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن يىغىلىش ئۆتكۈزەلەيتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گېرمانىيە پارلامېنت تونىنى كىيىۋالغان يېرىم مۇستەبىت دۆلەت ئىدى، بۇ دۆلەتتە پىرۇسسىيە بيۇروكرات يومېشچىكلار ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا، بۇرژۇئازىيە سىياسىي جەھەتتە بېقىندىلىق ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن، بىسمارك باشچىلىقىدىكى① ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھ قوللانغان تەدبىرلەر بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇردى.

1873 ~ 1875 - يىللىرى پۇل قانۇنى ۋە بانكا قانۇنى ئېلان

① پادىشاھ ۋىلھېلم 1 قېرىپ قالغاچقا، ئەمەلىيەتتە چوڭ ھوقۇق ۋەزىر بىسماركنىڭ قولىدا ئىدى.

قىلىنىپ، قەغەز پۇلنىڭ قالايمىقان تارقىتىلىشى چەكلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن مارك بىرلىك قىلىنغان بىرلىككە كەلگەن پۇل تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ سودا ـ سانائەت پائالىيىتىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەق تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، سودا قانۇنى، ۋەيران بولۇش قانۇنى ھەمدە سودىيە ئورنى تەشكىللىنىش قانۇنى قاتارلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈردى، بۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ پائالىيىتىگە پايدىلىق بولدى.

بىسمارك 1879 ـ يىلى قوغدىنىش تاموژنا بېجى سىياسىتىنى ئېلان قىلىپ، ئىمپورت باج نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، نەتىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمى ئىككى ھەسسە دېگۈدەك ئاشتى. قوغدىنىش تاموژنا بېجى سىياسىتى بۇرژۇئازىيەنى مونوپول ئېگىز بازار باھاسىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن چەت ئەلدە باھادا زىيان تارتىش ھېسابىغا تاۋارلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ تاشقى بازارلارنى تارتىۋېلىش پۇرسىتى تۇغۇلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، پىرۇسسىيە رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشى بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولدى. شۇڭا، چوڭ بۇرژۇئازلاردىن تەشكىللەنگەن «مىللىي لىبېراللار پارتىيەسى» ھۆكۈمەتنى شەرتسىز ھىمايە قىلدى، شۇنىڭدەك بىسماركنىڭ پارلامېنتتىكى ئاساسلىق تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتە بىسمارك ھۆكۈمىتى باشقا سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىرىنچى، پىرۇسسىيەنىڭ قالاق يومېشچىكلار مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە قارشى چىقتى. ئىككىنچى، ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان

«ئەركىن ئىدىيەدىكىلەر پارتىيەسى» يېرىم مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىققا قارشى چىقىپ، ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۈچىنچى، 1870 ـ يىلى مەركىزىي پارتىيە بارلىققا كەلدى. بۇ پارتىيە بىسمارك ھۆكۈمىتىگە ئەڭ چوڭ تەھدىت بولدى، ئاخىر بىسمارك بىر مەزگىل بۇ پارتىيەگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇردى.

مەركىزىي پارتىيەنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، پارتىيەگە كاتولىك دىنى روھانىيلىرى رەھبەرلىك قىلاتتى. ئەسلىي دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن پىرۇسسىيە پىروتېستانتىزم دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغان، جەنۇبىي ھەمدە غەربىي قىسىمدىكى ئىشتاتلار يەنىلا كاتولىك دىنى دۆلىتى ئىدى. شۇ چاغدا پىرۇسسىيەدە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرسىمۇ، لېكىن كاتولىك دىنى روھانىيلىرى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىمتىيازىنى پىرۇسسىيەنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا ئۇلار بىسمارك ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆكتىچىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى. مەركىزىي پارتىيەگە قاتناشقان، يەنى بىرلىككە كېلىش سەۋەبىدىن ھۆكۈمرانلىق چوڭ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى پىرۇسسىيە يومىشچىكلىرىنىڭ گېرمانىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ھەسەت قىلاتتى. مەركىزىي پارتىيە چوڭ كاپىتال ھەمدە جازانە كاپىتالغا قارشى تۇرۇش شوئارى ئارقىلىق ۋەيران بولغان قول سانائەتچىلەر، قالاق كاتولىك دىنى ئىشچىلىرى ھەمدە رېين ئۆلكىسىدىكى ئۇششاق دېھقانلارنى ئۆز قوشۇنىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى. شۇڭا، مەركىزىي پارتىيەسىنىڭ كۈچى ناھايىتى زورىيىپ، ئىمپېرىيە پارلامېنتىدىكى مەركىزىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 100دىن ئېشىپ كەتتى.

بىسمارك مەركىزىي پارتىيەگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن كاتولىك دىنىغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى، بۇ تارىختا «مەدەنىيەت

كۈرىشى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى: بىرىنچى، غەيرىيلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن پىرۇسسىيە پومېشچىكلىرىنىڭ ئىمپېرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش. ئىككىنچى، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى بۇراش ئۈچۈن دىنىي كۈرەش ئارقىلىق سىنىپىي كۈرەشنى ئاجىزلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشچىلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاش ئىدى.

1872 – 1875 ـ يىللىرى بىسمارك مىللىي لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پارلامېنتىنىڭ كاتولىك دىنىغا قارشى بىر قاتار قانۇنلارنى ئېلان قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 1872 ـ يىلىدىكى قانۇن كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىيسا جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنى قوغلاپ چىقىرىش يارلىقى ئېلان قىلىندى. 1873 ـ يىلى «ماي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپلەرنى دۆلەت نازارەت قىلىدىغان بولدى، شۇنىڭدەك دىن جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرىنى ۋە مۇخلىسلىرىنى جازالاش ھوقۇقى چەكلەندى. 1875 ـ يىلى يولغا قويۇلغان قانۇن دىن جەمئىيىتىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلىدى.

رىم كاتولىك دىنىنىڭ پاپاسى كاتولىك دىنى روھانىيلىرى ھەمدە مۇخلىسلىرىنىڭ بۇ قانۇنلارغا بويسۇنماسلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى، بۇ قانۇنلارغا بويسۇنمىغانلىكى ئېپىسكوپ ۋە پوپلار تۈركۈملەپ خىزمىتىدىن بوشىتىلدى ۋە قولغا ئېلىندى.

لېكىن، بىسمارك 1878 ـ يىلىدىن باشلاپ «مەدەنىيەت كۈرىشى»دىن ۋاز كەچتى، مەركىزىي پارتىيە بىلەن ئەپلىشىپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا كاتولىك دىنىغا قارشى ئەمر ـ پەرمان ۋە قانۇنلارنى بىكار قىلدى. بىسماركنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ئەسلىي ئۇ «مەدەنىيەت كۈرىشى» قىلىشتا ئاساسلىقى

پارلامېنتتىكى مىللىي لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ قوللىشىغا تايانىدى. ئەمما، 1873 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس سىنىپىي كۆرەشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئاخىر ئىلگىرى سايلامدا مىللىي لىبېراللار پارتىيەسىنى قوللىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مىللىي لىبېراللار پارتىيەسىگە قارشى چىقىشقا باشلىدى. شۇڭا، 1877 ـ يىلىدىكى سايلامدا مىللىي لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئورنى جىددىي ئازلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزىي پارتىيەنىڭ ئورنى 192 ئورۇنغا كۆپەيدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىسمارك مىللىي لىبېراللار پارتىيەسىگە تايانماي، مەركىزىي پارتىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋجىگە چىقتى، بىسمارك ئىشچىلار سىنىپىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كاتولىك دىنىغا قارشى كۆرەشتىن ۋاز كەچمەي ئامالسىز بولدى.

## 2. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى

70 ـ يىللاردىن باشلاپ گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئاشتى. 1871 ـ يىلى چويۈن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 564 مىڭ توننا بولسا، 1891 ـ يىلى 4 مىليون 641 مىڭ تونىغا كۆپەيدى. پولات ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1871 ـ يىلى 251 مىڭ توننىدىن 1891 ـ يىلى 2 مىليون 352 مىڭ تونىغا كۆپەيدى، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1871 ـ يىلى 3 مىليون 790 مىڭ توننىدىن 1891 ـ يىلى 9 مىليون 420 مىڭ تونىغا كۆپەيدى. 1871 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

گېرمانىيەنىڭ چويۈن مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا چويۈن مەھسۇلات مىقدارىدىكى ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1870 ـ يىلى گېرمانىيە تۆتىنچى ئورۇندا تۇراتتى، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. يەنە فىرانسىيەدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيەدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئامېرىكىدىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

گېرمانىيە سانائىتىدە ئېغىر سانائەت، بولۇپمۇ ھەربىي سانائەت ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇردى. يېڭىدىن گۈللەنگەن ئېلېكتىر سانائىتى، خىمىيە سانائىتى ۋە ئوپتىكا سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى گېرمانىيە سانائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

گېرمانىيە سانائىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيە تاشقى سودىسىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1870 ـ يىلى گېرمانىيە تاشقى سودا سوممىسى دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە بىرلا سەكرەپ ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

كاپىتالىزم يېزا ئىگىلىكىدىمۇ تەرەققىي قىلدى، يۇنكېر چوڭ ئېكىنزارلىقىدا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى ۋە ئورما ئورۇدى، خىمىيەلىك ئوغۇت ئىشلىتىپ مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇپ تېرىدى. مەملىكەت بويىچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەرلەر يەنىلا يۇنكېرلار ۋە باي دېھقانلارنىڭ قولىدا ئىدى. يۇنكېر ئېكىنزارلىقى تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. يېزىلاردا يەنىلا فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. يالانما دېھقانلار يۇنكېرنىڭ قولىدىن كەپسى بار كىچىك بىر پارچە يەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئائىلىسى بويىچە يۇنكېرنىڭ ئېكىنزارلىقىدا ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئېلبا دەرياسىنىڭ غەربىدە ئوتتۇرا، كىچىك دېھقانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. 1882 ـ يىلى پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە 3 مىليون يەككە دېھقان بار بولۇپ، دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى پۈتۈن تېرىلغۇ

يەرنىڭ 20دىن بىرىنى ئىگىلەيتتى. 70 ~ 80 ـ يىللىرى يېزا ئىگىلىك كىرىزىسىنىڭ زەربىسى ئاستىدا زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا، يەككە دېھقانلار ۋەيران بولۇپ، شەھەرلەرگە ئېقىپ كىردى، يەنى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشچىلار قوشۇنىغا كىردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گېرمانىيە سانائىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل شۇكى، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى پاسسىپ جەھەتتە كاپىتالىزم تەرەققىياتىغا بولغان خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى تازىلاپلا قالماستىن، بەلكى ئىجابىي جەھەتتىمۇ كاپىتالىزمنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنداقتىمۇ باشقا ئامىللارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، يەنى فىرانسىيەدىن تارتىۋالغان 5 مىليارد فىرانك ئۇرۇش تۆلىمىنى ئاساسەن ھەربىي سانائەت تەرەققىياتىغا ئىشلەتتى. گېرمانىيە فىرانسىيەدىن ئۆزىگە قوشۇۋالغان ئالساس ۋە لوررېندىن مول بەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە بولدى. پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە ئەڭ يېڭى نەتىجىلەردىن پايدىلىنىپ يېڭىچە سانائەت ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلدى. قوغدىنىش تاموژنا بېجى سىياسىتى گېرمانىيە سانائىتىنى چەت ئەل سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابىتىدىن ساقلاپ قالدى، دېھقانلارنىڭ كۆپلەپ ۋەيران بولۇشى ۋە شەھەرلەرگە كىرىشى سانائەت ئورۇنلىرىنى مول ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىدى، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى تۆمۈريول سىستېمىلىرىنىڭ ئىمپورت ماللىرىنى توشۇش ھەققىنى مەجبۇرىي تۆۋەنلىتىپ، گېرمانىيە تاۋارلىرىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رىقابىتىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، دۆلەت گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇمۇ گېرمانىيە بىلەن ئىلغار كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس تەرىپى، چۈنكى ئەنگلىيە كاپىتالىزمى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز مەيلىگە

قويۇۋېتىش سىياسىتى ئاستىدا تەرەققىي قىلدى.

كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى تاشقى بازارنى ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇننى كېڭەيتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى، گېرمانىيەنىڭ دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىنىمۇ تەلەپ قىلدى. 1882 - يىلى گېرمانىيەنىڭ سانائەتچى ۋە بانكىرلىرى گېرمانىيە مۇستەملىكە جەمئىيىتىنى قۇردى، بۇ جەمئىيەت 1887 - يىلىغا كەلگەندە قايتىدىن تەشكىللىنىپ گېرمانىيە مۇستەملىكە شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش سىياسىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ مۇستەملىكىلىك تالان - تاراج تەرغىب قىلىندى. بىسمارك ئاساسلىق كۈچىنى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى («چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى»)نى تالىشىشقا قاراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۈچى تېخى ئاجىز بولغاچقا، ئەنگلىيە بىلەن ھەرگىز ئېلىشمايتتى، شۇڭا ئۇ سىرتقا مۇستەملىكىچىلىك تالان - تاراج قىلىشتا سەل ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولدى. بىراق، بىسمارك بۇرژۇئازىيەنىڭ تەلىپىگە پۈتۈنلەي سەل قارىمىدى، ئۇ ياۋروپادىكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، گېرمانىيە ئۈچۈن تېخى «بۆلۈشۈۋالمىغان» بەزى مۇستەملىكىلەرنى ئىشغال قىلدى. 1884 - يىلى گېرمانىيە جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇنجى مۇستەملىكىسىگە ئىگە بولدى، ئۇ ئالماس كۆپ چىقىدىغان غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا (نامىبىيە) ئىدى. شۇ يىلى گېرمانىيە غەربىي ئافرىقىدىكى توگو ۋە كامېروننى ئۆزىنىڭ «ھامىيلىقى» ئاستىغا ئېلىۋالدى. 1885 - يىلى ئېرىئان ئارىلى (يېڭى گىۋىنىيە)نىڭ شەرقىي شىمال قىسمى ۋە مارشال تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋالدى ۋە شەرقىي ئافرىقا مۇستەملىكىسىنى (تانگانىكا رايونى)نى بەرپا قىلدى. 80 - يىللىرى گېرمانىيە كاپىتالىمۇ ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىغا

كىرىشكە باشلىدى. لېكىن، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكا قىتئەلىرىدە گېرمانىيەنىڭ كۈچلىرى ھەممىلا يەردە ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى.

## 3. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە تەرەققىي قىلىشى

گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن سانائەت كاپىتالىزمى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، قۇدرەتلىك ئىشچىلار سىنىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 1852 ـ يىلى گېرمانىيە سانائەت ئىشچىلىرى 1 مىليون 900 مىڭغا يەتمەيتتى، لېكىن 1894 ـ يىلىغا كەلگەندە 6 مىليون 130 مىڭغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ، ئىش ھەققى تۆۋەن (1874 ~ 1879 ـ يىللىرى ئىچىدە ئىش ھەققى 17.5% تۆۋەنلەپ كەتتى)، ئەمگەك سىجىللىقى چوڭ ئىدى. كاپىتالىستلار تاشقى بازارلاردا ئۇتۇشلۇق رىقابەت قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەننەرخىنى ئازايتتى. ئىشچىلارنىڭ نامراتلىقى ۋە كۈلپەتتە قېلىشى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىيلىقىنى ئۆستۈردى.

گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندە گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئىككى پارتىيە، يەنى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى (ئېيزىناخچىلار) ۋە لاسسالچىلار بار ئىدى، ئالدىنقىسى ئاساسىي جەھەتتىن ماركسىزملىق ئىشچىلار پارتىيەسى، كېيىنكىسى بولسا ئاغىمچىلار پارتىيەسى ئىدى. بۇ ئىككى پارتىيەنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردە پوزىتسىيەسى زادى ئوخشىمايتتى. ئېيزىناخچىلار

پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدا يۇكسەك دەرىجىدە پىرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھنى ئىپادىلىدى. پىرۇسسىيە مۇداپىئە خاراكتېرلىك ئۇرۇشتىن تاجاۋۇز خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا ئۆتكەندە، ئېيزىناخچىلارنىڭ رەھبىرى بېبېل قاتارلىقلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىسماركنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە گېرمانىيەنىڭ ئالساس ۋە لوررېننى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ئەمما، لاسسالچىلار ئۇنداق قىلمىدى. پارىژ كوممۇناسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېبېل قاتارلىقلار پارىژ كوممۇناسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللاپ، كوممۇنالىقلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ماختىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كوممۇنانىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى ئاشكارا تەنقىد قىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، لاسسالچىلار پارىژ پىرولېتارىيات ئىنقىلابىغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. شۇڭا، ئېيزىناخچىلارنىڭ گېرمانىيە ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئابرۇيى بارغانسىرى ئاشتى، لاسسالچىلارنىڭ بولسا ئۇنداق بولمىدى.

لېكىن، گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىككى پارتىيەنىڭ بىرلىشىشىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. 1872 ـ يىلى يازدا رۇر كان ئىشچىلىرى سەككىز سائەتلىك ئىش كۈنى ۋە ئىش ھەققىنى 25% ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىش تاشلىدى. شۇ يىلى ساكسونىيە كان ئىشچىلىرى ھەمدە كېمنىتس، نيۇرنبېرگ، لېيپزىگ قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلارمۇ ئىش تاشلىدى، ئەمما بۇ ئىش تاشلاشلارنىڭ كۆپىنچىسى قىسمەن رايونلاردا چەكلىنىپ قالدى. ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كەڭ رايونلارغا كېڭەيتىش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناقلار مەغلۇپ بولدى. مەغلۇپ بولۇشتىكى سەۋەب

ئاساسلىقى گېرمانىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ، بىرىنىڭ ئېيزىناخچىلارنىڭ تەسىرى، يەنە بىرىنىڭ لاسسالچىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىدىن بولدى. بۇنىڭدىن كىشىلەر ئىككى پارتىيە ـ گۇرۇھنىڭ بىرلىشىش زۆرۈرلۈكىنى قاتتىق ئېچىنغان ھالدا ھېس قىلدى. ئەمما پارىژ كوممۇناسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىشچىلار رەھبەرلىرى ۋە سوتسىيالىزمچىلارغا غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كۆپلىگەن كىشىلەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى ۋە ئىككى پارتىيەنىڭ بىرلىشىشىنى ھەرگىز كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئېيزىناخچىلارنىڭ ئابرۇيى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ناھايىتى نۇرغۇن لاسسالچىلار ئېيزىناخچىلار تەرەپكە ئۆتتى. بۇ ئەھۋال لاسسالچىلار رەھبەرلىرىنى بىرلىشىش مەسىلىسىنى ئويلىشىشقا مەجبۇر قىلدى.

ماركس، ئېنگېلس گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىككى پارتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەلىپىنى قوللىدى، لېكىن ئۇلار بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغاندا لاسسالچىلارنىڭ ئىدىيەۋى تەشەببۇسىغا مۇرەسسە قىلمىدى.

1875 ـ يىلى گوتادا ئىككى پارتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ بىرلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ۋە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى (1890 ـ يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتىلگەن) دەپ ئاتالدى. شۇ چاغدا ئېيزىناخچىلاردىن بېبېل ۋە لىبكنېختلار ماركسنىڭ سەممىي نەسىھەتى ھەم يولىيورۇقلىرىغا پەرۋا قىلماي، كۆپلىگەن مۇھىم پىرىنسىپال مەسىلىلەردە لاسسالچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە مۇرەسسە قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولدى، بۇ قۇرۇلتاي ماقۇللىغان پىروگرامما (يەنى «گوتا پىروگراممىسى»)دا روشەن

www.uyghurkitap.com

ئېپادىسىنى تاپتى.

پىروگراممىدا دۆلەت تەلىماتىغا نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ، دۆلەت ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھوقۇق قورالى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل، سىنىپتىن تاشقىرى تەشكىلات، ئۇنىڭ قانۇنلىرى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ قارالدى.

پىروگراممىدا قارىلىشىچە، ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن ئېيتقاندا، «باشقا بارلىق سىنىپلار ئەكسىيەتچى ئامما» ھېسابلىناتتى.

ماركس «گوتا پىروگراممىسى»نى تەنقىد قىلدى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيەسىنى شەرھلىدى. ئۇ مېغىزلىق ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كاپىتالىزم جەمئىيىتى بىلەن كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئايلىنىدىغان بىر ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش دەۋرى بولىدۇ. بۇ دەۋرگە مۇناسىپ سىياسىي جەھەتتىكى بىر ئۆتكۈنچى دەۋرمۇ بولىدۇ، بۇ دەۋردىكى دۆلەت پەقەت پىرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي دىكتاتۇرىسىلا بولىدۇ.»①

لېكىن، بېبېل ۋە لىبكنېخت «گوتا پىروگراممىسىغا تەنقىد»نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي، ماركسنىڭ بۇ تەنقىد ماقالىسىنى يوشۇرۇپ ئېلان قىلمىدى.

گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ گوتا پىروگراممىسىدا كۆپلىگەن ماھىيەتلىك خاتا كۆز قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ پارتىيە ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئۈزۈكسىز يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئىشچىلارنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا توغرا يۆنىلىش بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىدى. شۇڭا، بۇ پارتىيە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا كۈچلۈك

① ماركس: «گوتا پىروگراممىسىغا تەنقىد»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 314 ـ بەت.

ئىشچىلار پارتىيەسىگە ئايلاندى. 1877 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە مەزكۇر پارتىيەنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى 32 مىڭغا يېتىپ، بىر مەركىزىي ئورگان گېزىتى بارلىققا كەلدى. 1877 ـ يىلى پارلامېنت سايلىمىدا پارتىيە تەخمىنەن 500 مىڭ سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، بېرلىندا 40% سايلىغۇچىلار سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە بېلەت تاشلىدى.

بىسمارك ھۆكۈمىتى ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا قارىتا «قامچا ۋە شېرىن تورت» سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىر قاتار ئىشچىلار ئىجتىمائىي قانۇنلىرىنى ئېلان قىلدى، يەنى 1881 يىلى «يارىلانغان، مېيىپ بولغان، ياشانغان، كېسەل ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پىروگراممىسى»نى، 1883 ـ يىلى «ياشانغانلار ۋە مېيىپلار سۇغۇرتا قانۇنى»نى، 1884 ـ يىلى «تاسادىپىي ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلار سۇغۇرتا قانۇنى»نى، 1889 ـ يىلى يەنە «ياشانغانلار ۋە مېيىپلار سۇغۇرتا قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇنلارنى يولغا قويۇشتىكى سۇغۇرتا خىراجىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئىشچىلاردىن ئېلىندى، ئۈچتىن بىر قىسمىنى خوجايىنلار ئۈستىگە ئالدى. بۇ قانۇنلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىر جەھەتتىن گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرەش نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئازغىنە ئىلتىپات ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنى ئىنقىلابىي كۈرەش يولىدىن يېنىشقا قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىمۇ سەۋەب بولدى. 1878 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پادىشاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. بىسمارك بۇنى باھانە قىلىپ، 1878 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پارلامېنتتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە قارشى تۈزۈلگەن «پەۋقۇلئاددە قانۇن»نى ئوتتۇرىغا قويدى. پارلامېنتنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرى بۇ

قانۇنغا قارشى چىقتى، بۇرژۇئازىيە پارلامېنت ئەزالىرى ئىشچىلارنى باستۇرۇشقا قارشى چىقمىسىمۇ، لېكىن بۇ قانۇننىڭ ئۆزىنىڭ پارتىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەتبىقلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىسمارك گەپ ئاڭلىمايدىغان پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭى سايلام ئۆتكۈزۈشنى جاكارلىدى. ئۇ ھەرخىل ۋاستىلەرنى، جۈملىدىن تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ سايلىغۇچىلارنى مۇتەئەسسىپلەرگە بېلەت تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. سايلام نەتىجىسىدە مۇتەئەسسىپلەر يېڭى پارلامېنتتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. يېڭى پارلامېنت 1878 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاخىر «پەۋقۇلئاددە قانۇن»نى ماقۇللىدى.

بۇ قانۇننىڭ تولۇق ئىسمى «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئامانلىققا خەۋپ يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشىنى باستۇرۇش قانۇنى» بولۇپ، «دەسلەپ كۈچكە ئىگە مۇددىتى ئىككى يېرىم يىل» دەپ بەلگىلەندى، ئەمما كېيىن 1890 ـ يىلى ئەتىيازغىچە كۈچكە ئىگە بولدى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن، ھەرقانداق تەشكىلات، گېزىت ـ ژۇرناللار ھەمدە باشقا باسما بۇيۇملىرى ياكى يىغىلىش، مەسىلەن، «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيالىزم ياكى كوممۇنىزمنىڭ ھازىرقى دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ ئامانلىققا خەۋپ يەتكۈزۈشىنى، بولۇپمۇ ئاھالىلەرنىڭ ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتلەر»نىڭ ھەممىسى چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقانداق قوللىغۇچىلىرى قاتتىق جازالاندى. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بارلىق ئەركىن ھوقۇقى ئېلىپ تاشلاندى. زور تۈركۈمدىكى پارتىيە ئەزالىرى قولغا ئېلىندى ياكى سۈرگۈن قىلىندى، پەقەت مەزكۇر قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئىككى ئاي ئىچىدىلا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ 521 ئەزاسى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. بىر مەزگىل پارتىيەنىڭ

رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى يىمىرىلىش گىرداۋىغا چۈشۈپ قالدى.

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرى بېبېل بىلەن لىبكنېخت بىسماركنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، ھەتتا ئۇلار پارتىيەنى تارقىتىۋېتىشنى جاكارلىدى. ماركس، ئېنگېلسلار بېبېل قاتارلىقلارنىڭ مەيداننى قاتتىق تەنقىدلەپ، بۇ خاتا قارارنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار قانۇنسىز ھەرىكەت بىلەن قانۇنلۇق ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس، ئېنگېلسنىڭ تەسىرى ھەمدە پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بېبېل ۋە لىبكنېختلار خاتالىقىنى قەدەممۇ قەدەم تۈزەتتى. 1880 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىۋېيتسارىيەنىڭ سيۇرىخ شەھىرى ئەتراپىدا بىر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، قانۇنسىز ۋە قانۇنلۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەمدە ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن بېبېل قاتارلىقلار ئۆزاق ئۆتمەي يەر ئاستى گېزىتى «سوتسىيال دېموكراتلار گېزىتى»نى تەسىس قىلدى، بۇ گېزىت چەت ئەلدە نەشر قىلىندى ۋە دۆلەت ئىچىگە مەخپىي ئەكىلىپ تارقىتىلدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بىر قىسمى دۆلەت ئىچىدە بېسىلدى. بۇ گېزىت 80 ـ يىللىرى 12 پارچە تارقىتىلىپ، يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ھەمدە پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاغمىچىلىق ئىدىيەۋى ئېقىمغا قارشى كۈرەشتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

پارتىيە «يەۋقۇلئاددە قانۇن» مەزگىلىدە تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى يولغا قويدى ھەمدە ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى:

بىرىنچى، پارلامېنت سايلىمىغا ئاكتىپ قاتنىشىش. شۇ

چاغدا پارتىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە پائالىيىتى چەكلىنىشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچىلار سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى، شۇڭا ئۇلار سايلامغا ئاكتىپ قاتناشتى. پارتىيە سايلامدا بارغانسېرى چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، يەنى 1881 ـ يىلى 312 مىڭ بېلەتكە ئېرىشكەن بولسا، 1884 ـ يىلى كۆپىيىپ 549 مىڭ 990 بېلەتكە يەتتى، 1890 ـ يىلى بىراقلا 1 مىليون 427 مىڭ 298 بېلەتكە كۆپەيدى ۋە پارلامېنتتا 35 ئورۇنغا ئىگە بولدى.

ئىككىنچى، ئىش تاشلاشقا رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەشكىللىدى. 1889 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پارتىيە رۇر رايونىدا بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش تاشلاش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى، تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم ئىش تاشلىدى، كۈرەشنىڭ مەقسىتى سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

«پەۋقۇلئاددە قانۇن»نىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. شۇڭا، 1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پارلامېنتنىڭ زور كۆپچىلىك ئەزالىرى بىسمارك ئوتتۇرىغا قويغان «پەۋقۇلئاددە قانۇن»نى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى رەت قىلدى. بۇ بىسمارك ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەجەللىك مەغلۇبىيەت ئىدى. پادىشاھ ۋىلھېلم Ⅱ (1888 ـ يىلى تەختكە چىققان) بۇرۇنلا بىسماركنىڭ سىياسىتىگە[①] نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىسماركنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلاپ پەرمان چۈشۈردى.

---

① بىسماركنىڭ «چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى» گېرمانىيەنى چەت ئەلدىكى مۇستەملىكىلەرنى تالىشىش كۈرىشىدە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردىن ئارقىدا قالدۇردى، شۇڭا پادىشاھ نارازى بولدى.

لېكىن، «پەۋقۇلئاددە قانۇن» بىكار قىلىنىپ، پارتىيە قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن پارتىيەنىڭ ئىچىدە ئىسلاھاتچىلىق خاھىشى كۈچىيىپ قالدى. بۇ پارتىيەنىڭ «ئېرفۇرت پىروگراممىسى»دا تولۇق ئىپادىلەندى.

1891 ـ يىلى ئېرفۇرتتا پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا يېڭى پىروگراما، يەنى «ئېرفۇرت پىروگراممىسى» ماقۇللاندى. بۇ پىروگراما «گوتا پىروگراممىسى»غا قارىغاندا خېلى ئىلغار ئىدى. پىروگراممىدا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەزمەن سىنىپىي كۈرەشنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقى، پىرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى شەرھلەپ ئۆتۈلدى. پىروگراممىدا يەنە سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى، ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى ۋە ئىش تاشلاش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن، پىروگراممىدا ئاغمىچىلىققا قورقۇنچاقلىق بىلەن يول قويۇلدى: بىرىنچى، پىروگراممىدا «تىنچ يول بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىندى؛ ئىككىنچى، يېرىم مۇستەبىتلىك پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

ئېنگېلس «ئېرفۇرت پىروگراممىسى»نى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، پارتىيەنىڭ رەھبىرى «پەۋقۇلئاددە قانۇن»نىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىن قورققاچقا، پىروگراممىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بوياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دەپ يازدى: «كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ، تۈپ چوڭ

ئىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇش، بىردەملىك مۇۋەپپەقىيەتنىلا دەپ، ئاقىۋەت بىلەن كارى بولماسلىق، ھەرىكەتنىڭ ھازىرقىسىنى دەپ، ھەرىكەتنىڭ كەلگۈسىنى قۇربان قىلىش.. بۇ ئاغمىچىلىق، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئاغمىچىلىق.»①

## 4. بېرنشتېين رېۋىزىئونىزمى

«ئېرفۇرت پىروگراممىسى» ئېنگېلسنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلىق، ئوڭچىل ئاغمىچىلىق كۈچلىرى ئاجىزلىشىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچەيدى، بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى.

بىرىنچى، مونوپول كاپىتال شەكىللەنگەندىن كېيىن مونوپول كاپىتالىستلار تاپقان يۇقىرى پايدا ئۇلارنى بىر قىسىم ئىشچىلارنى — مەلىكىلىك ئىشچىلارنى سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بىر بۆلۈك ئىمتىيازلىق ئىشچىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر باياشات بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن رازى بولۇپ ئىنقىلابىي روھىنى يوقىتىپ قويدى. ئىككىنچى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر سايلامدا غەلىبە قىلىپ، پارلامېنت كۈرىشىنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي كۈرەش ھەمدە زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىدى.

90 - يىللىرى گېرمانىيە ئوڭچىل ئاغمىچىلىرى ماركسىزمنىڭ «تۈزەتكۈچىسى» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى،

① ئېنگېلس: «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ 1891 - يىلىدىكى پىروگراما لايىھەسىگە تەنقىد»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 22 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 274 - بەت.



www.uyghurkitap.com

رېۋىزىئونىزم ئەمەلىيەتتە ئاغمىچىلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى ئىدى. 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ماركسىزم ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى باشقا بارلىق ئىدىيە سىستېمىلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. بۇ ھال ماركسىزم دۈشمەنلىرى ماركسىزم تونىنى كىيىپ ماركسىزمغا قارشى چىقىشقا مەجبۇر قىلدى.

گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رېۋىزىئونىزمغا ئاساس سالغۇچى ئېدۇارد بېرنشتېين (1850 ~ 1932) ئىدى. ئۇ گېرمانىيەدىكى يەھۇدىي ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى چاغلاردا رادىكال دېموكراتىزمچى ئىدى، 1878 ـ يىلىدىن كېيىن ئىنقىلابىي دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئادىمىگە ئايلاندى. 1878 ـ يىلى «پەۋقۇلئاددە قانۇن» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوڭچىل ئاغمىچىلىقنىڭ «سيۇرىخ ئۈچ كىشىلىك ئۆمىكى»گە قاتناشتى، لېكىن ئېنگېلسنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن دەرھال ئۆزگەردى. 1881 ـ يىلدىن 1890 ـ يىلىغىچە «سوتسىيال دېموكراتلار گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى، مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ مەيدانى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولغان، ئېنگېلسمۇ ئۇنى ماختىغانىدى. ئۇ «سوتسىيال دېموكراتلار گېزىتى» ئارقىلىق بىسماركنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىككى قوللۇق سىياسىتىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە بۇ سىياسەتنى نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن دۆلەت سوتسىيالىزمىنى تەنقىد قىلدى. ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىنى شەرھلەپ، پارتىيە ئىچىدىكى قېپقالغان لاسساللىچىلىق ئىدىيەسىنى تەنقىد قىلدى. پارتىيەنىڭ ئىنقىلابىي تاكتىكىسىدا چىڭ تۇرۇپ، پارلامېنتتىكى پارتىيە ـ گورۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوڭچىل ئاغمىچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلدى. 1890 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ فابىيانچىلار ۋە بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ،

ماركسىزمنىڭ تۈپكى پرىنسىپىدىن گۇمانلىنىپ، «سوتسىيالىزمغا تىنچ ئۆسۈپ كىرىش»نى تەرغىب قىلدى. 1896 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىچە بولغان مەزگىل ئۇنىڭ ئوچۇق ئاشكارا رېۋىزىيونىزمچى سۈپىتىدە ئەڭ جانلىنىپ كەتكەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1899 ـ يىلى يەنە «سوتسىيالىزمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ۋەزىپىسى» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ رېۋىزىيونىزمچىلىق «نۇقتىئىنەزەر»لىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلدى، شۇنىڭدەك ماركسىزمنىڭ «ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى»، «كونىراپ قالدى» دەپ، «تۈزىتىش» كىرگۈزۈش دەۋاسىنى قوزغىدى، «رېۋىزىيونىزم» (تۈزەتمىچىلىك) دېگەن سۆز مانا مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ رېۋىزىيونىزمىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق جەھەتتە، ئۇ مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشىگە ئاساسەن، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ نامراتلىشىشىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىشى، بارغانسېرى «ئوخشىشىپ كېتىشى» بىلەن سىنىپىي كۈرەش ئۆز ئاساسىنى يوقىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبى: (1) «قاتتىق تەبىقە تۈزۈمىدىن ئىبارەت فېئوداللىق تۈزۈم مەيلى قانداقلا جايدا بولسۇن، ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. يېقىنقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ھەرخىل ئەركىنلىك تۈزۈملىرىنىڭ ئېلاستىكلىق ئىقتىدارى، ئۆزگىرىش ئىقتىدارى ۋە يېڭىلىنىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت بۇ تەرىپى فېئوداللىق دەۋرنىڭ تۈزۈمى بىلەن ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۇ تۈزۈملەرنى بۇزۇش ئەمەس، بەلكى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك.» (2) بۇرژۇئازىيە

دۆلەتلىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ پرولېتارىياتنى ئېزىشىدىكى زورلۇق كۈچ ماشىنىسى ئەمەس. ئۇ: «گېرمانىيە يولىغا قويغان ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىدە دېموكراتىيە ئەمەلىيەتتە سىنىپنى يوقىتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن پرىنسىپ جەھەتتە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.» ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىيەسىدىن دېرەك بېرىدۇ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى «ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيەنى ئاساس قىلىش» ئارقىلىق زور كۆپ ساندىكى سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىسە، شۇ چاغدىلا سوتسىيالىزمغا تىنچ يول بىلەن ئۆتكىلى بولىدۇ، دەيدۇ. (3) ھەربىي تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، خەلق قوراللىق كۈرىشى ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ: «بىر دەۋر ئىلگىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قوغداشتىكى ئاخىرقى ۋاستىسى كوچا توسۇقى جېڭى ئىدى. بۇ ۋاستە ھازىرقى زامان شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە زامانىۋى مىلتىق، زەمبىرەك تېخنىكىسى ئالدىدا ئۆز رولىنى يوقاتتى» دەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا قارشى تۇرۇپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دېگەن «بۇ ئاتالغۇ ھازىر پۈتۈنلەي دەۋرنىڭ ئارقىدا قالدى» دەپ قارايدۇ ۋە مەيلى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ياكى بىلىم سەۋىيەسىدىن ئېيتقاندا، پرولېتارىيات «ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلمەيدۇ»، ئەگەر پرولېتارىيات بۇرۇنلا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولسا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى «كۇلۇبتىكى ناتىق ۋە يازغۇچىنىڭ دىكتاتۇرىسىدىن بېشارەت بېرەتتى» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇ ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدۇ، ئەمما بەزى چاغدا ئېغىزىدا سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ: سوتسىيالىزم پەقەت «ئېتىكا جەھەتتىكى، غايە، كىشىلەر ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان قۇرۇق خىيال» دەيدۇ. شۇڭا، ئۇ پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن

كۆرەش قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ نىشانىغا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. ئۇ: «ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ، ھەرىكەت بارلىقىمىز» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئىشچىلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئىقتىسادىي كۈرەش قىلىپ، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدا ئازراق ئىسلاھاتنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئاخىرقى سوتسىيالىزم نىشانى تۇتۇرۇقسىز نەرسە، ئۇنىڭغا ئىنتىلىشكە بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

بەشىنچى، ئۇ تاشقى سىياسەت جەھەتتە گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ: «گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە ھەرگىز ئەندىشە ۋە تەشۋىشتە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق»، «دەسلىپىدىلا ئېرىشكەن مۇستەملىكىنى ئىچ ـ ئىچىدىن يامان كۆرۈش كېرەك، دەيدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس» دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ يەنە: «ياۋروپالىقلار ئىشغال قىلغان ئىسسىق بەلباغ دۆلەتلىرىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى شاد ـ خۇراملىقىغا توسقۇنلۇق قىلىشى ناتايىن» دەيدۇ.

ئالتىنچى، ئۇ پەلسەپە جەھەتتە ماركسىزمنىڭ دىيالېكتىكىسىغا قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەت قەدەممۇ قەدەم ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇ: «مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش مۇھىم مەزگىلىدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش بولمايدۇ» دەيدۇ.

قىسقىسى، بېرنشتېيىننىڭ رېۋىزىئونىزمى سېپى ئۆزىدىن ماركسىزمغا قارشى بولغان، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئوغرىلىقچە يۆتكەپ كېلىنگەن بۇرژۇئازىيە ئىدىيە سىستېمىسى ئىدى. بېرنشتېيىننىڭ رېۋىزىئونىزمى ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئىنتايىن يامان رول ئوينىدى، چۈنكى ئۇ ماركسىزم تونىغا ئورىنىۋېلىپ

ماركسىزمغا قارشى تۇردى. بۇرژۇئاز نائۇمان: بېرنشتېيىن ماركسىزمنى «ناھايىتى ياخشى، تولىمۇ جايىدا تەنقىد قىلدى، ئەڭ مۇھىمى بۇ ئۇنىڭ تەنقىدى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز تەنقىد قىلغان بولساق، ئۇ چاغدا ‹دۈشمەن›نىڭ تەنقىدى بولۇپ قالاتتى، ئەگەر بۇ ئۇنىڭ تەنقىدى بولسا، ئۇنداقتا ‹يولداش›نىڭ تەنقىدى دېگەن گەپ» دەپ يازىدۇ. شۇڭا، بۇرژۇئازىيە بېرنشتېيىننى ئالەمنىڭ نىجاتكارى سۈپىتىدە قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە تونۇشتۇردى.

## 5. گېرمانىيە جاھانگىرلىكى

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى گېرمانىيەدە مونوپول تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە مونوپول تەشكىلاتلار ئىقتىسادىي ھاياتىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. 1896 ـ يىلى 250 كارتېل بار ئىدى، 1900 ـ يىلى 300گە، 1905 ـ يىلى 385 كە كۆپەيدى، 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە 550 دىن 600 كە كۆپەيدى. كۆمۈر، تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئون نەچچە مالىيە ماگناتى كونترول قىلدى. رېين ـ ۋېستفالىيە كۆمۈر سانائەت ئورنى سىندىكا 1898 ~ 1903 ـ يىللىرىغىچە 100 دىن ئوشۇق كۆمۈرچىلىك كارخانىسىنى يۇتۇۋالدى ۋە 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە رۇردا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر مىقدارىنىڭ 94.5% نى كونترول قىلىۋالدى. كىرۇپ شىركىتى ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشنى مونوپول قىلىۋالدى. ئېلېكتىر سانائىتى ئېلېكتىر باش شىركىتى ۋە سېمېنس ـ كونسېرنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1908 ـ يىلى خىمىيە سانائىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى چوڭ كونسېرن گۇرۇھىنىڭ قولىدا ئىدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە خىمىيە سانائىتى ئەڭ كۈچلۈك مونوپول تەشكىلاتى ئى. گ. فاربېن كونسېرنىغا ئايلاندى. ھامبۇرگ ـ

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا قىتئەسى پوچتا كېمىسى شىركىتى ۋە شىمالىي گېرمانىيە پاراخوت شىركىتى پۈتكۈل گېرمانىيىنىڭ سۇ تىرانسپورتىنى كونترول قىلىۋالدى. 1900 ـ يىلى گېرمانىيەدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 3 مىليون كىچىك كارخانا قۇرۇلدى، لېكىن بىرقانچە مىڭ چوڭ كارخانا 40% تىن ئارتۇق ئىشچىنى، 75% تىن ئارتۇق پار ئات كۈچىنى، 80% تىن ئوشۇق ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى ئىدارە قىلاتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مونوپول ماگناتلار گېرمانىيە سانائىتىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى كونترول قىلىۋالغانىدى.

بانكا كاپىتالىمۇ تېز يىغىلدى ۋە سانائەت كاپىتالى بىلەن بىرلەشتى. 1909 ـ يىلى بېرلىندىكى توققۇز چوڭ بانكا پۈتكۈل گېرمانىيە بانكا كاپىتالىنىڭ 83% نى توپلىدى. گېرمانىيەدىكى بىر بانكىنىڭ كاپىتالى 3 مىليارد مارك بولۇپ، 200 كارخانىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. بانكا ئاددىي بىر ۋاستىچىدىن بىراقلا ئىقتىدارلىق مونوپولچىغا ئايلاندى. چوڭ بانكىلار بىلەن سانائەت كارخانىلىرى زىچ بىرلىشىپ پۇل مۇئامىلە دوكارىغا ئايلاندى. بېرلىندىكى ئالتە چوڭ بانكىنىڭ دېرېكتورى 344 سانائەت كارخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، بۇ ئالتە بانكىنىڭ مۇدىرىيىتى يەنىلا باشقا 407 كارخانىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قىلدى، بۇ 751 كارخانا ئىچىدىكى 515 چوڭ سانائەتچى بىرلا ۋاقىتتا بۇ ئالتە چوڭ بانكىنىڭ مۇدىرى ۋە نازارەتچىسى ئىدى. گېرمانىيەنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە 300 ئادەمنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى گېرمانىيەنىڭ «روھانىيلار ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتايتتى.

كاپىتالنى سىرتقا چىقىرىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، بۇ جەھەتتە گېرمانىيە ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەگە يەتمىسىمۇ، لېكىن 1914 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ سىرتقا چىقارغان كاپىتالى 44 مىليارد فىرانكقا يەتتى، گېرمانىيەنىڭ ياش سانائىتى دۇنيا بازىرىنى بۆلۈشۈش كۈرىشىگە ئارىلاشتى.

مەسىلەن، گېرمانىيەنىڭ ئېلېكتىر باش شىركىتى 1907 ــ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئاممىباب ئېلېكتىر شىركىتى بىلەن بازارنى بۆلۈشۈش كېلىشىمى تۈزۈپ، ئېلېكتىر باش شىركىتى ياۋروپانى، ئاممىباب ئېلېكتىر شىركىتى ئامېرىكا قىتئەسىنى بۆلۈشۈۋالدى. 1903 ــ يىلى گېرمانىيەنىڭ كارتېل سۇ ترانسپورتى بىلەن ئەنگلىيە ــ ئامېرىكىنىڭ ترەست سۇ ترانسپورتى پائالىيەت دائىرىسىنى بۆلۈشۈش شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شۇڭا، گېرمانىيە 19 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جاھانگىرلىك باسقۇچىغا رەسمىي قەدەم قويدى.

گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى يۇنكېر بۇرژۇئازىيە خاراكتېرىنى ئالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتېرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى ئەمەلىيەتتە چوڭ پىرۇسسىيە بولۇپ، يۇنكېر سىنىپى ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورنىنى ئىگىلىۋالغانىدى، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تۇتالمىغانىدى، بۇنداق ئەھۋال جاھانگىرلىك مەزگىلىدە مەۋجۇت ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇنكېر كۆپ قىسىم يەرنى ئىگىلىگەن بولغاچقا، كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، گېرمانىيە خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتاتتى. جاھانگىرلىك مەزگىلىدە، يۇنكېر بىلەن بۇرژۇئازىيە بارغانسېرى بىرلىشىپ كەتتى. يۇنكېر چوڭ پومېشچىكلار مونوپول سانائەت كارخانىلىرى ۋە بانكا ساھەسىگە كۆپلەپ كىردى، مەسىلەن، يۇنكېر شافۇگىچى جەمەتى سىلېسىيەدە نۇرغۇن يەر مۈلكىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تاش، كۆمۈر قېزىشقا قاتنىشىپ، بۇ ئىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. مونوپول كاپىتالىستلار يەر مۈلكىنى سېتىۋېلىپ، ئاقسۆڭەكلەر قاتارىغا قىستىلىپ

كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، كىرۇپ جەمەتى گىراف كىرۇپ فون پولۇن خارباخ گىراف جەمەتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن يۇنكېر سىنىپى پۈتكۈل گېرمانىيەنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئۆزىنىڭ تامغىسىنى باستى. يېرىم مۇستەبىتلىك ھۆكۈمران شەكلى ۋە فېئوداللىق ئىدېئولوگىيەسى ساقلىنىپ قېلىپ، پرۇسسىيە مىلىتارىزم روھى ھەرقايسى سىياسىي ساھەرلەرگە سىڭىپ كىرىپ، گېرمانىيە مونوپول بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تالان - تاراج قىلىشى ۋە كېڭەيمىچىلىق ئارزۇسى بىلەن بىرلىشىپ، گېرمانىيە مونوپول ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋەھشىيلىكىگە كۈچلۈك ھەربىي تۈس قوشتى. شۇڭا، لېنىن گېرمانىيە جاھانگىرلىكى زامانىۋىلاشقان چوڭ كاپىتالىستىك تېخنىكىغا ئىگە ۋە يۈكسەك دەرىجىدە تەشكىللەنگەن «يۇنكېر بۇرژۇئازىيە جاھانگىرلىكىدۇر» دەپ كۆرسەتتى.

گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ۋەكىلى پادىشاھ ۋىلھېلم II ۋە 1900 ~ 1909 - يىللىرىغىچە گېرمانىيەنىڭ باش ۋەزىرى بولغان بىلوف ئىدى. ئۇلار ئىچكى جەھەتتە ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشنى كۈچەيتىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستۇردى، سىرتقا قارىتا ياۋروپا ۋە دۇنياغا خوجا بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋېلىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلدى.

«پەۋقۇلئاددە قانۇن» بىكار قىلىنىپ بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا، ھۆكۈمران سىنىپ يەنە تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى. 1894 - يىلى مونوپول كاپىتالىست شتۇرم پارلامېنتتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قورقۇنچلۇق قانۇن لايىھەسىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. 1896 - يىلى ساكسونىيە ئىشتاتى ئومۇمىي سايلامنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئىشچىلارنىڭ قانۇن تۈزۈشى توختىتىلدى، مونوپول كاپىتالىستلار ئۆز مەيلىچە ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئىشچىلارغا زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق

قىلىشقا باشلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان زۇلۇم تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، پولەكلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان قىسمەن يەرلىرىنى گېرمانىيەلىكلەرگە بېرىشتەك قانۇن ـ پەرمانلارمۇ ئېلان قىلىندى. پىلوف يۇنكېرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن 1902 ـ يىلى ئىمپېرىيە پارلامېنتىدا يېڭى تاموژنا بېجى نىسبىتىنى ماقۇللاتقۇزۇپ، ئاشلىق، نوپۇس بېجىنى ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش يۈكى ئېغىرلاپ كەتتى، ئەمما يۇنكېر ھەر يىلى 1 مىليارد 250 مىليون ماركتىن كۆپ كىرىم قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بىسماركنىڭ «چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى» ۋىلھېلىم II نىڭ «دۇنيا سىياسىتى»نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ۋىلھېلم II ئۆزىنىڭ «دۇنيا سىياسىتى»نى كۆرەڭلىگەن ھالدا مۇستەملىكىنى كېڭەيتىپ، دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىش، دەپ چۈشەندۈردى. گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى «ماكان كەم»، «زېمىن بەك كىچىك» دەپ جار سېلىپ، مۇستەملىكىنى قايتىدىن بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. 1899 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شۇ چاغدىكى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى پىلوف پارلامېنتتا ئاشكارا ھالدا: «بىز شۇنى بىلىمىزكى، ئەگەر بىزنىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىمىز بولمىسا، قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەمىز بولمىسا، بەختكە ئېرىشەلمەيمىز... كەلگۈسى ئەسىردە گېرمانىيە خەلقى تۆمۈر بولقا ئەمەس، نەيزە بولالايدۇ» دېدى. ئۇ «بۈيۈك گېرمانىيە قۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى، يۇنكېر بۇرژۇئازىيەسى قۇدرەتلىك، كۆپلىگەن مۇستەملىكىسى بولغان ئىمپېرىيە قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1891 ـ يىلى باش ئىشتاب باشلىقى بولغان شلېفېن 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن

باشلاپ ياۋروپانىڭ شەرق ۋە غەرب سېپىدە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقتى. دېڭىز ئارمىيە مارشالى تىرپىتس قۇدرەتلىك دېڭىز فىلوتى قۇرۇپ، ئەنگلىيە بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كەسكىن ئېلىشىپ، «دۇنيا سىياسىتى»نى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. 1898 ـ يىلى ۋە 1900 ـ يىلى ئىككى قېتىم پاراخوت ياساش قانۇنىنى ماقۇللاپ چوڭ تىپتىكى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى كۆپلەپ ياساپ، دېڭىز ئارمىيەسىنى كۈچەيتىشنى تېزلەتتى. خىلمۇخىل شەكىلدە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان مۇستەملىكە تەشكىلاتلار ئارقىمۇ ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى. 1891 ـ يىلى قۇرۇلغان «پانگېرمان جەمئىيىتى» ئەڭ چوڭ تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ 27 دەك تارمىقى بار بولۇپ، ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىگە تارقالغانىدى. مونوپول كاپىتالىست خۇگېنبېرگ، كىردۇرف قاتارلىقلار بۇ تەشكىلاتنىڭ ئارقا تىرىكى ئىدى. بۇ شوۋېنىزم تەشكىلاتلار ئەسەبىيلىك بىلەن ئەكسىيەتچىل ئىرقىي ئەلا نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلدى. بۇ جەھەتتە فىرېدېرىخ نىچشېنىڭ (1844 ~ 1900) «ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلەر» پەلسەپىسى ۋە «زوراۋانلىق» نەزەرىيەسى ئەڭ تىپىك ئىدى. نىچشې ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەسىرى «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» بىلەن «ھوقۇق دائىرىسى»دە «ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلەر» دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك، «ئاجىزلار كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ»، كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈپكى پرىنسىپى «ھوقۇقنى تەلەپ قىلىش ئىرادىسى»، «ھوقۇق ئىرادىسى» جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قاتارلىق سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلدى. ئۇ يەنە ماركسىزمغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قوزغاشنى تەلەپ قىلىپ، «غەلىبە ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ بىلجىرلىدى.

نىچشىنىڭ ئەكسىيەتچىل پەلسەپىسى ۋە سىياسىي ئىدىيەسى گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي ماس كېلىپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى چاغلاردا فاشىستىك ئىدىيەنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە جاھانگىرلىكى سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىكىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى شىمالىي ئافرىقا، ئاسىيا (جۇڭگو)، بالقان ۋە تۈركىيەگە قاراتتى. 1897 ـ يىلى گېرمانىيە جۇڭگونىڭ جياۋجوۋ قولتۇقىنى بېسىۋېلىپ، شەندۇڭدا تۆمۈريول ياساش ۋە كان ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1899 ـ يىلى گېرمانىيە ئانگلو ـ بۇر ئۇرۇشى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تىنچ ئوكياندىكى سامويە قاتارلىق كىچىك ئاراللارنى ئىگىلىۋالدى. 1900 ـ يىلى گېرمانىيە جۇڭگونىڭ يىخېتۈەن قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندا، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىشى ئېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، ۋىلھېلم II گېرمانىيە ئارمىيەسىنى جۇڭگوغا ئەۋەتكەندە سۆزلىگەن «ھۇنچە نۇتقى»دا: «رەھىم قىلماڭلار، ئەسىرلەرنى تۇتماڭلار. كىمىكى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپ قالسا، شۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم» دەپ جار سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە فىرانسىيەدىن شىمالىي ئافرىقىدىكى ماراكەشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، 1905 ـ يىلى ۋە 1911 ـ يىلى ئىككى قېتىم ماراكەشتە كىرىزىس پەيدا قىلىپ ياۋروپانى ئۇرۇش گىردابىغا ئىتتەردى.

ۋىلھېلم II نىڭ «دۇنيا سىياسىتى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى باغداد تۆمۈريولىنى ياساش ئىدى. گېرمانىيە 1903 ـ يىلى تۈركىيە بىلەن رەسمىي باغداد تۆمۈريولىنى ياساش كېلىشىمى تۈزدى، گېرمانىيە كاپىتالىستلىرى ئۇنىڭغا مەبلەغ سالىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولدى. بۇ تۆمۈريول بوسپورۇس بوغۇزىدىن باشلىنىپ كىچىك ئاسىيا، باغدادتىن ئۆتۈپ پارس قولتۇقىغا باراتتى، شۇنداق بولغاندا بېرلىن ــ ۋىزانتىيە (كونستانتىنوپول) ــ باغدادنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇراتتى. بۇ ئاتالمىش «ئۈچ B» تۆمۈريولى[1] ياسىلىشى گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنى پۈتكۈل تۈركىيە ۋە كىچىك ئاسىيانى كونترول قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستان ۋە مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت بولدى، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ «شەرققە ھۇجۇم قىلىپ كىرىش»تىكى كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندى.

## 3 ـ بۆلۈم فىرانسىيە

### 1 .19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياستى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىدىكى فىرانسىيەنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى باشقا كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئاستا بولدى. گەرچە ھور ماشىنىسىنىڭ ئىقتىدارى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى تۆت ھەسسە ئاشۇرغان، تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى 1 مىليون 100 مىڭ توننىدىن 4 مىليون 200 مىڭ توننىغا كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۇنيا سانائەت ئومۇمىي نىسبىتىدىكى ئىككىنچى ئورۇندىن

---

① بۇ تۆمۈريول بېرلىن (Berlin)، ۋىزانتىيە (ۋىزانتىيە، Bizantine) ۋە باغداد (Baghdad)تىن ئۆتىدۇ. يەر ئىسمى «B» ھەرپىدىن باشلانغاچقا، «ئۈچ B تۆمۈريولى» دەپ ئاتالغان.

تۆتىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

فىرانسىيە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى سەۋەب كاپىتالىستىك تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىز قانۇنىيىتى رول ئوينىغاندىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكى نەچچە نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، فىرانسىيە سانائىتىدە كۆپ ساندىكى ئۇششاق كارخانىلار مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1906 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 10 چە ئادەم ئىشلەيدىغان كىچىك سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 93% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدىغان چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 0.008% نىگىلا توشمىغان. كىچىك كارخانىلار نىسبىتىنىڭ كۆپ بولۇشى يېڭى ئەسلىھە ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىشقا توسالغۇ بولدى.

ئىككىنچى، ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرى كۆپلەپ مەۋجۇت ئىدى. 1893 ـ يىلى بەش گېكتارغىمۇ توشمايدىغان يەرنى 4 مىليون دېھقان تېرىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 71% نى تەشكىل قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇششاق دېھقانلارنىڭ گۆرۈگە قويغان قەرزى 25 مىليارد فىرانكقا يەتتى. ئۇششاق دېھقانلارنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە نامرات بولۇشى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇپ كېڭەيتىشكە توسقۇن بولدى. دۆلەت ئىچىدىكى بازارلار، سانائەت خام ئەشيالىرى ۋە كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى جەھەتلەردىمۇ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلىمىگە ئۇچراتتى.

ئۈچىنچى، پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدا تۆلىگەن 5 مىليون فىرانك غايەت زور تۆلەم پۇل ۋە كان بايلىقى مول بولغان ئالساس ۋە لوررېننىڭ باشقا دۆلەتكە كېسىپ بېرىلىشىمۇ فىرانسىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى بىر ئامىل ئىدى.

تۆتىنچى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن فىرانسىيە پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن سانائەت كاپىتالى نىسبەتەن ئاجىز ئىدى. 1892 ـ يىلى فىرانسىيە ساتقان زايوم بىلەن باھالىق ئاكسىيەلەر 77 ملياردقا يەتتى، لېكىن سودا سانائەتكە سالغان كاپىتالى ئاران 6 مىليارد 600 مىليون فىرانك ئىدى. چەت ئەللەرگە سالغان كاپىتالى دۆلەت ئىچىگە سالغان كاپىتالىدىن خېلى ئارتۇق ئىدى. 1880 ـ يىلى سىرتقا چىقارغان كاپىتالى 15 مىليارد فىرانكقا يەتكەن بولسا، 1890 ـ يىلىغا كەلگەندە 20 مىليارد فىرانكقا كۆپەيدى. جازانە كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتىمۇ فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى فىرانسىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇشمۇ فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

پارىژ كوممۇناسى ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، فىرانسىيەدىكى ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. مىللىي پارلامېنتتا خانپەرەسلەر ئۇچتىن ئىككى قىسىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇلار ئەنئەنىچىلەر، ئورلىيانچىلار ۋە بوناپارتچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنگەنىدى. ئۇلار گەرچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يامان غەرەزلىك گۇرۇھلار بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرۇپ، ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئۇلار كاتولىك دىنى راھىبلىرىدىن تەشكىللەنگەن دىنىي ھوقۇقدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يېزىلاردا ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش تەشۋىقاتلىرى ئېلىپ باردى. 1871 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى زۇڭتۇڭ بولغان تىيېر ئۆزىنى «پېشقەدەم خانپەرەس» دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پارىژ كوممۇناسى ئىنقىلابىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن قورقۇپ، دەماللىققا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت جۇمھۇرىيەت گەۋدىسىنى مۇتەئەسسىپلەشتۈرۈپ، «جۇمھۇرىيەتچىلەر بولمىغان جۇمھۇرىيەت دۆلىتى»نى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسىمۇ پادىشاھلىق ئورۇنغا تەخىرسىز ھالدا كۆز تىكىۋاتقان خانپەرەسلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن چىقىشالمايتتى. 1873 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خانپەرەسلەر تېيېرنى ئىستېپا بېرىشكە قىستاپ، جاھىل خانپەرەس ماكماخوننى زۇڭتۇڭلۇققا كۆتۈردى ۋە ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن بىۋاسىتە ھەرىكەت قوللاندى. ئۇلار پادىشاھنى كۈتۈۋالىدىغان پۈۋۈسكىلىق ئات ھارۋىسى ياساپ، شاھانە كىيىم تىكتۈرۈپ، ھېنرى V نى كۈتۈۋېلىشقا تاقىتى تاق بولدى.

ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشتىن خەلق بىزار ئىدى. بۇ تۈزۈمگە خەلق ئاممىسى قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، يەنە كۆپ ساندىكى بۇرژۇئازلارمۇ بۇ تۈزۈمنى قوللىمايتتى. 1875 يىلى 1 ـ ئايدا فىرانسىيە مىللىي پارلامېنتى بىر ئاۋازنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن فىرانسىيە 3 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئاساسىي قانۇندا: زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى يەتتە يىل بولىدۇ. ئىككى پالاتانىڭ بىرلەشمە نامزات كېڭىشى ئارقىلىق سايلىنىپ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئۇدا سايلانسا ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، زۇڭتۇڭ ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىدۇ، ھەربىي ئىشلار نىزامنامىلىرىنى تەستىقلەيدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ، ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا زۇڭتۇڭ ئاۋام پالاتاسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئاۋام پالاتاسىنى تارقىتىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. قىسقىسى، زۇڭتۇڭ ناھايىتى چوڭ

ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

پارلامېنت ئىككى پالاتا تۈزۈمىنى قوللاندى. ئۇ كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىدىن تەشكىل قىلىندى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ 600 ئەزاسى بولىدىغان، تۆت يىلدا بىر قېتىم سايلىنىدىغان بولدى. شەكىل جەھەتتىن ئۇ ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاتتى. لېكىن، سايلام يېشىغا يەتكەن ئەرلەر مۇقىم بىر جايدا ئالتە ئايدىن ئارتۇق تۇرسا، ئاندىن سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئەمگەكچى خەلقلەر، سەييارە تىرىكچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى مۇقىم بولمىغانلىقتىن، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولاتتى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولاتتى، ئىچكى كابىنېتقا ئاۋام پالاتاسى مەسئۇل بولاتتى. كېڭەش پالاتاسى 300 ئەزادىن تەشكىللىنىپ ۋاستىلىك سايلام ئېلىپ باراتتى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سايلىنىدىغان نامزاتلار كوللېكتىپىنى تاللاپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار كېڭەش پالاتاسىدا سايلىناتتى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئاۋام پالاتاسى تۈزگەن قانۇننى قايتا تەكشۈرۈش، تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. زۆرۈر تېپىلغاندا پرېزىدېنتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاۋام پالاتاسىنى تارقىتىۋېتەلەيتتى.

1875 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن — مۇلۇكدارلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئاساسىي قانۇن بولۇپ، خانپەرەسلەر ۋە بۇرژۇئا ھۆرىيەتچىلىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا قانۇنىي جەھەتتىن بۇرژۇئازىيە گەۋدىسى تەرىپىدىن قارار قىلىنىپ بېكىتىلدى.

جۇمھۇرىيەت گەۋدىسى ئاساسىي قانۇننىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا مۇستەھكەملىنىپ كېتەلمىدى. خانپەرەس ماكماخون زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدىلا بولىدىكەن، خانپەرەسلەر گورۇھى كېڭەش

پالاتاسىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى، ھۆرىيەتچىلەر بولسا پەقەت ئاۋام پالاتاسىنىلا كونترول قىلالايتتى. 1877 ـ يىلى يازدا ماكماخون ئاۋام پالاتاسىنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تىكلەشكە ئۇرۇندى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستى خەلقنىڭ كۈچلۈك تەرىپىدىن تارمار قىلىنغانلىقتىن، بۇرژۇئاز ھۆرىيەتچىلەر يېڭى سايلامدا غەلىبە قىلدى. 1879 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماكماخون ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى پالاتا ئورتاق ھالدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى گىرېۋىنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋېرسالدىن پارىژغا كۆچۈپ كەلدى.

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى دېموكراتلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپى كۈرىشىنىڭ غايەت زور غەلىبىسى ئىدى. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كەلگۈسى كۈرىشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1877 ـ يىلى ئېنگېلس: «... نۆۋەتتىكى فىرانسىيەنىڭ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى كىشىلەرنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، جۇمھۇرىيەت دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ تەشكىللىنىپ مۇستەقىل سىياسىي پارتىيە بولالايدۇ ھەمدە كەلگۈسىدە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەنىدى.

فىرانسىيەنىڭ مىللىي پارلامېنتىدا بۇرژۇئا پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. لېكىن، ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى خالىغان چاغدا بۇ پارتىيەدىن چىقىپ كېتىپ، يەنە بىر

① ئېنگېلس: «1877 ـ يىلىدىكى ياۋروپا ئىشچىلىرى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 19 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 154 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

يېڭى پارتىيەگە كىرسە بولۇۋېرەتتى. مەۋقەسىنىڭ تايىنى بولماسلىقى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. بۇ خىل «كۆپ پارتىيەلىك سىياسەت» فىرانسىيەدە كىچىك كارخانىلار، ئۇششاق دېھقانلارنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىنكاسى ئىدى. پارتىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى پايدا — زىيان توقۇنۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە كەسكىن بولسىمۇ، ئۇلار گاھ تىل بىرىكتۈرۈپ بىرلىشەتتى، گاھ ئايرىم - ئايرىم قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا، ئىچكى كابىنېتنىڭ ئالمىشىشى كۆپىيىپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھۆكۈمەت كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. 1873 - يىلىدىن 1890 - يىلىغىچە بولغان 17 يىل ئارىلىقىدا ئىچكى كابىنېت 34 قېتىم ئالماشتى. فىرانسىيەدىكى بۇ خىل «كۆپ پارتىيەلىك سىياسەت» بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى «ئىككى پارتىيەلىك سىياسەت» شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمىسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسىلا بۇرژۇئازىيەنىڭ خەلق ئاممىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قورالى ئىدى.

بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى خانپەرەسلەر پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن كۈرەش قىلغاندا، خەلق ئاممىسىغا كۆپلىگەن ۋەدىلەرنى بەرگەنىدى. مەسىلەن، 1875 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى مىللىي روھقا ئاساسەن ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندە، بۇرژۇئازىيە كېڭەش پالاتاسىنى تارقىتىۋەتكەن، دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنى ئايرىۋەتكەن، جۇغلانما باج قاتارلىقلارغا چوڭ كەچۈرۈم يۈرگۈزگەنىدى. لېكىن، ئۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن قىلغان ۋەدىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆپۈككە ئايلاندى.

بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. مۆتىدىللەر گۇرۇھى چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ گەۋدىسى قۇرۇلۇپ بولدى،

مەقسەتكە يەتتۇق، دەپ قاراپ ئىلگىرىكى مىللىي ئىسلاھات دەۋرىدە بەرگەن ۋەدىلىرىدىن تامامەن تېنىۋالدى. بۇ گۇرۇھ گامبېتتا، ژۇل فېررى قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە داھىي تۇتتى، رادىكاللار گۇرۇھى ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار بەزى دېموكراتىك تەشەببۇسلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى. رادىكاللار گۇرۇھى 1881 ـ يىلى سايلام ئۆتكۈزۈش، مۇستەقىل رىقابەت ئاساسىدا سايلام ئېلىپ بېرىش سىياسىي پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارلامېنتتا 46 ئورۇنغا ئېرىشتى، رادىكاللارنىڭ داھىيسى ژور كىلېمېنسو (1841 ~ 1929 ـ يىللار) ئىدى. لېكىن، 1902 ـ يىلىدىن ئىلگىرى فىرانسىيەدە ئىزچىل تۈردە مۆتىدىللەر گۇرۇھىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

مۆتىدىللەر گۇرۇھىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئالجىرلارچە مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكى ئېلىپ باردى. 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە فىرانسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەجمى ئۆز زېمىنىنىڭ ھەجمىدىن 20 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇ خىل سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچى ئاساسلىق ئادەم فىرانسىيەگە ئىككى قېتىم زۇڭلى بولغۇچى (1880 ~ 1881 ـ يىللار، 1883 ~ 1885 ـ يىللار) ژۇل فېررى ئىدى. ئۇ تەپ تارتمايلا: «كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇستەملىكە زېمىنلار پايدىلىق مەبلەغ سېلىشنىڭ ئوبيېكتلىرىدىن بىرى» دېگەنىدى. فىرانسىيە 1881 ـ يىلى ئافرىقىدا تۇنىسنى بېسىۋالدى. سېنېگال، گىۋىنىيە، كونگو، پىل چىشى قىرغىقىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. 1895 ـ يىلى ماداغاسقارنى بويسۇندۇرۇپ مۇستەملىكە قىلىش ئورۇشى

قوزغاپ، بۇ ئارالنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئاسىيادا ۋىيېتنام، لائوس ۋە كامبودژانى ئىشغال قىلىشنى تاماملىدى. 1897 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى خەينەنداۋ ئارىلىنى باشقا دۆلەتلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىك ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، 1899 ـ يىلى گۇاڭجوۋ قولتۇقىنى ئىجارىگە ئېلىۋالدى، 1900 ـ يىلى «سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى»گە قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلقى ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى.

مۆتىدىللەر گۇرۇھىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى چىرىكلىشىپ كەتتى، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇختىمىدى. سىنىپىي كۈرەش كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىرىنچىسى، بۇلانژې ۋەقەسى. 1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى مۆتىدىللەر گۇرۇھىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. سابىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى بۇلانژې مۇشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، گېرمانىيەگە قارشى قىساسچىلارنى قۇترىتىش، سىياسىي ئۆزگىرىشكە ھازىرلىق كۆرۈش ئۈچۈن ھەربىي مۇستەبىتلىك يۈرگۈزدى. ئۇ ھەم رادىكاللار بىلەن كېلىشتى، ھەم خانپەرەسلەر پارتىيەسى ۋە كاتولىك دىنى راھىبلىرى بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈردى. 1889 ـ يىلىدىكى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن تولۇقلىما سايلامدا ئۇ 250 مىڭ سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ پارتىيەسى شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن، ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئېلىسې ئوردىسى[1]غا ھەربىي يۈرۈش قىلدى. لېكىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى

① لۇئى بوناپارت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتىكى پارىژ ئوردىسىنى كۆرسە-تىدۇ.

ئۇنىڭ خانىپەرەسلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، خانىپەرەسلەردىن پۇل ئالغان جەريانلىرىنى پاش قىلغاندا، ھۆكۈمەت جۇمھۇرىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى بىلەن شۇغۇللاندى دېگەن جىنايەت بىلەن بۇلانژېنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. بۇلانژې بىريۇسسېلغا قېچىپ كەتكەندە، سىرتتىن ئۇنىڭغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى. 1891 ـ يىلى 9 – ئايدا بۇلانژې ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئىككىنچىسى، «پاناما سەتچىلىكى». فىرانسىيەدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىمۇ باشقا ھەرقانداق بۇرژۇئا پارتىيەسىگە ئوخشاش چىرىك، پارىخور ماھىيىتى بىلەن تونۇشلۇق. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى سۇۋەيش قانىلى قۇرۇلۇشىنىڭ ئارخىتېكتورى فېردىناند، لىسسىپ بىلەن 1879 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم پايچىكلار شىركىتى تەشكىللەپ سۇۋەيش قانىلىنى قازدى. 1880 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ شىركەت 3 ~ 4 مىليارد فىرانكلىق پاي چېكى تارقاتقاندا، بىراقلا باي بولۇش تەمەسىدىكى فىرانسىيە ئوششاق بۇرژۇئازىيەسى بەس ـ بەستە سېتىۋېلىپ پاي چېكىنىڭ ھەممىسىنى تۈگەتتى. 1888 ـ يىلى شىركەت ھايانكەشلەرنىڭ كۆز بوياماچىلىقى ۋە ئىسراپچىلىقى سەۋەبىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن، پاناما قانىلىنىڭ قۇرۇلۇشى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. 1892 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1893 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىركەت ۋەيران بولغاندا ئۇنىڭ مالىيەسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، شىركەت پارتىيەنىڭ داھىيلىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ پارا يېگەنلىك سىرلىرى پاش بولدى. پارا يېگەنلەر ئىچىدە بۇرژۇئا رادىكاللىرىنىڭ داھىيسى ژورژ كىلېمېنسومۇ بار ئىدى. پارە يېگۈچىلەرنىڭ جىنايەتلىرى پاكىتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئالىي سوتتىن ئۇلار گۇناھسىز دەپ چىقىرىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل فىرانسىيەنى زىلزىلىگە سالغان «پاناما سەتچىلىكى» بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىناۋىتى يەرگە ئۇرۇلدى. ئىشچىلار ئاممىسى رادىكاللار گۇرۇھىدىن

ئۇزۇكسىز ئايرىلىپ چىقىپ سوتسىيالىستلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. خانپەرەسلەرنىڭ قالدۇق كۈچلىرى مۇشۇ پارىخورلۇق دېلوسىدىن پايدىلىنىپ، جۇمھۇرىيەت گەۋدىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى بىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئۈچىنچىسى، دىرېيفۇس ۋەقەسى. 1894 ـ يىلى فىرانسىيەدە بىر دېلو يۈز بەردى: فىرانسىيەنىڭ بىر ئوفىتسېرى فىرانسىيەنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى گېرمانىيەنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى بىر ھەربىي ئەمەلدارغا ساتقان، ئۇزۇن ئۆتمەي جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتى باش ئىشتابتىكى توپچىلار ئارمىيەسىنىڭ يەھۇدىي سىتارشىي لېيتىنانتى دىرېيفۇسنى قىلچە ئاساسسىز قولغا ئېلىپ، «يوقىلاڭ بەتنام» بىلەن ئۇنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. مۇشۇ ئىش بىلەن ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار ۋە شوۋىنىزمچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت قوزغاپ، گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. 1897 ـ يىلى مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئېستېكاسىنىڭ ھەقىقىي جىنايەتچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. لېكىن ھۆكۈمەت خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلماي، دىرېيفۇسنى ئاقلاشنى رەت قىلدى. بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى ھەمدە مۇشۇ ئىشنى چۆرىدىگەن ھالدا دىرېيفۇس تەرەپدارلىرى ۋە دىرېيفۇسقا قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بارلىققا كېلىدۇ. ئالدىنقى گۇرۇھ ھۆكۈمەتتىن دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېلان قىلىشنى ھەمدە دىرېيفۇسنى دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ گۇرۇھتىكىلەر ئىشچىلار ۋە ئىلغار زىيالىيلار ئىدى. كېيىنكى گۇرۇھتىكىلەر دىرېيفۇسنى جىنايەتچى دېيىشتە قاتتىق تۇرىدىغانلار ھەمدە دىرېيفۇسنى ئاقلاش فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ «شەرىپى»گە داغ تەگكۈزىدۇ، دېگۈچىلەر ئىدى. بۇ

گۇرۇھتىكىلەر خانپەرەسلەر، دىنىي ھوقۇقدارلار ۋە ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار ئىدى. ئۇلار ھەتتا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرماقچى بولدى. 1899 ـ يىلى خەلقنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن ھۆكۈمەت بۇ دېلونى قايتىدىن تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە دېرېيفۇسنى گۇناھسىز دەپ جاكارلىدى.

## 2 . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى فىرانسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە سوتسىيالىزم ھەرىكىتى

پارىژ كوممۇناسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن فىرانسىيەدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، لېكىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. 1870 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئىشچىلار مەدەنىيەت كوللېكتىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرى پارىژدا ۋە فىرانسىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە قانات يېيىشقا باشلىدى. پول گېد بىلەن پول لافارگ ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىشقا باشلاپ، سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيە قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

ژۇلىس گېد (1845 ~ 1922 ـ يىللار) ئەسلىي ئىسمى ماتىئې باسىل، ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە ئۇ بوناپارتنىڭ ئىمپېرىيە تۈزۈمىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى كۈيلىگەن. پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ئۇ بىر پارچە ماقالىسىدە «ھەربىي يۇرۇش قىلىدىغان ئورۇن چېگرا ئەمەس، بەلكى ئېلىسې ئوردىسى ئىدى» دەپ ئوچۇق ـ ئاشكارا يازدى. پارىژ كوممۇناسى مەزگىللىرىدە ئۇ كوممۇنانى ھىمايە قىلىپ ۋېرسال جاللاتلىرىنى ئەيىبلىدى، كوممۇنا ئىنقىلابى

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىۋېيتسارىيە ۋە ئىتالىيەگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 1876 ـ يىلى فىرانسىيەگە قايتىپ كېلىپ ماركسنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيەلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ ماركسقا مايىل بولۇپ ئۆزى ئۆزىنى تەنقىد قىلدى. 1877 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «باراۋەرلىك گېزىتى»نى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭدا ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنىڭ بەزى باب ـ پاراگرافلىرىنى ئېلان قىلىپ سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلدى.

پول لافارگ (1842 ~1911 ـ يىللار) كۇبادا تۇغۇلغان، 1851 ـ يىلى فىرانسىيەگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە ناپولېيون Ⅲ نىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىقىرىۋېتىلگەچكە، ئەنگلىيەگە مۇساپىر بولۇپ بارغان، كېيىنچە ماركس بىلەن تونۇشۇپ بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. پول لافارگ 1868 ـ يىلى فىرانسىيەگە قايتىپ كېلىپ ماركسىزمنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان ھەمدە پىرۇدونىزم بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلغان. ئۇ پارىژ كوممۇنىسى ئىشلىرىنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى ئىدى. كوممۇنا ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىسپانىيەدە «ئازادلىق گېزىتى» چىقىرىپ، باكۇنىنچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغان ھەمدە ئۇلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلغان. پول لافارگ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ كۆپلىگەن مۇھىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. لېنىن ئۇنى: «ماركسىزملىق ئىدىيەنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك، ئەڭ نەتىجىلىك تەرغىباتچىلىرىدىن بىرى»[1] دەپ ھېسابلىغان.

1876 ـ يىلى ۋە 1878 ـ يىلى فىرانسىيەدىكى ھەرخىل

---

① لېنىن: «رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىگە ۋاكالىتەن پول لافارگ بىلەن لاۋرا لافارگنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى» (1911 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى (12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 386 ـ بەت.

ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى پارىژ ۋە لىئوندا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم قۇرۇلتاي ئاچتى. 1879 ـ يىلى مارسېلدا يەنە ئۈچىنچى قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچتى. پول گېد ۋە پول لافارگىنىڭ رەھبەرلىكىدە مارسېلدا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا قارار ماقۇللىنىپ، سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىنىپ، پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ لازىملىقى كۆرسىتىلدى ھەمدە «ئىشچىلار پارتىيەسى» قۇرۇش قارار قىلىندى.

1880 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خاۋر پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا پارتىيە پروگراممىسى ماقۇللاندى. خاۋر پروگراممىسى پول گېدسىدې بىلەن پول لافارگىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يېزىلدى، ئۇ ماركس ئۆزى ئېغىزچە ئېيتىپ بەرگەن ئومۇمىي پروگراممىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا: ئىشچىلار سىنىپى چوقۇم «كاپىتالىستلار سىنىپىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن مەھرۇم قىلىشى، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قولىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق شەكلىدە بولۇشى ھەمدە «ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپى — پەۋقۇلئاددە سىياسىي پارتىيە تەشكىللىدىكى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن، پروگراممىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈش مەسىلىسىدە پول گېد بىلەن پول لافارگ ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ يولىيورۇقىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە بەزى ناتوغرا كۆز قاراشلاردا بولدى. مەسىلەن، بۇرژۇئازىيە دۆلەتلىرىدىكى ئاتالمىش «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار»نى ئىشچىلار سىنىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئىشقا ئاشمايدىغان خام خىيال، بۇنداق تەلەپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پۈتكۈل كاپىتالىزم تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

تارقاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ خىل كۆز قاراش لۇئى بىلانكىنىڭ خاتا ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىغانلىق بولدى. شۇنداقتىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي باسقۇچتا خاۋر پىروگراممىسى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ماركسىزمنىڭ پىروگراممىسى ئىدى.

فىرانسىيە ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئەربابلىرىمۇ بۇ پارتىيەگە قاتنىشىپ، بىرۇس[1] بىلەن مالون[2] باشچىلىقىدىكى «مۇمكىنچىلەر»نى شەكىللەندۇردى. ئۇلار پارتىيەنىڭ پىروگراممىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پائالىيىتى كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا مۇمكىنچىلىكى بولغان دائىرە ئىچىدە چەكلىنىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلدى. شۇڭا، ئۇلار «مۇمكىنچىلەر» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئۆتكەلدىن تىنچ يول بىلەن ئۆتۈشنى خام خىيال قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپى پەقەت يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى — شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەردە كۆپ سانلىقنى ئىگىلەشنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب يۈرگۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى جېنىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا

---

① پول بىرۇس (1844 ~ 1912 ـ يىللار) فىرانسىيەنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمچىسى، پارىژ كوممۇنا ئىنقىلابىغا قاتناشقان. كېيىن چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ھۆكۈمەتسىزچىلەرگە مايىل بولغان. 1880 ـ يىللاردىن كېيىن فىرانسىيەدىكى ئوڭچىل ئاغمىچىلىق ئىدىيەسىدىكى «مۇمكىنچىلەر»نىڭ كاتىپى بولغان.

② بېنوۋا مالون (1841 ~ 1893 ـ يىللار) بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەزاسى، پارىژ كوممۇناسىنىڭ ئەزاسى بولغان. پارىژ كوممۇناسى ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىتالىيە، شىۋېيتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ھۆكۈمەتسىزچىلەرگە مايىل بولغان، 1880 ـ يىللاردىن كېيىن فىرانسىيەدىكى ئوڭچىل ئاغمىچىلىق ئىدىيەسىدىكى «مۇمكىنچىلەر»نىڭ كاتىپى بولغان.

پرولېتارىيات لۇشيەننىڭ ئاساسىي جەھەتتىن توغرا يۈرگۈزۈۋاتقان گېدچىلار «مۆمىكىنچىلەر»گە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. 1882 ـ يىلى سانىيادەندە ئېچىلغان قۇرۇلتايدا ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى، گېدسىدى، پول لافارگ باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىقلار گۇرۇھى كەسكىن ھالدا قۇرۇلتايدىن چېكىنىپ چىقىپ لۇئاندا ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئاچتى ھەمدە «فىرانسىيە ئىشچىلار پارتىيەسى» نامىنى ساقلاپ قالدى. «مۆمىكىنچىلەر» باشقىدىن «سوتسىيال ئىنقىلابى پارتىيەسى»نى تەشكىللىدى. ئۇلار ئىشچىلار پارتىيەسى پروگراممىسىدىكى ئىنقىلابىي تەلەپلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، سىپى ئۆزىدىن ئاغمىچىلىق پروگراممىا تۈزۈپ چىقتى.

ئىشچىلار پارتىيەسى 1880 ـ، 1890 ـ يىللىرى فىرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق چوڭ ئىش تاشلىشىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. 1886 ـ يىلى يۈز بەرگەن دېكازېۋىل كان ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىشىدا، ئىشچىلار ئەكسىيەتچى ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، نەچچە ھەپتىگىچە كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئىشچىلار پارتىيەسى ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. پول لافارگ «ئالتوپىلاڭ»غا قاتناشقانلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى.

1891 ـ يىلى فىرانسىيە ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلىش ئارقىلىق «1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەشكە ھازىرلىق كۆرۈۋاتقاندا، ئىشچىلار پارتىيەسىدىكى پول لافارگ شىمالدىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ مەركىزى بولغان فورمى شەھىرىدە تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى. «1 ـ ماي» پاراتىدا ساقچىلار ئوق چىقىرىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان فورمى شەھىرىنىڭ ئىشچىلىرىنى قىرغىن قىلدى، توققۇز ئادەم ئۆلدى، 30 نەچچە ئادەم يارىلاندى. پول لافارگ قولغا ئېلىنىپ بىر يىللىق قاماق

جازاسى بېرىلىپ تۈرمىگە سولاندى. تولۇقلىما سايلامدا ئۇ كۆپ سانلىق بېلەت بىلەن ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 1892 ـ يىلى كارمو كان رايونىدا ئۈچ ئاي داۋاملاشقان سىياسىي ئىش تاشلاش پارتلىغاندا ژان ژورېس بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى.

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، ئىشچىلار سىنىپى ئېڭىنىڭ ئۆلغارلىشىشى بىلەن گېدچىلار پارلامېنتتا غەلىبىگە ئېرىشتى. 1893 ـ يىلى ئىشچىلار پارتىيەسىدىن ئاۋام پالاتاغا 12 پالاتا ئەزاسى قاتناشتى. «مۇمكىنچىلەر» بىلەن بىلانكىچىلار قوشۇلۇپ 12 ئورۇنغا ئېرىشتى. گېدچىلار سايلامدىكى غەلىبىسىدىن ئېسەنكىرەپ زورلۇق ئىنقىلابى قىلماي، پارلامېنت سايلىمى ئارقىلىقمۇ ھاكىمىيەتكە ئېرىشكىلى بولغۇدەك دەپ ھېس قىلىشتى. ئۇلار پارلامېنتتا ئەزالىق ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاغمىچىلارغا پرىنسىپاللىق يول قويۇپلا قالماستىن، مىللېران رەھبەرلىك قىلغان «مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلار» پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، پارلامېنتتىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا ئايلىنىپ قالدى.

## 4 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە

### ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ـــ مۇستەملىكچى جاھانگىرلىك

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى ۋە مەركەزلىشىشى بىلەن شەكىللەنگەن مونوپول تەشكىلاتلار 1870 ـ يىللىرى ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلدى.1890 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن مونوپول تەشكىلاتلار كۆپ ساندا بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. قورال ـ ياراغ ۋە كېمىسازلىق سانائىتىدە

مەشھۇر ئامستىروڭ ـ ۋىتۋورس شىركىتى بىلەن ۋىكىس ـ ماكسىم شىركەتلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ شىركەتلەر قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىش، ھەربىي پاراخوت ياساش بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتلىرى ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى بار ئىدى. مېتال تاۋلاش سانائىتىدە نادېرفورد شىركىتى، بالدۋىن شىركىتى، جون بىرۋۇن شىركىتى قاتارلىق چوڭ مېتال تاۋلاش بىرلەشمە كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆمۈر كان، تۆمۈر كان، كوكس كۆيدۈرۈش، تۆمۈر تاۋلاش، پولات تاۋلاش، پولات پىروكاتلاش ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن پاراخوت ياساشقىچە يۈرۈشلەشكەن زاۋۇتلىرى بار ئىدى. خىمىيە سانائىتىدە پۈتلان سېمونت ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە شىركىتى پۈتۈن مەملىكەت سېمونت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 80% ىنى كونترول قىلدى. تۇز ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە شىركىتى يېمەكلىك تۇز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 91% ىنى كونترول قىلدى. مونوپول تەشكىلاتلار پۈتكۈل ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشقا ماسلاشقانىدى. شۇڭا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى.

دەرۋەقە، 1871 ~ 1900 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق ئېشىپ باردى. مەسىلەن، بۇ 30 يىل ئىچىدە كۆمۈرنىڭ قېزىلىش مىقدارى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى ۋە پاختا سەرپىياتى 50% ئاشتى ھەمدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىنتايىن تېز بولدى. مەسىلەن، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى سانائىتى ۋە گېنېراتور ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار. لېكىن، تەرەققىيات سۈرئىتىنى باشقا ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەنگلىيە نىسبەتەن ئارقىدا قېلىپ، سانائەتتىكى مونوپوللۇق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. دۇنيانىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات

www.uyghurkitap.com

قىممىتىدە 1870 ـ يىلىدىكى 32% تىن 1913 ـ يىلىدىكى 14% گە چۈشۈپ قالدى. 1880 ـ يىللىرى ئامېرىكىنىڭ سانائەت مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى ئەنگلىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە گېرمانىيەمۇ ئېشىپ كەتتى.

ئەنگلىيەنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچى، ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، زاۋۇتلار 100 يىللار مابەينىدە بىر قېلىپتا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، نۇرغۇن كارخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ ماشىنا، ئۈسكۈنە ئەسلىھەلىرى كونىراپ كېرەكتىن چىقتى. كېيىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر يېڭى تېخنىكا قوللانغان ۋە ماشىنا، ئۈسكۈنە ئەسلىھەلىرىنى ئىشلەتكەندە، ئەنگلىيە يەنىلا كونا ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتتى. ئەنگلىيەلىك كاپىتالىستلارنىڭ قارىشىچە، كونىچە ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى چۇۋۇۋېتىپ ئورنىغا يېڭى ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەندە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كېتەتتى. مانا بۇ ئەھۋاللار سانائەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىگە تەبىئىي ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. ئىككىنچى، كېيىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر مىللىي سانائىتىنى قوغداپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاموژنا بېجىنى قوغداش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ يۈرگۈزدى. بۇ سىياسەتلەر ئەنگلىيەنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىغا پايدىسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر كۆرسەتتى.

جاھانگىرلىك باسقۇچقا بېرىپ يەتكەن ئەنگلىيەنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ بىر قەدەر ئاستىلاپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ تاشقى سودىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى: سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئازلاپ كەتتى. 1870 ~ 1890 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئەنگلىيەنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئاران 42% ئاشقان بولسا، ئىمپورت مىقدارى 72% ئاشتى. بۇ ئەھۋال تاشقى

سودىدىكى ئىمپورتنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن، پۈتكۈل خەلقئارالىق كىرىم ـ چىقىم مەسىلىسىدە ئەنگلىيە يەنىلا «ئاكتىپ بالانس»نى ساقلاپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىرتتىن ئەنگلىيەگە ئاققان پۇل ئەنگلىيەدىن سىرتقا ئاققان پۇلدىن كۆپ بولغاچقا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا گۈللىنىش ھالىتىدە تۇردى. بۇنداق بولۇشى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە سىرتقا كاپىتال چىقىرىشتا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى چەت ئەل سانائىتىگە كاپىتال (مەبلەغ) سېلىپ ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە غايەت زور پايدا يەتكۈزدى. ئەنگلىيەنىڭ سىرتقا كاپىتال چىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچىسى، ئەنگلىيە تارىخى ئۇزۇن كاپىتالىستىك دۆلەت، دۆلەت ئىچىدىكى ئىشچىلارنى ئۇزۇن مۇددەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، مۇستەملىكە خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا يەنە دۇنيانىڭ سانائىتىنى ئۇزۇن مۇددەت مونوپول قىلىۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى غايەت زور مىقداردا ئېشىنچا كاپىتال جۇغلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردا ئېشىنچا كاپىتالنى سىرتقا چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. ئىككىنچىسى، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنى ئىنتايىن كەڭ، بۇ زېمىنلار كاپىتال چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئوبيېكتلىرى ئىدى. چۈنكى، مۇستەملىكە زېمىنلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن، ئەمگەك كۈچى ئەرزان، خام ئەشيا باھاسى ئەرزان بولغاچقا ئۇنىڭ سانائەتكە پايدىسى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ھىندىستاندىكى سېرىق كەندىر زاۋۇتى ئەنگلىيە زاۋۇتلىرىغا 100% پايدا يەتكۈزەتتى. پايدىسى 20% تىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى دۇنيا بويىچە

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، فىرانسىيە، گېرمانىيە ئىككى دۆلەتنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى. 1910 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ دۆلەت سىرتىغا سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 700 مىليون فوندستېرلىڭدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن، فىرانسىيەنىڭ 1 مىليارد 800 مىليون فوندستېرلىڭدىن ئېشىپ كەتمىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە يىلىدا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنلارغا ۋە دۆلەت سىرتىغا ھەر يىلى سالغان مەبلىغىنىڭ سوممىسى دۆلەت ئىچىگە سالغان مەبلىغىنىڭ بەش ـ ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. سىرتقا كاپىتال چىقىرىش ئەنگلىيەگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ پايدا يەتكۈزدى. پەقەت 1912 ـ يىلىلا ئەنگلىيە 176 مىليون فوندستېرلىڭ پايدا ئالدى.

دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئەنگلىيەنىڭ ھاۋا يولى ترانسپورتىمۇ ئەنگلىيەگە غايەت زور ساندىكى تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. 1913 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ كېمىسازلىق زاۋۇتلىرىنىڭ ياسىغان پاراخوتلىرىنىڭ سۇ سىغىپ چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليون 932 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئامېرىكىدىن يەتتە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ بايرىقىنى ئېسىپ ئاتلانتىك ئوكياندا قاتنىغان پاراخوتلار پۈتۈن دۇنيا پاراخوت تونناژىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىدى.

لېكىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ گۈللىنىشى مۇستەملىكە زېمىنلاردىكى خەلقلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش بەدىلىگە كەلگەنىدى. ئەنگلىيە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى جاھانگىر دۆلەت بولغاچقا، ئۇ ئىگىلىگەن مۇستەملىكە زېمىنلار باشقا ھەرقانداق مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. 1876 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ ھەجمى 22 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا، ئاھالىسى 252 مىليونغا يەتتى؛ 1914 ـ يىلغا كەلگەندە مۇستەملىكە ئاھالىسى 400 مىليونغا يەتتى. 1876 ـ

يىلى ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ يەر كۆلىمى ئاران 244 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ 1/92 ىگە توغرا كېلەتتى. دېمەك، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ «كۈن پاتمايدىغان دۆلەت» دەپ ئاتالدى. مۇشۇنداق كەڭ مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ بولغانلىقى، مۇشۇنداق كۆپ مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيەنىڭ سىرتقا كاپىتال چىقىرىشىمۇ مۇشۇنداق كەڭ كۆلەمگە يېتىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، لېنىن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى مۇستەملىكە جاھانگىرلىك دەپ ئاتىغانىدى.

## 2 . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەنگلىيەدىكى ئىككى پارتىيە تۈزۈمى، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن چوڭ پومېشچىكلار يەنىلا ئەنگلىيەدىكى ھۆكۈمران سىنىپ ئىدى. مونوپول كاپىتال ۋە كاپىتالنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ بايلىقى كۈنسېرى كۆپەيدى، ئورنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، چوڭ پومېشچىكلار ئارىسىدىكى بىر قىسىملىرىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ مەزگىللەردە ئامېرىكىدىن كۆپ مىقداردا ئاشلىق ئىمپورت قىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن پومېشچىكلارنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ ئىقتىسادى ئاساسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. لېكىن باشقا بىر قىسىم پومېشچىكلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى يەنىلا مۇستەھكەم ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بەزى پومېشچىكلارنىڭ شەھەرلەردە يەر

ئىشلىتىش ھوقۇقى بولغاچقا، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە زاۋۇت ئورنىنىڭ يېرىگە ئاشۇ يومپىچىكلار ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، شەھەرلەردە يەرنىڭ باھاسى ئۆزلۈكسىز ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يومپىچىكلارنىڭ كىرىمى ئاشتى. ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيەدىكى بەزى يومپىچىكلار ھەرخىل كاپىتالىستىك كارخانىلارغا ئارىلاشتى. بۇنداق قىلىشتىن ئۇلار چوڭ پايدىغا ئېرىشتى. ئۈچىنچىدىن، بەزى يومپىچىكلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كىرىمى يۇقىرى مۇھىم ۋەزىپىلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن چوڭ يومپىچىكلار — لىبىراللار پارتىيەسى بىلەن مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى سىياسىي پارتىيە ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى — بۇرژۇئازلاشقان چوڭ يومپىچىكلارنى ئاساسلىق تىرەك قىلاتتى، لېكىن بىر قىسىم يومپىچىكلار پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. لىبىراللار پارتىيەسى ئاساسلىقى سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ۋە پۇل مۇئامىلە دوكارلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئەييەن دەرىجىدە بىر قىسىم بۇرژۇئازلاشقان يومپىچىكلارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇڭا، بۇ ئىككى پارتىيەنىڭ ھەممىسىلا بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي پارتىيەسى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىل ئارىلىقىدا بۇ ئىككى چوڭ پارتىيە ئالمىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، ئۈچىنچى پارتىيە بارلىققا كەلمىدى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي پارتىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى. بۇ ئىككى چوڭ پارتىيەنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش ئىدى، ئۇ بولۇسمۇ يۈزەكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئاز ـ تولا پايدا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىشچىلار كۈرىشىنى پەسەيتىپ، ئىشچىلارنى

كاپىتالغا قارشى تۇرۇش ئىنقىلابىي يولىدىن چەتلىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ئىككى چوڭ پارتىيە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشىمىغان گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پىروگىراممىسىدىكى تەشەببۇسلارمۇ ئوخشىمايتتى. ئىقتىسادىي تەدبىر جەھەتتە مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەركىن تاشقى سودىغا قارشى تۇراتتى. لىبىراللار پارتىيەسى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەركىن تاشقى سودىنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇراتتى. سىرتقا قارىتا مەسىلىلەردە مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشۇپلا تالان ـ تاراجلىق مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى. لېكىن، لىبىراللار پارتىيەسى بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچانراق بولۇپ، مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىكىنىڭ تالان ـ تاراج خاراكتېرىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ پەردازلاشقا ئۇرۇناتتى.

لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىكى سىياسىتىدە ئىككى پارتىيەنىڭ يولى بىردەك ئىدى. 1874 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەر بولۇپ، ئۇلار سۇۋەيش قانىلى (1875 ـ يىلى) بىلەن سىپىرۇسنى (1878 ـ يىلى) تارتىۋالدى. 1880 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان لىبىراللار پارتىيەسى 1882 ـ يىلى مىسىرنى بېسىۋالدى ھەمدە سۇداندىكى مەھدى ھەرىكىتىنى قاتتىق باستۇردى. 1886 ـ يىلىدىن 1905 ـ يىلىغىچە ئۇزۇن مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى (1892 ـ يىلىدىن 1895 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىل ئۈزۈلۈپ قالغان) سۇداننى بويسۇندۇرۇشنى تاماملاپ، ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشىنى قوزغاپ، بۇرلارنىڭ ئىككى دۆلىتى — ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئورانج جۇمھۇرىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەنگلىيەنىڭ زېمىنىغا

ئايلاندۇرۇۋالدى.

بۇ مەزگىللەردىكى ئەنگلىيەنىڭ غالجىرلىق بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشى «ئەركىن» كاپىتالىزمنىڭ مونوپول كاپىتالىزم باسقۇچىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن سىرت، يەنىمۇ كۆپ مۇستەملىكە زېمىنلارنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ سانائىتىنى مونوپول قىلىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئازلاپ كەتكەن پايدىسىنى تولۇقلاش ھەمدە مۇستەملىكە زېمىنلاردىن ئۇندۇرۇۋالغان يۇقىرى سومىلىق پايدا بىلەن يۇقىرى قاتلام ئىشچىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قارشىلىقىنى پەسەيتىش ئىدى. ئەنگلىيەدىكى تاجاۋۇزچى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاۋانگارتى رودېس لوندوندىكى ئىشسىز ئىشچىلارنىڭ يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، ئىشچىلارنىڭ «بولكا» تەلەپ قىلىش غەزەپ – نەپرەتلىك نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ جاھانگىرلىك سىياسىتىنىڭ «ئىجتىمائىي مەسىلىلەر»نى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشەندى. بۇ ھەقتە ئۇ: «ئىمپېرىيە بولكا ۋە سېرىق مايغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىمەن دەيدىكەنسەن، جاھانگىر بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەنىدى.

## 3. ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ۋە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى

1850 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدىكى نىزامنامە ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەدىكى ئىشچىلار ھەرىكەتلىرى تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالدى. سوتسىيالىستىك ھەرىكەتلەرمۇ ئىشچىلار ئارىسىدا كۆرۈنمەيدىغان بولدى. بۇ خىل ئەھۋال تاكى 1870 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ

مۇھىم سەۋەب شۇكى، بۇ مەزگىللەردىكى ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرى قاتلام ئىشچىلىرى ۋە ئىشچىلار ئاممىسى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ دۇنيانىڭ سانائىتىنى مونوپول قىلىپ ئېرىشكەن پايدىسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە نەپ ئالدى. لېكىن 1870 ـ يىلى ئەنگلىيە سانائەتنى مونوپول قىلىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن باشلاپ، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى يۇقىرىقىدەك نەپتىن بەھرىمەن بولالمايدىغان بولدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى دۇنيا بازىرىدا كېيىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن زور مىقداردا چىقىمغا ئۇچرىدى. ئۇلار بۇ چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇشىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئورنى خارابلاشتى. شۇڭا، 1880 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىشچىلار ھەرىكىتىدە يېڭىدىن ئىلگىرى سىلجىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. سوتسىيالىستىك ھەرىكەتلەر يەنە ئەسلىگە كەلدى، ھەتتا ئىلغار ئىشچىلار ئارىسىدا مۇستەقىل ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇش سىناقلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلدى.

ئەلۋەتتە، ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىياتى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىرىنچى، ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرى. ماركس يازغان «كاپىتال» ئەنگلىيەنىڭ ئىلغار ئىشچىلىرىنى تەربىيەلىدى. مەسىلەن، خېيدىمان «كاپىتال»نى ئوقۇپ، سوتسىيالىزمچىغا ئايلاندى. ئېنگېلس 1880 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە ئىشچىلار ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلغان بىرنەچچە پارچە مۇھىم ماقالىلەرمۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئېنگېلس ماقالىسىدە ئىشچىلار سىنىپى كۈرەشىنىڭ نىشانىنى مائاش ۋە ئەمگەك ۋاقتى بىلەن چەكلەپ قويماي، ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك، كاپىتالىزمنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشچىلار

www.uyghurkitap.com

چوقۇم ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ كۆرسەتمىلەر ئىلغار ئىدىيەگە تەشنا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى ئىچىدە مۇھىم تەسىر قوزغىدى. مەسىلەن، ئىلغار ياشلاردىن جامېس ماك دونالد ئېنگىلىسنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن سوتسىيالىزمچى بولۇپ يېتىلدى.

ئىككىنچى، 1870 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 1880 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بىر مەزگىل يۈرگۈزۈلگەن يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىمۇ سوتسىيالىزم ھەرىكەتلىرىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈشنىڭ ئامىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. 1879 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ھېنرى جورج يازغان «ئىلگىرىلەش ۋە نامراتلىق» دېگەن كىتاب نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ يەرنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈشنى كاپىتالىزمنىڭ بارلىق جىنايەتلىرىنى داۋالايدىغان «شىپالىق دورا» دەپ قارىدى ھەمدە يۇقىرى سومىلىق يەر ئىجارىسى يىغىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەرنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل نەزەرىيەسى ئەكسىيەتچىل رول ئوينىدى، چۈنكى ئۇ نەزەرىيە ئىشچىلارنى كاپىتالىزمغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن چەتلەشكە جەلپ قىلدى. لېكىن، كۆپ سانلىق كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزمچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا «يەرنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈش — ئۇلارنىڭ ... سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشىنىڭ يېرىم يولدىكى بېكىتى بولدى (مولتۇن قاتارلىقلارنىڭ سۆزى). توم مان ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ: «ھېنرى جورجنىڭ كىتابىنى يەپ ئىچىۋېتىدىغاندەك ئوقۇغانىدىم» دېگەنىكەن. ئۇ ئىدىيەۋى جەھەتتىن سوتسىيالىزمغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇشۇ كىتابنىڭ ئىدىيەسىگە مەنسۇپ ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن يەرنىلا ئەمەس، ماشىنا كاپىتالىنىمۇ ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدى.

سوتسىيالىستىك ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى — سوتسىيالىستىك سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كۆرۈلدى. 1881 — يىلى سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ھېنرى مىلىس خېيدېمان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشچىلار ئىدى. ئىتتىپاق يېڭى قۇرۇلغاندا ماركسىزمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ پىروگراممىسىمۇ سوتسىيالىزمچە ئىدى. پىروگراممىدا يەر، تۆمۈريول، بانكا قاتارلىق بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ جەمئىيەتكە تەۋە بولۇشى تەلەپ قىلىندى. خېيدېمان ئەنگلىيەدىكى ماركسىزمچىلارنىڭ ئاۋانگارتى ئىدى. ئۇ كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ ماركسىزمنى تەشۋىق قىلدى، لېكىن ئۇ ھەقىقىي ماركسىزمچى ئەمەس ئىدى. ئۇ گەرچە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلسىمۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە قارشى ئىدى. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كاپىتالىزم كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىسلەردە ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى «ئىقتىدارسىز پومېشچىك ۋە كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنىدۇ» دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خېيدېمان ئاخىرقى ھېسابتا ئاغمىچى ئىدى. لېكىن ئۇمۇ مەزھەپچىلىق خاتالىقى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ خىزمەت ئىشلەشنى خالىمىدى، ئىشچىلارنىڭ سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش، مائاشنى ئۆستۈرۈش كۈرەشلىرىنى قوللىمىدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىمۇ خالىمىدى. شۇڭا، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى ئىنقىلابىي ئىشچىلارنىڭ سىياسىي

پارتىيەسىگە ئايلىنالمىدى.

1884 ـ يىلى بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك تەشكىلاتى ـــ فابىيان جەمئىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ تەشكىلات نەزەرىيەۋى جەھەتتىن ماركسىزمغا، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ: «سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى لىبېرالىزمغا سىڭدۈرۈۋېتىش»نى تەشەببۇس قىلاتتى، يەنى لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا «سىڭىپ» كىرىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىزمغا مايىل قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. فابىيان جەمئىيىتى گەرچە بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنى ئاساس قىلغان تەشكىلات بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە سوتسىيالىزمنى تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن نۇرغۇن ئىشچىلار فابىيان جەمئىيىتىنىڭ يەرلىك ياچېيكىلىرىغا قاتناشتى.

فابىيان جەمئىيىتىگە قاتناشقان زىيالىيلار ئارىسىدا كۆپلىگەن ئالىملار ۋە يازغۇچىلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، جورج بېرنارد شاۋ، ۋېبېر ئەر ـ خوتۇن قاتارلىقلار. جورجى بېرنارد شاۋ رېئالىزمچى دراماتورگ بولۇپ، ئۇ يازغان «بويتاق بوۋاينىڭ ئۆيى»، «ۋاررېن خانىمنىڭ كەسپى»، «تەقدىرنىڭ ئەركە بالىسى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزمنىڭ جىنايەتلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىپ، ئەنگلىيە يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ ساختا مېھرىبانلىق ۋە روھىي گادايلىق تۇرمۇشىنى مەسخىرە قىلغان، شۇنداقلا يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ پارازىتلىق خاراكتېرىنى ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئېچىپ تاشلىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جەمئىيەتتە ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلدى.

سوتسىيالىزم ھەرىكىتى قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ قانات يايدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيە ئىشچىلار

ئۇيۇشمىلىرى ئاساسلىقى مەلىكىلىك ئىشچىلار ياكى يۇقىرى قاتلام ئىشچىلىرىنىڭ تەشكىلاتى ئىدى، بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتى تار دائىرىدىكى ئىقتىسادىي كۈرەش بىلەنلا چەكلەندى، ھەتتا ئىش تاشلاشقىمۇ قارشى تۇردى. لېكىن، 1880 ــ يىللىرىغا كەلگەندە قارا ئىشچىلارمۇ تەشكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇلار يېڭىدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇردى. يېڭى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 1880 ــ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش كۈرىشى جەريانىدا بارلىققا كەلدى. ئۇ كونا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈرەشچان بولۇپ، كۆپ قېتىملىق ئىش تاشلاشلارغا رەھبەرلىك قىلدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى كونا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەسىرىدە مۇرەسسە قىلىشقا ئېغىپ، ئەسلىدىكى كۈرەشچانلىق خاراكتېرىنى يوقاتتى.

سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇشقا شارائىت ياراتتى. 1893 ــ يىلى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەسى — «مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيەسى» ئاخىرى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيەنى سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بىلەن فابىيان جەمئىيىتىنىڭ جايلاردىكى ياچېيكا ئەزالىرى قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ پارتىيەنىڭ پىروگراممىسى — ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا بولغان كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كۈرىشىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلدى ھەمدە سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆز ئالدىدىكى كۈرەش ۋەزىپىسى قىلدى.

مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى — چوڭ تەرەققىيات بولسىمۇ، لېكىن بۇ پارتىيە ماركسىزمنى رەت

قىلدى، سىنىپىي كۆرەشكە قارشى تۇردى، شۇڭا ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئىسلاھاتچى ئىشچىلار پارتىيەسى بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەنگلىيە سوتسىيالىزمى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى سىياسىي ئويۇن ئويناشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان قىسمەن ئىسلاھات ۋە تەڭشەشلىرى كۆپ ساندىكى ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇردى. ئىككىنچىدىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىشچىلار ئاقسۆڭەكلىرى پۈتكۈل ئىشچىلارنىڭ %15 نى ئىگىلىدى. 1870 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچىلار ئاقسۆڭەكلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. بەزى مۇھىم سانائەت تارماقلىرىدا ئىشچىلار ئاقسۆڭەكلىرى %20 نى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسى ئىشچىلار ئاممىسىغا تەسىر كۆرسەتتى.

# 5 ـ بۆلۈم ئامېرىكا

## 1. ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى

1861 ـ يىلىدىن 1865 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىچكى ئۇرۇش جەنۇبتىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يوقىتىپ، قارا تەنلىك قۇللارنى ئازاد قىلدى. «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى، جەنۇبتىكى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى گەرچە «نىسبەت تۈزۈمى»

شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى قۇللۇق تۈزۈم ۋاقتىدىكىدىن يۇقىرى بولدى. قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن، ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەنلەپ، يەككە ئۇششاق دېھقانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى يەرلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. تۆۋەن باھادىكى بىر ئاكىر كېلىدىغان يەرنىڭ باھاسى 100 ئامېرىكا دوللىرىدىن بەش ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «نامرات ئاق تەنلىكلەر»نىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇلار يەرسىزلىكتىن كىچىك يەر ئىگىلىرىگە ئۆزگەردى. جەنۇبىي جايلاردىكى يەككە ئۇششاق دېھقانلار 1860 ـ يىلى ئاران 370 مىڭ بولغان بولسا، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 36 مىڭغا كۆپەيدى.

قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن، يەككە ئۇششاق دېھقانلارنىڭ كۆپىيىشى جەنۇبىي جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، جەنۇبىي جايلاردىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ئۇلارنى كۆپ ساندىكى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەپ تاۋار بازىرىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغانلىقتىن، شىمالدىكى كاپىتالىستلار جەنۇبتىكى سانائەت كارخانىلىرىغا كۆپ ساندىكى كاپىتالنى مەبلەغ قىلىپ سېلىشقا باشلىدى. جەنۇبتىكى بىر قىسىم ئېكىنزار ئىگىلىرىمۇ كاپىتالنى يەرگە مەبلەغ قىلىپ سېلىشتىن سانائەت ساھەسىگە يۆتكىدى، شۇڭا ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جەنۇبتا كاپىتالىستىك سانائەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1880 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى جەنۇبتا ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر مەھسۇلاتىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1870 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي رايونلاردا ئاران 500 مىڭ ئۇرچۇق بولغان بولسا، 15

يىلدىن كېيىن 2 مىليونغا كۆپەيدى.

ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان «تۇرالغۇ جاي قانۇنى» غەربىي قىسىمدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. گەرچە «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»دا ناھايىتى چوڭ چەكلىمىلىك بولسىمۇ، «تۇرالغۇ جاي قانۇنى» ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى زور مىقداردا ساتتى ھەمدە كەڭ كەتكەن يەرلەرنى تۆمۈريول شىركەتلىرىگە سوۋغا قىلىپ بەردى)، قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا يەنە نۇرغۇن رەزىل ئەھۋاللار يۈز بەردى. لېكىن، ئۇ نېمىلا بولسۇن يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، كاپىتالىزمغا ئەگىشىپ مېڭىپ «ئامېرىكىچە يول» بىلەن تەرەققىي قىلدى. 1868 ~ 1900 - يىللىرى ئارىلىقىدا «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»غا ئاساسەن 600 مىڭ ئائىلىگە تۇرالغۇ يەر تەقسىم قىلىندى. بۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمىي ھەجمى 80 مىليون ئاكىر كېلەتتى. تۇرالغۇ يەرگە ئېرىشكەن ئەمگەكچىلەر يەككە ئۇششاق دېھقانلارغا ئايلىنىپ، ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، غەربىي قىسمىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ساقلىنىپ بولالمىسلىق دەرىجىسىدە سىنىپىي بۆلۈنۈش پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن كەڭ دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. بىر قىسىم باي دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە سۈنئىي ئوغۇتلارنى ئىشلىتىپ، كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنىڭ چوڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. 1900 - يىلى ئامېرىكىدا مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 5 مىليون 800 مىڭ دېھقان ئائىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا ئىشلەيدىغان دېھقانلار 1 مىليون ئائىلىگىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن مەملىكەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 52% ىنى

ئىگىلىەيتتى، كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور مىقداردىكى ئاشلىق، خام ئەشيا، ئېكسپورت مەھسۇلاتى ۋە كەڭ دۆلەت ئىچى بازىرى بىلەن تەمىنلىدى. 1860 ~ 1900 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئامېرىكىدىكى مۇھىم ئىككى تۈردىكى ئاشلىق زىرائىتى بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى يېرىم ھەسسە ۋە ئىككى ھەسسە ئاشتى، پاختا بىر يېرىم ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. 1880 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت قىلىنىدىغان بۇيۇملار ئىچىدە 83% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا دۇنيا بازىرىنى ئاشلىق ۋە گۆش تىپىدىكى يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق دۆلەتكە ئايلاندى.

ئىنقىلابىي ۋاستە ئارقىلىق قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقىتىش ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسىملاردىكى يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئامېرىكىدىكى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەلۋەتتە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئامېرىكا كاپىتالىستىك سانائىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى: بىرىنچى، ئامېرىكىنىڭ تەبىئىي يەر بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، كۆمۈر، تۆمۈر، نېفىت بايلىقى ناھايىتى مول ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق بار ئىدى. ئىككىنچى، ئامېرىكا جۇغراپىيەلىك مۇھىت ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ، شەرق، غەرب تەرەپلىرىنى ئىككى چوڭ ئوكيان قوغداپ تۇرىدۇ. شىمالدىكى قوشنىسى كانادا بىلەن جەنۇبتىكى قوشنىسى مېكسىكىنىڭ ھەممىسىلا ئاجىز دۆلەتلەر بولغاچقا، ئامېرىكا دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچى، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى ياۋروپا مەبلىغىدىن پايدىلىنالايدۇ، شۇڭا كاپىتال مەنبەسىنىڭ بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ. 1890 ـ يىلىغا

كەلگەندە ياۋروپانىڭ ئامېرىكىغا سالغان مەبلىغى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. تۆتىنچى، ئامېرىكىغا بارىدىغان ياۋروپالىق كۆچمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 1871 ~ 1907 - يىللىرى ئارىلىقىدا تەخمىنەن 20 مىليون كۆچمەن ئامېرىكىدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمگەكچىلەر ئىدى، ئامېرىكا كاپىتالىستلىرى ئەمگەك كۈچىنىڭ بولماسلىقىدىن غەم قىلمايدۇ. بەشىنچى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىلىقلار بىر قاتار مۇھىم ۋە چوڭ كەشپىياتلارنى ۋە تېخنىكا يېڭىلاشنى تاماملاپ بولدى. ئەلۋەتتە ئامېرىكىمۇ ياۋروپانىڭ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىدىن پايدىلاندى. لېكىن، 1870 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامېرىكىلىقلار ياۋروپانىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئارقا - ئارقىدىن يېڭى كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى تاماملىدى. 1860 ~ 1890 - يىللىرى ئارىلىقىدا ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان پاتېنت ھوقۇق كىنىشكىسى 440 مىڭدىن ئاشتى. ئالتىنچى، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ سىياسىتى مۇقىم بولدى، ھېچقانداق سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي داۋالغۇش بولۇپ باقمىدى. مانا بۇ ئەھۋاللار كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل ئامېرىكا سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان مەزگىلى بولدى. ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئەينى ۋاقىتتىكى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئاز كۆرۈلىدۇ. 1870 - يىلى ئامېرىكىنىڭ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 900 مىڭ توننا بولغان بولسا، 1890 - يىلىغا كەلگەندە

10 مىلليون 300 مىڭ تونناغا يەتتى. 1880 ـ يىلى پولات ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىلليون 200 توننا بولغان بولسا، 1900 ـ يىلغا كەلگەندە 10 مىلليون 200 مىڭ تونناغا يەتتى. كۆمۈر مەھسۇلاتى 1870 ـ يىلى 33 مىلليون 100 مىڭ توننا بولغان بولسا، 1900 ـ يىلغا كەلگەندە 269 مىلليون 700 مىڭ تونناغا يەتتى. پاختا سەرپىيات مىقدارى 1880 ـ يىلى 1 مىلليون 570 مىڭ تاي بولغان بولسا، 1898 ـ يىلغا كەلگەندە 3 مىلليون 465 تايغا يەتتى.

تۆمۈريول لىنىيەسىنىڭ ئۇزىرىشىمۇ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىل ئىچىدە ئامېرىكىدا تۆت تۆمۈريول ياسالدى، بۇلار: «تىنچ ئوكيان بىرلەشمىسى» (1881 ـ يىلى)، «شىمالىي تىنچ ئوكيان» (1882 ـ يىلى)، «بىپايان شىمال» (1893 ـ يىلى)، «چىكاگو ـ سان پاۋلو» تۆمۈريولى ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەر ئارىلىقىدا مەملىكەت بويىچە يەنە 140 مىڭ مىل كېلىدىغان تۆمۈريول ئۇزارتىلدى.

ئامېرىكىدا سانائەت جەھەتتە ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلىتىش ئاساسىدا يەنە نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ــ ئىستانوك ياساش ساھەسى، يېمەكلىك سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، كاۋچۇك سانائىتى، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى سانائىتى ۋە ماشىنىسازلىق سانائىتى بارلىققا كەلدى.

ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ نېفىتقا بولغان ئېھتىياج ئاشتى. بۇ ئەھۋال نېفىت ئىشلەپچىقىرىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. 1870 ـ يىلى نېفىت قېزىش مىقدارى 200 مىليون گالون بولغان بولسا، 1900 ـ يىلغا كەلگەندە 2 مىليارد 700 مىليون گالونغا كۆپەيدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، 1890 ـ يىلغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 1860 ـ يىلدىكىدىن

ئالتە ھەسسە ئاشتى. شۇ يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 498 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. لېكىن شۇ يىلى ئەنگلىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 263 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، گېرمانىيەنىڭ 3 مىليارد 357 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، فىرانسىيەنىڭ 2 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1860 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېيىلگەن بولسا، 1894 ـ يىلىغا كەلگەندە بىر سەكرەپلا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

## 2. كاپىتالنىڭ مەركەزلىششى ۋە مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئامېرىكا سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش جەريانى كاپىتال ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش جەريانى بولدى. ئامېرىكىدا كاپىتال ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش جەريانى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن تېز ھەم شىددەتلىك بولدى. لېكىن بۇنداق تېز تەرەققىيات كۆز بويامچىلىق، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ۋە باشقا نورمالسىز قىلمىشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلدى.

ئىلگىرىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكىدىكى چوڭ سودىگەرلەر بىلەن سانائەتچىلەر ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قىيىنچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاشتەك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن بېيىپ تىقىلىپ كەتكەنىدى. سانائەتچىلەر ھەربىي قوشۇننى تەمىنلەش جەھەتتە باھانى خالىغانچە ئۆستۈرەتتى، ھەتتا ھۆكۈمەتكە ساختا ماللارنى سېتىپ بېرەتتى. بەزىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كېرەكسىز بۇيۇملىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن

ھەسسىلەپ يۇقىرى باھادا يەنە ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرەتتى. ئۇلار قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈش جەريانىدىمۇ كۆپلەپ پايدا ئالاتتى. ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن تۆمۈريول شىركەتلىرى يەر ـ جاي ھايانكەشلىكىگە تايىنىپمۇ كۆپلەپ مال ـ مۈلۈكلەرنى توپلىۋالدى. ھۆكۈمەت «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نى يولغا قويغاندىن كېيىنمۇ ئاۋۋالقىدەكلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇرغۇن يەرلەرنى شەخسنىڭ تۆمۈريول شىركەتلىرىگە سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتتى. «تىنچ ئوكيان بىرلەشمىسى» تۆمۈريول شىركىتى ھۆكۈمەتتىن 20 مىليون مىل يەرگە ئېرىشتى. سانتافې تۆمۈريول شىركىتى 17 مىليون مىل يەرگە ئېرىشتى. ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تارقاتقان يېرى جەمئىي 158 مىليون 293 مىڭ 377 مىلغا يېتىپ، فىرانسىيە، گېرمانىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ يەر مەيدانىغا توغرا كەلدى. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت سوۋغا قىلغان يەرلەر تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىدىن بەك ئېشىپ كەتكەچكە، تۆمۈريول شىركەتلىرى يەر ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بايلىققا تىقىلىپ كەتتى. ھەر قېتىملىق تۆمۈريول قاتنىشى باشلىنىپ يەر باھاسى ئۆرلىگەندە، تۆمۈريول شىركەتلىرى تۆمۈريولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېشىنچا يەرلەرنى يۇقىرى باھادا ساتاتتى. بەزىدە تۆمۈريول شىركەتلىرىنىڭ يەر سېتىپ ئېرىشكەن پۇلى تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان پۇلدىنمۇ كۆپ بولاتتى. «شىمالىي تىنچ ئوكيان» تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان پۇل جەمئىي 70 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، بۇ شىركەتنىڭ يەر سېتىپ ئېرىشكەن كىرىمى 136 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى، چوڭ كۆلەمدىكى يەرلەرنى تېخى ساتمىغانىدى. بەزى كارخانا ئىگىلىرى بېيىش ئۈچۈن ياۋۇزلارچە زورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللاندى. نېفىت پادىشاھى روككېفېللېر نېفىت باھاسىنى مونوپول قىلىش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك رىقابەتچىلىرىنىڭ كارخانىلىرى ياكى نېفىت

www.uyghurkitap.com

قۇدۇقلىرىغا لۇكچەكلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇ يەرنى پارتلىتاتتى ياكى ئوت قويۇپ كۆيدۈرەتتى.

كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسىنى تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. 1890 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سانى 400 مىڭدىن 200 مىڭدىن كۆپرەككە ئازىيىپ كەتتى، لېكىن بۇ كارخانىلاردىكى مەبلەغ ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 6 مىليارد 500 مىليوندىن 9 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا كۆپەيدى.

كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىشى نەتىجىسىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە مونوپول تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1870 ـ يىلى ئامېرىكىدا قۇرۇلغان موبىل نېفىت شىركىتى ئەڭ ئىلگىرىكى تىرۇست تەشكىلاتلىرىدىن ئىدى. 1880 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ 1890 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، يەنە بىر قاتار بىرلەشمە تەشكىلاتلار ۋە تىرۇستلار بارلىققا كەلدى. 1884 ـ يىلى توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى تىرىست قۇرۇلدى. 1887 ـ يىلى ئاليۇمىن بۇيۇمى ياساش، ھاراق ئىشلەش ۋە شېكەرچىلىك ساھەلىرىدە تىرۇست قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە خۇرۇم ئىشلەش، كۆك تاماكا ساھەلىرىدىمۇ تىرۇستلار قۇرۇلدى. شېكەرچىلىك ساھەسىدىكى تىرۇست 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئامېرىكىدىكى 90% تىن ئارتۇق شېكەر زاۋۇتىنى كونترول قىلاتتى. بۇ شېكەر زاۋۇتلىرى بوستون، بىروكلىن، فىلادېلفىيە، بالتىمور، يېڭى ئورلېئان، پورتلېند ۋە سانفرانسىسكو قاتارلىق شەھەرلەرگە تارقالغانىدى. تىرۇست ـــ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مونوپول تەشكىلات شەكلى، شۇنداقلا يەنە ئامېرىكىدا ئەڭ روناق تاپقان تەشكىلات شەكلى ئىدى، شۇڭا لېنىن ئامېرىكىنى تىپىك تىرۇست دۆلىتى دەپ ئاتىغانىدى. 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىدىكى تىرۇستلار 800 دىن ئېشىپ كەتتى (تۆمۈريول ساھەسىدىكى

تىرۇستلار بۇ ساننىڭ ئىچىدە ئەمەس).
بانكا كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىشىمۇ ئىنتايىن تېز بولدى. روككېفېللېرنىڭ «گۇللۈك بايراق بانكىسى»نىڭ كاپىتالى 1889 ـ يىلىدىن 1899 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئارىلىقىدا 18 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 128 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا كۆپىيىپ ئالتە ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بانكا كاپىتالى بىلەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، روككېفېللېر بانكىسىنىڭ غول ئىشلىرى بىرمۇنچە سودا ـ سانائەت چوڭ بىرلەشمە شىركەتلىرى بىلەن ماسلىشىپ كەتتى. پۇل مۇئامىلە دۇكانلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. نيۇيورك شەھىرىنىڭ ئۇئول ستىرىت كوچىسىدىكى پۇل مۇئامىلە دۇكانلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىگە ئۇچۇر ـ سىگنال تارقىتالايدىغان بولدى.

## 3. ئىككى پارتىيە تۈزۈمى

ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ھارپىسىدا ئامېرىكىدا ئىككى چوڭ پارتىيە، يەنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى قۇلدارلارغا قارشى بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولۇپ، شىمالدىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، كەڭ ئىشچىلار ۋە دېھقانلار قاتناشقان سىياسىي پارتىيە ئىدى. لېكىن، دېموكراتلار پارتىيەسى جەنۇبتىكى قۇلدارلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىدىغان شىمالدىكى چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتى ئىدى. شۇڭا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيە بولسىمۇ، لېكىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيە ئىدى. لېكىن، ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1870 ـ يىللاردىكى مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىشچىلار

ھەرىكىتىگە، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ ئىككى سىياسىي پارتىيەنىڭ سىنىپ ئاساسىدا ئۆزگىرىش بولدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئىشچى ـ دېھقانلار بىلەن قارشىلىشىدىغان، مونوپول بۇرژۇئازىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي پارتىيەگە ئايلاندى. لېكىن، دېموكراتلار پارتىيەسى قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغان جەنۇبىي رايونلارنىڭ كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭغانلىقتىن، بۇرژۇئازلاشقان جەنۇبتىكى چوڭ ئېكىنزار خوجايىنلىرى، باي دېھقانلار ۋە جەنۇب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىگە ئايلاندى، شۇنداق قىلىپ، دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى پارتىيە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشىمىغان ئىككى گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي پارتىيەگە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرق يوقالدى. ئىككى پارتىيە پەقەت ئىككىلەمچى مەسىلىلەردە، مەسىلەن، تاموژنا بېجى مەسىلىسى (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى تاموژنا بېجىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلسا، دېموكراتلار پارتىيەسى ئەركىن تاشقى سودىنى تەشەببۇس قىلاتتى)، ئاز ـ كۆپلۈك مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىدىغان بولدى. تۈپكى مەسىلىلەردە، مەسىلەن، ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش، مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەش ۋە سىرتقا قارىتا تاجاۋۇز قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە باسقان قەدىمى تامامەن بىردەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئامېرىكىدا ئاخىرى «ئىككى پارتىيە تۈزۈمى» شەكىللەندى.

«ئىككى پارتىيە تۈزۈمى» ئاساسىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن دېموكراتلار ئالمىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ھاكىمىيەتنى مونوپول قىلدى. ئىلغار كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچىنچى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا پۇرسەت يوق

ئىدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ ئىككى چوڭ پارتىيەنىڭ ئارقىسىدا چوڭ كاپىتالىستلار تىرەك بولۇپ تۇراتتى، ئۇلاردىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمگە ئېرىشەتتى. مەسىلەن، نېفىت پادىشاھى روككېفېللېر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پائالىيەت فوندى ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك زور ساندا پۇل ئىئانە قىلىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىككى چوڭ پارتىيە زور مالىيە كۈچىگە تايىنىپ گېزىت، رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى ھەمدە سايلام رىقابىتىدە ناھايىتى كۆپ راسخوت ئاجرىتىپ سايلىغۇچىلارنى سېتىۋالاتتى. مەسىلەن، 1880 ـ يىلى ئىندىيانا ئىشتاتىدا بىر بېلەتنى 20 ~ 70 دوللارغىچە سېتىۋالغان. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكىدا ئۈچىنچى پارتىيەنىڭ قۇرۇلمىقى ئىنتايىن تەس ئىدى. چۈنكى، ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ قانۇنىدا يېڭى پارتىيە قۇرۇشقا ھەرخىل، ھەر شەكىلدە چەكلىمىلەر بار ئىدى، ئۈچىنچى پارتىيەنىڭ پائالىيىتىگىمۇ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۈچىنچىدىن، ھەر ئىككى پارتىيە سايلىغۇچىلارنى ئالداشقا ماھىر ئىدى. مەسىلەن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتىدا ھاكىمىيەت سىرتىدىكى دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى خەلق مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەتتىن نارازى بولغان سايلىغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ تەرىپىگە تارتاتتى. مۇبادا دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قالسا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك رول ئالاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۈچىنچى پارتىيەنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۇنۇملۇك توسقۇنلۇق قىلدى. ئۈچىنچى پارتىيە بارلىققا كەلدى دېيىلگەندىمۇ، سايلام رىقابىتىدە غەلىبە قىلمىقى ناھايىتى تەس بولاتتى.

ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئىككى چوڭ پارتىيەنىڭ

ھەممىسى مونوپول كاپىتالنىڭ ياللىنىشىدىكى قورال ئىدى. مونوپول كاپىتالمۇ مۇشۇ ئىككى چوڭ پارتىيە ئارقىلىق دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى باشقۇراتتى. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا پارا بېرىش ۋاستىلىرى بىلەن قانۇن ئورگانلىرىنى ئازدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ لايىھەسىگە پايدىلىق شارائىت يارىتاتتى، ئۇلار ھەتتا پارلامېنت ئەزالىرىغا قانۇن لايىھەسى تەييارلاپ بېرەتتى. چوڭ كاپىتالىستلار مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلەيتتى. مەسىلەن، «جەنۇبىي تىنچ ئوكيان» تۆمۈريول شىركىتى ھەر يىلى 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پارا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلايتتى. بۇ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ دىرېكتورى خۇنتىڭتون تەپ تارتمايلا: «ھەرقانداق ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پۇل لازىم. مۆلچەرىمچە، 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ ئۆزىمىزنىڭ قانۇن لايىھەمىزنى ماقۇللىتالايمىز، لېكىن بۇ لايىھەلەر ئۈنچىلىك پۇلغىمۇ ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايمەن» دېگەن. «ئىللىنويس تۆمۈريول شىركىتى»نىڭ بىر يىلدا پارا بېرىش ۋە ئەرز ـ شىكايەت راسخوتى ئۈچۈن چىقارغان چىقىمى 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان. دېمەك، بەزى ئىلغار جامائەت ئەربابلىرىنىڭ توغرا ئاساسلار بىلەن كۆرسەتكىنىدەك، ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن بىرنەچچە ئىشتاتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى تۆمۈريول شىركەتلىرى ۋە باشقا شىركەتلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە كومىتېتلىرى بولۇپ قېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

مونوپول كاپىتالنىڭ ماگناتلىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىچىلىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بىۋاسىتە تىقتى. مەسىلەن، ئامېرىكا موبىل نېفىت شىركىتىنىڭ بىر ۋەكىلى ئالتە يېرىم ئامېرىكا دوللىرىغا بىر سايلام بېلىتىنى سېتىۋېلىپ، دادىسىنى ئاۋام پالاتا ئەزاسى قىلغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ دادىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، موبىل نېفىت شىركىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان. مەسىلەن،

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاۋام پالاتا ئەزاسى ئادبرىك، دىففىن، ئېلكىنس قاتارلىق كىشىلەر چوڭ كارخانىلارنىڭ كېڭەش پالاتاسىدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىلىرى ئىدى. ھەتتا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىمۇ چوڭ كارخانا گورۇھلىرىنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، مەسىلەن، زۇڭتۇڭ ماككىنلېي (1897 ~ 1901 ـ يىللار) روككېفېللېر پۇل مۇئامىلە گورۇھىنىڭ بىر قوللۇق يۆلىشى بىلەن زۇڭتۇڭلۇق ئورۇنغا ئولتۇرغانىدى. كىلىېۋېلاند زۇڭتۇڭمۇ مورگان گورۇھىنىڭ قوللىشى بىلەن زۇڭتۇڭلۇق تەختتە ئولتۇرغانىدى.

ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيە مونوپول كاپىتالنىڭ قولىدىكى قورال بولۇپلا قالماستىن، سىياسەتۋازلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ قوغلىشىدىغان ۋاسىتىسى ئىدى. ئاتالمىش «زاڭ مال بۆلۈشۈش تۈزۈمى» ئىككى پارتىيە سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ھەر قېتىم بىر سىياسىي پارتىيە سايلامدا غەلىبە قىلىپ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە مۇرىتلىرى ئىچىدە ئورۇش غەنىيمەتلىرىنى بۆلۈشەتتى. سايلامدا كۆپ كۈچ چىقارغانلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سىغداپ كىرگۈزۈلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسلىدىكى ئەمەل ـ مەنسەپلىرىدىن بىردەك ئىستېپا بېرەتتى. بۇ خىل مەرەز كېسەلگە قارىتا پارلامېنت 1883 ـ يىلى «مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ تۈزۈم نىزامنامىسى» (پېندىلتون قانۇنى)نى ماقۇللىدى. بۇ نىزامنامىگە ئاساسەن، سايلام مەزگىلىدە سىياسىي جەھەتتىن كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە قاراپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىش مەنئى قىلىنىپ، مەمۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى بەلگىلەندى. لېكىن، بۇ نىزامنامىنىڭ ھېچقانداق رولى بولمىدى. 1885 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى بىر ئەتىگەندە جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىدىكى 100 مىڭ ئەمەلدارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىدىن

سەپلىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىشچىلارنىڭ كاپىتالغا قارشى كۈرىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بىر قاتار ھەربىي بيۇروكراتلىقنى ئاساس قىلغان تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى ئامېرىكىدا كۈچلۈك ھەربىي كۈچ ئارقىلىق باستۇرۇش ئورگانلىرى قۇرۇلمىغانىدى. ھەرقايسى ئىشتاتلار خەلق ئەسكىرى تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، توپىلاڭ پەيدا بولغاندا ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەنلا باستۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەيتتى. ئاساسىي قانۇندا يەنە: قوشما ئىشتاتلار ئارمىيەسى ئىشتات باشلىقى تەلەپ قىلغان ئەھۋالدىلا ئەسكەر يۆتكەپ ئىشتاتلاردا يۈز بەرگەن توپىلاڭنى باستۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. 1877 ـ يىلى تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى يۈز بەرگەندە ئىشتاتلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئىشچىلارغا ئوق چىقىرىشنى رەت قىلغانىدى. ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى 1877 ـ يىلىدىكى بۇ ئىشتىن: ئامېرىكا دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، ئىشچىلار ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشتا ئاجىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوغدايدىغان دۆلەت ئاپپاراتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پارلامېنت قارار ماقۇللاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئىشتات باشلىقى قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىدىن قورال ئالسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باش ئىشتابنىڭ ئۆزىدىمۇ قايتىدىن دۆلەت ئىچىدىكى قوراللىق كۈچلەر تەسىس قىلىندى. ئۇلار قەرەللىك ھالدا مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تۇردى. زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىمۇ كۈچەيتىلدى، مەلۇم ئىشتاتتا توپىلاڭ يۈز بەرسە، ئىشتات باشلىقىنىڭ تەلەپ قىلىش ـ قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، زۇڭتۇڭ قوشما ئىشتاتلار ئارمىيەسىنى يۆتكەپ توپىلاڭ يۈز بەرگەن ئورۇنغا ئاپىرالايدىغان بولدى. 1894 ـ يىلى

يوز بەرگەن مەشھۇر پۇلمان ئىش تاشلاش ۋەقەسىدىن كېيىن، قوراللىق ئارمىيە باش ئىشتابى قوراللىق ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى يەرلىك ئەسكەرلەر بىلەن قوراللىق ئارمىيەنىڭ سانىنى كۆپەيتتى ۋە ئۇلار مۇنتىزىم ئارمىيە شەكلىگە ئۆزگەرتىلىپ باستۇرۇش كۈچىنى ئاشۇردى.

ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى دۆلەت ئاپپاراتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىشكە ئۇرۇندى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى تىرەستلارنىڭ ھېچ ئەيمەنمەستىن ئېزىشى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئۇششاق ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، تىرەستلارنىڭ مونوپوللۇقىغا قارشى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەرىكەت كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شامالغا قاراپ رول باشقۇرىدىغان بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيەسى ئۆزلىرىنىڭ پىروگراممىلىرىغا تىرەستلارنى چەكلەيدىغان تەلەپلەرنى كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 1890 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى كونتروللۇقىدىكى پارلامېنت ئاتالمىش «شېرماننىڭ تىرەستنى بىكار قىلىش قانۇنى»نى ماقۇللىدى. شېرمان قانۇنىدا: ھەيلى تىرەست بولسۇن ياكى باشقا شەكىلدىكى ھەرقانداق بىرلەشمە بولسۇن ۋە ياكى سودا ـ سانائەت ۋە ئەركىن رىقابەتنى چەكلەيدىغان كېلىشىم بولسۇن ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ، قانۇن تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ ۋە باج ئورنىدا جەرىمانە ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇ قانۇنى تىرەستلارغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى يارىتىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ قارشىلىشىش كەيپىياتىنى بېسىش ئۈچۈن تۈزۈلگەچكە، تىرەستلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى چەكلەش

ھەققىدىكى بۇ بەلگىلىمە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىدى.①
دېمەك، شېرمان قانۇنى تىرۇستلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى توسۇيالمىدى ھەمدە يېڭى تىرۇستلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنىمۇ توسۇمىدى. بۇ قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، يېڭىدىن قۇرۇلغان سانائەت بىرلەشمە چوڭ تەشكىلاتلىرى 157 گە، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 3 مىليارد 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇرژۇئازىيە شېرمان قانۇنى ئارقىلىق ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى. 1892 ـ يىلى يېڭى ئورلېئاندا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش يۈز بەرگەندە، بۇ قېتىملىق ئومۇمىي ئىش تاشلاشقا رەھبەرلىك قىلغان 44 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇستىدىن سوت مەھكىمىسى ئەيىبنامە چىقاردى. ئۇنىڭ ئاساسى: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىر خىل «سودا ـ سانائەتنى چەكلەش مەقسەت قىلىنغان» بىرلەشمە، ئىش تاشلاش «ئەمگەك كۈچىنى سېتىش» جەھەتتىكى ئەركىن رىقابەتكە توسقۇنلۇق قىلدى، شۇڭا بۇ شېرمان قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. 1892 ـ يىلدىن 1896 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنى ئەيىبلىگەن دېلولار بەشكە يەتتى. ھەربىر دېلونى شېرمان قانۇنىغا چېتىپ بىر تەرەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دېلونى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىلا ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولدى.

ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيە ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە سايلام شەكلى ئارقىلىق قەرەللىك ئالمىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

① مەسىلەن، 1892 ـ يىلدىن 1896 ـ يىلغىچە يۈز بەرگەن تىرۇستلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ بەش ئىشنى ئەيىبلەش بىرلەشمە دېلوسىدىكى تۆت ئىشنى تامامەن دېگۈدەك چوڭ شىركەتلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن كەتمەن چېپىش چارىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

دېموكراتىيەنى زور دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيەنىڭ ئالمىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى گەرچە سايلىغۇچىلارنى ئالداشتىن باشقا نەرسە بولمىسىمۇ، لېكىن سايلام ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان سىياسىي پارتىيە مۇئەييەن دەرىجىدە سايلام رىقابىتى مەزگىلىدىكى بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلماي قالمايتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، كېلەر قېتىملىق سايلام رىقابىتىدە سايلىغۇچىلارنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالاتتى.

## 4 . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئىشچىلار ھەرىكەتلىرى

بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئاغمىچىلار ئامېرىكا «پەۋقۇلئاددە» كاپىتالىستىك دۆلەت، بۇ دۆلەتتە «مەڭگۈلۈك» گۈللىنىشلا مەۋجۇت، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى، شۇڭا ئامېرىكىدا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئورۇن يوق، دەپ قاراشتى. لېكىن، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى، ئامېرىكىدىمۇ باشقا بارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئوخشاش كاپىتالىزمنىڭ ئەسلىدە ئۆزىدە بار بولغان زىددىيىتى ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى، شۇڭا ئامېرىكىدا سىنىپىي كۈرەشمۇ ئوخشاشلا ئۆتكۈر ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگۈچە ئامېرىكىدا ھېچقانداق ئەمگەك قانۇنى تۈزۈلمىگەنىدى. ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا كۈنىگە 14 سائەتكە باراتتى. 1873 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ مائاشى 45% تۆۋەنلەپ كەتتى. كرىزىس يىللىرىدا زور تۈركۈمدىكى ئىشچىلار ئىشسىزلىقتىن كوچىلارغا چىقىپ سەرگەردان بولدى. ئىشسىز ئىشچىلار كۈندۈزلىرى ئەخلەت دۆۋىلىرى ئىچىدىن يېمەكلىك

www.uyghurkitap.com

ئىزدەپ يېسە، كېچىلىرى سېمونت پەرلەردە ياتتى. قىش كۈنلىرى كونا گېزىتلەرنى يېپىنچا قىلىپ سوغۇقتا تىترەپ چىقاتتى.

1873 ـ يىلى ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەردى. ئۈچ يىل ئىچىدە 20 مىڭ كارخانا ۋە بانكا ۋەيرا بولدى. پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى 40 مىليون بولۇپ، ئىشسىز ئىشچىلارلا 3 مىليونغا يەتتى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قوشقاندا 10 مىليون ئادەم ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئىچىدە جان تالاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانا ئىگىلىرى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ھەسسىلەپ تۆۋەن چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇ ئەھۋاللار ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1877 ـ يىلىدىكى تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولدى. 17 ئىشتاتنىڭ تۆمۈريول ئىشچىلىرى بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش دولقۇنىغا قاتناشتى. ئىش تاشلاشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ۋېرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مارتىنسبۇرگ تۆمۈريول ئىشچىلىرى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئىش تاشلاش دولقۇنى ناھايىتى تېزلا باشقا جايلارغا كېڭەيدى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مېرىلېند ئىشتاتىنىڭ بالتىمور دېگەن يېرىدە ئىش تاشلىغان ئىشچىلار بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. 10 مىڭ ئىشچى قوللىرىغا تاش ئېلىپ، مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە 15 ئىشچى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى، 25 ئىشچى يارىلاندى. پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدىكى پىتسبۇرگتا يۈز بەرگەن ئىش تاشلاشنىڭ كۆلىمىمۇ چوڭ بولدى. بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاش ناھايىتى تېزلا قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئارمىيەگە قورۇق قول ئېتىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى قورال ـ ياراغ ۋە زەمبىرەكلەرنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار پۈتكۈل شەھەرنى تارتىۋالدى، ئەسكەرلەر ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى.

زۇڭتـۇلۇڭ خايس ئالـدىراپ ـ تېنـەپ 3000 كـىشـىـلىك قـوشـۇن چـىـقـىرىـپ قـوزغـىـلاڭـنـى بـاسـتـۇردى. 1877 ـ يـىـلـىـدىـكـى ئىشچىلارنىڭ قايـنـام ـ تاشقـىنلىـق ئىش تاشـلاش كۆرىشى قـان كېچىكمگە غەرق قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي ئـىش تاشلاشتـا پاجىئەلـىـك ئۆلتۈرۈلگەن ئىشـچىلار 300 دىن ئـاشتى، يارىـدار بـولغانلار 1000 غـا يەتتى، نـەچچە مـىڭدىن ئارتـۇق ئادەم قولغـا ئېلىندى.

ھۆكـۈمـرانـلار كـەلـگ كۆلـەمـلىك ئـىـش تاشـلاشـنـى قانـلـىـق قىرغىنچىلىق ۋاسىتىسى بىلەن باستۇرغاندىن كېيىـن ياستۇقنى قىرلاپ قـويۇپ خاتـىـرجەم دەم ئالـىـمىز دەپ قـانـائەت ھاسـىـل قـىـلـىشقـانـدى. لېكىن، ئارىـدىن 10 يـىـل ئـۆتمەيلا ئـامېرىـكـا ئىشچىلىرى «سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى» شوئارى ئاستىـدا يېڭى كۆرەش دولقۇنىنى قوزغـىـدى. 1886 ـ يىلـى 5 ـ ئاينـىـڭ 1 ـ كۈنى مـەمـلىكـەت بويىچـە ئومۇمـىـي ئىش تاشـلاش بولـدى، ئـىـش تاشـلاشـقا 100 مـىـڭ ئـادەم قاتنـاشـتى. نەچـچـە شەھەردە ئـىـش تاشلىغان ئىشچىلار بىلەن ساقچىلار ئوتـتۇرىسـىـدا توقۇنۇش يـۈز بەردى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چىكاكو ئـىشچـىلىرى يـىـغـىلـىـش ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ساقچىلار ئىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چـىقىرىـپ، نەق مەيداندا ئالتە ئىشچـىنى ئېتـىـپ ئۆلتـۈردى، بۇ زوراۋانلىـق ھەرىكەت ئـىـشـچـىـلارنىڭ غـەزىـپىنـى قـوزغىدى. چـىـكـاكـونـىـڭ «ئىشچىلار گېزىتى» تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقـىـتىـپ، ئـىشچىلارنى قۇربان بولـغۇچىلار ئـۈچۈن ئـىنـتىقام ئـېلىشـقا چاقـىـردى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنـى كـەچتە ئـىشچـىـلار «ئوت ـ چۆپ بـازىـرى»دا يـىـغـىلـىـش ئۆتكـۈزۈپ، ھۆكـۈمـەتـنىـڭ زوراۋانـلـىقـىـغـا قاتتـىـق قارشىلـىـق بىلـدۈردى. يىغـىـلـىش ئۆتـكـۈزۈلـۈۋاتقـاندا ھۆكـۈمـەت مەخپىي ئەۋەتكەن قۇتراتقۇچى ئۇنسۇرلار يىغىن مەيدانىـغا بومبـا ئـاتتى. ساقـچىلار دەرھال «پـارتلاش دېلوسـى»نى باھانـە قـىلـىـپ باستۇردى. نەق مەيداندا نەچچە ئادەمنى ئېتـىـپ ئۆلتـۈردى، 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا 100 ئـىشچىنى

قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز ئادەم 1887 ـ يىلى يازدا چىكاكودىكى سوتتا سوتلاندى. ئۇلار: بالسونس، سىپىنس، ئېنگېل، فىبسى، ۋېردېن، شىۋاب، نىپپى، لىنىگ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. سوتلاش نەتىجىسىدە يەتتە ئادەم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىر ئادەم (نىپپى) مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئىشچىلار داھىيسى سوتلىنىش جەريانىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. سىپېنس سوتتا ھۆكۈمرانلارنىڭ زوراۋانلىقى ۋە رەزىل ۋاستىلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ: «سوتچى جانابلىرى، مەن بۇ سوتتا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، مەن بىر سىنىپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يەنە بىر سىنىپنىڭ ۋەكىلىگە سۆزلەۋاتىمەن... ئەگەر سىلەر بىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى يوقىتالايمىز دەپ ئويلىغان بولساڭلار... ئۇنداقتا بىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار! شۇنىڭ بىلەن سىلەر بۇ يەردە پەقەت بىر ئۇچقۇننىلا ئۆچۈرەلەيسىلەر. لېكىن، ئۇ يەرلەردە، سىلەرنىڭ ئارقاڭلار ۋە ئالدىڭلاردا، ھەممىلا يەردە مەشئەل يانىدۇ. ئۇ يەر ئاستىدىن پارتلاپ چىققان ۋولقاندۇر، سىلەر ئۇنى ئۆچۈرەلمەيسىلەر» دەپ ئۇنلۈك توۋلىدى.

بۇ قېتىملىق سوتلاش دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، رۇسىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئىشچىلار داھىيلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىگە قارشى تۇردى. ئامېرىكىدا ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە بولغان ھەممە جايلاردا ئىشچىلارنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا چىكاكو سوت مەھكىمىسى يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ۋېردېن بىلەن شىۋابقا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتتى.



www.uyghurkitap.com

بالسونس، سىپىنس، ئېنگېل ۋە فىيسې قاتارلىق تۆت ئادەم (ئىشچىلارنىڭ يەنە بىر داھىيسى رىنگېر تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى) 1887 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

1890 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى 1894 ـ يىلى پۇلمان ۋاگون زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى بىلەن خاراكتېرلەندى. ئىش تاشلاشنى سېخ ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىنى كېيىنى ـ كەينىدىن چۈشۈرۈش كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىش تاشلاش نۇرغۇن تۆمۈريول ئىشچىلىرىغا كېڭەيدى. 23 لىنىيە تۆمۈريول ئىشچىلىرى بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش دولقۇنىغا قاتناشتى. بىرمۇنچە شەھەرلەرنىڭ قاتناش ـ تىرانسپورتى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. كاپىتالىستلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن زوڭتۇڭ كىلىۋېلاند ئارمىيەنى دەرھال ئىش تاشلاشنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىپ 12 ئىشچىنى ئۆلتۈردى، 50 تىن ئارتۇق ئىشچىنى يارىلاندۇردى، 700 دىن ئارتۇق ئىشچىنى قولغا ئالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىل ئارىلىقىدىكى ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستلارغا قارشى كۈرىشى جەريانىدا، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ۋە سوتسىيالىستىك تەشكىلاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. 1866 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ رەھبىرى قۇيمىچىلىق ئىشچىسى ۋىلىيام سىلۋېستېر ئىدى. جەمئىيەت بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئەر ـ ئايال ئوخشاش ئىش ھەققى ئېلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قارا تەنلىك ئىشچىلارنىڭ بۇ جەمئىيەتكە كىرىشىنى قارشى ئالدى. لېكىن، ۋىلىيام سىلۋېستېر 1869 ـ يىلى ئۆلۈپ كېتىپ، جەمئىيەت قابىل بىر رەھبەردىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ جەمئىيەت 1872 ـ يىلى يىمىرىلىپ كەتتى. 1869 ـ يىلى

«ئەمگەكچى رىتسارلار پولكى» بارلىققا كەلدى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلات تىككۈچى ئىشچىلارنىڭ مەخپىي جەمئىيىتى ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭغا باشقا ساھەنىڭ ئىشچىلىرىمۇ قاتناشتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەخپىي بولۇشى ئۇنىڭ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشىغا توسقۇن بولدى، 1878 ـ يىلى بۇ جەمئىيەت ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئەمگەكچى رىتسارلار پولكى گەرچە قارا ئىشچىلاردىن تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كېلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەممە ئادەم خەۋەردار بولۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ: «بىر ئادەم قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولۇش» دېگەنلىك ئىدى. بارلىق ئىشچىلارنىڭ تەشكىللىنىپ چوڭ شىركەتلەرنىڭ خورلۇق ئەمگەكلىرىدىن ئازاد بولۇشنى، قۇللۇق ئەمگەك يالىلاش تۈزۈمىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان كۈرەش نىشانىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەر ـ ئايال ئوخشاش ئىشلىسە ئوخشاش ھەق ئېلىش، 14 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى ئىشلىتىشقا يالىلماسلىق، ئىشچىلارنى ئەمگەكتە ئاسراش قانۇنىنى يولغا قويۇش، سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، غەربىي قىسمىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى ھەقسىز كۆچمەنلەرگە بۆلۈپ بېرىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى تۆمۈريول شىركەتلىرىگە سوۋغا قىلىۋېتىشنى مەنئى قىلىش قاتارلىق تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمگەكچى رىتسارلار پولكى ناھايىتى تېز لا ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلىنىپ، 1886 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەزالىرى 700 مىڭغا يېقىنلاشتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە 1880 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدىكى ئىشچىلار نۇرغۇن جايلاردا ئۇنۇملۇك، چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاشلارنى ئېلىپ باردى.

لېكىن، ئەمگەكچى رىتسارلار پولكىنىڭ پىروگراممىلىرىدا خاتا ئىدىيەلەر بار ئىدى. ئۇ يالىلانما ئەمگەك تۈزۈمىنى تىنچلىق

ۋاستىسى ئارقىلىق يوقىتىشنى ناھايىتى ساددىلارچە ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەتنىڭ تۆمۈريول، پوچتا ـ تېلېگراف شىركەتلىرى ۋە شەخسىي بانكىلارنى كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكا ۋە كارخانىلار قاتارىدا تىجارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلارچە شۇنداق قىلسا تىرەستلارنى يوقاتقىلى بولاتتى. روشەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان قۇرۇق خىيال ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەمگەكچى رىتسارلار پولكى كېيىنچە شۇنداق قىلىپ ئاغمىچى پوۋدېرلىينىڭ رەھبەرلىكىدە قەددەمۇ قەددەم تۇيۇق يولغا كىرىپ كەتتى. پوۋدېرلىي ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنى تەشەببۇس قىلىپ ئىش تاشلاشقا قارشى تۇردى. 1886 ـ يىلى «1 ـ ماي» ئىش تاشلىشى يۈز بەرگەندە، ئەمگەكچى رىتسارلار پولكى پوۋدېرلىينىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش تاشلاشقا قەتئىي قارشى تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى بارغانسېرى چۈشۈشكە باشلىدى.

1870 ـ يىللىرىدىكى ئىش تاشلاش كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئامېرىكىدا ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. 1876 ـ يىلى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنتېرناتسىونالنىڭ بەزى كونا ئەزالىرى فىلادېلفىيەدە يىغىلىپ، ئامېرىكا ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن ئىسمىنى سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ئەزالىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش ـ تارتىشلارمۇ بۇ پارتىيەگە سۆرىلىپ كىرگەن، بۇ ئەھۋال پارتىيە ئەزالىرىنى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈۋەتتى. بىر گۇرۇھ سورگ ۋە ئالتو ۋېدېمېيېرنىڭ باشچىلىقىدىكى ماركسىزم ئىدىيەسىگە يېقىن سوتسىيالىستلار ئىدى. يەنە بىر گۇرۇھ بولسا ۋان پاتۇمنىڭ باشچىلىقىدىكى لاسسالچىلار ئىدى. پارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ماركسىزمنىڭ تەسىرىدە بىرىنچى

ئىنتېرناتسىيونالىنىڭ پرىنسىپلىرىنىمۇ پىروگراممىغا كىرگۈزۈپ، 1870 ـ يىللاردىكى ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى، 24 خىل گېزىت ـ ژۇرنال تارقاتتى، 25 ئىشتاتتا پارتىيە ئەزاسىنى 10 مىڭغا يەتكۈزدى، لېكىن، لاسسالچىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ پارتىيە ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسلار ئامېرىكىنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. سورگ، ۋېدېمېيېر قاتارلىق يولباشچىلارغا ئۈزۈكسىز قىزغىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى مەزھەپچىلىك ۋە ئاغمىچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە بوشاشماي تەربىيەلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىدىكى سوتسىيالىستلار ئاساسلىقى گېرمانىيەلىك كۆچمەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن گېرمانىيەلىك كۆچمەنلەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدىلا ھەرىكەت قىلدى، يەرلىك ئىشچىلار بىلەن ئارىلاشمىدى، ھەتتا يەرلىكنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگەنمىدى، ئىنگلىزچىمۇ سۆزلىمىدى. ئۇلار ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى، كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى، شوئارى ۋە پىروگراممىلىرىنى ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئەينەن تەتبىقلاپ بېرەلىگەنلىكىدىنلا قانائەت ھاسىل قىلىشتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سالماقلىق بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزم «ھەرىكەتنىڭ كۆرسەتكۈچ ماياكى، ئۇ ھەرگىزمۇ قاتمال نەرسە ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى ھەمدە ئامېرىكا سوتسىيالىزمچىلىرىنى ئىشچىلار ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈشكە، ئىشچىلارنىڭ نۆۋەتتە قىلىۋاتقان كۈرەشلىرىگە قاتنىشىشقا، تەشكىلىي جەھەتتىن ئىشچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا، ئىدىيە جەھەتتىن ئىلمىي سوتسىيالىزملىق نەزەرىيە ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشچىلارغا ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تونۇتۇشقا، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقىتى بىلەن

ئامېرىكا ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ھارماي ـ تالماي چاقىرىق قىلدى. لېكىن، سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى مەزھەپچىلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن باشتىن ئاخىرغىچە قۇتۇلالمىدى ھەمدە ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى.

سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، 1880 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئامېرىكا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەشكىلاتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) 1881 ـ يىلى قۇرۇلدى. «ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى» مەملىكەتلىك ئىشچىلار تەشكىلاتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. چۈنكى، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىشچىلارغا ھۇجۇمنى كۈچەيتكەن شارائىتتا، ئىشچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈچ تەشكىللىشىمۇ بىر خىل ئىتتىپاقلىق ئىدى. «ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى» ئۆزىنىڭ پىروگراممىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە پىرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي مەنپەئەتنىڭ مۇرەسسەسىزلىكى ۋە بۇ ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەندى. پىروگراممىدا: «نۆۋەتتىكى مەدەنىيلىك دۇنيادا ھەرقايسى ئەل ئەزگۈچىلىرى بىلەن ئېزىلگۈچىلىرى ئۆز دۆلەتلىرىدە كۈرەش قىلىۋاتقاندا، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يىلدىن ـ يىلغا ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئەگەر ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنى قوغداش، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ دەرھال بىرلەشمىسە، ھەر مىللەتتىن 10 مىليونلىغان مېھنەتكەشلەر پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە گىرىپتار

بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

لېكىن، يېڭى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇئەييەن جەڭگىۋارلىقىقا ئىگە بۇ تەشكىلات ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى تەرەپدارى گومپېرتسنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشچىلار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەشكىلاتىغا ئايلىنىپ قالدى. گومپېرتس قاتارلىق رەھبەرلەر ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ۋاكالەتچىلىرى ئىدى. ئۇلار سىنىپىي كۈرەش ئىدىيەسىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەمكارلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. «ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى» ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قارا ئىشچىلار ۋە يېرىم قارا ئىشچىلارنىڭ بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىشىنى رەت قىلدى، بولۇپمۇ قارا تەنلىك ئىشچىلارنىڭ بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىشىنى رەت قىلدى. شۇڭا، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت ئىشچىلىرى 7 مىليون 500 مىڭغا يەتكەن ئەھۋالدىمۇ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئاران 580 مىڭ ئىدى.

«ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى» رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ ئاغمىچىلىق خاھىشى ئىش تاشلاش كۈرىشىگە بولغان پوزىتسىيەسىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلەندى. 1894 ـ يىلى پۇلماندا ئىش تاشلاش يۈز بەرگەندە 25 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى گومپېرتسنىڭ تەسىرى بىلەن ئىش تاشلاشقا ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئىشچىلار ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا ئارقىدا قالغانىدى. ئامېرىكىدا ئاممىۋى، ھەقىقىي ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەسى شەكىللىنەلمىدى. ئامېرىكىدا ئىشچىلار سىنىپىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى تەشكىلاتنىڭ شەكلى سىياسىي پارتىيە ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئامېرىكىدىكى

كۆپ ساندىكى ئىشچىلار كۆرەشلىرى پەقەت ئىقتىسادنىڭ خاراكتېرىنى ئالغانىدى. ئامېرىكىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىنى تۆۋەندىكى نەچچە نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇرغۇن يەرلەر بار، 19 ـ ئەسىر ئىچىدە بۇ يەرلەر ئامېرىكا ئىشچىلىرىنى شەھەرلەردىن ئايرىلىپ، غەربىي رايونلارغا بېرىپ يەر ئىگىلەشكە جەلپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەككە دېھقانلارغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال ئامېرىكا ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى بەلگىلىدى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي جەڭگىۋارلىق روھىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، ئۇلار ئىچىدە ياۋروپالىق كۆچمەنلەر، ئاسىيالىق كۆچمەنلەر ۋە قارا تەنلىكلەر بار ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى بۆلۈۋېتىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنى — مەلىكىلىك ئىشچىلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى بىرقەدەر يۇقىرى مائاش بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىدىمۇ ئىشچىلار ئاقسۆڭەكلىرى بارلىققا كەلدى. ئىشچىلار ئاقسۆڭەكلىرى ئاغمىچىلىق ۋە سىنىپلارنى كېلىشتۈرۈش ئىدىيىسى يېتىشتۈرۈشنىڭ بۆشۈكى بولۇپ بەردى. تۆتىنچىدىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە بۇرژۇئازىيە شەكلىدىكى دېموكراتىيە مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، ئەرلەرنىڭ ئومۇمىي سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقى بولۇش، يىغىلىش ئەركىنلىكى بولۇش، نەشر قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش، ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇش قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، «تۇرالغۇ جاي قانۇنى»نىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدىن

بۇرژۇئازىيە ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئىشچىلار ئارىسىدا كاپىتالىستىك تۈزۈم دائىرىسى ئىچىدىمۇ ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ۋە سىياسىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئوخشايدۇ دەيدىغان بىر خىل ئۇششاق بۇرژۇئازىيەچە خام خىيالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 5. دېھقانلار ھەرىكىتى

ئامېرىكا بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلان قىلىغان «تۇرالغۇ جاي قانۇنى» گەرچە ئىلغار تەدبىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئىللەتلەر كۆرۈلدى، يەنى تۇرالغۇ جايغا ئېرىشكەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ سانى كۆپ بولمىدى. 1868 ~ 1880 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تەقسىم قىلىنغان تۇرالغۇ جاينىڭ جۇغلانمىسى ئاران 65 مىليون ئاكىر كېلەتتى، پەقەت 1870 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈريول شىركەتلىرىگە سوۋغا قىلىۋەتكەن يېرىلا 215 مىليون ئاكىردىن ئېشىپ كەتتى. تۇرالغۇ جايغا ئېرىشكەن ئەمگەكچى خەلقمۇ نامراتلىق، قەرزدارلىق سەۋەبىدىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ يەرلىرىنى گۆرۈگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا غەربىي قىسىمدىكى تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسىم يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى گۆرۈگە قويۇلۇپ قولدىن چىقىپ كەتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. تۆمۈريول شىركەتلىرى ترانسپورت ھەققى مەسىلىسىدە كەمسىتىش خاراكتېرلىك سىياسەت يۈرگۈزدى: كاپىتالىستلار نۇرغۇن ماللارنى يۆتكىگەندە ئۇنىڭ ترانسپورت ھەققى تۆۋەن بولدى، لېكىن دېھقانلار ئاز مىقداردا ماللارنى يۆتكىگەندە، ئۇنىڭدىن



www.uyghurkitap.com

ئالـــدىغان تــىرانسپـورت هــەقـقى يـۇقــىرى بولـدى. بـۇنـداق ناھەقچىلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى ھەمدە دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. 1860 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دېھقانلار تەشكىللىنىشكە باشلاپ، جاي ـ جايلاردا «دېھقانلار ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرى» قۇرۇلدى. 1874 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقانلار ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرى چوڭ كۆلەملىك تەشكىلاتلارغا تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ ئەزالىرى 1 مىليون 500 مىڭ ئادەمگە كۆپەيدى ۋە 21 مىڭ 967 يەرلىك تەشكىلاتقا ئىگە بولدى. غەربىي ۋە جەنۇبىي رايونلاردا يېزا ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ بولدى. يېزا ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ تەلەپلىرى ئاساسلىقى: تۆمۈريول شىركەتلىرىنىڭ مال يۆتكەش باھاسىغا چەك قويۇش، تۆمۈريول شىركەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش قاتارلىقلار ئىدى. ئىللىنويىس ئىشتاتىدىكى دېھقانلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى 1874 ـ يىلى «دېھقانلار مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ كۈچ كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەرقايسى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىشىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئادىل، مۇۋاپىق قانۇن ماقۇللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى چاقىرىق قىلدى. دېھقانلار ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلارنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا ئىللىنويىس ئىشتاتلىق ھۆكۈمىتى پەرمان ئېلان قىلىپ، تۆمۈريول شىركەتلىرىنىڭ تىرانسپورت ھەققىدىكى دېھقانلارنى كەمسىتىدىغان سىياسەت يۈرگۈزۈشنى مەنئى قىلدى. باشقا بىرنەچچە ئىشتاتلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پەرمانلارنى ئېلان قىلدى. لېكىن، ھەرقايسى چوڭ تۆمۈريول شىركەتلىرى بۇ

پەرماندىن جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇردى ھەمدە 1880 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بەزى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلەر ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دېگەن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ پەرماننى ئەمەلدىن قالدۇردى.

دېھقانلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى بىلەن كاپىتالىستىك كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ھېچقانچە ئۇتۇق قولغا كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى دېھقانلار 1875 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ تەشكىلاتتىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى يېشىل قەغەز پۇل ھەرىكىتىگە قاتناشتى. يېشىل قەغەز پۇل ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىمالدىكى ھۆكۈمەت تارقاتقان قانۇنلۇق پۇل ئىدى، ئۇنى كۆپ مىقداردا تارقىتىۋەتكەنلىكتىن، بۇ خىل پۇل يامراپ كەتتى. مۇشۇ خىل ئەھۋالدا سانائەت كاپىتالىستلىرى بىلەن بانكىرلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى مەبلىغىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىش، دۆلەت سىرتىدىكى تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئارقىلىق يېشىل قەغەز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ، مۇقىم كاپىتال ئاساسى بولغان پۇل تۈزۈمى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىشتى. گىرانت ھۆكۈمىتى بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1875 ـ يىلى قەغەز پۇلنى دوللارغا ئالماشتۇرۇش ھەققىدە قانۇن ئېلان قىلدى. مەقسىتى يېشىل قەغەز پۇلدىن دوللار پۇل تۈزۈمىگە ئۆتۈش ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ پۇل سىياسىتى كەڭ دېھقانلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، دېھقانلارنىڭ كۆپ سانلىقى قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئۆزۈكسىز يېشىل قەغەز پۇل تارقىتىش ۋە پۇلنى كۆپەيتىش ئەھۋالدىلا ئۇلار قەرزلىرىنى ئۇنۇملۇك قايتۇرالايتتى. شۇڭا، دېھقانلار پاخاللاشقان يېشىل قەغەز پۇلنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىپ، پۇلنى ئاساس قىلىش تۈزۈمىگە قارشى تۇردى. دېھقانلار

ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1875 ـ يىلى «يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل پارتىيەسى»نى قۇردى. يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل پارتىيەسى ئۆزىنىڭ پىروگراممىسىدا 1875 ـ يىلىدىكى قانۇننى دەرھال شەرتسىز بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا تارقاتقان قەغەز پۇلنى يىغىۋېلىشقا قارشى تۇرغانىدى.

بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلار ئاساسلىقى دېھقانلار ئىدى. كېيىنچە بەزى جايلاردىكى ئايرىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ قاتنىشىپ، ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت ئېقىمى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ھالەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوخشاشلا مونوپول كاپىتالنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىشىدىن سىرت، يەنە بىر سەۋەب بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ 1877 ـ يىلى تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئىش تاشلىغان مەزگىلدە دېھقانلار ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا ھېسداشلىق قىلغان. مەسىلەن، ئىش تاشلىغان ئىشچىلار سىكرانتوندا خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى قۇرغاندا يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار ياڭيۇ قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىلەن ئىش تاشلاش كۈرىشىگە ياردەم بەرگەن. 1878 ـ يىلى بىر قىسىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنى تەشكىللەپ، پارتىيەنىڭ پىروگراممىسىنى ماقۇللىغان. پارتىيە پىروگراممىسىغا يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل پارتىيەسىنىڭ تەلەپىدىن سىرت، ئىشچىلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، ئىش ۋاقتىنى قىسقارتىش پەرمانى تۈزۈش، تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئىش ـ ئەمگەك ئىستاتىستىكا ئىدارىسى تەسىس قىلىش قاتارلىقلار. يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى يېشىل دۆمبىلىك قەغەز پۇل ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى

دولقۇنى بولۇپ، پارلامېنتتىكى سايلامدا بۇ پارتىيە 1 مىليون سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، 15 ئەزالىق ئورۇننى قولغا كەلتۈردى.

لېكىن، 1878 ـ يىلىدىن كېيىن يېشىل دۆلەتلىك قەغەز پۇل ھەرىكىتى تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالدى. 1880 ـ يىلىرى يىمىرىلدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچىدىن، يېشىل دۆلەتلىك قەغەز پۇل ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىگە قاتناشقانلارنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى يوق ئىدى. ئۇنىڭ پىروگراممىسى باشقا دېھقانلار تەشكىلاتىنىڭ پىروگراممىسىغا ئوخشاشلا ئاساسىي جەھەتتىن ئىقتىسادىي پىروگرامما بولغاچقا، كۆندىلىك تۇرمۇش جەھەتتىكى بەزى تەلەپلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىغان بىر يۈرۈش ئىنقىلابىي پىروگراممىسى بولمىغاچقا، بۇرژۇئازىيە ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتتى. 1889 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا دېموكراتلار پارتىيەسى سايلىغۇچىلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېشىل دۆلەتلىك قەغەز پۇل ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرمۇنچە تەلەپلىرىنى ئۆزىنىڭ پىروگراممىسىغا كىرگۈزدى. نەتىجىدە ئىلگىرى يېشىل دۆلەتلىك قەغەز پۇل پارتىيەسىگە بىلەت تاشلىغان نۇرغۇن سايلىغۇچىلار بىردىنلا ئۆزگىرىپ، دېموكراتلار پارتىيەسىگە بېلەت تاشلىدى. ئىككىنچىدىن، 1879 ـ يىلىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ياۋروپادا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەندە ئامېرىكىنىڭ ئاشلىق ئېكسپورتى زور ساندا ئاشتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ دېھقانلارنىڭ كىرىممۇ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار يېشىل قەغەز پۇل ھەرىكىتىدىن چېكىنىپ چىقتى.

لېكىن، دېھقانلار ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋاقىتلىق ھادىسە ئىدى. دېھقانلارنى تۆمۈريول شىركەتلىرى، بانكىلار، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ خوجايىنلىرى، سودىگەرلەر ۋە باشقا ئىقتىسادىي ۋاستىچىلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدا بېنىكلەش بولمىدى. 1890 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنى گۆرۈگە قويۇۋەتكەن دېھقان ئائىلىلىرى 887 مىڭغا يەتكەن بولسا، 1900 ـ يىلى 1 مىليون 128 مىڭغا يەتتى. بۇ سان پۈتۈن مەملىكەت يېزا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشتى، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتتە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئىجارىكەش دېھقان ۋە نىسبەت بويىچە ھوسۇل بۆلۈشىدىغان دېھقانلار پۈتۈن مەملىكەت دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 35% نى ئىگىلىدى.

دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئۇلارنىڭ يېڭى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. 1880 ـ يىلى نېبىراسكا ئىشتاتىدا تۇنجى «دېھقانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا شىمالدىكى ئىشتاتلاردىمۇ مۇشۇنداق تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ئاخىرىدا شىمالدىكى بۇ تەشكىلاتلار يەنە بىرلىشىپ «مەملىكەتلىك دېھقانلار ئىتتىپاقى»نى قۇردى (ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «شىمالدىكى دېھقانلار ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالدى). 1890 ـ يىلىغا كەلگەندە «شىمالدىكى دېھقانلار ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان دېھقانلار مىليوندىن ئاشتى. جەنۇبتىمۇ «جەنۇبتىكى دېھقانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە «مەملىكەتلىك رەڭلىك ئىرق دېھقانلار ئىتتىپاقى» بارلىققا كەلدى (1886 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى).

1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامېرىكىدىكى بارلىق دېھقانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى دېھقانلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلاتلىرىغا قاتناشتى. بۇ دېھقانلار ئىتتىپاقلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: تۆمۈريول

ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىنى دۆلەت نازارەت قىلىش ۋە ئۇنى تامامەن دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش، پۇلنى كۆپەيتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، بىرقەدەر ئادىل، مۇۋاپىق بولغان باج ئېلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك دېگەنلەردىن ئىبارەت.

لېكىن، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇشنى لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1892 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقانلار ئىتتىپاقلىرى ئاخىرى بىرلىشىپ «پوپۇلىست پارتىيەسى»نى قۇردى. پوپۇلىست پارتىيەسىگە دېھقانلار ئىتتىپاقىدىن باشقا نۇرغۇن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە باشقا ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى قاتناشتى.

پوپۇلىست پارتىيەسىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى — غەربىي ۋە جەنۇبىي جايلاردىكى ئۇششاق دېھقانلار، جەنۇبتىكى نىسبەتەن بويىچە ھوسۇل بۆلۈشىدىغان دېھقانلار (قارا تەنلىكلەر)، ئىشچىلار، كاسىپلار ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر ئىدى. پوپۇلىست پارتىيەسى قۇرۇلۇش يىغىنىدا تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، تۆمۈريول شىركەتلىرى ۋە باشقا كاپىتالىستلارنىڭ شىركەتلىرىدىكى ئېشىنچا يەرلەر ۋە چەت ئەللىكلەر ئىشلىتىۋاتقان يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىش ھەمدە بۇ يەرلەرنى ھەقىقىي كۆچمەنلەرگە (يەنى ئەمگەكچى دېھقانلارغا) تەقسىم قىلىپ بېرىش. ئىككىنچى، تۆمۈريول، تېلېگراف، تېلېفون ۋە پوچتىنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەمدە ئۇنى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. ئۈچىنچى، جۇغلانما تاپاۋەت بېجى ئېلىش. تۆتىنچى، قەرەلسىز ئىشلىتىلىدىغان تەڭگە پۇل قويۇش. بەشىنچى، ئىشچىلارنىڭ ئىش كۈنىنى قىسقارتىش، بالا ئىشچى ياللاشنى مەنئى قىلىش، قوراللىق پايلاقچىلارنى بىكار قىلىش قاتارلىقلار. 1892 ـ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا پوپۇلىست پارتىيەسىنىڭ نامزاتى ۋېۋېر 1 مىليوندىن ئارتۇق سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى.



www.uyghurkitap.com

يۇقىرالار پارتىيەسىدىن پارلامېنتقا ئەزا بولغانلار 40 ئادەمدىن ئاشتى. تۆت ئىشتاتتا يۇقىرالار پارتىيەسىدىكىلەردىن ئىشتات باشلىقى سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرالار پارتىيەسى تەرەققىي قىلىپ ئامېرىكىدىكى ئۈچىنچى چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى.

لېكىن، 1896 - يىلىدىن باشلاپ يۇقىرالار پارتىيەسى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، چۈنكى كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى دېھقانلار بىرلىككە كەلگەن سىنىپ بولالمايتتى. ئۇ يېزا ئىگىلىك بۇرژۇئازىيەسى ۋە يېزا ئىگىلىك پرولېتارىياتىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنداق بولۇشنى يۇقىرالار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش - تارتىشلار بەلگىلىدى. بۇنىڭدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى يېزا ئىگىلىك بۇرژۇئازىيەسىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا، 1896 - يىلىدىكى چوڭ سايلامدا يۇقىرالار پارتىيەسى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى بىرىئاننى قوللاشتەك خاتا تاكتىكا قوللاندى. نەتىجىدە يۇقىرالار پارتىيەسىدە ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۇن - تىنسىز غايىب بولدى.

## 6. قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتى

ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە جەنۇبتىكى قارا تەنلىك قۇللار ئازادلىققا ئېرىشتى. لېكىن، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى قارا تەنلىكلەرنى «ئازاد» قىلغاندىن كېيىن، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىنى جىنىنىڭ بارىچە يۈرگۈزۈپ، قارا تەنلىكلەرنى «تۆۋەن ئىرق» ۋە «مەدەنىيەتسىز» دېيىش باھانىسى بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقى ۋە سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە جەنۇبتىكى زور كۆپ سانلىقنى

ئىگىلەيدىغان قارا تەنلىكلەر «نىسبەت بويىچە ھوسۇل بۆلۈشۈش» تۈزۈمى ئاستىدا ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇچراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودىگەر جازانىخورلارنىڭ قاتمۇ قات ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇزۇكسىز ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنى يانچىلاردىن پەرقى قالمىدى.

ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن قارا تەنلىكلەر شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، ياللانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا ئامېرىكىدا تەخمىنەن 1 مىليون قارا تەنلىك ئىشچى بار ئىدى. ئۇلار ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچراپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەنلا شۇغۇللىناتتى، مائاشمۇ ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىشى بىلەن، ئالدى بىلەن شۇلار ئىش ئورنىدىن ئايرىلدى. شۇڭا، قارا تەنلىك ئىشچىلار ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇراتتى.

بۇرژۇئازىيەنىڭ قارا تەنلىكلەرگە قاراتقان دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە ئېزىشى قارا تەنلىكلەرنى ئۈزۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىشكە ۋە كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا قارا تەنلىك ئىشچىلار قوشۇنى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقانلىقتىن، ئۇلاردا ماركسىزمچە سىياسىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى كەمچىل ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۇرژۇئازىيەمۇ ئايرىغا بۆلگۈنچىلىك سالاتتى ۋە ئاق تەنلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ قارا تەنلىكلەرنى چەتكە قېقىشتەك خاتا سىياسەت قوللىناتتى. شۇڭا، قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاق تەنلىك بۇرژۇئازلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

بۇركېر ۋاشىنگتون (1856 ~ 1915 - يىللار) 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ئىدى، ئۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زىددىيەت

ۋە سىنىپىي قارشىلىشىشنى تۈپتىن ئىنكار قىلاتتى. ئۇنىڭچە، پەقەت كەسىپىي تەربىيە ۋە جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىقلا قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ سىياسىي كۈرەش ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ نوقۇل ھالدا كەسىپىي مائارىپنى تەرغىب قىلاتتى، قارا تەنلىكلەرنىڭ پەقەت تېخنىكا ئۆگىنىشى، «سەۋرچانلىق مىجەز» يېتىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 1881 ـ يىلى ئۇ ئالاباما ئىشتاتىدا تۇسكېگى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە تۇسكېگى جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىپ، كەسىپىي مائارىپنى تەرغىب قىلىدىغان تۇسكېگى ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. بۇركېر ۋاشىنگتوننىڭ پائالىيىتى ئامېرىكا مونوپول بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقاچقا، ئۇ زۇڭتۇڭ كىلىۋېلاند ۋە رۇزۋېلتلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. كىلىۋېلاند زۇڭتۇڭ بۇركېر ۋاشىنگتوننىڭ پائالىيەتلىرىگە «ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن رەھمەت ئېيتتى». تېئودور رۇزۋېلت ئۇنى تېخى ئاقسارايغا تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم ياش قارا تەنلىك زىيالىيلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار بۇركېر ۋاشىنگتوننىڭ خاتا سەپسەتىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئاكتىپ سىياسىي كۈرەشكە قاتنىشىش ئارقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. مەشھۇر قارا تەنلىك ئالىم، جامائەت ئەربابى ۋىلليام ئېدۋارد دۇبويىس (1863 ~ 1868 ـ يىللار) ئەنە شۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ئىدى. دۇبويىس بۇركېر ۋاشىنگتون رەھبەرلىكىدىكى ھەرىكەتكە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن: بۇركېر ۋاشىنگتوننىڭ پىروگراممىسى «خىزمەت ۋە پۇلنىڭ ئەكس سادىسى»، قارا تەنلىكلەرنى «تىز پۈكتۈرۈش لايىھەسى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ چوقۇم سايلام ھوقۇقىنى ۋە سىياسىي باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش

كىرەك، دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇبويىس 1905 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەشھۇر نىئاگارا يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ يىغىنغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى 13 ئىشتاتتىن ۋە كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونىدىن بولۇپ 27 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا «سىياسىي خىتابنامە» ماقۇللىنىپ، قارا تەنلىكلەرنى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن نىئاگارا ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. قارا تەنلىك ياش زىيالىيلار رەھبەرلىك قىلغان نىئاگارا ھەرىكىتى قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ سەھنىسىدە يېپيېڭى، جەڭگىۋار قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتىگە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇركېر ۋاشىنگتون ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ قارا تەنلىكلەرنى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزىنى قوغداشقا چاقىردى. 1909 ـ يىلى نيۇيوركتا «مەملىكەتلىك قارا تەنلىك ئىرقلىقلارنىڭ ھەمكارلىق كومىتېتى»نى قۇرۇپ (ئىككىنچى يىلى نامىنى «مەملىكەتلىك رەڭلىك ئىرقلىقلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرتتى)، «كىرىزىس» ژۇرنىلىنى چىقاردى. نىئاگارا ھەرىكىتىگە قاتناشقۇچىلار بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇپ كىردى. دۇبويىس بۇ جەمئىيەتنىڭ تەشۋىقات ۋە تەتقىقات مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى، «كىرىزىس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولدى. جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ناھايىتى تېزلا 100 مىڭ ئادەمگە كۆپەيدى.

لېكىن، بۇ تەشكىلات قارا تەنلىك ۋە ئاق تەنلىك زىيالىيلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاق تەنلىك زىيالىيلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار تەدرىجىي ئىلگىرىلەش شەكلىنى قوللىنىش، «قانۇنغا ئۇيغۇن» دائىرىدە كۆرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «زىيادە رادىكاللىق» ھەرىكەتلىرىگە

قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن نىئاگارا ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى تەدرىجىي يوقىتىپ قويىدى.

جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىغا كەلگۈچىمۇ قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا پىرولېتارىيات تېخى ئېرىشمىگەنىدى. ھەرىكەتلەر ئاساسلىقى، ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتى تېخى ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەنمۇ، سوتسىيالىزم ھەرىكەتلىرى بىلەنمۇ بىرلىشەلمىگەنىدى.

## 7. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى

19 ـ ئەسىر بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالمىشىش مەزگىلىدە ئامېرىكا كاپىتالىزمى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى — جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇنداق بولۇشى مونوپول كاپىتالىنىڭ تۇرتكىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماي، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا غەربىي رايوننى ئاساسەن ئېچىپ تاماملاپ بولغانلىقى، دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ كۆنسېرى ئېشىۋاتقان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سىغدۇرالمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ دۆلەت سىرتىدىن تەقەززالىق بىلەن بازار ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سىرتقا كېڭىيىش ساداسى ئەۋجى ئېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كېڭەيمىچىلىك قىلىش «نەزەرىيەسى» تەرغىب قىلىندى ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىندى.

ئامېرىكا دۇنيانى بۆلۈشۈش زىياپىتىگە كېچىكىپ رەك قاتناشقۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ مۇستەملىكە تالىشىش سورۇنىغا

www.uighurkitap.com

كىرگەن ۋاقىتىدا، بەر شارىدا تېخى بۆلۈشۈپ بولالمىغان زېمىنلار ھېچقانچە قالمىغاچقا يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن باشقا جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن كەسكىن كۈچ سىناشماي بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ دېڭىز ئارمىيەسىنى قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. ماھاننىڭ «دېڭىزدىكى ئەمەلىي كۈچ نەزەرىيەسى» مۇشۇ تەلەپنى ئەكس ئەتتۈردى. ماھاننى ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسى «زامانىۋىلاشقان دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پېشۋاسى» دەپ ئاتىغان، ئۇ ئەشەددىي كېڭەيمىچى ئىدى. دارۋىنىزمنى ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن كۆزىتىپ ئۆز نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسى قىلىپ تىكلىگەن. ئۇ: مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش رىقابىتى جانلىقلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاجىز جانلىقلارنىڭ گۆشىنى كۈچلۈك جانلىقلارنىڭ يېيىشى ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ ناچارلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھادىسە ئىكەن. ئۇ ئاساسلىق ئەسىرى «دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنىڭ تارىختىكى تەسىرى»دە دېڭىز ھوقۇقى تىكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى كۈچەپ تەرغىب قىلغان ھەمدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئۈچۈن دېڭىز ئارمىيەسى كۈچىگە تايىنىپ دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، مۇستەملىكىلەرنى قايتىدىن بۆلۈشۈش، دۇنيانىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ بەردى. يەنە بىر كېڭەيمىچى روككى: «ئامېرىكا خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىش كېرەك» دەپ شەرمەندىلەرچە داۋراڭ سالدى. بۇ بىر قاتار «نەزەرىيەلەر» ئامېرىكا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەرخىل زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ مونوپول بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئەمەلىيەتتە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا

ئامېرىكىدا روبى دىڭىز ئارمىيەسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان، 1890 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە دېڭىز ئارمىيەسى دۇنيا بويىچە 12 ـ ئورۇندىن بىر سەكرەپلا بەشىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچىگە تايىنىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى قوشنا ئەللەرنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالماقچى ھەمدە ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى رايونلارغىمۇ قول تىقىپ، تىنچ ئوكيانىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋالماقچى بولدى. ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرگە «ياردەم بېرىش» نىقابى بىلەن مالىيە جەھەتتىن قول قىلىش بىلەن قوراللىق ئارىلىشىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھۆكۈمرانلارنى سېتىۋېلىش بىلەن ئوتتۇرىغا ئارازچىلىق سېلىشنى قوشۇمچە قىلىش ئىدى. بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق سىياسىي ئويۇننى دەسلەپتە ئوينىغۇچىلار ۋە ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار ماكىنلىي، تېئودور رۇزۋېلت، تافت ۋە ۋىلسون قاتارلىق جاھانگىرلار ئىدى.

ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيانغا خېلى بۇرۇنلا شۈلگەيلىرىنى ئېقىتىپ كەلگەنىدى. 1866 ـ يىلىدىن باشلاپ چاۋشيەنگە ئۈچ قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، لېكىن چاۋشيەن خەلقىنىڭ باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن تاجاۋۇزچىلىقى مەغلۇپ بولدى. ئاخىرىدا ھەربىي پاراخوتلىرىنى ئىنچون پورتىغا كىرگۈزۈپ، چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنى 1882 ـ يىلىدىكى تەڭسىز شەرتنامىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا يەنە ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىغا چاڭ سالدى. 1875 ـ يىلى ئارالدىكىلەرنى سودا شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. 1893 ـ يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇردى. 1898 ـ يىلى ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىنى رەسمىي يۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئامېرىكىنىڭ

دېگىز ئارمىيەسى بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

لاتىن ئامېرىكىسىغا نىسبەتەن ئامېرىكا «پانئامېرىكىزىم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «پانئامېرىكىزىم ئىتتىپاقى» تەشكىللەپ، «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىردەك» دەپ بايانات ئېلان قىلىپ، باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنى لاتىن ئامېرىكىسىدىن قىستاپ چىقىرىۋېتىشكە كۈچەپ ئۇرۇندى.

1898 ـ يىلى ئامېرىكا ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى — كۇبا بىلەن فىلىپپىننى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ ئامېرىكىنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرگەن مەزگىلدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە بۆلۈشۈش ئۈچۈن قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ئىدى. ئامېرىكا ھاۋايىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى كۇبا بىلەن فىلىپپىننى تارتىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. 1895 ـ يىلى كۇبادا ئىسپانىيەگە قارشى قوزغىلاڭ يۈزبەردى. 1896 ـ يىلى فىلىپپىندىمۇ ئىنقىلاب قوزغالدى. ئامېرىكا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسىنى تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى. 1898 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا كۇبانىڭ ھاۋانادىكى پورتىغا توختىتىپ قويغان «ماين» ناملىق پاراخوتىنىڭ پارتلاپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئىسپانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇرۇش ئىسپانىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. 1898 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئامېرىكا بىلەن ئىسپانىيە «پارىژ سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ئامېرىكا ئىسپانىيەدىن كۇبا بىلەن فىلىپپىننى تارتىۋالدى ھەمدە بۇ ئىككى دۆلەتنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ۋە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. لېكىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بۇنىڭ بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمىدى، 1899 ـ

يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ماككىنلىي دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جون هايغا «ئىشىكنى ئېچىپ قويۇش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى هاۋالە قىلىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش هوقۇقىدىن باشقا جاهانگىر دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 1900 ـ يىلى ئامېرىكا «سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى»گە قاتنىشىپ، يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى غالجىرلىق بىلەن باستۇردى ھەمدە جۇڭگونى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇندى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى تېئودور رۇزۋېلت «كالتەك سىياسىتى»[①]نى ئوتتۇرىغا قويدى. تافت يەنە «دوللار دىپلوماتىيەسى»[②]نى بازارغا سېلىپ، لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتتى. ئامېرىكا جاهانگىرلىكىنىڭ «كالتەك سىياسىتى» بىلەن «دوللار دىپلوماتىيەسى»نى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىسپاتى پاناما قانال رايونىنى تارتىۋېلىش بولدى. پانامادىكى ئىككى ئوكيانىنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇقنىڭ تۇتاشقان يېرىدە قانال قېزىش — ئەسلىدە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى ئىدى، لېكىن ئامېرىكا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى. ئەسلىدە قانال قۇرۇلۇشىنى فىرانسىيەنىڭ شىركىتى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە 1881 ـ يىلىلا ئىش باشلىغانىدى. كېيىن فىرانسىيە شىركىتىنىڭ باشقۇرغۇچىسىنىڭ شەخسىي غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلغانلىقى، قۇرۇلۇشنىڭمۇ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكى، سېرىق قىزىتما كېسەللىكى تارقىلىپ كەتكەنلىكى

① تېئودور رۇزۋېلت 1916 ـ يىلى سۆزلىگەن نۇتقىدا: «خەلقئارا مۇناسىۋەتكە تا ـ قابىل تۇرۇشنىڭ نورمال ئۇسۇلى ئېغىزدا سۆزنى مۆلايىم قىلىش، قولدا بىر كال ـ تەكنى كۆتۈرۈۋېلىش كېرەك» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «كالتەك سىياسىتى» دەپ ئا ـ تالغان.

② تافت 1912 ـ يىلى دۆلەت ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتىدا: ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى «دوللارنى قورال ـ ياراغنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىش كې ـ رەك» دەپ جار سالغان، ئۇ «دوللار دىپلوماتىيەسى» دەپ ئاتالغان.

قاتارلىق سەۋەبلەردىن قوزغىلىش يېرىم يولدا توختاپ قالغانىدى. ئامېرىكا پورسەتتىن پايدىلىنىپ شىركەتنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ قوزغىلىشتىن فىرانسىيەنى سىقىپ چىقاردى. ئارقىدىنلا پاناماني كولومبىيەدىن ئايرىپ «مۇستەقىل» قىلىشنى پىلانلاپ، پاناما جۇمھۇرىيىتىنى تەڭسىز «ئامېرىكا ـ پاناما شەرتنامىسى» تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا قانال قېزىش ھوقۇقى ۋە قانال رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى مەڭگۈ ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن پاناما قانال رايونى ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت»كە ئايلاندى.

ئامېرىكا پاناما قانال رايونىنى تارتىۋالغاندىن سىرت، تېئودور روزۋېلت ۋە تافت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل ئارىلىقىدا، ئامېرىكا يەنە قورال كۈچى ۋە قەرز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق سان ـ دومىنگو، ھوندۇراس ۋە نىكاراگۇئانىڭ مالىيەنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى تەدرىجىي تارتىۋالدى ھەمدە قورال كۈچى ئارقىلىق كۇبانىڭ خەلق ئىنقىلابىنى باستۇردى.

1912 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋىلسوننىڭ ئالدىنقىلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا ئاتالمىش «ئاجىز مىللەتلەرنى يۆلەش» دېگەن تونىنى كىيگۈزدى. ئۇ 1914 ـ يىلى ۋە 1916 ـ يىلى ئىككى قېتىم مېكسىكا ئىنقىلابىغا قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزدى. 1914 ~ 1915 ـ يىللىرى يەنە نىكاراگۇئا، دومىنىكا، ھايتى قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئامېرىكىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. جاھانگىرلار دۇنياسىدا بىرىنچى قېتىم ئۇرۇش قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ دەسلەپتە تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ سوقۇشۇشىنى تاماشا قىلدى. كېيىن ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بېيىپ تىقىلىپ كەتتى. 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە «بىتەرەپلىك» ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

# 6 ـ بۆلۈم رۇسىيە

## 1. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى

1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھات رۇسىيەنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئىسلاھاتتىن كېيىن كاپىتالىزم ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى.

1880 ـ يىللىرىغا كەلگەندە رۇسىيە سانائەت ئىنقىلابىنى تاماملىدى. ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىدىن ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشى قول سانائەت ئەمگىكىنى تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىپ ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن قول سانائەت زاۋۇتلىرىدىن رەسمىي زاۋۇتلىشىشقا ئۆتۇش باسقۇچىنى تاماملىدى. رۇسىيەنىڭ ياۋروپاغا تەۋە رايونلىرىدىكى زاۋۇتلار (كان قېزىش ساھەسى بۇنىڭ سىرتىدا) 1866 ـ يىلى 2500 دىن 3000 غىچە بولغان بولسا، 1903 ـ يىلغا كەلگەندە كۆپىيىپ 9000 ئەتراپىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پېتېربۇرگ بىلەن موسكۋا ئاساسلىق سانائەت مەركەزلىرى بولۇپ شەكىللىنىشتىن سىرت، يەنە نۇرغۇن سانائەت رايونلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، دونباس بولسا كۆمۈر سانائىتى ۋە مېتال تاۋلاش سانائەت رايونىغا ئايلاندى. باكۇ بولسا نېفىت سانائىتى رايونىغا ئايلاندى. كىرىۋوي روگ تۆمۈر كان سانائىتى رايونىغا ئايلاندى. بالتىق دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلار ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە ھەم توقۇمىچىلىق سانائىتى رايونىغا ئايلاندى ۋە باشقىلار.

ئىسلاھاتتىن كېيىنكى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تېز تەرەققىي

قىلىشى ۋە تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ رۇسىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى زور كۆلەمدە ئاشتى. 1860 ـ يىلىدىن 1890 ـ يىلىغىچە پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 50 مىليون رۇبلىدىن كۆپىيىپ 200 مىليون رۇبلىغا يېتىپ ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 20 مىليون 500 مىڭ پۇتتىن 52 مىليون پۇتقا كۆپىيىپ بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. پولات مەھسۇلات مىقدارى 12 مىليون 500 مىڭ پۇتتىن 52 مىليون پۇتقا يېتىپ ئۈچ ھەسسە ئاشتى. كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 18 مىليون پۇتتىن 367 مىليون پۇتقا يېتىپ 19 ھەسسە ئاشتى. نېفىت قېزىش مىقدارى 1860 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 1 مىليون پۇتقىمۇ يەتمەيتتى، 1890 ـ يىلىغا كەلگەندە شىددەت بىلەن ئېشىپ 243 مىليون پۇتقا يەتتى. تۆمۈريول لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1860 ـ يىلىدىكى 1500 كىلومېتىردىن 1900 ـ يىلىدىكى 53 مىڭ كىلومېتىرغا ئۇزاردى. ھەر تەرەپكە تۇتاشقان تۆمۈريول تورى يېڭى ئىگىلىك رايونى بىلەن سانائەت رايونى، چېگرا رايونى بىلەن ئىچكى جايلارنى تۇتاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى بازىرىنى كېڭەيتىپ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1860 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە رۇسىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلاتى ئالتە ھەسسە ئاشتى. كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

ئىسلاھاتتىن كېيىنكى رۇسىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى، ئۇ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، سانائەت تارماقلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ئەركىن ئەمگەك كۈچلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى ھەمدە سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سېتىش بازىرىنى كېڭەيتتى. ئىككىنچىدىن، كەڭ كەتكەن مۇستەملىكە زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچىنچىدىن، رۇسىيە كېيىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەت بولغاچقا، كونا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالى، تەجرىبىسى ۋە تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن رۇسىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى كۈنسېرى كاپىتالىزم يولىغا قاراپ ماڭدى، يېزىلاردا زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان نامرات ياللانما دېھقانلار ۋە ئەمگەك كۈچىنى ياللاش بىلەن يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ كاپىتالىستىك ئىگىلىك تىكلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باي دېھقانلار بارلىققا كەلدى. 1880 ـ يىللارغا كەلگەندە دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدىغان باي دېھقانلار ھەرقايسى ئوبلاستلاردا تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 29% دىن 36.7% نى ئىگىلىدى. لېكىن، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 50%نى تەشكىل قىلىدىغان نامرات دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 33.2% دىن 37.7% نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتى بازارلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك خام ئەشيالىرى ۋە تاۋار ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن پومېشچىكلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى رۇسىيەدىكى پومېشچىكلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەدرىجىي كاپىتالىستىك ئىگىلىككە ئايلاندۇردى. 1880 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كاپىتالىستىك ئىگىلىك يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، رۇسىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن ئاشلىق

ئېكسپورت قىلىشقا تايىنىپ چەت ئەلنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىغا ئېرىشىدىغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئىدى. 1899 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ رۇسىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىنى ئىگىلەيتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ سانائەت مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى خەلق ئىگىلىكىدە ئاران 41% نى ئىگىلەيتتى. مەيلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىيات سەۋىيەسىدە بولسۇن ياكى تېخنىكا سەۋىيەسىدە بولسۇن، رۇسىيە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكىدىن يەنىلا خېلى تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. مەسىلەن، 1890 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا رۇسىيەنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئەنگلىيەنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يېرىمىغا ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا توغرا كېلەتتى. ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچتىن قارىغاندىمۇ رۇسىيە باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن روشەن كەينىدە تۇراتتى. 1911 ـ يىلى ئاھالىنىڭ سانىغا ئاساسەن ئوتتۇرىچە ھېسابلىغاندا ئامېرىكىدا ھەربىر ئادەمنىڭ تۆمۈر سەرپىياتى 233 كىلوگرام، بېلگىيەدە 173 كىلوگرام، گېرمانىيەدە 136 كىلوگرام، ئەنگلىيەدە 105 كىلوگرام ئىدى، لېكىن رۇسىيەدە ئاران 25 كىلوگرامدىن توغرا كېلەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولۇپ، رۇسىيەنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكىدا غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن يەنىلا بەك ئارقىدا قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:

بىرىنچى، ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى رۇسىيەنىڭ سانائەت ئاساسى بەك ئاجىز، تېخنىكىسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەكلا ئارقىدا قالغانىدى.

ئىككىنچى، ھېچقانداق بىر كاپىتالىستىك دۆلەتتە رۇسىيەدىكىگە ئوخشاش فېئودال يانچى تۈزۈمنىڭ ئاسارىتى كۆپ ئەمەس ئىدى. يانچى تۈزۈم قالدۇقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى

ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ چوڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئىدى. تاكى 1877 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ ياۋروپا تەۋەسىدىكى رۇسىيەنىڭ 49 ئوبلاستىتىكى 91 مىليون 500 مىڭ رۇسىيە موسى كېلىدىغان شەخسىي يەر ئىچىدە، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يېرى 73 مىليون رۇسىيە موسى كېلەتتى، بۇ سان بارلىق شەخسىي يەرلەرنىڭ 80% نى ئىگىلەيتتى. چار پادىشاھ رۇسىيەدىكى ئەڭ چوڭ پومېشچىك ئىدى. پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 500 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ يېرىدىنمۇ كۆپ ئىدى. كەڭ دېھقانلار يەر كەمچىلىكىدىن تېرىكچىلىك قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، پومېشچىكنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، پومېشچىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايتتى. دېھقانلار پومېشچىكنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاغلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ، پومېشچىكنىڭ يېرىنى تېرىشقا مەجبۇر ئىدى (يەنى «چاكارلىق تۈزۈم» ئىدى) ياكى ئۆزى ئالغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى نەرسە ـ كېرەك بىلەن يەر بېجى تاپشۇرۇش تەرىقىسىدە پومېشچىكقا تاپشۇراتتى (يەنى «ئۇلۇشلۇك تۈزۈم» ئىدى). بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولاتتىكى، پومېشچىكنىڭ ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈۋاتقاندا، ئۇلار يېڭى تىپىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشكە ئۇنىمىغاچقا، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قالاق، تېرىلغۇ يەرلەر ئۇنۇمسىز، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلار پومېشچىكلار تەرىپىدىن ئېزىلىپ قاق سەنەم بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق خام ئەشيا بازىرى بىلەن تاۋار سېتىش بازارلىرىنى كېڭەيتىش چەكلىمىگە ئۇچراپ، كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىكى رۇسىيەنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادى ۋە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولدى.

## 2. نارودنىكلار ھەرىكىتى

يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىنكى رۇسىيە يېزىلىرىدا كاپىتالىزم بىلەن يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى زىچ بىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ دېھقانلار كاپىتالىزم بىلەن فېئودالىزمنىڭ قوشلاپ ئېزىشىگە ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچراپ، يېزىلاردىكى سىنىپىي زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى. دېھقانلارنىڭ پومېشچىك يەر ئىگىلىكى تۈزۈمى ۋە چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۈنسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. دەل مۇشۇ كۈرەش جەريانىدا دېھقانلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈمنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان نارودنىكلار بارلىققا كەلدى. 1860 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 1870 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بىرىنچى تۈركۈم نارودنىكلار تەشكىلاتى لاۋروف، تىكاچېفنىڭ رەھبەرلىكىدە پېتېربۇرگ، موسكۋا، كىيېۋ، ئودېسسا قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلدى.

نارودنىكلار ئاساسلىقى بىر تۈركۈم كەمبەغەل زىيالىيلاردىن تەشكىل قىلىنغان، ئۇلار گەرچە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلىرىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ چارروسىيە ھۆكۈمىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى — 1870 - يىللاردا يەنىلا بىر خىل ئىلغارلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسلىرى: بىرىنچى، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى ۋە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش. ئىككىنچى، پومېشچىك

ئىگىلىكىدىكى يەر تۇزۇمىنى بىكار قىلىپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش. ئۇچىنچى، رۇسىيەدە سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆز قاراشلىرى خاتا ئىدى.

بىرىنچىدىن، نارودنىكلار رۇسىيەدىكى كاپىتالىزم بىر خىل «تاسادىپىي» ھادىسە، ئۇ راۋاج تاپالمايدۇ، شۇڭا پرولېتارىياتمۇ يېتىلىپ زورىيالمايدۇ دەپ قارايتتى.

ئىككىنچىدىن، نارودنىكلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابتىكى ئىلغار سىنىپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇلار پرولېتارىياتسىزمۇ سوتسىيالىزمغا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلاتتى. ئۇلار زىيالىيلار رەھبەرلىكىدىكى «كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە دېھقانلار» رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق كۈچى دەپ قارايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يېزا ـ كەنت جەمئىيەتلىرىنى «سوتسىيالىزمنىڭ ھامىلىسى ۋە ئاساسى» دەپ قارايتتى. ئۇلارچە پەقەت زىيالىيلار رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلارنىڭ توپىلاڭلىرىغا تايىنىپ چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارغا تايىنىپ، دېھقانلارنىڭ يېزا جەمئىيەتلىرى ئارقىلىق پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىزلا سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى.

ئۈچىنچىدىن، نارودنىكلار تارىخنى خەلق ئاممىسى ياراتمايدۇ، بەلكى ئايرىم مەشھۇر شەخسلەر يارىتىدۇ، «قەھرىمان» دېگىنىمىز ياراتقۇچى، خەلق ئاممىسى دېگىنىمىز قارا خەلق، ئۇلار «قەھرىمانلار»غا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، دەپ قارايتتى.

نارودنىكلار تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەسلەپكى خىزمەت مەركەزلىرى شەھەرلەر بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن زىيالىيلار ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشچىلار ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق ئېلىپ باردى. ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كەلگۈسىدە دېھقانلار ئارىسىدا خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بىر خىل تەييارلىقى، دەپ قارىدى. بۇ پائالىيەتلەر ئەينى ۋاقىتتا زىيالىيلار ۋە ئىشچىلار ئارىسىدا مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى.

1874 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا نارودنىكلار خىزمەتنىڭ مەركىزىنى يېزىلارغا يۆتكەپ، «خەلق ئارىسىغا بېرىش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى («نارودنىكلار» دېگەن ئىسىم مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ نامىدىن كەلگەن). ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار 1000 ئادەم ئىدى. بۇلار ئۆزلىرىنى «قەھرىمانلار»، «نىجاتكارلار» دەپ تەمەننا قويۇپ، نارودنىك زىيالىيلار دەپ ئاتاشتى. ئۇلارنىڭ يېزىلارغا بېرىشتىكى مەقسىتى جاپا ـ مۇشەققەت تارتىۋاتقان دېھقانلارنى قۇتقۇزۇش ئىدى. ئۇلار يېزىلارغا بېرىشتىن ئىلگىرى ساددا خام خىياللارغا بېرىلگەن، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقانىدى، ئۇلار شۇنداقلا دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ بىرلا قۇترانقۇلۇق قىلسا، دېھقانلار بۇ «قەھرىمانلار»غا ئەگىشىپ تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭغا ئاتلىنىپ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى باشلىۋېتىشكە ئىشىنەتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. ئۇلار دېھقانلارغا يېقىنلىشىش، دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كىيىملىرىنى دېھقانچە كىيىمگە ئالماشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىك تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ دېھقانلار ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە شۇ ئارقىلىق دېھقانلارنى قوزغاپ دەرھال چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان توپىلاڭ قوزغاشقا ئۇرۇندى. دەرۋەقە نارودنىكلارنىڭ «خەلق ئارىسىغا بېرىش» ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نامايان قىلدى، لېكىن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە بەتتەر بولدى. ئۇلار «كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە دېھقان ئەزىمەتلىرى» دەپ قارىغانلار

ئۆزلىرىگە ئەگەشمەي قويدى. نارودنىكلار دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «ئامما ئارىسىغا بېرىش» ھەرىكىتى چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا باستۇرۇلدى. زور بىر تۈركۈم نارودنىكلار قولغا ئېلىندى.

1876 ـ يىلى قىشتا ئىگنېر، ئاپتېكمان قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم نارودنىكلار ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيىتىدىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئېلىپ يېڭى نارودنىكلار تەشكىلاتى — «يەر ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ رېئال مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن «يەر ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى»نىڭ «نارودنىكلار پىروگراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، دېھقانلار يېزا جامەسىدە ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە يېزىلاردا مۇقىم تەشكىلاتلارنى قۇردى، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر قاتارلىق سالاھىيەتلەر بىلەن يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغاش ئۈچۈن دېھقانلار ئارىسىدا داۋاملىق خىزمەت ئىشلىدى. بۇ چاغدىكى نارودنىكلار ھەرىكىتى ئىلگىرىكىدىن ئىلغار بولسىمۇ، لېكىن نارودنىكلار ئۆزىنىڭ خاتا كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارغا توغرا قاراشتا بولمىغانلىقتىن، دېھقانلارمۇ نارودنىكلارنى چۈشەنمىدى. شۇڭا، نارودنىكلارنىڭ بۇ خىل «نىجاتكارلىق» ھەرىكىتى ئوخشاشلا دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

1879 ـ يىلى «يەر ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى» ئىچكى قىسمىدىكى تالاش ـ تارتىشلار بىلەن بۆلۈنۈپ، ئاپتېكمان، زاسۇرىچ قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىكىدىكى «يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش جەمئىيىتى» (قارا تارماق جەمئىيەت) ۋە فىگنېر، مىخايلوف باشچىلىقىدىكى «خەلق رايى پارتىيەسى» شەكىللەندى. يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى

مەيداندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، توغرا كۈرەش ئۇسۇلىنى قوللانمىغانلىقتىن، ئامالسىز قېلىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي پائالىيىتىنى توختاتتى. خەلق رايى پارتىيەسى تارىخنى قەھرىمانلار يارىتىدۇ، دېگەن ئىدېئالىزملىق قاراشقا ئېسىلىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىغا «قارا تۇرۇك» دەپ بەتنام چاپلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاز سانلىق «قەھرىمانلارنىڭ ئىرادىسى» تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى خالىغانچە بەلگىلىيەلەيدۇ، ئايرىم «باتۇر ئەزىمەتلەر»نىڭ تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكەتلىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ داۋراڭ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار ئارىسىدا جاپالىق، ئاممىۋى ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىن باش تارتىپ، ئايرىم ھالدىكى تېررورلۇق ۋاسىتە ئارقىلىق چارپادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلدى. 1881 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خەلق رايى پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى پېتېربۇرگتا چار پادىشاھ ئالېكساندىر Ⅱ نى بومبا بىلەن پارتلىتىپ ئۆلتۈردى، لېكىن ئايرىم ئەكسىيەتچى شەخسلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايتتى. خەلق رايى پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ شەخسىي تېررورلۇق تاكتىكىسى مەسىلىنى ھەل قىلالمايلا قالماي، پارتىيە ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ زىيانلارنى كەلتۈردى. بۇ ھەرىكەت خەلقنىڭ كۆرەش نىشانىنى بۇرىۋېتىپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي خەلققە بولغان تېررورلۇقنى كۈچەيتتى، نۇرغۇن ئىنقىلابچىلار قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. نارودنىكلار ھەرىكىتىمۇ ئۆزۈل كېسىل مەغلۇپ بولدى.

## 3. ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە ماركسىزمنىڭ تارقىلىشى

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، رۇسىيەنىڭ سانائەت پىرولېتارىياتى تېز زورايدى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىغىچە مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ تەرەققىي قىلدى.

رۇسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. بىرىنچىدىن، رۇسىيە ئىشچىلىرى يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ ئاسارەتلىرى، مىللىي كاپىتالىزم ۋە چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ ئۈچ قات ئېزىشىگە ئۇچرىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشچىلارنىڭ ھەر كۈنلۈك ئىش ۋاقتى 12~ 14 سائەتكىچە بولدى. ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 16 ~ 18 سائەتكە يەتتى. لېكىن، مائاشى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئەر ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 14 رۇبلى، ئايال ئىشچىلارنىڭ 10 رۇبلى، بالا ئىشچىلارنىڭ يەتتە رۇبلى ئىدى. زاۋۇت ئىگىلىرى جەرىمانە ئېلىش تۇزۇمىنى ھەدەپ يولغا قويۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىشچىلار مائاشىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تۇتۇپ قالاتتى. ئىشنى ھۆددىگە بېرىش تۇزۇمىنى يولغا قويغان بەزى تارماقلاردا، ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي قولىغا تېگىدىغان مائاشى تېخىمۇ ئازلاپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى خىزمەت شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ھېچقانداق ئەمگەك كاپالىتى يوق ئىدى. چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدا ھېچقانداق ئەمگەك قانۇنى يوق ئىدى. ئىشچىلارنى ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلدى، تارتىۋېلىپ تۇگەتتى، ھەتتا ئادەتتىكى ئىش تاشلاشنىمۇ «ئېغىر جىنايەت» دەپ قارىدى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ساقچىلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ـ سوقۇشىغىلا ئۇچراپ قالماي، جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىنىدى. رۇسىيە

ئىشچىلىرى مانا مۇشۇنداق ئۈچ قەۋەت ئېزىلىشكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنقىلابىي جەڭگىۋارلىق روھقا ئىگە ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئىشچىلار يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنىدى. 1886 ـ يىلى 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارنىڭ ئىشچىلىرى بارلىق زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 27% نى تەشكىل قىلىغان بولسا، 1879 ـ يىلى 40% نى تەشكىل قىلدى، 1890 ـ يىلى 46%نى تەشكىل قىلدى، 1902 ـ يىلى 47.8% نى تەشكىل قىلدى. ئىشچىلارنىڭ بۇنداق مەركەزلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئىشچىلار يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنلىكتىن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىشىغا ۋە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغۇلدى.

رۇسىيە ئىشچىلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئويغىنىشقا باشلاپ، ئىنقىلابىي كۈرەش يولىدا ماڭدى. 1870 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پېتېربۇرگتىكى زەمچە تالاسى ياساش زاۋۇتىدا رۇسىيە ئىشچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىش تاشلىشى يۈز بەردى. 1870 ـ يىلىدىن 1875 ـ يىلىغىچە رۇسىيەدە جەمئىي 105 قېتىم ئىش تاشلاش، 54 قېتىم توپىلاڭ يۈز بەردى.

ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ئاساسىدا رۇسىيە ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئىلغارلار غەربىي ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىشچىلار ئىچىدە ئىنقىلابىي ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئىشچىلارنى تەشكىللەپ ئىشچىلارنىڭ كۈرىشىنى سىياسىي كۈرەش يولىغا باشلاشقا كىرىشتى. 1875 ـ يىلى ئودېسسادا زاسلاۋسكىي رەھبەرلىكىدىكى «جەنۇبىي رۇسىيە ئىشچىلار جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت رۇسىيەدىكى ئىشچىلارنىڭ تۇنجى مۇستەقىل تەشكىلاتى ئىدى. بۇ تەشكىلات «ئىشچىلارغا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەپ، ئۇلارنى كاپىتالىستلارنىڭ ئالاھىدە

ئىمتىياز بىلەن ئېزىشتىن ئازاد قىلىش»نى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلغانىدى. 1878 ـ يىلى پېتېربۇرگتا بۇرغىلاش ئىشچىسى ئوبنورسكىي بىلەن ياغاچچى خالتۇرىن رەھبەرلىكىدىكى «شىمالىي رۇسىيە ئىشچىلار جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ پىروگراممىسىدا: «ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئازاد قىلىشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تاماملاشنى ئۈستىگە ئالدى، كونا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى»، «دۆلەت ئىچىدىكى مەۋجۇت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم»نى ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ جەمئىيەت تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ خىزمەتلەرنى تەشكىللىدى. ئىشچىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ئىش تاشلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. گەرچە بۇ تەشكىلات نارودنىكلارنىڭ تەسىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن، ماركسىزملىق نەزەرىيەنىڭ يېتەكلىشىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى رۇسىيە پىرولېتارىياتىنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1880 ـ يىللىرى رۇسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدى. 1881 ـ يىلىدىن 1886 ـ يىلىغىچە رۇسىيەدە جەمئىي 348 قېتىم ئىش تاشلاش يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىقى ئورېخوۋو ـ زويېۋو شەھىرىدىكى موروزوف زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن ئىش تاشلاش بولدى. بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاش جەريانىدا 8000 ئىشچى سابىق شىمالىي رۇسىيە ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مويسېنكونىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قەتئىي نىيەتتە كۈرەش قىلىپ، رۇسىيە تارىخىدىكى تۇنجى زاۋۇت قانۇنىنى ئېلان قىلىشقا ئېرىشتى (جەرىمانە ئېلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى قانۇن). بۇ قانۇندا: زاۋۇت ئىگىسى خالىغانچە

جەرىمانە ئالسا بولمايدۇ، جەرىمانە ئېلىنغان پۇللارنىمۇ ئىشچىلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. موروزوف زاۋۇتىدىكى ئىش تاشلاش رۇسىيە ئىشچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاممىۋى ھەرىكەتكە كېلىشى بولدى. بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاشتىن ئىشچىلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ تەشكىللىنىپ كۈرەش قىلسىلا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلغىلى بولىدىغانلىقى ۋە ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ماركسىزمنىڭ رۇسىيەدە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 1880 ـ يىللارغا كەلگەندە نۇرغۇن ئىنقىلابىي زىيالىيلار نارودنىكلارنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىنقىلابىي ھەقىقەتلەر ئارقىلىق ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر ماركس ۋە ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئاخىرى ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ بىردىنبىر توغرا يولنى تاپتى ھەمدە ماركسىزم پرىنسىپلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا رۇسىيەدىكى تۇنجى تۈركۈم ماركسىزملىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى.

رۇسىيەدىكى تۇنجى ماركسىزملىق تەشكىلات «ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى»نى 1883 ـ يىلى گ . ۋ. پلېخانوف شىۋېيتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە قۇردى.

گ. ۋ. پلېخانوف (1856 — 1918 ـ يىللىرى) رۇسىيەدە ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغان تۇنجى كىشى ئىدى. ئۇ رۇسىيەدە ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە غايەت زور تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر ماركسىزم تەشۋىقاتچىسى. پلېخانوف يومېشچىك

ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پېتېربۇرگتىكى كانچىلىك سانائىتى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، 1875 ـ يىلى نارودنىكلارغا قاتناشقان ھەمدە نارودنىكلارنىڭ ئورگان گېزىتى «يەر ۋە ئەركىنلىك»نىڭ مۇھەررىرى بولغان، كېيىن قارا يەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1880 ـ يىلى چارپادىشاھنىڭ ساقچىلىرى ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغانلىقتىن، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن (1917 ـ يىلغىچە). ئۇ چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ماركسىزم بىلەن غەربىي ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئېنگېلس بىلەن خەت ـ ئالاقە مۇناسىۋىتى ئورناتقان، ماركسىزمنىڭ تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، نارودنىكلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە نارودنىكلار ئىدىيەسىدىن ۋاز كېچىپ ماركسىزمنى رۇسىيەدە تارقىتىشقا ئىراده باغلىغان. 1882 ـ يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1883 ـ يىلى قارا يەرنى قايتا تەقسىم قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئاكسېلرود، زاسۇلىچ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن جەنۋەدە ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتىنى قۇرغان.

ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى رۇسىيەدە ماركسىزمنى تارقىتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ جەمئىيەت ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»، «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە تەرەققىي قىلىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپلا قالماستىن، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ جەمئىيەت يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەرنى چەت ئەلدە بېسىپ تەييارلاپ، رۇسىيەگە مەخپىي يۆتكەپ كېلىپ تارقىتىپ، ماركسىزمنىڭ رۇسىيەدە تارقىلىشىدا غايەت زور رول ئويناپ، رۇسىيەنىڭ سوتسىيالىزمچە دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن

نەزەرىيەۋى ئاساس تىكلەپ بەردى.

ئەمگەكچى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىشتىكى تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن نارودنىكلارنىڭ خاتا كۆز قاراشلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، نارودنىكچىلىك ئۈستىدىن شەپقەتسىز تەنقىد ئېلىپ باردى.

پلېخانوف ماركسىزم ئارقىلىق نارودنىكلارنىڭ خاتا قاراشلىرى ئۈستىدىن تەنقىد ئېلىپ بارغان تۇنجى كىشى ئىدى. ئۇ نارودنىكلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى پاش قىلىشتا ماركسىزملىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. «سوتسىيالىزم ۋە سىياسىي كۈرەش»، «بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرىمىز»، «بىر مەنبەچىلىك تارىخىي قاراشنىڭ تەرەققىياتى» «شەخسنىڭ تارىختىكى رولى ھەققىدە» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىدى. ئۇ نارودنىكلارنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتىن تەنقىد قىلدى:

بىرىنچى، رۇسىيەنىڭ كاپىتالىزم تەرەققىيات يولىغا ئاللىقاچان مېڭىپ بولغانلىقىنى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلاپ، نارودنىكلارنىڭ رۇسىيەدە كاپىتالىزم تەرەققىي قىلالمايدۇ دەيدىغان خاتا قارىشىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ بۇ ھەقتە كاپىتالىزم رۇسىيەدە ئاللىقاچان تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىپ بولدى. بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى، ھەرقانداق كۈچ رۇسىيەنى بۇ يولدىن چىقىرالمايدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئىنقىلابچىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچكە تايىنىپ، يەنى ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشچىلار پارتىيەسىنى قۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل

ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئىككىنچىدىن، نارودنىكلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي رولىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى تەنقىدلەپ، ماركسىزملىق ئىدىيەنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيەدە دېھقانلار مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان ئىشچىلار سىنىپى سان جەھەتتىن بىرقەدەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق كۈچى دېھقانلار ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار سىنىپى. چۈنكى، پرولېتارىيات تەرەققىي قىلىۋاتقان سىنىپ، ئۇ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كۆپىيىپ زورىيىدۇ. پرولېتارىيات ئىلغار ئىقتىسادىي شەكىل ۋە زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ پارلاق ئىستىقبالغا، يۈكسەك تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىق ۋە ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كېلىش روھىغا ئىگە. ئۇنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادىي ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئىنقىلابتىكى ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل سىنىپ، كاپىتالىزمنىڭ گۆرىنى قازغۇچى بولالايدۇ. شۇڭا ئىنقىلابچىلار ئۈمىدنى پرولېتارىياتقا باغلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى.

پلېخانوف دېھقانلار سان جەھەتتە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپىيىۋاتقان سىنىپ ئەمەس، بەلكى كۈنسېرى پارچىلىنىۋاتقان سىنىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ قالاق ئىقتىسادىي شەكىل ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تارقاق، ئارقىدا قالغان، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئەمەس. دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئىنقىلابتىكى ئۇزۇل - كېسىللىكى پرولېتارىياتقا يەتمەيدۇ، شۇڭا دېھقانلار ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچىنچىدىن، نارودنىكلارنىڭ رۇسىيەدىكى يېزا، كەنت جامەسى مەسىلىسىدىكى خاتا قاراشلىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ يېزا جامەسى سوتسىيالىزمنىڭ تۆرەلمىسى ۋە ئاساسى ئەمەس،

ئەكسىچە باي دېھقانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى بىز ۋەيدىغان بىر خىل شەكىل. چۈنكى، يېزا جامەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغۇچىلىرى يالىلانما دېھقانلارنى، كەمبەغەل دېھقانلارنى ۋە ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان باي دېھقانلار. ئاتاقتا يەرلەر يېزا جامەسىگە تەۋە بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە يېزا جامەسىنىڭ يېرىدىن پايدىلىنىدىغانلار پەقەت ئاشۇ تىرىقچىلىق ئۇلاغلىرى، سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى بار ئوتتۇرا دېھقان ۋە باي دېھقانلار ئىدى. تىرىقچىلىق ئۇلاغلىرى، سايمانلىرى يوق ۋە ئىقتىسادىي كۈچى تۆۋەن نورغۇن دېھقانلار يەرلىرىنى باي دېھقانلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ ئۆزلىرى يالىلانما دېھقسان بولۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ ياكى يېزا جامەسىدىن سىرتلارغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، يېزا جامەسىنىڭ ئىچىدە باي ـ كەمبەغەللىك پەرق بەك روشەن، بۆلۈنۈشىمۇ كەسكىن، دەپ قارايتتى. شۇڭا، پىلىخانوف: «يېزا جامەسى ئىلگىرى ئەڭ كەمبەغەل جامە ئەزالىرىنىڭ تايىنىدىغان تىغى ۋە قوللىغۇچىسى ئىدى. ھازىر ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ۋەيران بولىدىغان مەنبەسىگە ئايلاندى.» نارودنىكلارنىڭ مۇشۇنداق يېزا جامەسىنى سوتسىيالىزمنىڭ تۆرەلمىسى ۋە ئاساسى دېيىشى پۈتۈنلەي خاتا، دەپ كۆرسەتتى.

تۆتىنچىدىن، نارودنىكلارنىڭ ئىدېئالىزملىق تارىخىي قارىشىنى تەنقىد قىلىپ، ماركسىنىڭ ماتېرىيالىزم كۆز قارىشىنى جارى قىلدۇردى ۋە ئىسپاتلىدى. ئۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغىنى ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ ئارزۇسى ياكى كۆز قارىشى بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتتە ماددىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئۆزئارا مۇناسىۋەت

باغلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىم قىلىش رولى ۋە ئورنى ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشى ئىدى. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى كۆز قاراش ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى كۆز قاراشنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئىلغار سىنىپ ئېھتىياجلىرىنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇنداقتا بۇ مەشھۇر شەخسلەر كارغا كەلمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپىنى توغرا ئىپادىلىسە، ئىلغار سىنىپنىڭ ئېھتىياجلىرىنى توغرا ئىپادىلىسە، ئۇنداق ئادەملەر ھەقىقىي مەشھۇر شەخس بولالايدۇ، دەپ قارىدى.

پلېخانوف نارودنىكلارنىڭ خەلق ئاممىسى قارا تۈرۈك، تارىخنى پەقەت قەھرىمانلارلا يارىتىدۇ، دېگەن سەپسەتىسىگە جاۋاب بېرىپ: تارىخنى، خەلق ئاممىسىنى قەھرىمانلار ياراتمايدۇ، ئەكسىچە تارىخ قەھرىمانلارنى يارىتىدۇ، خەلق قەھرىمانلارنى يارىتىدۇ، خەلق ئاممىسى تارىخنى يارىتىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەلۋەتتە ماركسىزمچىلار خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسلەرنىڭ تارىختىكى رولىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن، قەھرىمانلار، مەشھۇر شەخسلەر پەقەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات شەرت ـ شارائىتىنى توغرا چۈشىنىپ، مۇشۇ شەرت ـ شارائىتلارنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى بىلگەندىلا، ئاندىن ئۇلار تارىختا مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ. ئەگەر قەھرىمان ۋە مەشھۇر شەخسلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات شەرت ـ شارائىتىنى توغرا چۈشىنەلمەي، جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەلىپىگە پەرۋا قىلماي، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، ئۆزىنى «تارىخنىڭ

ياراتقۇچىسى» دەپ تەمەننا قويىسا، ئۇنىداقتا ئۇ كۇلكىلىك، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان جەمئىيەتنىڭ جىنايەتچىسىگە ئايلىنىدۇ، دېدى.

قىسقىسى، پلېخانوف ئەسەرلىرىدە ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئاممىباب بايان قىلىپ، نارودنىكلارنىڭ خاتا قاراشلىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە سالغان چوڭ زىيانلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، ماركسىزملىق تەلىماتلارنى قوغدىدى. نارودنىكچىلىققا زەربە بېرىپ، نارودنىكلارنىڭ ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئارىسىدىكى تەسىرىنى ئازلىتىپ، رۇسىيەدە تۇنجى تۈركۈم ماركسىزمچىلارنى تەربىيەلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ماركسىزمنىڭ رۇسىيەدىكى غەلىبىسى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

لېكىن، پلېخانوف رەھبەرلىكىدىكى ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى پەقەت نەزەرىيەۋى جەھەتتىنلا سوتسىيال دېموكراتىزم ئىشلىرىغا ئاساس سېلىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستى ۋە كۈتۈۋالدى. لېكىن، جەمئىيەتمۇ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ نارودنىكلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇزۇل - كېسىل بولماسلىقىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ پروگراممىسىنىڭ ئۆزىدىمۇ نارودنىكلار كۆز قاراشلىرىنىڭ ساقىندىلىرى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەخسىي تېررورلۇق تاكتىكىلىرىنى كىرگۈزگەنىدى. پلېخانوف بىر تەرەپتىن ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابتىكى رولىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرژۇئازىيەنىڭ رولىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىمەتتى. بۇ پرىنسىپاللىق خاتا كۆز قاراشلار پلېخانوفنىڭ كېيىنچە مېنشېۋىكلارغا ئېغىپ كېتىشىنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەسى بولۇپ قالدى.

1880 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 1890 - يىللارنىڭ بېشىدا رۇسىيەدە ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن

بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە رايونلاردا ماركسىزملىق كۇرۇژۇكلارمۇ قۇرۇلغانىدى. مەسىلەن، پېتېربۇرگتا بىرۇسېيېف رەھبەرلىكىدىكى كۇرۇژۇك، قازاندىكى فىدوسېيېف رەھبەرلىكىدىكى كۇرۇژۇك... بار ئىدى. لېكىن، مەيلى ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى بولسۇن ياكى بۇ كۇرۇژۇكلار بولسۇن، ھەممىسىلا پەقەت ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان تار دائىرىدىكى تەشكىلاتلار، ئۇلار ئىشچىلار بىلەن ئاندا ـ ساندىلا مۇناسىۋەت باغلىغان، ھەممىسىلا ماركسىزم بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تېخى بىرلەشتۈرمىگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىدىيەۋى جەھەتتىن نارودنىكچىلىقنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش، ئەمگەكنى ئازاد قىلىش، جەمئىيەتنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش، ماركسىزملىق كۇرۇژۇكلارنىڭ چەكلىمىلىكىنى تۈگىتىش، ماركسىزمنى رۇسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، تارقاق ماركسىزم كۇرۇژۇكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پىرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيەسىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق رۇسىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك شەرەپلىك، ئەمما مۇشەققەتلىك ۋەزىپە پىرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى لېنىن ۋە رۇسىيەنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد پىرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

## 4. رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى ــ لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي

1861 ـ يىلىدىن كېيىن 1905 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر رۇسىيە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كونا ئاساسى جىددىي يىمىرىلىش ۋە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىكى دەۋرلەر، شۇنداقلا رۇسىيەدىكى

10 مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقان ۋە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىۋاتقان دەۋر ئىدى. مۇشۇ دەۋرلەردە رۇسىيەدە لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي، نېكراسوف، ئوستروۋسكىي، تۇرگېنېف، گونچاروف، چېخوف ۋە كورلېنكو قاتارلىق بىر تۈركۈم مەشھۇر يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ بۇلار ئىچىدىكى لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پۇشكىن، لېرمونتوف، گوگول قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىق ۋە چىنلىق ئىدىيەلىرىنى يېڭىچە يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، 19 ـ ئەسىردىكى رۇسىيەنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەنقىدىي رېئالىزملىق يازغۇچىسى، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر سەنئەت ئۇستازى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ يارقىن ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ سەنئەت دۇنياسىغا بولغان تونۇشىنى كېڭەيتتى.

لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي (1828 — 1910 ـ يىللار) تۇلا شەھىرى ئەتراپىدىكى ياسنايا پوليانادىكى بىر گىراف ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1847 ـ يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىگە تەۋە يەردە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىپ مەغلۇپ بولغان. 1851 ـ يىلى تولستوي يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، ئەسكەرلىككە قاتناشقان. ئۇ كاۋكازدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋاقتىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشلىۋەتكەن، كېيىن قىرىم ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1857 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيەلەردە ساياھەتتە بولۇپ، شۇ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىسىدا مەكتەپ قۇرغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن

داۋاملىق شۇغۇللانغان.

1852 ~ 1863 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تولستوي «بالىلىق»، «ئۆسمۈرلۈك»، «ياشلىق» قاتارلىق تەرجىمىھال خاراكتېرلىك تىرىلوگىيەنى ئېلان قىلغاندىن سىرت، يەنە «سېۋاستوپول ھېكايىلىرى»، «بىر پومېشچىكنىڭ ئەتىگىنى»، «كازاكلار» قاتارلىق نۇرغۇن نادىر رېئالىستىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ مۇشۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە تونۇلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ يەنە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» (1863 ~ 1869 ـ يىللار)، «ئاننا كارىنىنا» (1873 ~ 1877 ـ يىللار) ۋە «تىرىلىش» (1889 ~ 1899 ـ يىللار) قاتارلىق مەشھۇر رومانلارنى يازغان. بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭ يەنە «زۇلمەت كۈچلىرى» (1886 ـ يىلى)، «ئىۋان ئېلىئىچنىڭ ئۆلۈمى» (1886 ـ يىلى)، «مەدەنىيلىكنىڭ مېۋىسى» ( 1890 ـ يىلى)، «تىرىك جەسەت» (1900 ـ يىلى) ۋە «ھاجى مۇرات» (1896 ~ 1909 ـ يىللار) قاتارلىق مۇنەۋۋەر رېئالىستىك ئەسەرلىرى شۇ دەۋردىكى رۇسىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋاللىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر ۋە رەزىللىكلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، «رۇسىيە تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسىنى تەڭداشسىز سىزىپ بەردى.»①

1870 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 1880 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تولستوينىڭ دۇنيا قارىشىدا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، دېھقانلار مەيدانىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆتتى. ئۇ ئۆز سىنىپىنىڭ ئىمتىيازى ۋە مەنپەئەتىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، يەرگە بولغان

① لېنىن: «لېۋ تولستوي رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 17 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 182 ـ بەت.

خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ۋە ھازىرقى تۈزۈمگە قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ ھەتتا ئادەتلىنىپ قالغان ئاقسۆڭەكلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنىمۇ تاشلاپ، دېھقانلارغا ئوخشاش ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى ۋە ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلدى. تولستوينىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەسەرلىرى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يازغان رومانى «تىرىلىش»تە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئەكس ئەتتى. بۇ مەشھۇر ئەسەر چاررۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ چۈمپەردىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، بۇ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك جىنايەتلەر ۋە رەزىللىكلەرنى چوڭقۇر پاش قىلدى ۋە ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن زەربە بېرىپ، كونا تۈزۈم ئاستىدا ئىگىراۋاتقان رۇسىيەدىكى دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىغا ھەقىقىي تۈردە ھېسداشلىق قىلدى. لېكىن، تولستوي چاررۇسىيە جەمئىيىتىدىكى كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ۋە بۇ كىرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمەيتتى. ئۇ خاتا ھالدا «ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈش»، «بارلىق ئادەملەرنى مەڭگۈلۈك كەچۈرۈم قىلىش» ۋە «زوراۋانلىق ۋاسىتىسى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك» تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شىپالىق دورىسى سۈپىتىدە زۇلمەتكە قارشى تۇرۇش بىلەن يامانلىقنىڭ سەۋر - تاقەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابنى، كۈرەشنى ئىنكار قىلىپ، «تولستويىزم»نىڭ خاتا نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تولستوينىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەرلىرىدىكى چەكلىمىلىكنى ئاشكارىلاپ قويدى.

1910 - يىلى 11 - ئايدا 82 ياشقا كىرىپ قالغان تولستوي

ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازى ۋە يېرىدىن ۋاز كېچىشىگە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن چىقىشالماي، ئاندىن ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، سەپەر ئۈستىدە ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاستاپوۋ يويىز ئىستانسىسىدا ۋاپات بولىدۇ.

تولستوي ئەدەبىيات ئىشلىرىغا 60 يىلغا يېقىن ئۆزىنى بېغىشلاپ، نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى 93 تومدىن ئاشىدۇ. 1908 ~ 1911 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا لېنىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تولستوي ھەققىدە يەتتە پارچە ماقالە يېزىپ، تولستوينىڭ سەنئەتكە قوشقان ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلاپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تولستويىزمنىڭ زىيانلىق تەرىپى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي مەنبەلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تولستوي ئۈستىدە توغرا ئىلمىي باھا بەرگەن. لېنىن يەنە رۇسىيە پرولېتارىياتىنىڭ تولستوينىڭ مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «بىر تەرەپلىمىلىك»كە، كونىلىققا ئىگە نەرسىلەرنى تەرك ئېتىپ، «ئاقىلانە» كەلگۈسىگە تەۋە نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

## 5. ھەربىي فېئودال جاھانگىرلىك

1880 ـ يىللىرىدىن باشلاپ رۇسىيەدە مونوپول تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. 1990 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسىلىش ۋە 1901 ~ 1903 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ئارقىلىق مونوپول تەشكىلاتلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. رۇسىيەدىكى مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق

www.uyghurkitap.com

شەكلى سىندىكات ئىدى. 1900 ـ يىلى باكۇدىكى بەش چوڭ نېفىت شىركىتى پۈتۈن مەملىكەت نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 42.6% نى كونترول قىلدى. جەنۇبىي رۇسىيەدىكى يەتتە چوڭ تۆمۈر زاۋۇتى پۈتۈن مەملىكەت تۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ 57% نى كونترول قىلدى. 1902 ـ يىلى قۇرۇلغان مېتال سېتىش سىندىكاتلىرى پۈتۈن مەملىكەت مېتال تاۋلاش سانائىتىنىڭ 80% نى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1904 ـ يىلى قۇرۇلغان دونباس كۆمۈر سېتىش سىندىكاتى جەنۇبىي رۇسىيە ئومۇمىي كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ 75% نى كونترول قىلدى. شۇ يىلى بارلىققا كەلگەن ۋاگون ياساش سىندىكاتلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاگون ياساش ساھەسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالدى.

سانائەت مونوپول تەشكىلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكا كاپىتالىمۇ تېز مەركەزلەشتى ھەمدە سانائەت كاپىتالى بىلەن بىرلىشىپ پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى شەكىللەندۈردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇسىيە بانكىسىنى ئاساس قىلغان سەككىز چوڭ بانكا پۈتۈن مەملىكەت بانكا كاپىتالىنىڭ 55.7% نى كونترول قىلدى ھەمدە ئېلېكتىر سايمانلىرى سانائەت مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 30% نى، مېتال تاۋلاش سانائىتىنىڭ 50% نى، كۆمۈر سانائىتىنىڭ 60% نى كونترول قىلدى. مالىيە كاپىتالى رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇڭا، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇسىيە رەسمىي جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى. رۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىدى:

ھەربىي فېئوداللىق ئۇنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى ئىدى. 1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتتىن كېيىن رۇسىيەدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا كۆپ ساندا ساقلىنىپ كەلدى.

بۇنداق بولۇشى چارپادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ تايىنىدىغىنى يومبىشچىك ئاقسۆڭەكلەر بولغاچقا، يومبىشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى قوغداپ قېلىش لازىم ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرمىسىمۇ بولمايتتى، چۈنكى چارپادىشاھ تۈزۈمىمۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ زايوم تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى زاكاز قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە ئىپادىلىنەتتى. يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، رۇسىيەنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرى ئىنتايىن تارلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بۇرژۇئازىيەنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ چەت ئەل بازىرىنى ئاچمىسا بولمايتتى. شۇڭا، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى سىرتقا تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىپلا قالماي، چېگرا رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى قىرغىن قىلدى ۋە ئەزدى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چارپادىشاھ تۈزۈمى چېكىگە يەتكەن ھەربىي تالان ـ تاراج قىلىش ۋە تاجاۋۇز قىلىش خاراكتېرىنى ئالدى. شۇڭا، لېنىن چارپادىشاھ تۈزۈمىنى ھەربىي فېئودال جاھانگىرلىك، دەپ ئاتىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قېلىش ئۇنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى ئىدى. يېرىم فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدى بىلەن ئۇ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن قالاق، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى بىلەن خىمىيە سانائىتى كەمچىل، ئۇنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى غەربىي ياۋروپا ۋە

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاچقا، ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكىغا تايىنىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسى بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكى نەچچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، رۇسىيەدە كۆپ مىقداردا تۆۋەن باھالىق خام ئەشيا ۋە ئەمگەك كۈچى بولسىمۇ، كاپىتال ۋە تېخنىكا كەمچىل بولغانلىقتىن، غەربىي ياۋروپا كاپىتالىستلىرىنى رۇسىيەگە كۆپ مىقداردا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالى رۇسىيەگە ئۈزلۈكسىز كىردى. 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە چەت ئەل كاپىتالى پۈتۈن مەملىكەت ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ كاپىتالىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ تەخمىنەن 50% ىگە يېتىپ، رۇسىيەنىڭ مېتال تاۋلاش، كۆمۈرچىلىك، نېفىت ۋە ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك كونترول قىلىپ، رۇسىيەدىن ھەر يىلى شىلىۋالىدىغان پايدىسى 9 مىليوندىن ئارتۇق رۇبلىغا يەتتى. ئىككىنچى، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى مالىيە جەھەتتە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تايىناتتى. ئۇ غەربىي ياۋروپا جاھانگىر دۆلەتلىرىدىن كۆپ مىقداردا قەرز ئالدى، بولۇپمۇ فىرانسىيە، ئەنگلىيەدىن كۆپ قەرز ئالدى. ئۈچىنچى، كاپىتالنى سىرتقا چىقىرىش جەھەتتە رۇسىيە كۆپىنچە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ۋاكالەتچىسى ياكى چاكىرى بولۇش رولىنى ئوينىدى. مەسىلەن، ئىران، تۈركىيە ۋە جۇڭگونىڭ كاپىتاللىرىغا ۋاكالەتچى بولۇش بۇنىڭ بىر مىسالى. تۆتىنچى، رۇسىيەنىڭ مونوپول كاپىتالىنىڭ كۆپ قىسمى چەت ئەل كاپىتالىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن تەرەققىي

قىلدى. رۇسىيەنىڭ مونوپول تەشكىلاتلىرى ماھىيەتتە كۆپ ھاللاردا چەت ئەل مونوپول شىركەتلىرىنىڭ تارماق شىركىتى ياكى بالا شىركىتى بولاتتى.

رۇسىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىسى ئورنىغا چۈشۈپ قالغاچقا، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىمۇ ئۇلارغا بېقىنماي بولمايتتى. شۇڭا، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈش كۈرىشىدە ئۇ فىرانسىيە، ئەنگلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ زاپاس قىسىملىق رولىنى ئوينىدى ھەمدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇلارنى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: چاررۇسىيە ھەرخىل زۇلۇم — كاپىتالىستىك زۇلۇم، مۇستەملىكىچىلىك زۇلۇم ۋە ھەربىي زۇلۇم — سىلىش بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئەڭ ياۋۇز دۆلەت. چارپادىشاھ غەربتىكى جاھانگىرلىكنىڭ شەرقتىكى خەلق ئاممىسىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ۋاكالەتچىسى، غەربتىكى جاھانگىرلارنىڭ شەرقتىكى تۈۋرۈكى. شۇڭا، چارپادىشاھ تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا رۇسىيەدىكى ئەمگەكچى خەلقنى ئازاد قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، غەربتىكى جاھانگىرلار ۋە ئۇنىڭ شەرقتىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغىمۇ ئەجەللىك زەربە بەرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىكى رۇسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ۋەزىپىسى باشقا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىپىسىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. مانا بۇ ئەھۋال رۇسىيەدە تېخىمۇ ئىنقىلابىيلاشقان ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسى ۋە مۇشۇ ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيەگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پرولېتارىيات، ئىنقىلابىي نەزەرىيە ۋە سىياسەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇ دەل رۇسىيەنىڭ لېنىنىزمنىڭ ماكانى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىيىسى

# 7 ـ بۆلۈم ياپونىيە

## 1. مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشتىن كېيىنكى ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى

ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «مەھسۇلاتنى كۆپەيتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش» سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يۈرگۈزۈشى نەتىجىسىدە، ياپونىيەنىڭ كاپىتالىستىك سانائىتى، بولۇپمۇ خۇسۇسىي كارخانىلار ئۇزۇن بىر مەزگىل مۇقىم تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1881 ـ يىلدىن 1893 ـ يىلغىچە زاۋۇتلارنىڭ سانى 1100 دىن كۆپىيىپ 3340 قا يەتتى. تۆت چوڭ مالىيە ماگىناتى ــ مىتسۇئى، مىتسۇبىشى، سومىتومو، ياسۇدا ــ خەلق ئىگىلىكىدە روناق تېپىپ كۈنسېرى سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئورۇنغا ئېرىشىشكە باشلىدى. ياپونىيە پادىشاھى (تېننوسى)نى ئاساس قىلغان پادىشاھ جەمەتىمۇ غايەت زور كاپىتالغا ئىگە چوڭ كاپىتالىستقا ۋە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پومېشچىككا ئايلانغانىدى.

1868 ـ يىلدىن 1894 ـ يىلغىچە ياپونىيەدە ئاساسلىق تەرەققىي قىلغان ساھە يېنىك سانائەت بولدى. كۆمۈر، تۆمۈر كەمچىل بولغانلىقتىن، ئېغىر سانائەت تېخى چوڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلمىغانىدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ياپونىيەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ۋە تېخنىكىسى يەنىلا تۆۋەن ئىدى.

ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ۋە ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى مۇھىم رول ئوينىدى. 1894 ـ يىلدىن 1895 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ياپونىيە ـ چاۋشيەننى

كونترول قىلىپلا قالماستىن، جۇڭگودىن 230 مىليون ئاق كۇمۇشنى تۆلەم ھېسابىدا شىلىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش، ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش ۋە جۇڭگودا زاۋۇت قۇرۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭ ياردىمى بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيەدە كارخانا قۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. 1894 ـ يىلى ياپونىيەدىكى ھەممە شىركەتلەرنىڭ يىغىندىسىمۇ 2900 گە يەتمەيتتى. 1898 ـ يىلى كۆپىيىپ 7000 گە يەتتى. ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۆمۈريوللارنىڭ تەرەققىياتىمۇ چوڭ بولدى. 1894 ـ يىلى ياپونىيەدە رەسمىي قاتناۋاتقان تۆمۈريول 3402 كىلومېتىر ئىدى، 1904 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۆزىراپ 7539 كىلومېتىرغا يەتتى. ئېغىر سانائەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ كۆرۈنەرلىك تېز بولدى. 1897 ـ يىلى ياپونىيەدە تۇنجى چوڭ تىپتىكى مېتال تاۋلاش سانائەت كارخانىسى ـــ ھۆكۈمەت تەرەپتىن باشقۇرغان «ياۋاتا» (سەككىز تۇغ) پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ بىر قىسىم راسخوتى جۇڭگودىن ئالغان تۆلەم ئارقىلىق تولدۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان رۇدىنى جۇڭگونىڭ تۆمۈر تاۋلاش كانلىرىنى تەمىنلەشكە مەجبۇر قىلدى. «ياۋاتا» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۇنجى يىلىلا ئىشلەپچىقارغان پولات ـ تۆمۈر مەملىكەت ئىچى پولات ـ تۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ 53% ىنى، پولات ماتېرىياللىرىنىڭ 82% ىنى ئىگىلىدى. دېمەك، بۇ پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى يېقىنقى زامان ياپونىيە سانائىتىگە ئاساس سالدى. 1896 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ چويۇن مەھسۇلاتى ئاران 26 مىڭ توننا، پولات مەھسۇلاتى 1200 توننا ئىدى. 1906 ـ يىلىغا كەلگەندە چويۇن مەھسۇلاتى 145 مىڭ تونىنغا، پولات مەھسۇلاتى 69 مىڭ تونىنغا يەتتى، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە چويۇن مەھسۇلاتى 243 مىڭ تونىنغا، پولات مەھسۇلاتى 255 مىڭ تونىنغا يەتتى.

www.uyghurkitap.com

ياپونىيەدە كاپىتالىزمنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كاپىتالمۇ ناھايىتى تېزلا مەركەزلەشتى. 1899 ـ يىلىدىكى سانائەتنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 6551 سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە 500دىن ئارتۇق ئىشچى ياللىغان چوڭ كارخانىلار 104 بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي سانىنىڭ 1.6% ىنى ئىگىلىگەن. لېكىن، بۇ چوڭ كارخانىلار جەمئىي 127 مىڭ ئىشچى ياللىغان بولۇپ، ئىشچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ تېز مەركەزلىشىشىگە ئەگىشىپ، مونوپول تەشكىلاتلارمۇ شەكىللەندى. ياپونىيەنىڭ مونوپول تەشكىلاتلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا توقۇمىچىلىق، قەغەز ياساش، كەندىرچىلىك قاتارلىق يېنىك سانائەت تارماقلىرىدا شەكىللەنگەنىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مونوپول تەشكىلاتلار سانائەتنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا تەدرىجىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى توقۇمىچىلىق بىرلەشمىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا مونوپوللۇق ئورۇنغا ئېرىشتى. توقۇمىچىلىق بىرلەشمىسىدە مىتسۇئى ماگىناتىغا تەۋە كانېكا، مىتسۇبىشى ماگىناتىغا تەۋە فۇجى قاتارلىق سەككىز چوڭ شىركەتتە بار بولغان ماشىنا ـ ئەسلىھەلەر بىرلەشمىدە بار بولغان ماشىنا ـ ئەسلىھەلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 51.6% ىنى ئىگىلىدى. قەغەزچىلىك سانائىتىدە شاھزادە قەغەزچىلىك شىركىتى بىلەن فۇجى قەغەزچىلىك شىركىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان سىندىكات بارلىققا كەلدى، ئۇلار 1900 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 64% ىنى مونوپول قىلدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى كەندىرچىلىك، ئۈنچىلىق، سەرەڭگە ئىشلەپچىقىرىش، كۆك تاماكا قاتارلىق يېنىك سانائەتنىڭ باشقا تارماقلىرىدا كارتېللارمۇ بارلىققا كەلدى. ئېغىر سانائەت بىلەن قاتناش ـ

تىرانسپورت دەسلەپتە دۆلەت ۋە ئاز ساندىكى مالىيە ماگنىاتلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ياپونىيەنىڭ كان قېزىش سانائىتى ئاساسلىقى كيۇشۇ رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى دېگۇدەك مىتسۇئى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. سۇمىتومو، فۇرۇ كاۋا، فۇجىتا، مىتسۇبىشى، كۇخارا قاتارلىق بەش شىركەتنىڭ مىس مەھسۇلاتى مەملىكەتلىك مىس مەھسۇلاتى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 69% ىنى ئىگىلىدى. كېمىسازلىق ساھەسىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۈچ چوڭ شىركەتنىڭ ياسىغان پاراخوتىنىڭ تونناژى پۈتۈن مەملىكەتتە ياسالغان ئومۇمىي پاراخوت تونناژىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى.

«مالىيە ماگنىاتى» ياپونىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى ئىدى، مانا بۇ پۇل مۇئامىلە دوكارى ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىتسۇئى مالىيە ماگنىاتى بانكا ئارقىلىق كانىكا شىركىتى (توقۇمىچىلىق)، شاھزادە شىركىتى (قەغەزچىلىك)، شىبائۇرا شىركىتى (ئېلېكتىر ماشىنىسى)، ئوكۇتان شىركىتى (كانچىلىق) قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ كارخانىلىرى بىلەن ماسلىشىپ تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. مىتسۇبىشى مالىيە ماگنىاتىمۇ كېمىسازلىق، مىس كېنى ئېچىش، دېڭىز تىرانسپورتى، قەغەزچىلىك قاتارلىق نۇرغۇن چوڭ كارخانىلارنى ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالدى. مىتسۇئى، مىتسۇبىشى، سۇمىتومو، ياسۇدا قاتارلىق شىركەتلەرمۇ بانكا ئارقىلىق ھەرخىل ئاساسلىق شىركەتلەرگە مەبلەغ سالدى ھەمدە چەت ئەلگە مەبلەغ چىقاردى.

ياپونىيەدە نۇرغۇن مونوپول كارخانىلار بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار خەلق ئىگىلىكىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى، سانائەت كاپىتالىمۇ بانكا كاپىتالى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى ھەمدە چەت ئەلگە كاپىتال چىقىرىشقا باشلىدى. شۇڭا، 19 ـ

www.uyghurkitap.com

ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيەنى جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى دەيمىز. ياپونىيە جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتى بىلەن ھەربىي فېئودال خاراكتېرىگە ئىگە جاھانگىرلىككە ئايلاندى.

ياپونىيە جاھانگىرلىكىدە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇشىنى ئاساسلىقى 1868 ـ يىلىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىسلاھاتى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىلاردا فېئوداлизмنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا ھەممە جەھەتلەردە ساقلىنىپ كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 50% يەر يەنىلا پومېشچىكلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. شۇڭا، ياپونىيە جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن چوڭ مونوپول بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەۋجۇت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېرىم فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مونوپول كاپىتالنىڭ ئۆزىمۇ كۈچلۈك فېئوداللىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. مىتسۇئى، مىتسۇبىشى قاتارلىق مالىيە ماگناتلىرىمۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ بىر قوللۇق يۆلەپ تۇرغۇزغان ئىمتىيازلىق سودىگەرلەر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلار فېئودال چوڭ پومېشچىكلاردىن ئىدى. مىتسۇبىشىنىڭ ئۆزىلا 2000 ياپونىيە موسى[①]دىن ئارتۇق يەرگە ئىگە ئەڭ چوڭ پومېشچىلارنىڭ بىرى ئىدى. مىتسۇئى، مىتسۇبىشى مالىيە ماگناتلىرى ئۆز جەمەتلىرىنى مەركەز قىلغان مونوپول شىركەتلەرنى قورغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ پاي چەكلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ جەمەتلىرى ۋە مۇناسىۋىتى يېقىن ئاز

① ياپونىيەنىڭ ئۆزۈنلۈق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر ياپونىيە موسى 1/36 ياپونىيە لىسىغا تەڭ.

ساندىكى كىشىلەرگىلا سېتىلىپ، جەمئىيەتكە تارقىتىلمايتتى. شىركەتنىڭ ئىچىدىمۇ «جەمەت شەكلىدىكى قانۇن» قاتتىق ھۆكۈم سۈرەتتى. شىركەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلىرى كۆپىنچە ھاللاردا پايچىكلار سايلىغان باشقارمىدا بولماستىن، بەلكى جەمەتلەر كېڭىشىدە بولاتتى، ھەتتا پۈتۈن ھوقۇق بىر ئادەمگە مەركەزلىشەتتى. مىتسۇئى ئۆز جەمەتىنىڭ شىركەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1900 ـ يىلى «مىتسۇئى جەمەتىنىڭ مىزانى»نى تۈزدى. بۇ مىزان 10 باب، 100 دىن ئارتۇق ماددىدىن تۈزۈلگەن، ئۇنىڭدا جەمەتلىرىنىڭ ئۆم بولۇش يولىدا تەربىيەلىنىشىدىن سودىدا ئىگىلىك تىكلەش، مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇشقىچە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بار ئىدى.

مونوپول بۇرژۇئازىيە تېخىمۇ كۆپ پايدا قوغلىشىش ئۈچۈن ھەممىسىلا سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشنى تەرغىب قىلاتتى. ياپونىيەدە فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرى ناھايىتى كۆپ ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامرات، لاۋازىمەت سېتىۋېلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، دۆلەت ئىچىدىكى بازىرىمۇ ئىنتايىن تار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولىغا كېچىكىپ رەك ماڭغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا سەۋىيەسى باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن، يەر بايلىقى كەمچىل، يېزا ئىگىلىكى قالاق بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ناچار ئەھۋالدىكى ياپونىيە جاھانگىرلىكى ئىقتىسادىي رىقابەت ئارقىلىق خەلقئارا بازار ۋە خام ئەشيا بازىسى تالىشىشتىن ئۈمىد كۈتەلمەيتتى. شۇڭا، ئورۇشخۇمار مىلىتارىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ياپونىيە مونوپول بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاشتىكى ئىپادىسى ئىنتايىن غالجىر ئىدى. شۇڭا، لېنىن ياپونىيە جاھانگىرلىكى «ھەربىي كۈچنىڭ مونوپوللۇقى» ۋە «يات مىللەتلەرنى ـــ مەسىلەن،

جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنى ــ تالان ـ تاراج قىلىشقا قولايلىق بولغان مونوپولىيەلىك ھوقۇقىغا تايىنىپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ يېڭى پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ مونوپولىيەلىك ھوقۇقىنى قىسمەن تولۇقلىدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى باستى»[1]دېگەندى.

## 2. ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى ۋە 1889 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن

مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشتىن كېيىن مېيجى ھۆكۈمىتى فېئودال پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. يېڭى قۇرۇلغان ھاكىمىيەت «تېننو تۈزۈمى» شەكلىنى قوللىنىپ، ياپونىيە تېننوسى بىۋاسىتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاساسلىقى بىر تۈركۈم پومېشچىكلار، سامۇرايلار، بولۇپمۇ ساتسۇما، ناگاسۇ ئىككى ۋاسسالنىڭ سامۇرايلىرىدىن كېلىپ چىققان بيۇروكرات ۋە مىلىتارىستلار ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەنى كونترول قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مېيجى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەتنىڭ بيۇروكراتلىرىنى ۋە مىلىتارىستلىرىنى ئاساسىي قانۇنسىز، پارلامېنتسىز تىزگىنلىدى، تېننونىڭ نامى بىلەن خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈردى. ماھىيەتتە ياپونىيە يەنىلا پادىشاھلىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت ئىدى.

يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى، دېھقانلار ئاۋۋالقىدەكلا نامرات تۇرمۇش كەچۈردى. شۇڭا، مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشتىن كېيىن دېھقانلار كۈرەشلىرى پېسىقمايلا قالماستىن، بەلكى قايتىدىن ئەۋج ئالدى. 1871 ـ يىلىدىن 1874 ـ يىلىغىچە 80 نەچچە قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. يەر

① لېنىن: «جاھانگىرلىك ۋە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىكى بۆلۈنۈش»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە 3 ـ نەشرى، 714 ـ بەت.

بىجى ئىسلاھاتى مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ قارشىلىقى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى 1876 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى مىئې ناھىيەسىدە باشلانغان قوزغىلاڭ بولدى. بۇ توپىلاڭ ناھايىتى تېزلا ئايچى، گىفۇ ۋە ۋاكاياما ناھىيەلىرىگە يامراپ، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز مىڭ دېھقان قاتناشتى. قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېسىپ كىرىپ، ھەرخىل ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋەتتى، تۈرمىلەرگە بېسىپ كىرىپ مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى.

بۇ قېتىمقى قاينام ـ تاشقىنلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى تېننو ھۆكۈمىتىگە ئەجەللىك زەربە بەردى. 1877 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھۆكۈمەت يەر بېجىنى ئەسلىدىكى 3% يىغىشتىن 2.5% يىغىشقا چۈشۈرۈشنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق ئاممىسى بۇنى «بامبۇك نەيزىلەرنىڭ ھەيۋىسى 2.5%كە دال بولدى» دەپ ناخشا ئېيتىشتى. لېكىن، مېيجى يىللىرىدا بۇنداق يۈزەكى يول قويۇشلار ياپونىيە دېھقانلىرىنىڭ يېرىم فېئوداللىق يەر ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان پاجىئەلىك ئەھۋالنى ياخشىلىيالمايتتى. شۇڭا، دېھقانلار كۈرىشى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى.

دېھقانلارنىڭ رېئال ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش كۈرىشى بۇرژۇئازىيەنى رىغبەتلەندۈردى. مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشتىن كېيىن كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچەيدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتىكى ھوقۇقسىز ئورنىدىن نارازى ئىدى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ مېيجى ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى، مېيجى ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ سودىگەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيەگە تايىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەرخىل ئىمتىياز بېرەتتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلارنى يۆلەيتتى. لېكىن، ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيتتى،

ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق پومېشچىكلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىدىن نارازى ئىدى. مېيجى ھۆكۈمىتىنىڭ يەر قانۇنى گەرچە ئۇلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇلار بۇنىڭدىن پايدا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى سومىلىق يەر بېجى ئۇلارغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن باشقا قىسمەن ياساۋۇللار (ئوتتۇرا) تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىدىن نارازى ئىدى. مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىقىقا كۆچۈشتىن كېيىنكى سامۇرايلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان ـ شەرىپىنى يوقىتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كاپالىتىنىمۇ يوقاتتى. 1877 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەكسىيەتچىل فېئودال سامۇرايلار تارىختا «غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش» دەپ ئاتالغان بىر قېتىملىق ياساۋۇللار توپىلىڭىنى قوزغىدى، بۇ يەنە سايگودىكى توپىلاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ). يەنە بىر قىسىم ياساۋۇللار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زىيالىيلار ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا، ئۇششاق پومېشچىكلارغا مايىل ئىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ۋاكالەتچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1873 ـ يىلى ئۇلار «كورېيەگە يۈرۈش قىلىش نەزەرىيەسى»نى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ساتسۇما، ناگاسۇ «ۋاسساللىرى»نىڭ چەتكە قېچىشى بىلەن ياساۋۇللار مەزھىپىنىڭ سىرتىدىكى ئىتاگاكى تائىسۇكى، گوتو شوجىرو، ئېتو شىنپېي، سو ئېجىما تانېئومى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى مەيداندا تۇردى.

1874 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىتاگاكى تائىسۇكى (1837 — 1819 ـ يىللار) قاتارلىق كىشىلەر ھۆكۈمەتكە ئاۋام سايلام پالاتاسى قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە «ۋەتەنپەرۋەرلەر جامەسى پارتىيەسى»نى تەشكىللەپ، ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ئىتاگاكى تائىسۇكى يەنە ياساۋۇللاردىن كېلىپ چىققان كاتائوكا كېنكىچى (1843 —

1903 ـ يىللار) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن توسادا «ئىرادە جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ «تۇغما كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيەسى»نى تەرغىب قىلدى. 1875 ـ يىلى ئىرادە جەمئىيىتى بىلەن سىياسىي خاراكتېرى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئوساكادا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر جامەسى پارتىيەسىنىڭ نامىنى ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بۇ ھەرىكەتكە ئاساسلىق قاتناشقۇچىلار «ۋاسساللار» ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگۈچى ياساۋۇللار ۋە ياساۋۇل زىيالىيلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ «تۇغۇلما كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيەسى» ئىنقىلابىي ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچىلار بولغاچقا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇرژۇئازلار، پومېشچىكلارنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى، لېكىن بۇ ھەرىكەت قۇدرەتلىك دېھقانلار كۈرىشىنىڭ تەسىرىدە قانات يايدى. 1877 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى بىلەن دېھقانلار كۈرىشىنىڭ بىرلىشىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. 1877 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كاتائوكا كېنكىچى قاتارلىق كىشىلەر تېننوغا ھۆكۈمەتنى پاش قىلىدىغان تەكلىپنامە سۇنۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىگە سالغان باج سېلىقىنى ئەيىبلەپ، ئىمتىيازلىق سودىگەرلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەش ۋە يۇقىرى باج سىياسىتىگە ئەھمىيەت بىلەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار ئاساسلىقى ئوتتۇرا، ئۇششاق پومېشچىك ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، لېكىن مۇئەييەن دەرىجىدە دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى. 1878 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتى ئوساكادا 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي ئېچىپ، مەملىكەتلىك جەمئىيەتنىڭ بىرلەشمە رەھبەرلىك تەشكىلاتىنى

قۇردى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەردىن سۈگىتا تېيئىچى (1851 ~ 1929 ـ يىللار) يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئىچىزىنىنىڭ يەتتە ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يەر باھاسىنى بەلگىلىشىگە قارشى كۈرەش قىلدى ھەمدە ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ تۈزگەن سەۋەبنامىدە «ئەمەلدار، خەلق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئادەملەر، بۇنداق بولۇشنى ئوخشاشلا ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. خەلقنىڭ قىلغىنى خاتا، ئەمەلدارلارنىڭ قىلغىنى مۇتلەق توغرا دېيىشكە گەپ يوق» دەپ يازغاندى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك تەشەببۇسى بىلەن خەلقنىڭ كۈرىشى بىرلىشىپ كەتتى.

1880 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتى ئوساكادا 4 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايدا ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتىنىڭ نامى «پارلامېنت قۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەرتىلدى. ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى ناھايىتى تېز كۆپىيىپ 130 مىڭ كىشىگە يەتتى. ئىتتىپاقنىڭ ھەرىكەت خىزمەتلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى 1881 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مېيجى ھۆكۈمىتىنى 10 يىلدىن كېيىن (1890 ـ يىلى) پارلامېنت قۇرۇپ ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىش پەرمانىنى چاكارلاشقا مەجبۇر قىلدى.

1881 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەرقايسى تەشكىلاتلار توكيودا لىبېراللار پارتىيەسىنى تەشكىللىدى ۋە ئىتاگاكى تائىسۇكى پارتىيەنىڭ لىدېرلىقىغا سايلاندى. لىبېراللار پارتىيەسى ئاساسىي قانۇن چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «ئىگىلىك ھوقۇق خەلقتە بولۇشى كېرەك» دېيىشكەن غەربنىڭ دېموكراتىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلدى. 1882 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەسلىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئوكۇما شىگېنوبۇ (1838 ~ 1922 ـ يىللار) ئاساسىي قانۇن

تۈزۈشنى ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسىنى تەشكىللەپ، ئەنگلىيەچە ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، «ھوقۇق پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەنسۇپ بولۇش»نى تەرغىب قىلغان.

لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن ئاساسىي قانۇننى ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي پارتىيەلەر بولسىمۇ، لېكىن لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى بىرقەدەر ئىلغار ئىدى. ئۇنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى دائىم دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خەلقنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. لېكىن، قانۇن تۈزۈشنى ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسى ساتسۇما، ناكاۋا قاتارلىق «ۋاسساللار» بىلەن مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىچە بولغان بۇرژۇئازىيەنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەرىكەتنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپلا مۆتىدىللىكنى ساقلاپ كەلدى.

سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى تېزلا ھۆكۈمەتنى قورقۇنچقا سالدى. ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن قاتتىق چەكلەش ۋە باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيەنىڭ كاتتىباشلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىغا ئارازچىلىق سېلىش ۋاستىلىرىنى قوللاندى. مەسىلەن، مىتسۇئى نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن لىدېرى ئىتو شىنپېينى سېتىۋالدى ھەمدە ئىتو شىنپېي ئارقىلىق ئىتاگاكى تائىسۇكىنى ئۆزلىرىگە تارتتى. ئىتاگاكى تائىسۇكى ئاخىرى كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ھەرىكەت تازا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان 1883 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتىدە چەت ئەلنى ساياھەت قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كەچتى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنى ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

لىبېراللار پارتىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ پارتىيەنىڭ مىتسۇئى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پاش قىلدى. لىبېراللار پارتىيەسىمۇ بوش كەلمەي ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسى بىلەن مىتسۇبىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى پاش قىلدى. ئىككى پارتىيەنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى بابلىشى بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشتى. يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار كۈرەشلىرىمۇ لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىك گۇرۇھىنى ئەنسىزچىلىككە سالدى. شۇنىڭ بىلەن، 1884 ـ يىلى 10 ـ ئايدا لىبېراللار پارتىيەسى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئەركىن خەلق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى بىلەن توختاپ قالمىدى. 1884 ـ يىلىدىن 1886 ـ يىلىغىچە داۋاملىق ھالدا «چىچىبۇ ۋەقەسى»، «ئىئىدا ۋەقەسى»، «ناگويا ۋەقەسى»، «شىزۇئوكا ۋەقەسى» قاتارلىق لىبېراللار پارتىيەسىدىكىلەر رەھبەرلىك قىلغان تۈۋەن قاتلام خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭلىرى بولۇپ تۇردى. لېكىن، قوزغىلاڭلار تارقاق ھالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. بىراق، ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇ ياپونىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكىتى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ئىدىيەلىرىنى نارقاتتى ھەمدە ھۆكۈمەتنى ئاساسىي قانۇن يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى پاجىئەلىك باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خەلقنى ئالداش ۋە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تېزنو تۈزۈمىگە قانۇن تۈزۈش تونىنى كىيگۈزۈشنى قارار قىلدى. 1882 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىتوخىروبۇمىغا ئاساسىي قانۇننىڭ لايىھەسىنى



www.uyghurkitap.com

تۈزۈشكە ئۇرۇنلاشتۇردى.

ئىتو خىروبۇمى (1841 — 1909 ـ يىللار) ناگاسۇدا ۋاسسال ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ياش ۋاقىتلىرىدا ئەنگلىيەدە ئوقۇغان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن «تېننونى ئىززەتلەپ ئەجنەبىيلەرنى چەتكە قېقىش ھەرىكىتى» ۋە مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. مېيجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ چەت ئەل ئىشلىرى جۇجۇقىدىكى خىزمەتلەرگە قاتناشقان ۋە ھەكىم بولغان. 1871 ـ يىلى مۇئاۋىن ئەلچى سالاھىيىتى بىلەن ئىۋاكۇرا تومومى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ياۋروپا، ئامېرىكىغا تەكشۈرۈشكە چىققان. دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن يول تۈزۈمى ئىسلاھاتى، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى تارتقان. 1885 ـ يىلى مېيجى ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىش ئۈچۈن قارا دىۋانلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىچكى كابىنېت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، ئىتو خىروبۇمى ياپونىيەنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى (باش مىنىستىرى) بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۆت قېتىم باش مىنىستىر، ئۈچ قېتىم زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان ھەمدە 1900 ـ يىلى مەسلەكداشلار جەمئىيىتىنى قۇرغان. ئۇ ياپونىيەنىڭ چاۋشيەن، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. 1906 ـ يىلى ئۇ چاۋشيەندە باش تەپتىش، سۇيۇرغال گىراف بولغان. 1909 ـ يىلى خاربىندا چاۋشيەنلىك ۋەتەنپەرۋەر ئەن جۇڭگېن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىتو خىروبۇمى چەت ئەلگە چىقىپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنى بىر يېرىم يىل تەكشۈردى. ئاخىرىدا ئەڭ ئەكسىيەتچىل بولغان پىرۇسسىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ لايىھەسىنى تاللاپ، شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ

ئاساسىي قانۇن تۈزدى ۋە 1889 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇنى تېننونىڭ نامىدا رەسمىي ئېلان قىلدى.

ئاساسىي قانۇن پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تېننو يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. ئاساسىي قانۇننىڭ مۇقەددىمىسى خاننىڭ ھوقۇقىغا بېغىشلاندى. ئۇنىڭدا تېننو مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭ نام ـ ھوقۇقىغا تېگىشكە بولمايدۇ، ئۇ دۆلەت باشلىقىدۇر. تېننو مۇتلەق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، قانۇننى تەستىقلەيدۇ، ۋەزىرلەرنى ئەمەلگە تەيىنلەيدۇ ۋە ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، پالاتا تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىۋېتەلەيدۇ، ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، سۈلھى تۈزىدۇ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەلىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلىندى. ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ياپونىيە دۆلىتىنىڭ خەلقى پۇقرا دېيىلمەي، «بېقىندى خەلق» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئاساسىي قانۇندا بېقىندى خەلقنىڭ سۆزلەش، خەت ئالاقىسى قىلىش، نەشر قىلىش، يىغىلىش، جەمئىيەت قۇرۇش ئەركىنلىكى بولىدىغان بولدى. لېكىن، يەنە «قانۇن دائىرىسى ئىچىدە» دېگەن قوشۇمچە شەرت قوشۇپ قويۇلدى. ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى بوغدى.

پالاتا ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسى دەپ بۆلۈندى. ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسى پادىشاھ جەمەتى ۋە ئېسىل نەسەبلەردىن تەشكىللەندى، ئاۋام پالاتاسى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولدى. لېكىن، ئاساسىي قانۇندا دۆلەتكە 15 يېندىن يۇقىرى باج تاپشۇرغانلار (بىر يىلدىن ئاشقان بولسا)، 25 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرلا سايلاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مال ـ مۈلۈككە ئىگە سالاھىيىتى بار 30 ياشتىن يۇقىرى ئەرلەر سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1890 ـ يىلى تۇنجى قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈلگەندە، سايلاش ھوقۇقىغا

ئېرىشكەنلەر ئاران 450 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ پەقەت 1.24% نى ئىگىلىدى.

ئاساسىي قانۇندا زوراۋالىق مەھكىمىسى ۋە ئىچكى كابىنېت تەسىس قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. زوراۋالىق مەھكىمىسى يۇقىرى مەنسەپدارلار ۋە ۋەزىرلەردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ تېننونىڭ مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى ئىدى. ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرى تېننو ئالدىدا مەسئۇلىيەت ئۆتەيدىغان، پالاتا ئالدىدا «ئەخلاقىي جەھەتتىن» ۋاسىتىلىك مەسئۇلىيەت ئۆتەيدىغان بولدى. ئىچكى كابىنېتتا قورۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەلىرىنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ ئىدى. ئۇلار تېننوغا بىۋاسىتە مەكتۇپ سۇنالايتتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىكى ھەربىيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساتسۇما، ناگاسۇ ئىككى ۋاسسالدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئۆزى ئىدارە قىلاتتى. شۇڭا، تېننو تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت ئەينى ۋاقىتتا «ۋاسساللىق» مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت دەپمۇ ئاتالدى.

ئاساسىي قانۇندا يەنە پالاتا قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشىگىلا ئارىلىشىدۇ، لېكىن قانۇن پالاتادا ماقۇللانغاندىن كېيىن يەنە زوراۋالىق مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ۋە تېننونىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ قانۇن بولىدۇ. دۆلەت خامچوتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى پالاتاغا ئەمەس، ھۆكۈمەتكە مەنسۇپ بولىدۇ، ئەگەر پالاتا ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان خامچوتقا قوشۇلمىسا، ئىچكى كابىنېت ئالدىنقى يىلىنىڭ خامچوتىدىن پايدىلانسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت پالاتانىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1889 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىقتا كۈچۈشتىن كېيىنكى ياپونىيەدە تۇرغۇزۇلغان يېقىنقى زامان تېننو تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمىلا

بولمىسۇن، ئاساسىي قانۇن خەلقنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدى. قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلىدىغان مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقلىرىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ئەدلىيە سىستېمىلىرىنى ئايرىۋېتىش قانۇنى چىقىرىلدى. مانا بۇ ياپونىيە دۆلەت شەكلىنىڭ ئىلگىرىكى مۇتلەق مۇستەبىتچىلىكى بىلەن ئوخشىمايدىغان پەرقى. بۇ ئەھۋال ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئاساسىي قانۇننىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسى پالاتادىكى ئۆكتىچىلەر سۈپىتىدە قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى ھەمدە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كۈرىشى قىلدى. لېكىن، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈش سىياسىتى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بۇرژۇئازىيە گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن، ماھىيەتتە ئۇلار پالاتادىكى ئۆكتىچى گۇرۇھلارنى يەمىرىۋەتتى. جىياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئىككى پارتىيە ئىسلاھات تەلەپلىرى ئۈستىدە ئېغىز ئاچمايدىغان بولدى. بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەركىن خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىمۇ توختاپ قالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن ئىسلاھ قىلىش پارتىيەسى بىرلىشىپ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيەسىنى قۇردى. 1900 ـ يىلى نامىنى يەنە مەسلەكداشلار جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتتى. ئىتو خىروبۇمى مەسلەكداشلار جەمئىيىتىنىڭ لىدېرى بولدى. ياپونىيەنىڭ بۇرژۇئا سىياسىي پارتىيەلىرى بيۇروكراتلار، مىلىتارىستلار بىلەن تامامەن دېگۈدەك بىرلىشىپ، ئىچكى جەھەتتە ھەربىي ـ

ساقچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۈزىدىغان، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش قوزغاشنى كۆچەپ تەرغىب قىلىدىغان تېنىنو مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندى.

مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىقتا كۆچۈشتىن كېيىن ياپونىيە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن تېخى قۇتۇلماي تۇرۇپ، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇز قىلىش، كېڭەيمىچىلىك قىلىش يولىغا ماڭدى. ئۇ ئالدى بىلەن تىغ ئۇچىنى رىيۇكيۇ، تەيۋەن ۋە چاۋشيەنگە قاراتتى. رىيۇكيۇ ئىلگىرى جۇڭگونىڭ فېئودال سۇلالىلىرىگە ئولپان تاپشۇرۇپ كەلگەن، كېيىن ياپونىيەنىڭ ساتسۇما ۋاسساللىقى تاجاۋۇز قىلىپ تارتىۋالغان جاي ئىدى. شۇڭا، مېيجى ھۆكۈمىتى رىيۇكيۇ بىلەن ساتسۇما ۋاسساللىقىنى يوقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە دەۋالىدى. 1872 - يىلى ياپونىيە رىيۇكيۇنىڭ بېگىنى تۇتقۇن قىلىپ ياپونىيەگە ئاپىرىپ، ئۆزىنى ياپونىيەنىڭ رىيۇكيۇ ۋاسساللىقىنىڭ بېگى دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 1871 - يىلى رىيۇكيۇنىڭ بېلىقچى كېمىلىرى تەيۋەننىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدا ھادىسىگە ئۇچرىغاندا، رىيۇكيۇنىڭ بېلىقچىلىرى تەيۋەننىڭ يەرلىك خەلقلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. ياپونىيە مۇشۇنى باھانە قىلىپ، 1874 - يىلى جۇڭگونىڭ زېمىنى تەيۋەنگە ئۇرۇش قوزغاپ، چىڭ سۇلالىسىنى ھاقارەتلىك «بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تەيۋەندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىگە 500 مىڭ سەر ئاق كۈمۈش تۆلەم تۆلەشنى شەرت قويدى.

ياپونىيە 1875 - يىلى تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، 1876 - يىلى چاۋشيەننىڭ كاڭخۋا ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنى «كاڭخۋا شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزىنىڭ قانۇننى سىرتقا يۇرگۈزۈش ھوقۇقى ۋە كونسۇللىرىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا

ئېرىشىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىرى چاۋشيەنگە ئىچكىرىلەپ كىردى. 1879 - يىلى ياپونىيە ريۇكيۇنى رەسمىي يۇتۇۋېلىپ نامىنى ئوكىناۋا ناھىيەسىگە ئۆزگەرتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمىتى چاۋشيەن ۋە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سۇيىقەستلىك پىلانىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. ياپونىيەنىڭ چاۋشيەننىڭ سېئول شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى چاۋشيەن ۋە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سۇيىقەست مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ كونسۇلخانا چاۋشيەننىڭ ئىچكى سىياسەتلىرىگە ئوچۇق - ئاشكارا ئارىلاشتى. 1882 - يىلى سېئول شەھىرىدە چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىغا قارشى تۇرۇش قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندە، ياپونىيە چاۋشيەنگە ئەسكەر چىقاردى. شۇ يىلى 8 - ئايدا چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنى «ئىچون شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى، بۇنىڭدىن ياپونىيە تۆلەمگە ئېرىشىۋېلىشتىن سىرت، چاۋشيەندە ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئىمتىيازىغىمۇ ئىگە بولۇۋالدى.

1892 - يىلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىتو خىروبۇمى ئىچكى كابىنېتى چاۋشيەن ۋە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشقا ھازىرلىق قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا جىددىي ئېھتىياجى چۈشتى. ئەنگلىيە، ئامېرىكىمۇ ياپونىيەدىن پايدىلىنىپ روسىيەنىڭ جۇڭگودىكى كۈچلىرىنى سىقىپ چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشتا ئۇرۇنۇۋاتقان بولغاچقا، دەرھال ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈردى. 1894 - يىلى 7 - ئايدا ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيە شەرتنامە ئىمزالاپ، بارگاھ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە تۈزگەن تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بەش يىلدىن كېيىن بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئامېرىكا ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ ياپونىيە بىلەن شەرتنامە تۈزدى. بۇ

شەرتنامىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ياپونىيە ئاسىيادىكى تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ قالدى. بۇ ياپونىيە خەلقىنىڭ تەڭسىز شەرتنامىلەرگە قارشى ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ چوڭ غەلىبىسى ئىدى. لېكىن، باشقا جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىملىق شەرتنامىلەرنى ئۆزگەرتىش يەنە ئېتو خىروبۇمى ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئاسىيا ھەققىدىكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەرەپكە قولچوماق بولۇش بەدىلىگە سودا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە شەرتنامىنى ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىن دەرھاللا ئەگەر ياپونىيە بىلەن جۇڭگو توقۇنۇشۇپ قالسا، ئەنگلىيە جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ئەنگلىيە كەلگۈسىدە «بىتەرەپلىك» سىياسىتى قوللىنىدۇ، دەپ جار سالدى. روشەنكى، بۇ ياپونىيەنى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتكەنلىك ئىدى.

1894 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ياپونىيە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياپونىيە ـ ئەنگلىيە شەرتنامىسىنى تۈزۈپ توققۇز كۈندىن كېيىن ياپونىيە چاۋشيەن ۋە جۇڭگوغا ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا «جياۋۇ ئۇرۇشى»نى قوزغىدى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش ياپونىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، تامامەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئىدى. ياپونىيە چاۋشيەنگە ئەسكەر كىرگۈزۈپلا قالماي، يەنە يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ياپونىيە ئارمىيەسى بارغانلا يېرىدە ئوت قويۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق قىلىپ، تاجاۋۇزچى ئارمىيەنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. ئۇرۇش جەريانىدا جۇڭگو ئەسكەرلىرى ۋە قىسمەن ۋەتەنپەرۋەر سەركەردىلەر ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئېگىلمەس ـ پۈكۈلمەس مىللىي روھىنى ئىپادىلىدى. جۇڭگو خەلقىمۇ دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپ، تاجاۋۇزچىلارغا كۈچلۈك زەربە

بەردى. لېكىن، جۇڭگو چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك، ئىقتىدارسىزلىقى ۋە تەسلىمچىلىكى بىلەن ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1895 ـ يىلى جۇڭگو قۇللۇق خاراكتېرىدىكى سۇلھى «سىمونوسېكى شەرتنامىسى»نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شەرتنامىگە ئاساسەن، چاۋشيەن ئاتالمىش «مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا دۆلەت»كە ئايلاندى، ماھىيەتتە ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولدى. ياپونىيە جۇڭگودىن تەيۋەن، پىڭخۇلېي ئارىلى ۋە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى كېسىپ ئېلىۋالدى ھەمدە 200 مىليون سەر ئاق كۈمۈش تۆلەم تۆلىتىۋالدى. بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشى جۇڭگودا مىللىي كىرىزىسنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا يەنە ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدا پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يۈز بەردى. شۇڭا، «سىمونوسېكى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن چاررۇسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيەلەر بىلەن بىرلىشىپ، ياپونىيەنى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى جۇڭگوغا «قايتۇرۇپ بېرىش»كە قىستىدى. بۇ چاغدا ياپونىيە جۇڭگو، چاۋشيەن خەلقىنىڭ زەربىسىدە، رۇسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت بىلەن قارشىلىششقا ئامالسىز قالدى. نەتىجىدە، جۇڭگو يەنە 30 مىليون سەر ئاق كۈمۈش تاپشۇرۇش بەدىلىگە ياپونىيە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كەچتى. چاررۇسىيە «تۆھپىمىز بار» دېگەننى باھانە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شەرقىي شىمالدىكى تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى ئۆزىگە بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. 1898 ـ يىلى يەنە لۈشۈن، دالييەن پورتىنى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، لۈشۈن پورتىنى ئۆزىنىڭ تىنچ ئوكيان فىلوتىنىڭ بازىسى قىلىۋېلىشقا ھازىرلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاۋشيەنىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئۈزۈكسىز قول تىقتى. شۇنداق قىلىپ، چاررۇسىيە بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا

كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولدى.

1900 ـ يىلى جۇڭگودا يىخېتۇەننىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى قوزغالدى. يىخېتۇەنچىلەر كۆرىشىنىڭ تىغ ئۇچىنى دەسلەپتە ئامېرىكا، ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەرگە بىۋاستە قاراتقانىدى. ياپونىيەنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششىغا ھېچقانداق ئاساسى بولمىسىمۇ، لېكىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى باستۇرغان سەككىز دۆلەت ئارمىيەسىگە زورمۇ زور قاتناشتى. ياپونىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 25 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەپ، بىرلەشمە ئارمىيە ئىچىدىكى ئەسكەرنى ئەڭ كۆپ چىقارغان دۆلەت بولدى.

چاررۇسىيەمۇ ئۆزىنى ئاجىز كۆرسەتكۈسى كەلمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاز ساندا ئەسكەر چىقىرىپ، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ تيەنجىنگە ھۇجۇم قىلىشىغا، بېيجىڭدا ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتى. يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان قوشۇننى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا كىرگۈزدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چىقارغان ئەسكىرى 170 مىڭغا يېتىپ، بېيجىڭ، تيەنجىنگە ھۇجۇم قىلغان سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى ئومۇمىي سانىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. كېيىنكى يىلى (1901 ـ يىلى) سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى «1901 ـ يىلىدىكى سۈلھى شەرتنامىسى» تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. چاررۇسىيە بولسا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى مەڭگۈ ئىشغال قىلىپ، ھەرگىز ئەسكەر چېكىندۈرمەسلىككە ئۇرۇندى. رۇسىيەنىڭ جۇڭگونى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش بۇ خىل قارا نىيىتى بىلەن ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سۈيىقەستى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە چاررۇسىيەگە قارشى ئەسكەر

چىقىرىشنى قارار قىلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلسا ئۆزىگە كېلىدىغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى كۆزلەپ چارروسىيەگە قارشى تۇرۇپ، ياپونىيەنى يۆلەشنى قارار قىلدى. 1902 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنى تۈزۈپ ياپونىيەنى ئاشكارا قوللىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىمۇ «ئەگەر ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغالسا، ئامېرىكىنىڭ ھېسداشلىقى ياپونىيە تەرەپكە بولىدۇ» دەپ ئاشكارا ئېلان قىلدى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، 1904 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېچىدە، ياپونىيە فلوتى جۇڭگونىڭ لۈشۈن پورتىغا توختىتىپ قويۇلغان چارروسىيەنىڭ تىنچ ئوكيان فلوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، چارروسىيەنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونىيە ئارمىيەسى يەنە چاۋشيەنىڭ ئىچوندا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياپونىيە، روسىيە بىر ـ بىرىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇرۇش ياپونىيە ۋەزىيىتىگە پايدىلىق ئەھۋالدا باشلاندى. ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى چاۋشيەنىڭ شىمالى ئارقىلىق يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا بېسىپ كىردى. باشقا بىر تارماق قوشۇنى دېڭىز ئارقىلىق لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، روسىيە كۆپ يىللاردىن بېرى ئىدارە قىلىپ تۇرغان، «تەڭدىشى يوق» دەپ پو ئاتقان قورغان — لۈشۈن پورتىنى قورشىۋالدى. نەچچە قېتىملىق كەسكىن جەڭدىن كېيىن ياپونىيە ئارمىيەسى ئاخىرى 1905 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لۈشۈن پورتىنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە ئارمىيەسى تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەيۋەت بىلەن شىمالغا ئىلگىرىلەپ، 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى شېنياڭ بىرلەشمە جېڭىدە غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى

ئارمىيەنىڭ قوروقلۇقتىكى تالىشىش كۈرىشى ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا روسىيەنىڭ بالتىق دېڭىز فىلوتى نەچچە ئايلىق دېڭىز مۇساپىسىنى تاماملاپ يىراق شەرققە كېلىپ، 1905 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تسۇشىما دېڭىز بوغۇزى ئەتراپىدا ياپونىيە فىلوتى بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى كۈنلۈك دېڭىز ئۇرۇشىدا دەم ئېلىپ كۈچ توپلىۋالغان ياپونىيە ئارمىيەسى روسىيە فىلوتىنى پۈتۈنلەي تار مار قىلدى. 7 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى يەنە ساخالىن ئارىلىنى ئىشغال قىلدى.

بۇ چاغدا روسىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئىنقىلاب يۈز بەرگەن، چارروسىيە ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئۇرۇش قىلىشقا چارىسىز قالدى. ياپونىيەمۇ ئۇرۇشتا خوراپ ھالىدىن كەتكەنىدى. خەلقئارادىكى جاھانگىرلار، بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بىر تەرەپتىن روسىيە ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چارروسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىنى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ كىرىزىسقا ئۇچرىشىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيە ئۇرۇشتىن كېيىن زىيادە كۈچىيىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ يىراق شەرقتىكى مۇستەملىكە مەنپەئەتىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا كېلىشتۈرۈشكە ئوتتۇرىغا چىقتى، 1905 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياپونىيە، روسىيە ئىككى دۆلەت ئامېرىكىنىڭ پورتسموت شەھىرىدە سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامىگە ئاساسەن ياپونىيە جۇڭگونىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى، روسىيەنىڭ ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، شۇنداقلا چاۋشيەننى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ـ ياپونىيە، ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشى ئارقىلىق ۋە جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىشى بىلەن ياپونىيە ئۆز دۆلىتى زېمىنىنىڭ 76% ىگە توغرا كېلىدىغان مۇستەملىكە زېمىنغا ئېرىشتى ھەمدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تەسىر دائىرىسىگە

كىرگۈزۈۋېلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەملىكىچىلىك جاھانگىرلىكىنى شەكىللەندۈردى.

ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. 1905 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئۆزى بىلەن «جۇڭگو ـ ياپونىيە شەرقىي ئۈچ ئۆلكە ئىشلىرى شەرتنامىسى» تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىشتىن تاشقىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى يەنە رۇسىيەنىڭ «پورتسموت سۈلھى شەرتنامىسى»نى ئېتىراپ قىلىشقا، ياپونىيەنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىغا يول قويۇشقا، جىلىن، خاربىن، مانجۇرىيە قاتارلىق سودا شەھەرلىرىنى ياپونىيەگە ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. 1910 ـ يىلى ياپونىيە چاۋشيەننى رەسمىي يۇتۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن چاۋشيەن ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيە پەيدىنپەي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن دۇنياغا خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ ئاسىياغا خوجا بولۇش مىلىتارىزملىق يولىغا ماڭدى.

## 4. ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە سوتسىيالىزم ھەرىكىتى

مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈشتىن كېيىن ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپىمۇ زورىيىشقا باشلىدى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1888 ـ يىلى ياپونىيەدە جەمئىي 136 مىڭ سانائەت ئىشچىسى بار ئىدى. 1899 ـ يىلى كۆپىيىپ 1 مىليون 426 مىڭغا يەتتى. 1909 ـ يىلى يەنە كۆپىيىپ 2 مىليون 440 مىڭغا يەتتى. 1897 ـ يىلى ياللانغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى توقۇمىچىلىق

ساھەسىدە ئەمگەك قىلىدىغان ئايال ئىشچىلار ئىدى. بۇ ئايال ئەمگەك كۈچلىرى ئاساسلىقى يېزىلاردىن كېلەتتى.

ياپونىيە ئىشچىلار سىنىپى كاپىتالىستلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىقتا كۆچۈشتىن كېيىنلا قارشىلىق كۆرەشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 1869 ـ يىلى ۋە 1871 ـ يىلى ئىكونو كان رايونىدىكى ئىشچىلار ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كان باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئوت قويۇۋەتتى. 1878 ـ يىلى تاكا ئارىلى كۆمۈر كېنىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭغا 3000دىن ئارتۇق ئىشچى قاتناشتى. 1886 ـ يىلى كوفۇ شەھىرى (ياماناشى ناھىيەسى)دىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئايال ئىشچىلىرى زاۋۇت ئىگىسىنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتقانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىش تاشلاپ غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ ياپونىيەنىڭ سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش تاشلىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىش تاشلاش كۆرەشلىرى كەڭ قانات يايدى. لېكىن، ئىش تاشلاشلار تارقاق ھالەتتە بولۇپ، ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى.

جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قوشۇنىمۇ پەيدىنپەي زورايدى. ئىشچىلار چوڭ كارخانىلار ۋە كان رايونلىرىغا تېخىمۇ زىچ مەركەزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ياماNلاشتى. ئىشچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى مەيلى ئىدىيەۋى جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەشكىلىي جەھەتتىن بولسۇن يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 1897 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 31 قېتىم ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ، ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ئىشچىلىرى،

توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى ئىشچىلار، كان ئىشچىلىرى، باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە تۆمۈريول ئىشچىلىرى قاتناشتى.

ياپونىيە پرولېتارىياتىمۇ كۈرەش جەريانىدا، تەشكىللىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. 1897 ـ يىلى كاتاما سېن قاتارلىق كىشىلەر «ئەمگەك بىلەن ۋاقىتنى تەشكىللەش ئۇيۇشمىسى»نى قۇردى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن يەنە توكيو شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردىكى تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە باشقا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1900 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە 42 ياچېيكىسى 5400 ئەزاسى بار ئىدى. بۇ ئۇيۇشما ئەينى ۋاقىتتىكى يىرىك سانائەت ساھەسىدىكى مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ زور كۆپ قىسمىنى تەشكىللەپ بولدى. بۇ ئۇيۇشما بىلەن ئەمگەك بىلەن ۋاقىتنى تەشكىللەش ئۇيۇشمىسى بىرلىشىپ، ياپونىيەدىكى ئەڭ بالدۇرقى ئىشچىلار ژۇرناللىرىدىن «ئەمگەكچىلەر دۇنياسى»نى نەشر قىلىپ تارقاتتى. كاتاما سېن بۇ ئۇيۇشمىنىڭ سېكرېتارى ۋە ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى بولدى.

1898 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پاراۋۇز شوپۇرلىرى ئىش تاشلىغاندا، كاتاما سېن بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشقا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشنى تەشكىللەش ئىنتايىن ياخشى بولدى. تېلېگراممىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق 400 پاراۋۇز شوپۇرى بىرلا ۋاقىتتا ئىش تاشلاشنى ئېلان قىلغانلىقتىن، توكيو ـ ئائوموري تۆمۈريول لىنىيەسىدە پويىز قاتنىشى توختىدى، ئاخىر ئىشچىلار غەلىبە قىلدى.

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىزم ئىدىيەلىرىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ جەھەتتە كاتاما سېن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. كاتا ماسېن (1859 ~ 1933 ـ يىللار) ياپونىيەنىڭ ئوكاياما ناھىيەسىدىكى بىر نامرات

دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 23 يېشىدا توكيوغا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ مەتبەئە ئىشچىسى بولغان. ئۇ ئەمگەك جەريانىدا ئىشچىلارنىڭ ئېزىلىپ ۋە ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچراپ تارتمۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن 26 يېشىدا ئامېرىكىغا بېرىپ يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ يۈرۈپ سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن ئۇچراشقان. ئەنگلىيەنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيىتى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىگىمۇ بارغان. 1896 ـ يىلى ئۇ ياپونىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە كىرىشىپ سوتسىيالىزمنى تەشۋىق قىلغان.

1898 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كاتاما سېن ۋە ئاددىي پۇقرالار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى كوتوكۇ شۇسۇي (1871 ~ 1911 ـ يىللار) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ سوتسىيالىزم تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرغان. بىر يىلدىن كېيىن بۇ تەشكىلات راۋاجلىنىپ، نامى «سوتسىيالىزم جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرگەن، كاتاما سېن ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىپ، ياپونىيەدە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئون توققۇزىنچى باب

# ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال (1889 ~ 1900 ـ يىللار)

## 1 ـ بۆلۈم ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1. ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى شەرت ـ شارائىتلار

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىللىرىدا خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئاممىۋى ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ئۇلار سايلامغا ئاكتىپ قاتناشتى ھەمدە پارلامېنتتا ئوخشاش بولمىغان ساندىكى ئورۇنغا ئېرىشتى. ھەرخىل ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا — ئۇيۇشما ۋە كوپېراتسىيەلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. بۇ سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئەلۋەتتە ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنى ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى داھىي پائال خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇۋېلىشقا ئەمەلىي ھەرىكەتتە بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە قوللاپلا قالماستىن، ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرىنى نەزەرىيە بىلەن

قوراللاندۇردى. ئۇلار ئىچىدىكى خاتا خاھىشلارنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، ھەرقايسى پارتىيەلەرنى ئىلمىي سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ماركس زىيادە چارچاشتىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1883 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. ماركسنىڭ ۋاپاتى خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ يوقىتىش بولدى. شۇم خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرى چەكسىز ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن بۇ خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازىغا تەزىيە بىلدۈردى.

ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتەك ئېغىر ۋەزىپە ئېنگېلسنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ئېنگېلس زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماركستىن قېلىپ قالغان ئارگىناللارنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن، «كاپىتال»نىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ توملىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1885 ـ يىلى ۋە 1894 ـ يىلى يورۇقلۇققا چىقتى. 1880 ـ يىللىرى ئېنگېلس يەنە «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» (1884 ـ يىلى)، «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» (1886 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، قەتئىي ئېغىشماي ماركسىزمنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ماركسىزم خەلقئارا ئىشچىلار ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلىنىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئىنقىلابىي نەزەرىيەنى قوبۇل قىلىدىغان ئىلغار ئىشچىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى.

ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ۋە راۋاجلىنىۋاتقان، ماركسىزم كەڭ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرىدە تەبىئىي ھالدا خەلقئارادىكى ئىشچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشچىلارنىڭ يېڭى

خەلقئارا تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئورتاق تەلىپى قويۇلدى. بۇ تەلەپ 1880 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا ئېنگېلس: ھازىرقى دەۋردە يېڭى ئىنتېرناتسيونالنى قۇرۇش بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسىچە، يېڭى قۇرۇلىدىغان ئىنتېرناتسيونال «ئەمدى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلات بولماستىن، بەلكى ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلات بولاتتى»[①]. شۇڭا، بۇنداق بىر خەلقئارا تەشكىلاتنى قۇرۇشقا يېنىكلىك قىلىشقا بولمايتتى.

لېكىن، بىرىنچى ئىنتېرناتسيونال تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەتسىزچىلەر، ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى ۋە فرانسىيەدىكى مۇمكىنچىلەر دەرھال خەلقئارا يېڭى تەشكىلات قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ھەمدە مۇشۇنداق رەھبەرلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ماركسىزمنىڭ خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئىدى.

1889 ـ يىلى فرانسىيەدىكى مۇمكىنچىلەر مۇشۇ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئارا ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىش تەكلىپىنى بېرىپ، ماركسىزمغا قارشى خەلقئارا ئىشچىلار تەشكىلاتىنى قۇرماقچى بولدى. ئېنگېلس مۇمكىنچىلەر ۋە باشقا ماركسىزمنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ خەلقئارا تەشكىلات قۇرۇپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشىنى ھەمدە مۇمكىنچىلەر ئاچماقچى بولغان خەلقئارا قۇرۇلتايغا تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىشىپ، دەرھال

---

① ئېنگېلس: «جون فىلىپ بېككېرگە يېزىلغان خەت (1882 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 35 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 268 ـ بەت.

فىرانسىيەدىكى گېدچىلارنى قوزغاپ خەلقئارالىق ماركسىزمچە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، 68 ياشقا كىرىپ ياشىنىپ قالغان ئېنگېلس قۇرۇلتايىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قىزغىن كىرىشىپ كەتتى.

لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە بېلگىيە، گوللاندىيە ئىشچىلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى فىرانسىيەدىكى مۇمكىنچىلەر بىلەن مۇرەسسەلىشىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. ئېنگېلس بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىپ، كېلىشتۈرگۈچىلەرنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلدى ھەمدە مۇمكىنچىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلدى. نەتىجىدە مۇمكىنچىلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلار پەقەت ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيسى بىلەن ئەنگلىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى بولدى. لېكىن، گېدچىلارنىڭ تەكلىپى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. قىزىقارلىقى شۇكى، ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ داھىيسىغا ۋە مەقسەتلىرىگە قارشى چىقىپ، ماركسىزمچە قۇرۇلتايغا ۋەكىل ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىقى، مۇمكىنچىلەرنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشمايدىغانلىقى ھەققىدە باياناتى ئېلان قىلدى. ياۋروپادىكى نۇرغۇن پىرولېتارىيات تەشكىلاتلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باياناتلارنى ئېلان قىلدى.

## 2. فىرانسىيە قۇرۇلتىيى ۋە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇشى

1889 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى فىرانسىيە خەلقىنىڭ باستىي تۈرمىسىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە

كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى پارىژدا ئىككى قۇرۇلتاي تەڭ ئېچىلدى. ئېنگېلس تەشكىللىگەن ماركسىزمچىلار قۇرۇلتىيىغا 22 مەملىكەتتىن 393 ۋەكىل قاتناشتى. ئۇنىڭغا ياۋروپادىكى ھەممە مەملىكەتلەر دېگۈدەك ۋەكىل قاتناشتۇردى، ئامېرىكا، ئارگېنتىنانىڭ ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىمۇ ۋەكىل قاتناشتۇردى. مۇمكىنچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر كۆپ بولۇپ، 550 ئادەمگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەلىكلەرلا 477 ئادەم بولۇپ، باشقا توققۇز دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر ئاران 80 ئادەم ئىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدىن قارىغاندا، بۇ قۇرۇلتاي پەقەت بىرلا تەرەپ — مۇمكىنچىلەرنىڭلا قۇرۇلتىيى بولۇپ قالغانىدى. بۇ پاكىتلار مۇمكىنچىلەرنىڭ يېڭى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ماركسىزمچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىچىدە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرى خېلى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، گېرمانىيەلىك بېبېل، ۋېلھېلم لىبكنېخت، زېتكىن، فىرانسىيەلىك لافارگ، گېد ۋە رۇسىيەلىك پلېخانوخلار بار ئىدى. ماركسنىڭ قىزى ئېلىنو ئېۋېلىڭمۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ئېنگېلس «كاپىتال»نى نەشر قىلىش، بېسىش خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىدى. لېكىن، ۋەكىللەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ۋەكىللەر ئىچىدە ماركسىزمچىلار بولۇپلا قالماستىن، ھۆكۈمەتسىزچىلەرمۇ، سوتسىيال ئىسلاھاتچىلارمۇ بار ئىدى.

قۇرۇلتايدا خەلقئارا ئەمگەكچىلەر قانۇنى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، بېبېل ئوتتۇرىغا قويغان مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدىكى قارارى ماقۇللاندى. قاراردا كاپىتالىزمنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىشچىلار سىنىپى تېخىمۇ

دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە سىياسىي بېسىمغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىشچىلار سىنىپى بارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ (يىغىلىش، گېزىت تەشۋىقاتى، تەلەپ سۇنۇش ۋە نامايىش قىلىش قاتارلىق)، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمگەكچىلەر قانۇنى تۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سەككىز سائەتلىك ئىش ۋاقتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئەمگەكچىلەرنى قوغداش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش، بالا ئىشچىلار ۋە ئايال ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئېغىر ئەمگەك تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىلىرى كۆرستىلدى.

قۇرۇلتايدا يەنە سىياسىي كۈرەش بىلەن ئىقتىسادىي كۈرەش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللاندى. قاراردا ئىقتىسادىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر قانۇننى تۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش — ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ۋاسىتىسى. لېكىن، «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىغا تايىنىشلا (ئىشچىلار بىرلەشمىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى) كۇپايە قىلمايدۇ»، «باشقا سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن قەتئىي مۇرەسسە قىلمايدىغان سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيە»نى قۇرۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك، كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان سىياسىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك، «پەقەت بىر سىنىپ سۈپىتىدە تەشكىللەنگەن پرولېتارىيات خەلقئارادا ئورتاق تىرىشقاندىلا، پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىلا، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئومۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىنلا، ئەمگەك بىلەن ئىنسانىيەت ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشىدۇ». پرولېتارىياتنىڭ سايلام ھوقۇقى بولغان ئەللەردە ئۆزلىرىنىڭ سايلام ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھازىر تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەتنى

تارتمۇبلمشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

قۇرۇلتاي «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مەسىلىسى ھەققىدىمۇ توختالدى. ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ 1886 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى ئىش تاشلاش كۈرىشى ۋە ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ 1890 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئومۇمىي ئىش تاشلىماقچى بولغانلىقىنى قارار قىلغانلىقىنى قوللاش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي فىرانسىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ھەققىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. قاراردا: ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلىرى ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تەشكىللىنىپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىندى.

قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىنغان باشقا بىر مۇھىم مەسىلە مۇنتىزىم ئارمىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنى قوراللاندۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى بولدى. قۇرۇلتاي قاراردا مىلىتارىزمنى ئەيىبلەپ، مىلىتارىزم بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ــ كاپىتال ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل قورال، ئۇ خەلققە ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئېغىر بېسىم كەلتۈرىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا قاراردا ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي ئىشلار لايىھەسىنى ئاغدۇرۇپ، مۇنتىزىم ئارمىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، «ئومۇمىي خەلقنى قوراللاندۇرۇشنى مۇنتىزىم ئارمىيەنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش»، تىنچلىق ۋە دېموكراتىيەنى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، پارىژدا ئېچىلغان قۇرۇلتاي ئاساسىي جەھەتتىن ماركسىزمچە پىروگراممىا تۈزۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يېڭى ئىنتېرناتسىيونال ــ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى جاكارلاش ئىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالدى بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىدىيەۋى رەھبەرلىكى ۋە تەشكىللىشى

رەھبەرلىكىگە مەنسۇپ ئىدى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئېچىلغان قۇرۇلتايدىمۇ ئېغىر كەمچىلىك ساقلاندى. قۇرۇلتايدا سۆزلەنگەن بەزى ئاغمىچىلىقتا دائىر خاتا سۆزلەر، نەزەرىيەلەرگە جايىدا تەنقىد بېرىلمىدى ياكى ئۇ رەت قىلىنمىدى، ئاۋستىرىيەنىڭ ۋەكىلى ۋىكتور ئادلېر قۇرۇلتايدا پرولېتارىيات ھەرىكىتىگە ئىنتايىن زىيانلىق بولغان كاپىتالىزمنىڭ ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىش ھەققىدىكى نەزەرىيەسىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلدى. ئۇ: كاپىتالىزم ھېچقانداق ئىنقىلابسىزمۇ ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىش يولىغا قاراپ ماڭىدى. ئىشچىلار سىنىپى پاسسىپ ھالدا كۈتسىلا بولىدۇ، دەپ قارىدى. شوتلاندىيە ئىشچىلىرىنىڭ داھىيسى گائىل خاردى سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەرقانداق ئىنقىلابتىنمۇ بەكرەك قىممەتكە ئىگە دەپ ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققاندى.

# 2 ـ بۆلۈم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال

## 1. ئېنگېلسنىڭ پارلامېنتچىلار ۋە قانۇنىيچىلارغا قارشى كۈرىشى

ئېنگېلس رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال دەسلەپتە يەنىلا ئىنقىلابىي ماركسىزمچە خەلقئارا تەشكىلات ئىدى. ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ پائالىيىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. گېرمانىيەدە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا 1890 ـ يىلى سوتسىيالىزمغا قارشى تۈزۈلگەن «پەۋقۇلئاددە قانۇن» بىكار قىلىندى. ئەنگلىيە ئىشچىلار

ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى رەھبەرلىكىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، 1890 ـ يىلى سەككىز سائەتلىك ئىش ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پارلامېنت سايلىمىدا سوتسىيالىزمچىلار ئېرىشكەن سايلام بېلەتى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ پارلامېنتقا ئەزا بولۇپ سايلىنىش نىسبىتى كۆنسېرى كۆپەيدى. ئۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. سوتسىيالىستىك ئىدىيەدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىبات پائالىيەتلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمگە يەتكەچكە، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئىشچىلار ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا كىردى ياكى كوپېراتسىيەلەرنى قۇردى. لېكىن، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال پائالىيەتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاغمىچىلىقىنىڭ بىخلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

1891 ـ يىلى بىريۇسسېلدا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى نامايىشنى 5 ـ ئاينىڭ تۇنجى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈشكە ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپنىڭ مەقسىتى ئىنتايىن روشەن، ئۇلار كاپىتالىستلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىستىكىدە ئىدى، چۈنكى ئىشچىلار 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نامايىش ئۆتكۈزسە خىزمەت توختىتىشقا توغرا كېلەتتى. ناۋادا مۇشۇ تەكلىپ بويىچە ئىش كۆرۈلسە، «1 ـ ماي» بايرىمى ئىنقىلابىي جەڭگىۋارلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتاتتى. لېكىن، قۇرۇلتاي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ سۇيىيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولدى.

ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىشچىلار ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نامايىش ئۆتكۈزۈپ تۇردى.
1893 ـ يىلى سىيۇرىختا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ سىياسەت تەدبىرلىرىگە ئائىت مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە قارار ماقۇللاندى. قارار دا: ئىشچىلار سىنىپى چوقۇم سايلام ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى كاپىتالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالىدىن پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق قورالىغا ئايلاندۇرۇش» تەرغىب قىلىندى. لېكىن، قارار دا پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەسىلىسى بىلەن پرولېتارىيات ئىنقىلابى مەسىلىسى بىرلەشتۈرۈلمىدى. ئەكسىچە، «سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈرەشنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ھەرقايسى ئەللەر ئۆز دۆلىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە شارائىتىغا قاراپ ئەركىن تاللىشى» تەلەپ قىلىندى. بۇ تەلەپ ئەمەلىيەتتە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈمىدىنى پارلامېنتتىكى كۈرەشكە باغلىغانلىق ئىدى.
شۇڭا، ئېنگېلس ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ بۇ خىل ئاغمىچىلىق خاھىشىغا قارشى پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن كۈرەش قىلدى. سىيۇرىختا ئېچىلغان قۇرۇلتايغا ئۆزىمۇ قاتناشتى. ئۇ قۇرۇلتايدا سۆزگە چىقىپ، پرولېتارىيات كۈرىشىدە پارلامېنتچىلىق ۋە سىياسىي ئىسلاھاتلارنىڭ رولىنى يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى.
1891 ـ يىلى ئېنگېلس گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، ماركس يازغان «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»نى ئېلان قىلدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە قايتا نەشر قىلىنغان بىر قاتار ماركس ئەسەرلىرىگە قايتا كىرىش سۆز يېزىپ ئاغمىچىلارنى پاش قىلدى ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشىگە توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ تۆۋەندىكى ئورتاق پىرىنسىپلارنى قايتا ـ قايتا

تەكىتلىدى: ئىشچىلار سىنىپى مۇستەقىل سىياسىي پارتىيەسى بولمىسا، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالمىسا، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىلىش بولمىغان جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ئېنگېلس ئاخىرقى ئۆمرىدىكى پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئاغمىچىلىق خاھىشىغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال ئاساسىي جەھەتتىن ئىنقىلاب يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن، 1895 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېنگېلس ۋاپات بولدى. ئېنگېلسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاغمىچىلار تەدرىجىي ھالدا ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

## 2. ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالدا ئاغمىچىلارنىڭ كۈچىيىشى

ئېنگېلس ۋاپات بولۇپ ئىككىنچى يىلى (1896 ـ يىلى) ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ لوندوندا ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا ئاغمىچىلارنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى روشەنلەشتى. قۇرۇلتاينىڭ «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پائالىيىتى» ھەققىدىكى قارارىدا، گەرچە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنىڭ مۇھىملىقى ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۇسۇلى جەھەتتە پەقەت پارلامېنت سايلىمىنىلا تەكىتلەندى ھەمدە ئىشچىلار تۈۋەندىكى مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىلدى: «بارلىق قۇرامىغا يەتكەن پۇقرالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك سايلام ھوقۇقى بولۇشى، ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن پۇقرانىڭ سايلىنىش ھوقۇقى بولۇشى، بىلەت تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق سايلام ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.»

قۇرۇلتايدا يەر مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە يەر مەسىلىسى ھەققىدە قارار ماقۇللاندى. قاراردا گەرچە

كاپىتالىزم دېھقانلارغا كۆندىن ـ كۈنگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. پەقەت سوتسىيالىزم شارائىتىدىلا بۇ بالايىئاپەتلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ توغرا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلار مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشقا كەلگەندە، قۇرۇلتايدا ھېچقانداق كونكرېت فاكتېن ۋە ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالدىكى ھەرقايسى ئەل پارتىيەلىرى پرولېتارىيات ئىنقىلابىدا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مەسىلىسىگە سەل قارىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىن قورقىدىغانلىقىنى، پرولېتارىياتنى ئىنقىلاب قىلىشقا يېتەكلەپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1900 ـ يىلىدىكى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پارىژ قۇرۇلتىيىدا، ئاغمىچىلار ئۆزلىرىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا ئۆتۈش تارىخىي ئۆزگىرىش پەيتىدە بېرنشتېيىن رېۋىزىئونىزمى ئوتتۇرىغا چىقتى. فىرانسىيە مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلىرىدىن مىللېراندنىڭ ئىچكى كابىنېتقا كىرىشى بېرنشتېيىن رېۋىزىئونىزمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىدى. بۇ ئىككى ئىش خەلقئارا ئوچۇق ئاغمىچىلىق ئىدىيەۋى دولقۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پارىژدا ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدىكى مىللېراندنىڭ ئىچكى كابىنېتقا كىرىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىش جەريانىدا، سوتسىيالىزمچىلارنىڭ بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنتايىن كەسكىن مۇنازىرە قانات يايدى ھەمدە ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل پىكىر ئوتتۇرىغا چۈشتى. بىرىنچى خىل پىكىردىكىلەر گېد باشچىلىقىدىكى ئىچكى كابىنېتقا كىرىشكە قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلار گېد ـ فېررى قارار لايىھەسىدە: «بۇرژۇئازىيە تۈزۈمى ئاستىدا ئىجتىمائىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشتا پەقەت پارلامېنتتىكى ئەزالىق ھوقۇقىقا تايىنىشقا

www.uyghurkitap.com

توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئىشتا پارتىيە ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىشى، يەنى ئىشچىلار سىنىپىدىن تەشكىللەنگەن سىياسىي پارتىيەگە تايىنىشى كېرەك، سوتسىيال پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىگە قاتنىشىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

يەنە بىر خىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەر ژورېس باشچىلىقىدىكى ئىچكى كابىنېتقا كىرىش تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلار «ئىككى خىل ئۇسۇل» دېگەن ھۆججەتتە: مىللېراندىنىڭ ئىچكى كابىنېتقا كىرىشىنى «سوتسىيالىست پارتىيەسىنىڭ راۋاجلانغانلىقى ۋە قۇدرەت تاپقانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتى» دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. ئۇلار مىللېراند ئىچكى كابىنېتقا كىرىپ جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزۇپ قالدى ھەمدە «سىياسىي جەھەتتە بۇرژۇئازىيەنى مەھرۇم قالدۇرۇشقا باشلىدى» دېيىشتى.

قۇرۇلتايدىكى ئۈچىنچى خىل پىكىردىكىلەر كائۇتسكىي باشچىلىقىدىكى «بىتەرەپ گۇرۇھى» ئىدى. كائۇتسكىي ئوتتۇرىغا قويغان قارار لايىھەسىدە: «ئايرىم ساندىكى سوتسىيالىستلارنىڭ بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىگە قاتنىشىشىنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ نورمال باشلىنىشى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئىلاجسىز ئەھۋالدا قوللانغان ۋاقىتلىق، پەۋقۇلئاددە ۋاستە دەپ قاراشقىلا بولىدۇ. ئەگەر ئايرىم ئەھۋالدا سىياسىي ۋەزىيەت مۇشۇنداق تەۋەككۈللارچە سىناپ بېقىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ تەدبىر مەسىلىسى بولىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ پىرىنسىپاللىق مەسىلە بولمايدۇ. ئىنتېرناتسىيوتالنىڭ قۇرۇلتىيى بۇ ئىشقا ئالاھىدە پىكىردە بولمىسىمۇ بولىدۇ» دېيىلگەنىدى. قۇرۇلتايدا 29 بېلەت بىلەن كائۇتسكىينىڭ قارار لايىھەسى ماقۇللاندى. ئىتالىيە سوتسىيالىست پارتىيەنىڭ ئەزاسى ئېنكو فېررى بۇ قارار لايىھەسىنى «رېزىنكىسىمان قارار» دەپ ئاتىدى.

قۇرۇلتايدا بۇلاردىن باشقا يەنە تەشكىلىي مەسىلىلەرمۇ مۇزاكىرە قىلىندى. 1900 ـ يىللارغا كەلگۈچە ئىككىنچى

ئىنتېرناتسىيونالدا مۇئەييەن شەكىلدىكى دائىملىق رەھبەرلىك ئورگىنى ئېنزچىل بولماي كەلدى، بۇ بىر چوڭ ئاجىزلىق ئىدى. ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، شۇنداقلا ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قۇرۇلتايدا قارار چىقىرىلىپ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى، يەنى خەلقئارا سوتسىيالىزم بيۇروسى قۇرۇلدى. لېكىن، بۇ بيۇرو ھەقىقىي رەھبەرلىك ئورگان بولماستىن، ئۇنى پەقەت خەت ـ ئالاقە ۋە ئىستاتىستىكىلاش مەركىزىي ئورگىنى دېيىشكىلا بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پارتىيەلىرى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈۋېرەتتى.

ئاغمىچىلارنىڭ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالدا باش كۆتۈرۈشى، تەبىئىيكى ئېنگېلسنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. لېكىن، ئەڭ تۈپكى سەۋەبنى يەنىلا دەۋر شارائىتىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئاغمىچىلارنىڭ كۈچىيىشىنى كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابەت ئاساسىدا جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جاھانگىرلار ئاغمىچىلارنىڭ سىنىپىي ئاساسىنى كېڭەيتمۇەتتى. بۇرژۇئازىيە ئۆزلىرى ئېرىشمۇاتقان يۇقىرى نىسبەتتىكى پايدىسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى چىقىرىش ئارقىلىق، يۇقىرى قاتلام ئىشچىلىرىنى سېتىۋالدى (مەسىلەن، ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن). شۇنىڭ بىلەن، يۇقىرى قاتلامدىكى بۇ ئىشچىلار ئاغمىچىلارنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندى.

ئىككىنچىدىن، ئىشچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىزم ھەققىدىكى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرىدە، سوتسىيالىزمغا ئىشىنىدىغان ئىشچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بۇرژۇئازىيەنى كەڭ ساھەلەر بويىچە ئەمگەك قانۇنى چىقىرىشقا

مەجبۇر قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئىشچىلىرى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇرژۇئازىيەنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشى ئاغمىچىلار ئۇچۇن ئازدۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

ئۈچىنچىدىن، مونوپول كاپىتالنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بىلەن، نۇرغۇن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋەيران بولۇپ، پرولېتارىيات قوشۇنىغا تۆركۈلەپ كىردى. ئۇلار ئىشچىلار ئارىسىغا ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىللە ئەكىردى. ئۇلار بۇرژۇئازلىق ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايتتى. بۇ خىل ئىدىيەۋى تونۇشلارمۇ ئاغمىچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساس بولدى.

تۆتىنچىدىن، ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كوپېراتسىيە قاتارلىق تەشكىلاتلاردىكى كادىرلار ئاممىدىن تەدرىجىي ئايرىلىپ بيۇروكراتلارغا ئايلاندى، ئىشچىلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمىدى. تۇرمۇشتىكى ئەۋزەل مۇئامىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئىنقىلابىي كۈرەشتىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۇرۇندى.

يىگىرمىنچى باب

# 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئاسىيا

«ئەركىن» كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىككە كۆتۈرۈلۈش ئۆتكۈنچى مەزگىلىدە غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئاسىيا قىتئەسىنى بۆلۈشۈپ بولغانىدى. چاۋشيەن، ۋيېتنام، بىرما ۋە ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. جۇڭگو، ئىران، تايلاند، تۈركىيەلەر يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈۋالدى.

بۇ دەۋردىكى ئاسىيانىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى قاتمۇقات توسالغۇلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولماقتا، يېڭى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ــ كاپىتالىزم بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. شەكىللەنگەن ياكى شەكىللىنىۋاتقان يېڭى سىنىپ ــ بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى بىر ئىدىيەۋى ئېقىم ــ بۇرژۇئا مىللەتپەرۋەرلىكى بىلەن دېموكراتىزم بارلىققا كەلدى. بۇ ئەھۋاللار ئاسىيا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

بۇ مەزگىللەردە ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەردە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۈۋەن قاتلام خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى يۈز بەردى. بۇنىڭ مۇھىملىرى ۋيېتنامدىكى ئەنشى دېھقانلىرىنىڭ فرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭلىرى

www.uyghurkitap.com

(1887 ~ 1913 ـ يىللار)، چاۋشيەندىكى جياۋۇ دېھقانلار ئۇرۇشى (1894 ~ 1895 ـ يىللار)، فىلىپپىندىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى بىلەن ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشى (1894~ 1902 ـ يىللار)، جۇڭگودىكى يىخېتۇەنچىلەر ھەرىكىتى (1900 ~ 1901 ـ يىللار) قاتارلىقلار.

بۇ مەزگىلدە ئاسىيادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەردە يەنە پومېشچىك بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنى يادرو قىلغان بۇرژۇئا ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى پەيدا بولدى، جۈملىدىن ئاساسلىقى ئىراندىكى پادىشاھلىق ـ ئاساسىي قانۇنچىلىق ھەرىكىتى، تۈركىيەدىكى يېڭى ئوسمانىيەچىلارنىڭ ئاساسىي قانۇنچىلىق ھەرىكىتى، جۇڭگودىكى ۋۇشۇ يىلىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى، ھىندىستاندىكى مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسى ھەرىكىتى قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق ھەرىكەتلەر ئىدى. بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزلىرىنىڭ تار دائىرىدىكى ئىسلاھات دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقالمىدى ھەمدە ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشەلمىدى، ھەتتا ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قارشىلاشقاچقا ئۇنۇم كۆرۈلمىدى. ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. ئەمما، بۇ ھەرىكەتلەر ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئېڭىنى قوزغاشتا باشلامچىلىق رول ئوينىدى.

## 1 ـ بۆلۈم چاۋشيەن خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى

### 1. ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە چاۋشيەنىنىڭ يېرىم مۇستەملىكە زېمىنغا ئايلىنىپ قېلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ

مۇستەملىكە تالىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە، بولۇپمۇ جۇڭگو قەدەممۇقەدەم يېرىم مۇستەملىكە بولۇپ قېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، چاۋشيەنمۇ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ بۆلۈۋېلىش خەۋپى ئىچىدە تۇراتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى چاۋشيەن يەنىلا ئاجىز، بېكىنمە ھالەتتىكى فېئودال دۆلەت ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فېئودال پومېشچىكلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە ئېزىشى سەۋەبلىك، دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن، دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭ دولقۇنلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشمۇ ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. لى جەمەتى خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1863 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان دايۋونگۇن (دايۋەنجۈن)[1] ئىچكى جەھەتتە تۆت گۇرۇھنىڭ[2] باراۋەرلىكىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يات كۈچلەرنى ھاكىمىيەت ئورگىنىدىن سىقىپ چىقاردى، ئوفۇللارنى تەسىس قىلىشنى مەنئى قىلىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى. سىرتقا قارىتا «بېكىنىۋېلىش» سىياسىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، چەت ئەللەردىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چاۋشيەننى سىرتقى دۇنيادىن

---

① جوسېيون خانىدانلىقىنىڭ 26 ـ ئەۋلاد پادىشاھى لى شىنىڭ دادىسى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىشاھلىققا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار دايۋونگۇن دەپ ئاتالغان. ئەسلىي شىرەم تۇغقاندىن پادىشاھلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلغان پادىشاھنىڭ دادىسى دايۋونگۇن دەپ ئاتىلاتتى.

② ئەينى ۋاقىتتىكى چاۋشيەننىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۆت گۇرۇھنى، يەنى لاۋلۇنلەر، شياۋلۇنلەر، جەنۇبلۇقلار، شىماللىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇندى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى چاۋشيەننىڭ دەرۋازىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن توپقا تۇتتى. 1866 ـ يىلى فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋە 1871 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ فىلوتى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چاۋشيەن ئارمىيە ـ خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن چېكىندۈرۈلدى.

1873 ـ يىلى مىن جەمەتىنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىدىن بولغان مىنفېي گۇرۇھى ئۆزىنىڭ «پادىشاھ ھاكىمىيەتنى ئۆزى باشقۇرۇش»نى باھانە قىلىپ دايۋونگۇننى تەختتىن چۈشۈردى. لېكىن، ئۇ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن، ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىپ تەسلىم بولدى.

1875 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيەنىڭ «يۇنياڭ» ناملىق ھەربىي پاراخوتى چاۋشيەننىڭ كانخۇا دېڭىز بوغۇزىغا بۆسۈپ كىرىپ، پاراخوت يوللىرىنى ئۆلچەپ سىزدى، چاۋشيەندە ئەسكەر تۇرغۇزۇش قۇتراتقۇلۇقى بىلەن شۇغۇللاندى. زەمبىرەك سۇپىلىرىنى توپقا تۇتۇپ، يېئوڭجۇڭ ئارىلىدا قورۇقلۇققا چىقتى، ئاندىن ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يۇنياڭ» ناملىق پاراخوت ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئايدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى يەنە يەتتە ھەربىي پاراخوت، 1000 دىن ئارتۇق قورۇقلۇق ئارمىيەسىنى ئەۋەتىپ، كانخۇا ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ، چاۋشيەن ھۆكۈمىتىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۆزلىرى بىلەن «دوستلۇق» شەرتنامىسى ئىمزالاشنى زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن تەلەپ قىلدى. مىنفېي گۇرۇھى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا قارىماي، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇپ، ئاتالمىش «ياپونىيە ـ چاۋشيەن دوستلۇق

شەرتنامىسى»، يەنى «كانخۋا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. ئارقىدىنلا يەنە «چاۋشيەن ـ ياپونىيە دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ قوشۇمچىسى»، «چاۋشيەن ـ ياپونىيە سودا قائىدىسى» قاتارلىق كېلىشىملەرنى تۈزدى. بۇ شەرتنامىلەردە: چاۋشيەن پۇسان پورتىدىن باشقا يەنە ئىنچون، ۋونسان پورتلىرىنى ياپونىيەگە ئېچىپ بېرىدىغانلىقى؛ چاۋشيەن بىلەن ياپونىيە «ئەركىن» سودا قىلىدىغانلىقى؛ ياپونىيە ماللىرىدىن چېگرا بېجى ئېلىنمايدىغانلىقى؛ ياپونىيە يېنى چاۋشيەنىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بىمالال ئۆتىدىغانلىقى؛ ياپونىيە ھەرقايسى پورتلاردا كونسۇل تۇرغۇزىدىغانلىقى؛ ياپونلار كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ... بەلگىلەندى. «كانخۋا شەرتنامىسى» مۇستەملىكىچىلەرنىڭ چاۋشيەن خەلقىگە تاڭغان بىرىنچى قېتىملىق تەڭسىز شەرتنامىسى ئىدى. ياپونىيەدىن كېيىن 1882 ـ يىلىدىن 1892 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ چاۋشيەننى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشۇ خىل تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چاۋشيەن تەدرىجىي ھالدا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى.

## 2. رېنشۇ يىلىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىش

«كانخۋا شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن ياپون سودىگەرلىرى تاۋارلىرىنى چاۋشيەنگە تۆكمە قىلىپ سېتىش، يەرلىكنىڭ ئاشلىق ۋە دېھقانچىلىق خام ئەشيالىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش ئارقىلىق چاۋشيەننى تالان ـ تاراج قىلدى. ياپونىيە يېڭىنىڭ پورتلاردا ئوبوروت قىلىنىشى چاۋشيەننىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىگە ۋە ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زەربە

بولدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى. ياپونىيەگە تۆلىنىدىغان سودا پورت ئەسلىھەلىرى چىقىمى كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان ياپونىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى كۈتۈۋېلىش راسخوتى، مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلارغا كېتىۋاتقان كۆپ ساندىكى چىقىم، ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بۇزۇپ - چېچىشى بىلەن دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قېلىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ھەربىيلەرگە تارقىتىلىدىغان مائاشلىق گۈرۈچ ئۈزۈنغىچە تارقىتىلمىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلار مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەل سېتىش، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن تۈرلۈك ئالۋان - سېلىقلارنى سېلىپ خەلقنىڭ يەلكىسىدىكى باجنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قاتمۇ قات بېسىمىغا چىدىمىغان چاۋشيەن خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق قىلدى، جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمراقلىرى: 1875 - يىلىدىكى ئۇلساندىكى خەلق قوزغىلىڭى، 1878 - يىلىدىكى خەنشەندىكى خەلق قوزغىلىڭى، 1880 - يىلىدىكى چاڭنيو، نياۋلىڭ، ئاندۇڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى، 1880 - يىلىدىن 1881 - يىلىغىچە داۋاملاشقان ئىنچوندىكى خەلق قوزغىلىڭى قاتارلىقلار.

خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئەسكەرلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. چاۋشيەن ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمىتى ياپونىيەنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە ئالدىنىپ ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، كونا قوشۇننى قىسقارتىپ يېڭىچە قوشۇننى كۆپەيتىپ تەشكىللەپ، ياپونىيە ھەربىي مەشقاۋۇللىرىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئەمەلىيەتتە ياپونىيەنىڭ چاۋشيەن ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىنىڭ داغدام يولى ئىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ سىياسىتى بىلەن

ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىنى قىسمىشى ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. مىنفېينىڭ ئاكىسى ئەمىرلەشكەر مىن چيەنگاۋ ئەسكەرلەرنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى بېسىش ئۈچۈن، 1882 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇتۇپ قالغان ھەربىي تەمىناتنى تولۇقلاپ تارقىتىشقا قوشۇلدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە تارقاتقىنى ئاران بىر ئايلىقلا گۈرۈچ بولۇپ، بۇ گۈرۈچمۇ ساپ بولماستىن، ئۇنىڭغا قۇم ـ شېغىل ۋە شال تىرىپىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. غەزەپلەنگەن ئەسكەرلەر بۇ خىل گۈرۈچنى ئېلىشنى رەت قىلدى ھەمدە دىجورنى ئۇفىتسېر ۋە ھەربىي ئىسكىلاتچىلارنى ئۇرۇپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى. مىن چيەنگاۋ ۋەقەنىڭ يامراپ كېتىشىدىن قورقۇپ، نامايىشقا باشچىلىق قىلغان ئەسكەرلەرنى قولغا ئالدى. ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىق قىلمىشى «رىنۋۇ يىلىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىش ۋەقەسى»نىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن ئوت پىلتىسى بولدى.

1882 ـ يىلى (رىنۋۇ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سېئۇلدا تۇرۇشلۇق نەچچە مىڭ ئەسكەر لىيۇ ۋەنچۈن، جىن چاڭشۇنلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن سېئۇلدىكى قوزغىلاڭچى ئامما ئۇچرىشىپ، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ئىشغال قىلدى. قوللىرىغا قورال ئېلىپ تۇرمىلەرگە بۆسۈپ كىرىپ قولغا ئېلىنغان ئەسكەرلەر ۋە بىگۇناھ ئاممىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. مىن چيەنگاۋ، مىن تەيگاۋ قاتارلىق نەچچە ۋەزىرنىڭ تۇرالغۇسىغا ئوت قويدى. ياپونىيە ئەلچىخانىسىغىمۇ ئوت قويۇۋەتتى. ياپونىيە مەشقاۋۇلى ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى. ياپونىيە ئەلچىسى خانابۇسا يوشتادا كېچىلەپ ئىنچونغا قېچىپ كېلىۋالدى. ئەتىسى سېئۇلدىكى يېڭى ئارمىيە ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى دېھقانلارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. قوزغىلاڭنىڭ داغدۇغىلىق ۋەزىيىتى بارغانسېرى زورايدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ۋە ئامما خان ئوردىسىغا بېسىپ

كىرگەندە، مىنفېي ئوردا ئاياللىرىچە ياسىنىپ قېچىپ كەتتى. ئوردا ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان مىن چيەنگاۋ، جىن فۇشۇەن قاتارلىق بىرنەچچە ۋەتەن ساتقۇچ ۋەزىر ئاقسۆڭەكلەر ئۆلتۈرۈلدى. باشقا ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار قورقىنىدىن ئوردىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. پۈتكۈل سېئۇل قوزغىلاڭچى قوشۇن ۋە خەلق تەرىپىدىن قامال قىلىندى. لېكىن، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ مىنفېي گۇرۇھىغا قارشى تەرەپتىكى دايۋونگۈنغا ئۈمىد باغلىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دايۋونگۈن قايتىدىن ئوردىغا كىرىپ ئەمەل تۇتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئورنى مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. 8 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە مىنفېي گۇرۇھىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىڭ رۇچاڭ، يۈەن شىكەيلەرنىڭ قوماندانلىقىدا 3000 ئەسكەرنى سېئۇلغا ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچى ئەسكەر ۋە ئاممىنى رەھىمسىزلەر باستۇردى، دايۋونگۈننى تۇتۇپ جۇڭگوغا يالاپ ئەكېلىپ قاماققا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن مىنفېي گۇرۇھى يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

رېنۇۋ يىلىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىش چاۋشيەن يېقىنقى زامان تارىخىدىكى خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، فېئودالىزمغا قارشى تۇنجى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە چاۋشيەننىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى.

1882 - يىلى 8 - ئايدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سېئۇلغا 1500 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، قوراللىق بېسىم ئاستىدا چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنى «ئىنچون شەرتنامىسى» بىلەن «چاۋشيەن - ياپونىيە دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ داۋامى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. شەرتنامىدە: چاۋشيەن ھۆكۈمىتى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 550 مىڭ يۈەن نەپىقە پۇلى تۆلەم تۆلەش، ياپونىيەنىڭ سېئۇلدا قوشۇن

تۇرغۇزۇش ھوقۇقى بولۇش، ياپونىيە ئەلچىلىرى، كونسۇل ۋە باشقا ساھە خادىملىرىنىڭ چاۋشيەننىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە خالىغانچە كىرىپ - چىقىشىغا يول قويۇش قاتارلىقلار بەلگىلەندى. چاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ياپونىيەنى چۈشەپ تۇرۇش ئۈچۈن چاۋشيەندە ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا باشلىدى.

## 3. ئاقارتقۇچىلارنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ۋە جياشېن يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش

مىللىي كىرىزىسنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ چاۋشيەندىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھات قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاقارتقۇچىلار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئاساسلىقى چەت ئەل كاپىتالىزمى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاقسۆڭەك ياش زىيالىيلار ۋە ئەمەلدارلار ئىدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىرى خۇڭ يىڭجى، جىن يۇجۇن، پياۋ يۇڭشاۋ قاتارلىقلار ئىدى. چاۋشيەننىڭ سودا پورتلىرى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇلار ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ياپونىيەنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىدىكى يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنى كۆرۈپ، فېئوداللىق ئاسارىتىدىكى چاۋشيەننىڭ قالاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ كەلگۈسىدىكى كىرىزىسنى تونۇپ يېتىپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئۆلگە ئېلىپ «مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىققا كۆچۈش» يولىدا مېڭىشنى، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، چاۋشيەننى ئاقارتىپ ياپونىيەگە ئوخشاش يېقىنقى زامان مۇستەقىل دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسى ئىنتايىن زەئىپ چاۋشيەن بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسى ۋە خەلقنىڭ قۇدرەتلىك مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش تەلىپىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈردى.

uyghurkitap.com

سېئۇل قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاقارتقۇچىلار بىلەن مىنفېي گۇرۇھىدىكى كونىلىقنى ساقلاش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى. ئاقارتقۇچىلار مەملىكەت ئىچىدە پادىشاھ لى شىغا تايىنىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، مەملىكەت سىرتىدا بولسا ياپونىيەدىن ياردەم تىلەشكە ئۇرۇندى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بولسا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مىنفېي گۇرۇھىنى قوللاۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقىتىش، چاۋشيەننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئاقارتقۇچىلارنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇلاردىن پايدىلاندى ۋە ياپونپەرەس كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

1882 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقارتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئاچتى، دېھقانچىلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلدى، ساقچى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنى تەسىس قىلدى، «سېئۇل ئون كۈنلۈك گېزىتى»نى نەشر قىلدى ھەمدە ئىككى تەبىقە① سىرتىدىكى ئاددىي پۇقرالار ئىچىدىنمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ياپونىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن، ھوقۇقدارلار، كونىلىقنى ساقلىغۇچىلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى ئانچە زور بولمىدى.

1883 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاقارتقۇچىلار كونىلىقنى ساقلىغۇچىلارنى يوقىتىش سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاش ئۈچۈن پائال ھازىرلىق كۆردى. ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ چاۋشيەندىكى ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق ئاقارتقۇچىلارنى «قوللايدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈشتى. 1884 ـ يىلى (جياشېڭ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە ئاقارتقۇچىلار ياپونىيەنىڭ

---

① ئەمەلدارلار ئىچىدىكى قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلارنى كۆرسىتىدۇ.

چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى تاكىزوئې شىنىچىرونىڭ پىلانلىشى بىلەن پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتىن پايدىلىنىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. ئۇلار ياپونىيە ئارمىيەسىگە تايىنىپ كونىلىقنى ساقلىغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى مىن تەيگاۋ، مىن يۇڭمۇ، جاۋ نىڭشيا قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى. ئەتىسى ئاقارتقۇچىلار پادىشاھنى قىسماققا ئېلىپ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. 6 ـ كۈنى سەھەردە يېڭى ھۆكۈمەت سىياسىي پىروگرامما ئېلان قىلىپ، تاقاقنى بىكار قىلىش، پۇقرالار بابباراۋەر بولۇش، ئارتۇق ئەمەلدارلارنى قىسقارتىش، بۇزۇقچىلىق، خىيانەتچىلىكنى جازالاش، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئارمىيەنى تەرتىپكە سېلىش، مالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سودا ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش، پادىشاھ بىلەن ئوردىنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسىي پىروگراممىنىڭ مەقسىتى چاۋشيەننىڭ فېئوداللىق دۆلەت تۈزۈمىنى بۇرژۇئازىيە دۆلەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئىدى، لېكىن ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ماھىيەتلىك مەسىلە ــــ يەر مەسىلىسىگە تەگمىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى ئاممىدىن ئايرىلغان ھالەتتە قىلىنغانلىقتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمىيەسى مىنفېي گۇرۇھىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ ياپونىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلدى. ياپونىيە ئەلچىسى ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئارمىيەنى باشلاپ قاچتى. خوڭ يىڭجى قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جىن يۇجۇن ياپونىيەگە قېچىپ كەتتى. ھاكىمىيەت يەنە كونىلىقنى ساقلىغۇچىلار قولىغا ئۆتتى. جياشېن يىلىدىكى سىياسىي

ئۆزگىرىشىمۇ مەغلۇپ بولدى.
جىياشىن يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش فېئودال ئىككى تەبىقىدىن چىققان ھەمدە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىدىيەۋى تەسىرىگە ئۇچرىغان ياش زىيالىيلار رەھبەرلىكىدىكى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق توسىنى ئالغان سىياسىي ھەرىكەت بولدى. بۇ قېتىملىق ئىسلاھات ھەرىكىتى گەرچە ئۇزۇل - كېسىل بولمىسىمۇ، لېكىن فېئوداللىق چاۋشيەن دۆلىتىنى يېقىنقى زامان كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇش بولدى. ئۇنىڭ ئىلغارلىق تەرىپى بار، لېكىن ئاقارتقۇچىلار خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكسىچە، چاۋشيەن خەلقى قاتتىق بىزار بولغان ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىدىن ياردەم تىلىدى، ياپونىيەمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاۋشيەننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلاشتى. شۇنداق قىلىپ، ئاقارتقۇچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى چاۋشيەننىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى ۋە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىدى. جىن يۈجۈن ياپونىيەگە قاچقاندىن كېيىن ئۇ يەردە پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغانىدى. 1894 - يىلى چاۋشيەندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئەۋەتكەن ئادەملەر تەرىپىدىن شاڭخەيدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ جەسىتى سېئۇلغا يۆتكەپ كېلىنىپ پارە - پارە قىلىۋېتىلدى.
جىياشىن يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرى سېئۇلغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «سېئۇل شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. شەرتنامىدە: ياپونىيەدىن يازمىچە كەچۈرۈم سوراش، ياپونىيەنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى بىلەن ھەربىي لاگېر

سېلىش خىراجىتى ئۈچۈن 130 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەش، ياپونلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى جازالاش قاتارلىقلار بەلگىلەندى.

## 4. جياۋۇ يىلىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى

جياشېن يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ چاۋشيەننى تالان ـ تاراج قىلىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا چاۋشيەننىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىن ئۆزلىرىگە ۋاكالەتچى ئىزدەشكە ۋە يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى. ئەنگلىيە 1885 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گېئومۇندو ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ياپونىيەمۇ ھەربىي ھازىرلىقنى كۈچەيتىپ، «سېئۇلغا جازا يۈرۈشى قىلىش» چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى قوزغاشقا تەييارلىق كۆرۈپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ياپونىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭسىز شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ ھەرخىل ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى. تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېـ ۋېتىش، ئاشلىق ۋە خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش ئارقىلىق چاۋشيەن خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئىنچون، ۋونسان، پۇسان قاتارلىق ئۈچ پورتتىن ئېلىنغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1885 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ چاۋشيەنگە چىقارغان تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان، 1892 ـ يىلى كۆپىيىپ 2 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. ياپونىيە سودىگەرلىرى يېزىلارغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى. ئەتىيازدا دېھقانلارغا ئاز مىقداردا قەرز بېرىپ، كۈزدە ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى تارتىۋالدى. سودىگەرلەرنىڭ دېھقانلاردىن ئاساسلىق تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تارتىۋېلىشى

www.uyghurkitap.com

چاۋشيەندە ئاشلىق كەمچىل بولۇشىنى، ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1889 ـ يىلى ئاچارچىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. خامگيۇڭدىكى بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ياپونىيەلىك جازانىخور سودىگەرلەر ئەكەتكەنلىكتىن ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن دېھقانلار ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولدى. ياپونىيە كاپىتالىستلىرى يەنە چاۋشيەننىڭ پۇل مۇئامىلە، بېلىقچىلىق ساھەلىرىنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ھەرخىل ترانسپورت شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، چاۋشيەننىڭ ترانسپورت ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى، تاشقى سودىنى تىزگىنلىۋالدى. ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ تاۋارلىرىمۇ جۇڭگونىڭ دەللال سودىگەرلىرى ئارقىلىق چاۋشيەنگە ئۈزۈلمەي توشۇلدى. 1887 ـ يىلى چاۋشيەنگە كىرگەن تاۋارنىڭ قىممىتى 2 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

جياشېن يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن غايەت كۆپ ساندىكى تۆلەم تۆلەش، زور مىقداردىكى تاشقى قەرزگە بوغۇلۇش، شۇنداقلا ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇزۇپ ـ چېچىشى، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتكە تويۇنۇپ كېتىشى بىلەن، دۆلەت مالىيەسىنىڭ چىقىمى تېز كۆپەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاقسۆڭەك بيۇروكراتلار غالجىرلارچە قوشۇمچە يەر ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ باجسىز، باج ئوغرىلاش بىلەن تېرىقچىلىق قىلغان يېرىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1893 ـ يىلى ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك يېرىنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت تېرىقچىلىق يېرىمىنى ئىگىلىدى، شۇڭا دۆلەتنىڭ باج كىرىمى بارغانسېرى ئازلاپ مالىيەدىكى زىيان كۆپەيدى. فېئودال ھۆكۈمرانلار مالىيەدىكى زىياننى تولۇقلاپ كۆپلەپ بايلىق ئۇندۇرۇش ئۈچۈن خالىغانچە پۇل تارقاتتى، باجنى كۆپەيتتى. خىيانەتچى ئەمەلدارلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مال باھاسىنى ئۆستۈردى. يايى، مۇلازىملارمۇ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ

خەلقنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلار خەلقنى خانىۋەيران قىلدى، كىشىلەر ئۆي ـ ماكانسىز قالدى، يېزا ـ كەنتلەردىكى خەلقنىڭ ئاھۇ نىداسى پەلەككە يېتىپ ھەممە يەردە نارازىلىق كۆتۈرۈلدى.

دۆلەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ ئاچ كۆزلەرچە قىسىشى بىلەن، خەلق قولىغا قورال ئېلىپ قوزغالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تارتىپ پۈتۈن مەملىكەتتە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. ياپونىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولغان چاۋشيەننىڭ جەنۇبىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئەڭ كەسكىن، ئۈزلۈكسىز بولدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار يامۇللارغا، خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى، جازانىخورلار ۋە ياپونىيە سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈردى. «ياپونلارنى، ئەجنەبىيلەرنى قوغلاش» دەبدەبىلىك قانات يايدى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دولقۇنى شەرق مەسلىكى ھەرىكىتىگىمۇ تۇرتكە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇرىتلىرى «ئەرز ـ شىكايەت قىلىش»① ھەرىكەت شەكلىنى تاشلاپ، دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىشقا باشلىدى. چاۋشيەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان جياۋۇ يىلىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە يۈز بەردى.

1893 ـ يىلى چاۋشيەننىڭ ھەممە يەرلىرى قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ھەممە يەرلەرنى ئاچارچىلىق قاپلىدى، لېكىن خىيانەتچى ئەمەلدارلار يەنىلا ئۆز قىلمىشىدىن قول ئۈزمەي

---

① 1860 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گىيوڭساناملو ئۆلكىسىنىڭ گىيوڭجۇ دېگەن يېرىدىن بولغان سۇي جىيۇي دېگەن ئادەم شەرق مەسلىكىنى ئىجاد قىلدى. شەرق مەسلىكى ھەرىكىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى چاۋشيەن خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. بۇ ھەرىكەت فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان مەزگىلدە شەرق مەسلىكى مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى سۇي جىيۇگە دەرد ـ ئەلەمنى ئېيتىش بىلەن دىن تارقىتىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

دېھقانلارنى تالان - تاراج قىلدى. چوللا ئۆلكىسى گۇفۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلدارى جاۋ بىڭجىيا خەلقنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشىگە قارىماي تۈمەن كىشىلىك دېھقان ئىشلەمچىلەرنى «تۈمەن تاشلىق» سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا مەجبۇرىي ئىشلەتتى. ئۇ يەنە دېھقانلاردىن قانۇنسىز ھالدا سۇ بېجى يىغىپ، دېھقانلارنى بىر سۆڭەك، بىر تېرە قىلىپ قويدى. مانا بۇ ئىشلار دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۈچۈن سەۋەبچى بولدى. 1894 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گۇفۇ، تايئەن قاتارلىق ئىككى جايدا غەزەپلەنگەن نەچچە مىڭ دېھقان قولىغا تاياق، توقماق، ئوتمغۇچلارنى ئېلىپ، گۇفۇ ۋىلايەتلىك يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى تارتىۋالدى، تۈرمىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ مەھبۇسلارنى ئازاد قىلدى. ئامبارلارنى ئېچىپ قانۇنسىز يىغىۋالغان سۇ بېجى گۈرۈچىدىن 4000 دادەننى دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، يەر خېتى ۋە قول - دېدەكلەرنىڭ تىلخەتلىرىنى كۆيدۈردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى شەرق مەسلىكى مۇرىتى چۆەن بېڭجۇن (1854 ~ 1895) ئىدى. ئۇ چوللا ئۆلكىسىنىڭ كوچاڭ ۋىلايىتىدىكى يېزا ئەمەلدارى ئائىلىسىدە چوڭ بولغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئەمەلدارلار يامۇلىغا ھۇجۇم قىلغاندا قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. چۆەن بېڭجۇن فېئودال ھۆكۈمرانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن، 1874 - يىلى شەرق مەسلىكىگە قاتناشقان، كېيىنچە گۇفۇ، تايئەن قاتارلىق جايلاردىكى شەرق مەسلىكىنىڭ ئاتامانى بولدى.

قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپىدە چۆەن بېڭجۇن رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن تۆت ماددىلىق پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا: (1) ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، نەرسە - كېرەكلەرگە زەخىم يەتكۈزمەسلىك؛ (2) پادىشاھقا، ئاتىغا سادىق بولۇش، پۇقرالارغا ياردەم بېرىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش؛ (3) ياپونلارنى يوقىتىپ ئەل - يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش؛

(4) پايتەختكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ھوقۇقدار ئېسىلزادىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1894 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا چۆەن بېڭجۇن رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى گۇفۇ، تايئىن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بەيشەن تېغىدا بازا قۇرۇپ چېچىلاڭغۇ قوزغىلاڭچى دېھقانلاردىن بىرلىككە كەلگەن دېھقانلار قوشۇنى تەشكىللەپ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىنى قۇردى. ئۆزى باش قوماندان، جىن كەينەن بىلەن شۈن خۇاجۇڭلار باش ئاغلاقچى بولدى. ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتكە ئوچۇق ـ ئاشكارا سىياسىي شەكىلدە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ مەقسىتىنى چاكارلىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: «پۇقرالارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قۇرۇش»، «ئىچكى جەھەتتە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، تاشقى جەھەتتە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغۇچى كۇچلۇك دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش» ئىدى. ئۇلار يەنە ئېزىلگەن خەلقنى كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. قوزغىلاڭچى قوشۇن «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش»، «ھوقۇقدار ئاقسۆڭەكلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش»، «ياپونلارنى يوقىتىش» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى دۆلەتتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قاراتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ پىروگراممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر كەمبەغەللىرى، قاچقۇن قۇللار، كەمسىتىلگەن تەبىقىلەر، ۋەيران بولغان ئىككى ئەمەلدارلار①، زىيالىيلار ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قوشۇلدى. ئۇلار باشلىرىغا ئاق لۆڭگە چىگىپ، قوللىرىغا قومۇش نەيزە ئېلىپ، «ئۆرە تۇرسا ئاق تاغ، ئولتۇرسا بامبۇكزارلىق» كۆرۈنىدىغان ھەيۋەتلىك ئىنقىلابىي قوشۇن قۇرۇپ چىقتى.

گۇفۇ قوزغىلىڭى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئالاقزادە

① يەرلىك ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرى

قىلىۋەتتى. ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ ھەربىي قوشۇن تونۇلاپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى خۇاڭتۇيەن دېگەن جايدا ئەپچىللىك بىلەن پىستىرما ئۇرۇشى قىلىپ، ئوردا ئارمىيەسىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى، بىر زەمبىرەك ۋە يەنە نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. دېھقانلار قوشۇنى يەنە كېچىنىي، كوچاڭ، شىڭدې، چاڭماۋ قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چاڭچىڭ ئۇرۇشىدا ئوردا ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتتى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن يەنە جەنۇبىي چاۋشيەندىكى مۇھىم بازار چۈەنجۇنى ئىشغال قىلىپ، بىۋاستە سېئۇلغا قىستاپ كەلدى. دېھقانلار قوشۇنىنىڭ بۇ غەلىبىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسىغا زور ئىلھام بولدى. چۈەنلو، جۇڭچىڭ، چىڭشياڭ، جىڭجى، جياڭيۈەن، خۇاڭخەي قاتارلىق جايلاردىمۇ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. چىرىك فېئودال خانىدانلىق دېھقانلار ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزى ئىچىدە قالدى.

دېھقانلار قوشۇنى سېئۇلغا قىستاپ كەلگەندە پادشاھ جىددىي يىغىن ئېچىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تىلەشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەم ئېلىۋالماقچى بولدى. دېھقانلار قوشۇنى ھۆكۈمەتنىڭ دامىغا چۈشۈپ سۈلھى قىلىپ، قوشۇنلىرىنى ئىلگىرىلەشتىن توختىتىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن «چۈەنجۇ سۈلھى شەرتنامىسى»نى تۈزدى. ھۆكۈمەتمۇ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ 12 ماددىلىق تەلىپىگە نائىلاج ماقۇل بولدى. بۇ تەلەپلەر: شەرق مەسلىكى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق، ئىككى تەبىقىدىكى قانۇنسىز بېيىغان خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاش، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن بېيىغان، ياپونلار بىلەن

خوسوسىي ئالاقە قىلىغانلارنى قاتتىق جازالاش، يەرلەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش، ھۆكۈمەت ۋە خوسۇسىيلارغا تۆلىنىدىغان بارلىق قەرزلەر ۋە ئېغىر ئالۋان - سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قول - دېدەكلەرنى ئازاد قىلىش، ئاددىي خەلقنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. پۇتۇمدىن كېيىن دېھقانلار قوشۇنى چۆەنجۇدىن شۆەنتىيەن، نەنيۇەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلار قوشۇنى چۆەنلو ئۆلكىسىنىڭ 53 ۋىلايىتىدە دېھقانلار ھاكىمىيىتىنىڭ پىروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش ئورگىنى قۇرۇپ، سۇلھى شەرتنامىسىدىكى ھەرقايسى ماددىلارنى ئىجرا قىلىپ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

لېكىن، سۇلھى شەرتنامىسىنىڭ سىياھى تېخى قۇرۇماي تۇرۇپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار دېھقانلار قوشۇنىغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى چاۋشيەن پادىشاھىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ياشەن دېگەن جايدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىمۇ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئىنچوندا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئىنچوندىن سېئۇلغا بارىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلارنى ئىشغال قىلدى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ياپونىيە ئارمىيەسى پادىشاھ ئوردىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ، جىن خۇڭجى باشچىلىقىدىكى ياپونپەرەس ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلدى ھەمدە قورچاق ھۆكۈمەتنى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە كۈشكۈرتتى. چاۋشيەن ھۆكۈمىتىمۇ ياپونىيەگە جۇڭگونىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنى قوغلىۋېتىشنى «ھاۋالە» قىلدى. 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ياپونىيە ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدى، شۇنىڭ بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرى چاڭشىيەن هۆكۈمىتىنى پۈتۈنلەي تىزگىنىۋالدى ۋە قورچاق هۆكۈمەت بىلەن بىرلىشىپ دېهقانلار قوشۇنىغا هۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا دېهقانلار قوشۇنى 100 مىڭ كىشىدىن ئاشقان، جەڭچىلىرى ئىنتايىن روهلۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى، يەنە شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا پائال تەييارلىق قىلىپ، بىۋاسىتە سېئۇلنى ئىشغال قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، مۇشۇ هالقىلىق پەيتتە دېهقانلار قوشۇنىنىڭ رەهبەرلىك گۇرۇهىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. شەرق مەسلىكى گۇرۇهىنىڭ باشلىقى سۇي شىخېڭ تەرەپتىكىلەر زوراۋانلىق دىنىي ئەقىدىگە خىلاپ دېگەننى باهانە قىلىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە ئوچۇق ـ ئاشكارا بۆلگۈنچىلىك هەرىكىتى قىلدى. ئۇلار ئاشكارا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، چۆەن بېڭجۇن قاتارلىق دېهقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەهبەرلىرىگە «پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنى ئېچىتتى»، ئۇلار «دۆلەتنىڭ جىنايەتكارلىرى، ئۇستازىنىڭ گەدەنكەشلىرى» دەپ بوهتان چاپلىدى ھەمدە مۇرىتلىرىغا «ئۇيۇشۇپ ئۇلارغا هۇجۇم قىلايلى» دەپ چاقىرىق قىلدى. ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك هەرىكىتى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا يامان تەسىر كۆرسەتتى. چۆەن بېڭجۇن كۆپ ساندىكى قوماندانلارنىڭ قوللىشى بىلەن، شىمالغا يۈرۈش قىلىشتا چىڭ تۇردى. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دېهقانلار قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ سېئۇلغا يۈرۈش قىلدى. 20 ـ كۈنى گۇاڭجۇدا ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە هۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. دېهقانلار قوشۇنىنىڭ قوراللىرى ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار هەربىي تەلىم ـ تەربىيەسىمۇ كۆرمىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئالتە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ،

ئاخىر ھالسىراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا دېھقانلار قوشۇنى لۇنشەن جېڭىدە دۈشمەن بىلەن 11 كۈن قاتتىق جەڭ قىلدى. كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى چوڭ پەرق سەۋەبىدىن دېھقانلار قوشۇنى ئېغىر زىيان تارتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار جۇڭچىڭ، چۈەنلو قاتارلىق جايلاردا كىچىك قىسىملارغا بۆلۈنۈپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈەن بېگجۈن قايتىدىن كۈچ توپلاپ يەنە جەڭ قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ چۈەنلو ئۆلكىسىنىڭ چۈنچاڭ ۋىلايىتىگە چېكىندى. لېكىن، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خائىنىنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشى بىلەن سەپەر ئۈستىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. داغدۇغىلىق جياۋۇ يىلىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى.

جياۋۇ يىلىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى شەرق مەسىلىكىنىڭ دىنىي بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان دېھقانلار ئۇرۇشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆلىمى ۋە تەسىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنقىلاب چاۋشيەندىكى كونىچە دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىقى ھېسابلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باتۇرلارچە كۈرىشى كۈنسېرى يىمىرىلىۋاتقان چاۋشيەن فېئودال تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەۋرىتىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇستەملىكىچىلىككە، فېئوداليزمغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تارىخىدا شانلىق بەتلەرنى قالدۇردى، شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئوداليزمغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

## 2 ـ بۆلۈم فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە ۋيېتنام خەلقىنىڭ فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى

### 1. رۇەن سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەۋەتكەن مىسسىيونېر ۋە سودىگەرلەر ۋيېتنامغا كەلدى. 1802 ـ يىلى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى رۇەن فۇياڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىشەن دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ رۇەن سۇلالىسىنى ئورناتتى. رۇەن فۇياڭ فېئوداللىق تەرتىپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بيۇروكرات ئورگانلارنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچەيتتى، پۈتۈن مەملىكەتنى جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا رايون دەپ ئۈچ رايونغا بۆلۈپ، شۇنخۇانى پايتەخت قىلدى. ھەربىي ئەمەلدارلارنى يەرلىك ئەمەلدارلىققا تەيىنلىدى، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىپ، رەھىمسىزلەرچە قاتتىق جازا يۈرگۈزۈپ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇردى. ئەمەلدارلار ۋە باي مۇتتەھەملەر جامائەت يەرلىرىنى خالىغانچە ئىگىلىۋالدى، ئەمەل ئاشكارا سېتىلىدىغان بولدى. ئەمەل سېتىۋالغانلار خەلقنى خالىغانچە شىلىپ يەيدىغان بولدى، ئالۋان ـ سېلىقلار زىيادە كۆپەيدى. دېھقانلار جان بېجى، تۈتۈن بېجى تاپشۇرغاندىن باشقا، قارلىغاچ ئۇۋۇسى[1]، ئارچا مېۋىسى، دارچىن، كاۋاك مېۋە قاتارلىق قىممەتلىك يېمەكلىكلەرنى سوۋغات قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئالۋانلار بولۇپ، ئوردا، قەلئە، مەھكىمە، مەقبەرە

---

[1] دورا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان نەرسە.

قورۇلۇشلىرىغىمۇ مەجبۇرىي سېلىنىدى. قاتمۇ قات ئېغىر باج تۆلەش بىلەن ئالۋان ياساقلار دېھقانلارنى ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن ئايرىپ خانىۋەيران قىلىۋەتتى. خەلقنىڭ نامراتلىقى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ قالاقلىقى، سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنماسلىقى تۈپەيلىدىن قۇرغاقچىلىق، چېكەتكە ئاپىتىمۇ يىلمۇ يىل داۋاملاشتى، كېسەللىك يامراپ ئاچارچىلىق ھەممە يەرلەرنى قاپلىدى، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان دېھقانلار قەھەتچىلىكتە ئۆلۈپ كەتتى. پەقەت 1820 ـ يىلىلا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم 200 مىڭغا يەتتى. 1850 ـ يىلى يەنە 580 مىڭ ئادەم ئاشلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئەكسىيەتچى سۇلالە يەنە سودا ـ سانائەتنىمۇ باش كۆتۈرگۈزمىدى، قورال ـ ياراغ ياساش، كېمىسازلىق ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس، ئاليۇمىن، گۈڭگۈرت، سىلترا قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئېلىپ ـ سېتىشنى مونوپول قىلىۋالغانلىقتىن، سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. رۇەن سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئۇرۇشپەرەسلىك قىلىپ، كىچىك، ئاجىز قوشنا دۆلەتلەرنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. 19 ـ ئەسىر كىرىشى بىلەن «كىخمېر دۆلىتىنى قوغداش » (ھازىرقى كامبودژا) دېگەن نىقاب بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە 1834 ـ يىلى كامبودژانى ئۆزىنىڭ «ھامىي دۆلىتى» گە ئايلاندۇرۇۋالدى ۋە كامبودژانىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىۋالدى. كامبودژاغا كۆپ ساندا كۆچمەن يۆتكەپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. يەرلىك خەلقنى ئۆي ـ زېمىنلىرىدىن قوغلاپ، ئۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنى مەجبۇرىي يۈرگۈزۈپ، خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى ھەمدە كامبودژا خەلقىنىڭ كۆپ قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇردى. ئۇنىڭ ئارقىدىن يەنە لائوسنى بويسۇندۇرۇپ ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر

قىلىپ، ۋيېتنام فېئودال سۇلالىسىنىڭ كېكەيمىچىلىك ۋەھشىي ماھىيىتىنى تامامەن ئاشكارىلىدى.

ۋيېتنامدىكى دېھقانلار فېئودال سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە بېسىمىغا چىداپ تۇرالماي، ئارقا ـ ئارقىدىن قارشىلىق كۆرسەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. پەقەت 1820 ـ يىلىدىن 1840 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىلا 200 قېتىمدىن ئارتۇق دېھقانلار قوزغىلىڭى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراقلىرى: فەن بورۇڭ رەھبەرلىك قىلغان نەندىڭ دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، لى ۋېنجۇ رەھبەرلىك قىلغان جيادىڭ دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، نۇڭ ۋېنيۈن رەھبەرلىك قىلغان شۈەنگاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قوزغىلىڭى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كامبودژا، لائوس خەلقلىرىمۇ ۋيېتنام ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈزۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇردى. 1820 ـ يىلى بىلەن 1840 ـ يىلى كامبودژا خەلقى ۋيېتنام ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقلەرنىڭ كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن، رۈەن سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر كرىزىسقا يۈزلەندى.

## 2. فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋيېتنامدىكى رۈەن سۇلالىسىنىڭ فېئودالىق ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر كرىزىسقا يۈزلەنگەندە، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋيېتنامنى يۇتۇۋېلىش تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى فىرانسىيە ۋيېتنامغا ھەربىي پاراخوتلىرىنى ئەۋەتىپ، تۇلۇن، سايگون، جيادىڭ قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز

قىلدى. 1861 ـ يىلى فىرانسىيە ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاپ، جۇڭگو قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، جيادىڭ، دىڭشياڭ، بيەنخې قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى رۇەن سۇلالىسى ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىدىغان بىرىنچى قېتىملىق سايگون شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ئۆلكە بىلەن كۇنلۇن ئارىلىنى فىرانسىيەگە بۆلۈپ بەردى، تۆلۈن، بالى، گۇاڭئەندىن ئىبارەت ئۈچ پورتنى سودا پورتى قىلىپ ئاچتى. فىرانسىيەنىڭ سودا پاراخوتلىرى بىلەن ھەربىي پاراخوتلىرى مېكوڭ دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تارماق ئېقىنلىرىدا ئەركىن قاتناپ، فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئەركىن ـ ئازادە سودا قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بولدى. ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 4 مىليون پېزېتا (ئىسپانىيە پۇلى) تۆلەم تۆلىدى. ۋيېتنام فىرانسىيەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا دۆلەتلەرگە زېمىن كېسىپ بېرەلەيدىغان بولدى. قۇل قىلىش خاراكتېرىدىكى بۇ شەرتنامە ۋيېتنامنى فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

فىرانسىيە جەنۇبتىكى ئۈچ ئۆلكىدە پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، 1867 ـ يىلى يەنە پۈتكۈل جەنۇبىي رايونلارنى بېسىۋالدى. 1874 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيە ۋيېتنامنى ئىككىنچى قېتىملىق سايگون شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى، ۋيېتنام دىپلوماتىيە جەھەتتە فىرانسىيەنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتكۈل جەنۇبىي رايوننى فىرانسىيەگە بۆلۈپ بەردى. قىزىل دەرياسىنى ۋە خانوي، خايفوڭ، گۇيرېن ئۈچ پورتنى ئاچقۇزدى. فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى كونسۇللىرى ھۆكۈم چىقىرىش

هوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان بولدى. 1883 ـ يىلى 8 ـ ئايدا فىرانسىيە رۇەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سى دې ئۆلگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پادىشاھلىق ئورۇننى تالىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ شۇنخۇاغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە رۇەن سۇلالىسىنى «شۇنخۇا شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. شەرتنامىدە: فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، ۋيېتنامنىڭ بارلىق دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى فىرانسىيە تىزگىنلەيدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئىككىنچى يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى رۇەن سۇلالىسى يەنە ئەڭ ئاخىرقى ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامە بولغان «باتنو شەرتنامىسى»گە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇ شەرتنامىنى ئىلگىرىكى بارلىق شەرتنامىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئۇنىڭدا فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامغا بولغان ۋارىسلىق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، فىرانسىيە 20 نەچچە يىل جەريانىدىكى تەدرىجىي يۇتۇۋېلىش ئىشلىرىغا، ھەربىي ئىشلار ھۇجۇمى ۋە سىياسىي ئالداشلار ئارقىلىق رۇەن سۇلالىسىنى قەدەممۇ قەدەم يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى، ئاخىرى ئۇلار تىز پۈكۈپ تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ۋيېتنامنى پۈتۈنلەي يۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋالدى.

فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋيېتنامنى يۇتۇۋېلىش ئارقىلىق جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇشى 1883 ~ 1885 ـ يىللاردىكى جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1870 ـ يىللىرى ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بىلەن، ليۇ يۇڭفۇ قوماندانلىقىدىكى قارا تۇغلۇقلار قوشۇنى ۋيېتنامغا بېرىپ فىرانسىيەگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان ھەمدە ۋيېتنام خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ قىزىل دەرياسىنىڭ دېلتىسىدا فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن كۈرەش قىلغانىدى. 1873 ـ يىلى خانويىنى قايتۇرۇۋېلىپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچى

www.uyghurkitap.com

ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى گارنىئېنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. 1883 ـ يىلى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى قىزىل دەرياسى دېلتىسىدا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە قايتىدىن ھۇجۇم قوزغىغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ۋە ۋيېتنام خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1884 ـ يىلى تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلغان فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىز ئارمىيەسى ۋە خەلقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ۋيېتنام ئارقىلىق گۇاڭشى، يۈننەنلەرگە كىرگەن فىرانسىيە ئارمىيەسىمۇ جېننەنگۈەن (ھازىرقى يۈيگەن) ـ لياڭشەن ئۇرۇشلىرىدا قاتتىق زەربە يېدى. جۇڭگو ـ ۋيېتنام خەلقلىرى ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ھەيۋەتلىك جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ پوپوزىسىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، فىرانسىيەنىڭ ژول فېررى ئىچكى كابېنتىنى غۇلاتتى، ھەربىي دىپلوماتىيەسىمۇ ئوڭۇشسىز قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. لېكىن، چىرىكلىكتە چېكىگە يەتكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈپ سۈلھى قىلىپ، جۇڭگو ـ فىرانسىيە «تيەنجىن شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى ھەمدە فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1887 ـ يىلى فىرانسىيە كامبودژا، لائوس ۋە ۋيېتنامنى قوشۇپ «ھىندىچىنى قوشما ئىشتاتى» قىلىپ، سايگوندا تۇرۇشلۇق فىرانسىيە باش ۋالىيسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇردى.

فىرانسىيە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇستەملىكىچىلەرگە ئادەت بولۇپ كەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىك «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەمەلدارلار، ساتقۇن

قوماندانلار ۋە يەرلىك غوجىلارنى سېتىۋېلىپ، قورچاق قوشۇن تويلاپ ۋيېتنامىلىقلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سالدى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن، جەنۇبىي، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىي رايونىنى «بىۋاسىتە قاراشلىق سۈيۈرغال يەر» قىلىپ ئايرىپ، ئۇنىڭغا فىرانسىيە باش ۋالىيسى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. ئوتتۇرا رايوننى «ھامىيلىق يەر» دەپ ئايرىپ، رۇەن سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ يەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا فىرانسىيە ئەۋەتكەن باش ۋالىي نازارەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. شىمالىي رايوننى «يېرىم ھامىيلىق يەر» قىلىپ ئايرىپ، نامدا رۇەن سۇلالىسىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدا بولدى. فىرانسىيە يەنە ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۆچمەنلىك قوزغاپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇ دۆلەتتىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشقا سالدى. بۇ مىللەتنىڭ قورچاق ئارمىيەسىنى ئۇ مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ھەرقايسى دۆلەت، مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ خەلقنىڭ كۈرەش نىشانىنى بۇرىماقچى بولدى. ۋيېتنامنىڭ قورچاق ئارمىيەسىدىن پايدىلىنىپ كامبودژانى ئىشغال قىلىپ، لائوسنى تىزگىنلەش، ۋيېتنام ئارقىلىق كامبورژانى، لائوسنى تىزگىنلەش سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى قىلدى.

فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋيېتنام خەلقىنى دەھشەتلىك تالان - تاراج قىلىشقا ۋە

ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش، قاتمۇ قات باج ئېلىش، مەخسۇس تۇز، هاراق سېتىش، جازانىخورلۇق ئەپيۇن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش، كۆپلەپ قىمار مەيدانلىرى ئېچىش قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش مۇشۇ دەۋردىكى فىرانسىيە مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئىدى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى تۈرلۈك ناملار بىلەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى خالىغانچە ئىگىلىۋالدى ياكى «قاقاسلىق» تىن ئېكىنزارلىق ئېچىش، يەرلەرنى تىزىملاش نامى بىلەن يەر ئىگىلىدى، ياكى دېھقانلارغا ھەيۋە قىلىپ مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى، ياكى بولمىسا فىرانسىيەگە قارشى نامايىشقا قاتناشقان دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن مۇسادىرە قىلىۋالدى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى مانا مۇشۇنداق نومۇسسىزلارچە ۋاستە قوللىنىپ، زور مىقداردىكى يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلدى. 1890 ـ يىلى 10 مىڭ 900 گېكتار يەر ئىگىلىۋالدى. 1900 ـ يىلى ئىگىلىۋالغان يېرى كۆپىيىپ 301 مىڭ گېكتارغا يەتتى، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىگىلىۋالغان يېرى تېخىمۇ كۆپىيىپ 470 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تالان ـ تاراج قىلىغان يەرلەرنى فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلىرىغا، ھايانكەش سودىگەرلىرىگە بۆلۈپ بەردى. مۇستەملىكىچىلەر بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئېكىنزارلىق قىلىپ ئېچىپ، يېرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلارنى ياللاپ، گۈرۈچ، كاۋچۇك، قەھۋە، چاي كۆچىتى، شېكەر قومۇشى تېرىپ، ئۇنى ئېكسپورت قىلىپ غايەت كۆپ پايدا ئالغان بولسا، كۆپ قىسىم يەرلەرنى پومېشچىك، باي دېھقانلار ئارقىلىق دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. شۇ ئارقىلىق ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ پايدىسى يۇقىرى بولىدىغان ئىجارە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئېغىر ئالۋان ــ سېلىقمۇ فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋيېتنام خەلقىنى شىلىدىغان ئاساسلىق ۋاسىتىسى ئىدى. كۈندىن ــ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ھەربىي ــ مەمۇرىي خىراجەتنى ھەل قىلىش، فىرانسىيە كاپىتالىزمىنىڭ جازانە قەرزىنى تۆلەش مۇستەملىكە ھۆكۈمەتنىڭ خامچوت كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى تېزلىتىۋەتتى. 1892 ــ يىلى ھىندىچىنىدىكى خامچوت كىرىمى 19 مىليون 680 مىڭغا يەتتى، 1912 ــ يىلى خامچوت كىرىمى بىر ھەسسە ئېشىپ 38 مىليون 360 مىڭغا يەتتى. جەنۇبىي رايونلاردا 1867 ــ يىلىدىن 1894 ــ يىلىغىچە خامچوت كىرىمى ئالتە ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. بۇنداق غايەت زور مىقداردىكى خامچوت كىرىمى زورلۇق بىلەن ئالۋان ــ سېلىق سېلىپ، خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋېلىش بىلەن قامدىلاتتى. ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى. مەسىلەن، يەر بېجى، جان بېجى، تاماكا، ھاراق بېجى، ئۆي بېجى، كېچىك بېجى، كېمىچى ئائىلىلەردىن ئېلىنىدىغان باج قاتارلىقلار. باج پۇلى كۆپ، ئالۋان ــ سېلىق ئېغىر ئىدى. مەسىلەن، فىرانسىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئىلگىرى، كىشى بېشىغا ئېلىنىدىغان باج 1 مو 4 فۇڭ بولغان بولسا، 1889 ــ يىلى شىمالىي رايونلاردا 2 يۈەن 5 موغا كۆپەيدى، ئوتتۇرا رايونلاردا 2 يۈەن 3 مو بولدى. ئۆلگەنلەرمۇ باجدىن خالىي بولالمايتتى، ئۆلۈكلەرنىڭ بېجىنى تىرىكلەر تۆلىشى كېرەك ئىدى. ۋاسىتىلىك باجلارمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، 1900 ــ يىلى ۋاسىتىلىك باجدىن كىرگەن كىرىم 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇز، ھاراق، ئەپيۇندىن ئېلىنغان باج كىرىمىلا 11 مىليوننى ئىگىلىدى. 1897 ــ يىلى بىر دەن تۇزغا ئېلىنىدىغان باج 2 مو 5 فۇڭ بولغان بولسا، 1906 ــ يىلى 2 يۈەن 3 مو 5 فۇڭغا كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ، ۋيېتنام ئەمگەكچى خەلقلىرىنى تۇزنى ئاز ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنام خەلقىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش

ئۇسۇللىرى ئۇنىڭ جازانىخور كاپىتالىزملىق ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. فىرانسىيە كاپىتالىستلىرى ۋىيېتنامدا ئاز ساندىكى كاپىتالنى مەبلەغ قىلىپ سېلىپ، ئىستراتېگىيەلىك تۆمۈريول، تاشيول ياساپ، كۆمۈر قېزىپ، ئېكىنزارلىق ئېچىپ، كۆپ ساندىكى كاپىتالنى مۇستەملىكە ھۆكۈمىتىنىڭ زايومىنى سېتىۋېلىشقا سېلىش ئارقىلىق، ۋىيېتنام خەلقىنى جازانىخورلۇق بىلەن شىلىۋالدى. 1886 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە كاپىتالىستلىرى مۇستەملىكە ھۆكۈمەتكە جەمئىي 4 مىليارد 270 مىليون فىرانك قەرز بەردى، مۇستەملىكە دائىرىلىرى ھەربىر فىرانكنى يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. فىرانسىيە كاپىتالىستلىرى يەنە 1873 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرق خۇيلى بانكىسى ئارقىلىق ۋىيېتنامغا قەرز پۇل تارقاتتى، مۇستەملىكە ھۆكۈمەتكە قەرز تېگىپ، دېھقانلارغا يۇقىرى ئۆسۈملۈك پۇل تارقاتقۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ ئۆسۈم ئۇندۇرۇۋالدى. 1885 ـ يىلى بۇ بانكا 393 مىڭ فىرانك پايدا ئالغان بولسا، 1905 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ پايدىسى 2 مىليون 666 مىڭغا يەتتى. بانكىنىڭ سەرمايىسىمۇ يېڭى قۇرۇلغان ۋاقتىدىكى 8 مىليون فىرانكتىن 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە شىددەت بىلەن ئېشىپ، 48 مىليون فىرانكقا يەتتى. فىرانسىيەنىڭ جازانىخور سودىگەرلىرىمۇ مەخسۇس سېتىش ـ سېتىۋېلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. گۇرۇچنى ئەرزان باھادا بۇلاپ سېتىۋېلىپ، چەت ئەللەرگە چىقىرىپ سېتىپ كۆپ پايدىغا ئېرىشتى. تۇز، ھاراق، ئەپيۇنلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ۋىيېتنام خەلقىنىڭ ئىلىكىنى شورىدى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ خىل تۇرلۇك ۋەھشىيانە بېسىمى بىلەن، ۋىيېتنام خەلقى نامراتلىشىپ پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كەلدى. ئامبارلىرىدا گۈرۈچ تولۇپ تۇرىدىغان جەنۇبىي رايونلاردىمۇ ئۇدا نەچچە يىل قەھەتچىلىك يۈز بەردى.

## 3. پادىشاھقا ساداقەتلىك بىلدۈرۈش ھەرىكىتى ۋە ئەنشى دېھقانلىرىنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى

فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ۋيېتنام خەلقىنى قۇل قىلىش جەريانى ۋيېتنام خەلقىنىڭمۇ قۇللۇقتا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش جەريانى بولدى. 1859 ــ يىلى مۇستەملىكىچى ئارمىيە تۆمۈر تاپىنىنى جەنۇبىي رايونلارغا باسقاندىن باشلاپ، 1884 ــ يىلىدىكى رۇەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى مۇنقەرىز قىلىدىغان شەرتنامىنى ئىمزالىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جەنۇبىي ۋيېتنام خەلقى زوراۋانلىققا باش ئەگمەي، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىزىنى بېسىپ، فىرانسىيەگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى 25 يىل داۋاملاشتۇردى. 19 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋيېتنام خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش دولقۇنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. فېئودال «مۆلكىي» ئەمەلدارلار رەھبەرلىك قىلغان پادىشاھقا ساداقەتلىك بىلدۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن دېھقانلار پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى ھەممە يەرلەرنى قاپلىدى.

فىرانسىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ۋيېتنامنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تەسلىمچىلەر ۋە ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا بۆلۈندى. رۇەن سۇلالىسى تەسلىم بولۇپ دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، شيەن يىدى ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم فېئودال ھۆكۈمرانلار فىرانسىيەنىڭ قورچاقى بولۇشنى خالىماي كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. 1855 ــ يىلى 7 ــ ئايدا رۇەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى زۈن شىشۇ شۇنخۇادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇستەملىكىچىلەرگە تۇيۇقسىز زەربە بەردى. شيەن يىدى شۇنخۇاغا كېلىپ يارلىق تارقىتىپ، جايلاردىكى مۆلكىي ئەمەلدارلارنى پادىشاھقا

ساداقەتمەن بولۇشقا چاقىردى. 1885 ~ 1886 ـ يىللىرى ھەرقايسى جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر مۇلكىي ئەمەلدارلار بىلەن فېئودال ئەمەلدارلار ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، شىمالدىكى شىڭئەن، چىڭخۇالاردىن ئوتتۇرا رايوندىكى گۇاڭجى، پىندىنلارغا كېلىپ، پادىشاھقا ساداقەتلىك بىلدۈرۈش قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. پادىشاھقا ساداقەتلىك بىلدۈرۈش ھەرىكىتى خەلقنىڭ قوللىشىغا، ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. چۈنكى، بۇ ھەرىكەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە خەلقچىللىق روھى بار ئىدى، بولۇپمۇ فەن يەنفېڭ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى دېھقانلار، قوماندانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى، قوزغىلاڭنى داۋاملاشتۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن، قوزغىلاڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولدى. ئۇلار خېجىڭ، يىئەن، گۇاڭپىڭ ۋە چىڭخۇا قاتارلىق تۆت ئۆلكىدە پائالىيەت قىلدى. قوزغىلاڭچىلار تاغلىق ـ ئورمانلىقلاردا ئەپلىك ئورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، تاجاۋۇزچىلارغا ئۇزۇكسىز ھۇجۇم قىلدى. 1885 ـ يىلدىن 1896 ـ يىلغىچە 11 يىل ئۇرۇش قىلىپ، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. لېكىن، ھەرقايسى جايلاردىكى پادىشاھقا ساداقەتلىك بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرى تارقاق، يەككە ـ يېگانە ئېلىپ بېرىلغانلىقى، بىر تۇتاش قوماندانلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇستەملىكىچى ئارمىيەنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئېلىشى ۋە ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. شىيەن يىندى ئالجىرىيەگە پالاندى، زۇن شىشو قاتارلىق كۆپلىگەن قوماندانلار جۇڭگوغا قېچىپ كېلىۋالدى.

ۋيېتنام خەلقىنىڭ ئەڭ ئىلگىرىكى فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دېھقانلارنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى بولدى. فىرانسىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن

ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلار كەڭ تۈردە ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى ۋە كۆلىمى چوڭ بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە، يېزىلاردىكى كەڭ رايونلار يەنىلا قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ ئىلكىدە تۇردى. دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ يېزا ـ كەنتلىرىنى قوغداش ئۇرۇشلىرىدا، دېھقانلار تاياق ـ توقماق، نەيزە ـ ئارا، قىڭراق قاتارلىق ئاددىي قوراللار بىلەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. ئۇلار كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇش، قاتناشلارنى ئۈزۈپ تاشلاش ئارقىلىق، دۈشمەنلەر ۋە قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ۋېيىتنامدىكى قولچوماق مۇناپىقلارنى قاتتىق جازالاپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق تەرتىپلىرىگە زەربە بېرىپ، فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كەينىگە سۈردى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەڭ قاتتىق زەربە بەرگىنى شۇ بولدىكى، 1887 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان خۇاڭ خۇاتەن رەھبەرلىكىدىكى ئەنشى دېھقانلىرىنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى بولدى. خۇاڭ خۇاتەن دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يومبېشىچىكلارنىڭ كالىسىنى باققان، ئىجارىكەش بولغان، فىرانسىيە شىمالىي رايونىغا بېسىپ كىرگەندە، مىللىي ئۆچمەنلىكى بىلەن فىرانسىيەگە قارشى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقانىدى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا تاۋلىنىپ، قەيسەر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر، ھەممە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايدىغان قوماندانغا ئايلىنىپ، دېھقانلار پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ رەھبىرى بولغانىدى. ئۇ ئەنشى رايونىدىكى ھەرقايسى تارماق پارتىزان ئەترەتلىرى ۋە تاغلىق رايونلاردىكى باتۇر، مەرگەن قەبىلە ئەزالىرىدىن بىرلىككە كەلگەن چوڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللىدى، بىرقەدەر مۇستەھكەم تايانچ بازىلارنى قۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلەرگە ئۈزۈكسىز قاتتىق زەربە بەردى. 1889 ـ

يىلى فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى گاۋشاڭ، يۇرۇي قاتارلىق جايلاردىكىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن غالجىرلارچە تازىلاش ئېلىپ باردى. پارتىزانلار خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، «دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، جانلىق، ئۆزگىرىشچان بولۇش، پۇرسەت كەلگەندە تېز ھەرىكەت قىلىش» ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە «دۈشمەننى بامبۇك نەيزە قىلتىقى»غا چۈشۈرۈش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، چوڭ ساندىكى دۈشمەن ئارمىيەسىنى قىرىپ تاشلاپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تازىلاش ھەرىكىتىنى بىتچىت قىلدى. 1892 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى ئېغىر تېپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان نۇرغۇن ھەربىي قوشۇنلارنى توپلاپ، ئەنشى تايانچ بازىسىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، دەرھال ئورمانلىققا كىرىۋالدى. دۈشمەنلەر بىكارغا ئاۋارە بولۇپ، تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ كۆپلىگەن دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. 1894 ـ يىلى پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ ھەرىكەتلىرى خانويدىن لياڭشەنگە بارىدىغان تۆمۈريول بويلىرىغىچە كېڭىيىپ، پويىزلارنى توسۇپ زەربە بېرىپ بۇزۇپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنىنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشلىرى ۋە تىرانسپورتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1894 ـ يىلى يۇرۇي ئۇرۇشىدا دۈشمەنىنىڭ تازىلاش ھەرىكىتى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى. پارتىزانلار فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى، كونسۇللىرى ۋە ھەربىي نازارەت ۋە بارگاھ ئەمەلدارلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۆزلىرى ئورمانلىقلارغا ئامان ـ ئېسەن چېكىنىۋالدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىزانلارنىڭ پويىزغا توسۇپ زەربە بېرىپ، فىرانسىيەلىك چوڭ پومېشچىك، «شىمالىي رايونلارنىڭ كەلگۈسى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى سىنايىنى تىرىك

توتۇۋېلىشى فىرانسىيەنى زىلزىلىگە سالدى.

ئۆرۈشتا تۇمشۇقىغا زەربە يەپ، ئىلاجسىز قالغان مۇستەملىكىچىلەر خۇاڭ خۇاتەن بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1894 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىم بويىچە فىرانسىيە قوشۇنلىرى ئەنشىدىن چېكىنىپ چىقتى، يانەن، مۇشەن، ئەنلى ۋە يۇشاڭدىن ئىبارەت تۆت رايون خۇاڭ خۇاتەننىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. فىرانسىيە پۇل تۆلەش ئارقىلىق سىناي قاتارلىق كىشىلەرنى قايتۇرۇۋالدى. لېكىن كېلىشىم ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئارمىيەسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىستىھكاملارنى رېمونت قىلدى ۋە كۆپلەپ سالدى، يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قورچاق قوشۇننى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، يېڭىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلدى. ئىككىنچى يىلى 11 ـ ئايدا فىرانسىيە قوشۇنلىرى كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، پارتىزانلارنىڭ تايانچ بازىلىرىغا كەڭ كۆلەمدە تازىلاش ھۇجۇمى قوزغاپ، پارتىزانلارنى بىر يولىلا يوقاتماقچى بولدى. لېكىن، بۇرۇندىنلا تەييارلىقى بولغان دېھقانلار قوشۇنى دەرھال بۆلۈنۈپ، ئورمانلىقلارغا ۋە مەھەللىلەرگە تارقىلىپ كېتىپ، دۈشمەن «ھۇجۇم قىلسا چېكىنىش، چېكىنسە ھۇجۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئۇلار بېيجياڭ، بېيىنىڭ، فۇئەن، تەييۈن قاتارلىق تۆت ئۆلكىنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش نۇقتىسى قىلىپ تاللاپ تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە زەربە بەردى، قاتناش ـ تىرانسپورتنى ئۈزدى. پارتىزانلار ئىككى يىللىق ئۇرۇش ئارقىلىق مۇستەملىكىچى قوشۇننىڭ قورشاش ھۇجۇمىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى. 1897 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى يەنە بىر قېتىم خۇاڭ خۇاتەن بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش توختىتىش

كېلىشمى ئىمزالىدى.

ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھەرخىل سۇيىقەستلىك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، خۇاڭ خۇاتەن قوشۇنىغا قارىتا پوپوزا قىلىش، ئازدۇرۇش، ئاۋۋال پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۆزلىرىگە تارتىپ، كېيىن زىيانكەشلىك قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللانماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۇيىقەستلىرىنىڭ ھەممىسى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1901 ــ يىلى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ، پارتىزانلارغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى قورچاق ھاكىمىيەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلققە قارىتا تېررورلۇق تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ پارتىزانلار قوشۇنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان پارتىزانلار فۇئەن، يۈگئەن، بېيىنىڭ قاتارلىق جايلارغا چېكىنىدى. 10 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى لاگشەندە بولغان كەسكىن جەڭدە، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى چوڭ پەرق سەۋەبىدىن پارتىزانلار قوشۇنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، جەڭدە ئامان قالغان ئازراقلا قوشۇن تارقاق ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. خۇاڭ خۇاتەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىدە بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ تاغلىق، ئورمانلىقلاردا دۈشمەن بىلەن ئۈچ يىلغىچە قاتتىق جەڭ قىلدى. 1913 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى ئۇ ئەنشىدىكى ئورمانلىقتا مۇستەملىكىچىلەر ئەۋەتكەن خائىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

دېھقانلار ئىچىدىن چىققان ۋېيېتنامنىڭ مىللىي قەھرىمانى خۇاڭ خۇاتەن فىرانسىيەگە قارشى 30 يىلغا يېقىن كۈرەش قىلىپ، ئاخىرىدا ۋېيېتنامنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى نەچچە ئون يىلغا، دائىرىسى جەنۇبىي، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي رايونلاردىكى تۆت

ئۆلكىگە كېڭىيىپ، فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ۋيېتنامنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى قالدۇردى.

خۇاڭ خۇاتەننىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ كۆرەشلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋيېتنام چېگراسى ئىچىدە قالغان قارا تۇغلۇقلار قوشۇنىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئەنشى دېھقانلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ۋيېتنام خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇردى. 1907 ـ يىلى خۇاڭ خۇاتەن سۇن جۇڭشەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەنشى رايونىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرىنى قوغدىغانىدى.

## 3 ـ بۆلۈم 1896 ~ 1902 ـ يىللاردىكى فىلىپپىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، فىلىپپىندا ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى

### 1. ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى فىلىپپىن

فىلىپپىن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاقىم ئاراللار دۆلىتى بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ھەم بايلىقىدىن «شەرقنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان بويىدىكى گۆھەر زېمىنى» دەپ ئاتالغان.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى «ئىسپانىيەنىڭ ياۋروپاغا مۇستەقىل زومىگەرلىك قىلغان دەۋرى»①

① ماركس: «ئىنقىلابىي ئىسپانىيە»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 10 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى 461 ـ بەت.

ئىدى. ئىسپانىيە ياۋروپاغا زومىگەرلىك قىلىشقا قانائەت قىلماي، تاجاۋۇزچى ئىبلىس چاڭگىلىنى ئامېرىكا ۋە ئاسىيا قىتئەسىگىمۇ سوزدى. 1521 ـ يىلى ماگېللان قوماندانلىقىدىكى ئىسپانىيە فىلوتى ئامېرىكا قىتئەسى ئارقىلىق فىلىپپىننىڭ سامار ئارىلى، سېبۇ ئارىلى ۋە ماكتان ئارىلىغا چىقتى. ئۇلار ماكتان ئارىلىدىكى خەلقلەرگە ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا، ئولپان تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. نەتىجىدە شۇ ئارالدىكى خەلقلەرنىڭ باش ئەگمەي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ماگېللان نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى پاتىپاراق بولۇپ قاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئارالغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، پەقەت 1565 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن فىلىپپىننى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا باشلىدى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى فىلىپپىندا ۋەھشىيانە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئۇلار «قۇرۇق يەر» تۈزۈمىنى مەجبۇرىي يولغا قويدى، تالان ـ تاراج قىلىپ ئېلىۋالغان بىپايان زېمىنلارنى، ئىگىلىۋالغان يەرلەردە تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنى ۋە ئۇ يەرنىڭ بايلىقلىرىنى ئىسپانىيەنىڭ ئەمەلدارلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە كاتولىك دىنى موناستىرلىرىغا ئىنئام قىلىپ بەردى، خەلقنى ئالۋان ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا ۋە تۈرلۈك ھەقسىز مېھنەتلەرگە مەجبۇر قىلدى. 1571 ـ يىلىدىن باشلاپ 16 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ سەككىز لىئېر[1] يەر بېجى، بىر لېئىر ئۆشرە، بىر لىئېر يەرلىك باج بولۇپ جەمئىي 10 خىل باج تاپشۇرىدىغانلىقى، يىلىغا چوقۇم 40 كۈن ھاشارغا چىقىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

---

① ئىسپانىيەنىڭ قەدىمكى پۇل بىرلىكى.

سىياسىي بىلەن دىنىنى بىرلەشتۈرۈش ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى. موناستىر — مۇستەملىكە قىلىشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى. سىياسىي جەھەتتە موناستىرلار باش ۋالىي بىلەن يەرلىك مەمۇرىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى. ھەربىي جەھەتتە كۆپلىگەن موناخلار ئارمىيەنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسا موناستىرلار يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، فىلىپپىندىكى ئەڭ چوڭ قورۇق ئىگىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. كاتولىك دىنى موناستىرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى فىلىپپىندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە يېتەتتى. ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئاھالىلەرنى تۈركۈملەپ دەرياغا قوغلاپ چۈشۈرۈپ، «پاكلىنىش مۇراسىمى»نى قوبۇل قىلىشقا زورلايتتى، قارشى تۇرغۇچىلارنى «بىدئەتچى» دېگەن نام بىلەن ئۆلتۈرەتتى. فىلىپپىن ئاھالىسىنىڭ ھايات ـ ماماتى موناستىرنىڭ يا مۇنداق، يا ئۇنداق تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇراتتى. شۇڭا، فىلىپپىن «موناستىر ئىمپېرىيەسى» دەپ ئاتىلاتتى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى فىلىپپىندا تاشقى سودىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى. 1593 ـ يىلىدىن باشلاپ سودىغا چەك قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، فىلىپپىنلىقلارنىڭ تاشقى سودا بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلدى. پەقەت ئىسپانىيەلىكلەرلا (ۋالىي، مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار ۋە موناستىر) بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللاندى. فىلىپپىننىڭ جۇڭگو بىلەن مېكسىكىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە تاشقى سودا قىلىشىنى مەنئى قىلدى. پەقەت مانىلا بىلەن مېكسىكىنىڭ ئاكاپۇلكو پورتى ئوتتۇرىسىدا ئىككى يەلكەنلىك كېمە بىلەن سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ، كېمىدە توشۇيدىغان تاۋارنىڭ قىممىتىنى 250 مىڭ پېسودىن ئاشۇرماسلىق، قايتاشىدا ئەكېلىدىغان كۇمۇشنى 500 مىڭ پېسودىن ئاشۇرماسلىققا چەك

قويدى. سودىنى مونوپول قىلىش ئارقىلىق فىلىپپىننى ئۆزۈنغىچە سىرتقى دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيە دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن، ياۋروپا، ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ فىلىپپىنغا كىرىشىنى توسۇشقا ئىلاج قىلالمىدى، بولۇپمۇ ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم مۇستەملىكىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن فىلىپپىن بىلەن سىرتقى دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىدىكى كونتروللۇقنى بوشىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، مانىلا قاتارلىق يەتتە پورتنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىۋەتتى ۋە ئەركىن تاشقى سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، فىلىپپىن دۇنيا بازىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكىنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىش بازىرى ۋە خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندى. مەخسۇس شېكەر قومۇشى، كۆك تاماكا، مانىلا كەندىرى قاتارلىق ئېكسپورت زىرائەتلىرىنى تېرىش ئېكىنزارلىقلىرى كۆنسېرى كۆپىيىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، تۆمۈريول، پورت، كېمىسازلىق، قورال ـ ياراغ زاۋۇتى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى فىلىپپىن جەمئىيىتىنىڭ سىنىپىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدا فىلىپپىن مىللىي بۇرژۇئازىيەسى تەدرىجىي شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىسپانىيەلىكلەر ياكى جۇڭگولۇقلار بىلەن فىلىپپىنلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۆرەلگەن شالغۇتلار ئىدى، ئۇلار ئېكىنزارلىقلارنى باشقۇرۇش، كېمىسازلىق سانائىتى سودا پارىخورلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئارىلار ئارا سودا قىلىش بىلەن باي بولغانلار

ئىدى. فىلىپپىن مىللىي بۇرژۇئازىيەسى بىلەن چەت ئەل كاپىتالى ۋە فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار بولغاچقا، مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن چەت ئەل كاپىتالىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىدىن قورقۇپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاچقا، مۇستەملىكىچىلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئىرادىسى ئۈزۈل ـ كېسىل بولماي، ئىسلاھاتچىلار ۋە مۇستەملىكىچىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئۆز سىنىپىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەقسىتىگە يېتىش خام خىيالىدا بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ كىرىشى بىلەن فىلىپپىندا بىر تۈركۈم دەللال كۈچلەر پەيدا بولدى. ئۇلار ئىشىنىڭ باشلىنىشىدىلا چەت ئەل كاپىتالى بىلەن باغلىنىپ قالغاچقا، فىلىپپىن خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى.

فىلىپپىندا پىرولېتارىيات مىللىي بۇرژۇئازىيەدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنىدى. چەت ئەل مەبلىغى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان زاۋۇتلار ۋە كارخانىلاردا بىرىنچى تۈركۈم فىلىپپىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قوشۇنى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، كۆك تاماكا سانائىتىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بار ئىدى. يېڭىدىن زورىيىۋاتقان فىلىپپىن پىرولېتارىياتى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى. 1872 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كاۋىتېدا دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن كېمىسازلىق ئىشچىلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە «ئىسپانىيەنى يوقىتايلى»، «ئىسپانىيە موناخلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەيلى» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسپانىيەنىڭ باش ۋالىيسى تۇرۇشلۇق جاي مانىلاغا يۈرۈش قىلدى، تەييارلىقى ئەتراپلىق، تەشكىللىك پۇختا بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلدى. مۇستەملىكىچى دائىرىلەر قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىشچىلار، ئەسكەرلەرنى باستۇرۇپلا

قالماستىن، قوزغىلاڭغا پەقەت قاتناشمىغان، ئىسلاھات قىلىشنى ۋە دىنىي جەمئىيەتلەرنى فىلىپپىنلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋەتەنپەرۋەر موناخ بۇرگوس، گومېس، زامورا قاتارلىق فىلىپپىنلىق دىندارلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كاۋىتې قوزغىلىڭى فىلىپپىن خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئېڭىنى ئويغاتتى.

## 2. خوسې رىزال ۋە ئۇنىڭ «تەشۋىقات ھەرىكىتى»

فىلىپپىندىكى بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى بىرقەدەر ئىلگىرى ئىدى. بۇلار ئىچىدىكى بىرقىسىملىرى ھەتتا ئىسپانىيەدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىغا بىۋاسىتە قاتناشقانلاردىن ئىدى. شۇڭا، كاۋىتې قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار «تەشۋىقات ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇردى. تەشۋىقات ھەرىكىتى ئىسپانىيە بىلەن فىلىپپىندا بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى. ئۇلارنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئىسپانىيەلىكلەر بىلەن فىلىپپىنلىقلارنىڭ قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ دىنىي جەمئىيەتنى فىلىپپىنلاشتۇرۇش؛ مەتبۇئات، تەشكىلاتلارغا ئۆيۈشۈش، سۆزلەش ئەركىنلىكى ۋە ئەرز قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ فىلىپپىنغا ئىسپانىيەنىڭ رەسمىي بىر ئۆلكىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش، فىلىپپىننىڭ ئىسپانىيە پارلامېنتىدىكى ۋەكىللىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىقلار ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى خوسې رىزال، مارسىلو دېل ۋىللار، لوپېز خائېنا قاتارلىقلار ئىدى.

خوسې رىزال (1861 — 1896) لاۋنا ئۆلكىسىنىڭ كالامبا بازىرىدىكى بىر باي پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ مانىلادىكى ئاتېنېئۇ ئىنستىتۇتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن،

ۋەتىنىنىڭ بەختسىزلىكى، خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئۇنى قولىغا قەلەم ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. 18 يېشىدا «فىلىپپىن ياشلىرىغا» ناملىق مەشھۇر داستانىنى يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلغان. ئىككىنچى يىلى يەنە بىر ھەجۋىي دىرامىسىدا ئىسپانىيە دىندارلىرىنىڭ ساختا ياخشىچاقلىقىنى، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قوپاللىقىنى مازاق قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇستەملىكە دائىرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى. 1882 ـ يىلى ئائىلىسىنى تاشلاپ ياۋروپاغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە دەسلەپىدە مادرىد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مېدىتسىنا، ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە ئوقۇغان، 1885 ـ يىلى فىرانسىيەگە بېرىپ مەخسۇس كۆز كېسەللىكلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان، 1886 ـ يىلى گېرمانىيەگە بېرىپ، ھېيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ ۋە پسىخولوگىيە ئوقۇغان، 1887 ـ يىلى «ماڭا چېقىلىشما» دېگەن رومانىنى ئېلان قىلغان، 1891 ـ يىلى بۇ رومانىنىڭ داۋامى بولغان «قوزغىلاڭچى» نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ئىككى رومانى فىلىپپىن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر بولۇپ، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى فىلىپپىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى ئىدى.

لۇشۈن بۇ ئىككى كىتابقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، رىزالنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئاۋازى»نى، «ئۆچمەنلىك ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش»نىڭ چۇقانىنى ئاڭلىدىم، دېگەنىدى. خوسې رىزالنىڭ قەلىمى بىلەن ئىسپانىيە موناستىرىنىڭ جىنايەتلىرى ۋە يالغان ـ ياۋىداقلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىيانەتچىلىكى، قانۇنسىزلىقى، خەلق مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ قوپاللىقلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىلگەنىدى. ئۇ يەنە فىلىپپىن خەلقىنىڭ قۇل قىلىنىۋاتقانلىقى، ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقانلىقى ۋە بوزەك قىلىنىپ پاجىئەلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا ھېسداشلىق

قىلىش ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىچ پۇشۇقى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ، خەلقنىڭ ئويغىنىشى ۋە كۈرەش قىلىشىنى كۈيلىدى. ئۇ «قوزغىلاڭچى» رومانىنى كاۋىتې قوزغىلىڭىدا قۇربان بولغان ئۈچ پوپقا بېغىشلاپ يازغان. ئۇ روماندا چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن: «فىلىپپىندىكى بارلىق خەلق تولۇپ تاشقان ھۆرمىتى بىلەن سىلەرنى خاتىرىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئىنقىلابىي قۇربان بولۇپ ئاتالغانلىقىڭلار سىلەرنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭلارنى خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»، «مېنىڭ بۇ كىتابىنى قۇرۇغان ياپراقلاردىن ياسالغان، دەل ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرەلمىگەن گۈزەل چەمبىرەك ئورنىدا سىلەرنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان قەبرەڭلەرگە ھۆرمەت بىلەن قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر» دەپ يازغاندى.

رىزال بۇ ئىككى رومانى ئارقىلىق فىلىپپىن خەلقىنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئونكرىسوستو ئىۋاررا ياۋروپاچە تەربىيە كۆرگەن، باي ئائىلىنىڭ بالىسى بولۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ۋەتىنى ئۈچۈن «ياخشى ئىش»لارنى قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ غايىسى دەپسەندە قىلىنىپ، ئۆزى تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئىۋاررا بىر دېھقاننىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىدۇ، 13 يىلدىن كېيىن ۋەتىنىگە يەنە قايتىپ كېلىپ، «جانغا جان، قانغا قان ئالماقچى، تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلماقچى» بولىدۇ. لېكىن، ئۇ پىلانلىغان ئۈچ قېتىملىق قەستلەش ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ، ئۆزى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىز بېسىپ قوغلىشى جەريانىدا يارىدار بولۇپ، بىر قاقاس دېڭىز ساھىلىغا كېلىۋالىدۇ. ئۇ رومانىنىڭ ئاخىرىنى بىر پوپنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان «خەيرلىك ئىش قىلماق»، «ياخشى پەزىلەتنى جارى قىلدۇرماق» لازىم، «قىلىچنىڭ رولى

www.uighurkitap.com

ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدى» دېگەن سەپسەتىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇۋاررا پوپىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ جان ئۈزىدۇ. ئۇۋاررانىڭ تىراگېدىيەسى ۋە كۆز قارىشىدىكى زىتلىق فىلىپپىن بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئاخىرلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا رىزالنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

1889 - يىلى 2 - ئايدا خائېنا بارسېلونادا ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئىتتىپاق گېزىتى»نى چىقاردى. مارىسلو دېل ۋىللار ۋە رىزاللار بۇ گېزىتنىڭ ئاساسلىق ماقالە يازغۇچىلىرى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «ئىتتىپاق گېزىتى» ۋەتەنگە مەخپىي قايتۇرۇپ كېلىنىپ، فىلىپپىن خەلقىنى قوزغىلىپ، مىللىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

رىزال مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىش مەيدانى چەت ئەلدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەندە دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشنى قارار قىلىپ، 1892 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شياڭگاڭ ئارقىلىق مانىلاغا كەلدى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇ فىلىپپىندا «فىلىپپىن ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، ئىتتىپاقنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزدى. ئىتتىپاقنىڭ ۋەزىپىسى: (1) فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىنى بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك، مۇستەقىل بىر گەۋدە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ (2) بارلىق زوراۋانلىق ۋە ئادالەتسىز قىلمىشلارغا چەك قويۇش؛ (3) مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە سودىنى رىغبەتلەندۈرۈش؛ (4) ئىسلاھات ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى: «ھەممە ئادەم بابباراۋەر بولۇش» قاتارلىقلار ئىدى. ئىتتىپاق قۇرۇلۇپ تۆت كۈن بولغاندا، رىزال مۇستەملىكىچى دائىرىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، مىنداناۋ ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. مۇستەملىكىچى دائىرىلەرنىڭ ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى

قىسمىدىكى ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن، ئىتتىپاق ناھايىتى تېزلا ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

1896 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى فىلىپپىن مۇستەقىللىق ئۈرۈشى داغدۇغىلىق قانات يېيىۋاتقاندا، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر رىزالنى «ئەسەرلىرى خەلقنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى»، «قانۇنسىز تەشكىلات قۇردى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ۋەتەننىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقانىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

مەشرىق تامان يۈز ئاچتى سۈبھى،
مەن كېتەرمەن جاھانغا خوش دەپ
تۈن پەردىسى يىرتىلغان دەمدە،
ئاتار نۇرلۇق بىر تاڭ ۋاھ ـ ئەجەب...

### 3. فىلىپپىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى

1896 ـ يىلدىن باشلاپ فىلىپپىندا بۇرژۇئازىيە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئاندرېس بوسفاسىيو (1863 ~ 1897 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئازىيە رادىكاللىرى 1892 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مانىلادىكى ئىشچىلار رايونىدا مەخپىي تەشكىلات «كاتىپۇنان» (يەنى ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئىززەتلىك فىلىپپىن ئوغۇل ـ قىزلىرى جەمئىيىتى)نى قۇردى. كاتىپۇنان فىلىپپىن تارىخىدا تۇنجى بولۇپ خەلق ئاممىسىغا تايىنىش، قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «كاتىپۇناننىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» دېگەن كىتابتا: «مەيلى ئاق تەنلىك بولسۇن، قارا تەنلىك بولسۇن،

ھەممىسى باراۋەر بولىدۇ»؛ «ئىزىلگۈچىلەرنىڭ ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرىشىنى قوغدايمىز»؛ «ۋەتەنىنىڭ بەختىنى قىزغىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن كىشىلەر ئۇلۇغۋار، ئالىيجاناب كىشىلەردۇر» دەپ يېزىلغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئاساسلىقى ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەر، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار، خىزمەتچىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئىدى.

ئاندرېس بونىفاسىيو تىككۈچىلىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىپ ئىنىسى، سىڭلىسىنى باققان. ئۇ خەت توشۇغۇچى، ئىش بېجىرگۈچى (يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغۇچى)، ئىسكىلات باشقۇرغۇچى بولغان. ئۇ تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، تاگالوگ تىلىنى پىششىق ئىگىلىدى، ئىسپان تىلى، ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان، «فىرانسىيە ئىنقىلابى تارىخى»، ھىيۇگونىڭ «خارلانغانلار» ۋە رىزالنىڭ ئىككى رومانىنى ئوقۇغان. ئۇ فىلىپپىن ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تىنچلىق يولى ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندى. شۇڭا، ئۇ خاسىنتو قاتارلىق ئادەملەر بىلەن بىرلىشىپ، «كاتىپۇنان»نى قۇرۇپ، ئۇنى قوراللىق كۈرەشكە تەييارلىق قىلىشنىڭ يادروسى قىلدى. ئۇلار «ئەرك» گېزىتىنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى. «كاتىپۇنان» پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تېز راۋاجلاندى. 1896 ـ يىلىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا، ئۇنىڭ ئەزالىرى 30 مىڭغا يېقىن ئادەمگە، قوللىغۇچىلىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە يەتتى.

1895 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بونىفاسىيو سېن ماتېئو تېغى ئۆڭكۈرىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىنىدا قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۆڭكۈرنىڭ

تېمىغا كۆمۈر بىلەن «ياشىسۇن فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقى» دېگەن شوئارنى يازدى. 1896 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بونىفاسىيو مانىلانىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بالىنتاۋاك بازىرىدا قورallىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جايلاردىكى خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. لۇزون ئارىلىدىن مىنداناۋ ۋە سۇلۇ تاقىم ئاراللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغالدى. «كاتىپۇنان»چىلار نۇرغۇن جايلاردا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

ئىنقىلاب يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا، «كاتىپۇنان»نىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بەردى. يومىشچىلىك، بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇتەئەسسىپلەر ئېمىلىيو ئاگىنالدو بىلەن بونىفاسىيو ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئا رادىكاللىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر كۈرەش قانات يايدى. ئاگىنالدو كاۋىتې بازىرىدا بازار باشلىقى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1894 ـ يىلى بونىفاسىيو ئۇنى «كاتىپۇنان»غا تونۇشتۇرۇپ كىرگۈزگەنىدى. 1896 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بونىفاسىيونىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كاۋىتېدا ۋەتەنپەرۋەرلەر قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ مۇنتىنزىم ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلغانىدى. 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىپ، «كاتىپۇنان»نىڭ پىروگىراممىسى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلاشتى. يىل ئاخىرى بونىفاسىيو قوزغىلاڭنىڭ باش ئىشتابىنى كاۋىتېغا يۆتكەپ بارغاندا، ئاگىنالدو بونىفاسىيونىڭ رەھبەرلىكىگە قەتئىي بويسۇنماي، كاۋىتېدا ئىككى ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ قارشىلىشىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. ئاگىنالدو ئىنقىلابنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىدىن، بولۇپمۇ دېھقانلار يەر ئىنقىلابىنىڭ يومىشچىلىك، بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقۇپ، كاۋىتېدا يەرلىك كۈچلەرنى توپلاپ، سۈيىقەستلىك

ۋاستىلەر بىلەن ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ۋە «كاتىپۇنان»نى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1897 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزى ئۇيدۇرۇپ چىققان جىنايەت بىلەن فىلىپپىننىڭ مىللىي قەھرىمانى بونىفاسيونى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن فىلىپپىن خەلقى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قۇربان بولغان بۇ قەھرىمان جەڭچىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مانىلا شەھىرىنىڭ شىمالىغا بونىفاسيو رەھبەرلىك قىلغان ئىسپانىيەگە قارشى قوزغىلاڭنىڭ خاتىرە ئابىدىسىنى تىكلىدى.

بونىفاسيونىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە «كاتىپۇنان» تەشكىلاتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بىلەن ئىنقىلاب زور زىيانغا ئۇچرىدى. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىنقىلاب لاگېرىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، 18 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىنقىلابىي ئارمىيەگە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ ئاگىنالدونى تۇزاققا دەسسەتتى. 1897 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىئاكناباتودا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇنى ماقۇللىنىپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئاگىنالدو زۇڭتۇڭ بولدى. لېكىن، ئاگىنالدو ھۆكۈمىتى مۇستەملىكىچىلەر ۋە دەللال بۇرژۇئازىيەنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە ئالدىشى بىلەن دۈشمەن بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇرەسسەلەشتى. 1897 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇ مۇستەملىكىچى دائىرىلەر بىلەن «بىئاكناباتو شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئاگىنالدو ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىدىن ئالغان 800 مىڭ پېسو پۇلنىڭ بەدىلىگە قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇپ ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋېتىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئاگىنالدو ئۆزى شياڭگاڭغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاگىنالدو تەسلىم بولغاندىن كېيىن فىلىپپىن خەلقى

كۆرەشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. كۆپلىگەن قوزغىلاڭچى ئەسكەر ۋە خەلق ئامممىسى شەرتنامىنى ئېتىراپ قىلماي، قورال تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى. 1898 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گېنېرال ماكابروس قوزغىلاڭچى ئارمىيەنىڭ ھىمايىسىدە ئوتتۇرا لۇزون ئارىلىدا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، فىلىپپىن خەلقىنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى داۋاملىق كۆرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. نۇرغۇن شەھەر ـ بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى ئىنقىلابچىلار ئىگىلىدى، مىللىي ئىنقىلاب قايتىدىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا فىلىپپىندىكى پومېشچىك، بۇرژۇئازىيەلەرمۇ ئىسپانىيەگە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. ئاگىنالدو شياڭگاڭدا «ۋەتەنپەرۋەرلەر كومىتېتى» قۇردى.

1898 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. ئامېرىكا بىر تەرەپتىن ھەربىي پاراخوتلىرىنى ئەۋەتىپ فىلىپپىنغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشقا ھازىرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ساختا «ئىتتىپاقداش»لىق ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىغان بولدى ھەمدە شياڭگاڭ، سىنگاپورلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاگىنالدو بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاگىنالدو ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ «ياردەم بېرىشى» ۋە قوغدىشى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش خام خىيالىدا 1898 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ فىلىپپىنغا قايتىپ كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (فىلىپپىننىڭ ھازىرقى دۆلەت بايرىمى كۈنى) ئاگىنالدو كاۋىتېدا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ئېلان قىلىپ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى. ئىنقىلابىي ئارمىيە خىتابنامىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭدە غەلىبە قىلىپ، لۇزون ئارىلىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئازاد قىلدى. مانىلامۇ خەلقنىڭ قوراللىق قوشۇنى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. 9 ـ ئايدا فىلىپپىن پارلامېنتى

پايتەخت مالولودا خىزمەتتىنى باشلاپ ئاساسىي قانۇن تۈزدى. 1899 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىلىپپىن بۇرژۇئازىيەسىنىڭ جۇمھۇرىيەت قانۇنى (تارىختا مالولو ئاساسىي قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ)نى رەسمىي ئېلان قىلىپ، فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئاگىنالدو زۇڭتۇڭ بولدى، مابىنى ئىچكى كابىنېت رەئىسى بولدى. فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىسپانىيەنىڭ فىلىپپىندىكى 300 نەچچە يىللىق مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

### 4. فىلىپپىن خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

1898 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە پارىژ سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى. شەرتنامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىسپانىيە 20 مىليون دوللارلىق ھەق بىلەن فىلىپپىننى ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. پارىژ سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئوچۇق ـ ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى فىلىپپىننىڭ ھەممە ئاراللىرىغا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. فىلىپپىن خەلقى ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ۋەھشىي، يولسىزلارچە تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1899 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ماككىنلېي بۇ تەلەپنى كەسكىن رەت قىلدى. 1899 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە تولۇق

تەييارلانغان ئامېرىكا ئارمىيەسى مانىلاغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، فىلىپپىن خەلقىگە زورمۇزور بۇ ئۇرۇشنى تاڭدى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك بويۇنتۇرۇقىدىن ئەمدىلا ئازاد بولغان فىلىپپىن خەلقى يەنە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ جۇمھۇرىيەتنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلاندى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئارمىيەسى مانىلا شەھىرى ئەتراپىدا كەسكىن جەڭ قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى جۇمھۇرىيەت پايتەختى مالولو شەھىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، 31 ـ كۈنى مالولو شەھىرى قولدىن كەتتى. ئاگىنالدو پايتەختنى سان فېرناندو شەھىرىگە كۆچۈردى. فىلىپپىن ئارمىيە ـ خەلقى قورال ـ ياراغلىرى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدىمۇ باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئامېرىكىلىق بىر ھەربىي مۇخبىر ئېتىراپ قىلىپ: قىسقىغىنە نەچچە ئاي ئىچىدە بىزدىن ئۆلگەن، يارىدار بولغان ۋە كېسەل بولغانلار 1000 ئادەمگە يەتتى. 4000 ئادىمىمىز دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتىدۇ، دېگەن.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشغال قىلغان يەرلىرى قانچە كېڭەيگەنسېرى ھەربىي كۈچى شۇنچە تارقاقلىشىپ، ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. شۇڭا، ئۇ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، قوراللىق باستۇرۇشنى كۈچەيتكەندىن تاشقىرى، يەنە ئالداپ قولغا چۈشۈرۈش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنقىلابىي لاگېر ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ئالداپ تەسلىم قىلدۇرۇش سىياسىتىگە قارىتا پېتېر پارتېرنو ۋە بۇئېن كامىنو باشچىلىقىدىكى پومېشچىك، دەللال بۇرژۇئازىيە تەسلىمچىلىرى ئامېرىكا بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئانتونىئو لۇنا (1868 — 1899 ـ يىللار) ۋە

ئابولىنارىيو مابىنى (1864 ~ 1903 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى رادىكاللار ئامېرىكىغا قارشى كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئاگىنالدو ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرغۇچىلار بىلەن تەسلىمچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپتا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ، كۆپىنچە ھالقىلىق پەيتلەردە تەسلىمچىلەر تەرەپتە تۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇ پېتېر پارتېرنو بىلەن بۇئېن كامىنونىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىچكى كابىنېتنىڭ رەئىسلىكى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى تارتىۋېلىشىنى قوللىدى. ئامېرىكىغا قارشى كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرغان مابىنىنى ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى.

سىرتقا نىسبەتەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈش، ئىچكى جەھەتتە خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش تەسلىمچىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، پېتېر پارتېرنونىڭ ئىچكى كابىنېتى مانا مۇشۇنداق تەسلىمچى ئىدى. ئىچكى كابىنېت ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ ئامېرىكىدىن سۈلھى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گېنېرال ئانتونىيو لونانىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. گېنېرال ئانتونىيو لونا پېتېر پارتېرنو قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەتەن خائىنلىرى دەپ ئەيىبلەپ، «فىلىپپىن خەلقىگە مۇستەقىللىق كېرەك، مەن پەقەت ۋەتەننى قوغداش ئىشلىرى ئۈچۈنلا پۈتۈن كۈچۈمنى بېغىشلايمەن» دەپ تەنتەنىلىك ئىپادە بىلدۈردى. شۇڭا، تەسلىمچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن، 1899 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇنى زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى زورمۇ زور تارقىتىۋەتتى.

ئۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئامېرىكا ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ كۆپ جايلارنى ئىشغال قىلىشى بىلەن، فىلىپپىن خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى

كۆرشىنىڭ ۋەزىيىتى كۆنسېرى ناچارلاشتى. جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختى بەش قېتىم كۆچۈرۈلدى. 1899 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىنقىلابىي ئارمىيە بۆلۈنۈپ، تارقاق ھالدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. فىلىپپىن ئارمىيەسى بىرقانچە ھەربىي رايونغا بۆلۈندى، ھەربىر ھەربىي رايونغا بىر پارتىزان قوماندان قوماندانلىق قىلدى. پارتىزانلار جايلارنىڭ يەر شارائىتىغا تونۇشلۇق بولۇشتەك پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئورمانلىقلاردا جەڭ قىلدى، كېچىلەردە، سەھەرلەردە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، چارلىغۇچى ئەترەتلىرىگە زەربە بەردى. 1900 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1901 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە پارتىزانلار ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن 1026 قېتىم جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ئۈنۈملۈك زەربە بەردى.

فىلىپپىننىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا كۆچكەندىن كېيىن، يېتەر پارتېرنو قاتارلىق كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ تەسلىم بولدى، ئاگىنالدومۇ بالان ئارىلىدىكى بىر بازارغا قېچىپ بېرىۋالدى. 1901 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ بالان ئارىلىدىكى تۇرۇشلۇق جايىدا ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشتى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكىغا سادىق بولۇشقا قەسەم بەردى، 19 ـ كۈنى خىتابنامە ئېلان قىلىپ، پارتىزانلارنى ئامېرىكىنىڭ «تىنچلىق» سۈلھىسىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىدى. خىتابنامىدە: «ئەمدى قان، كۆز يېشى تۆكۈلمىسۇن، قەھەتچىلىك ھازىردىن باشلاپ ئاخىرلاشسۇن» دېيىلدى. ئاگىنالدونىڭ خىتابنامىسىدىن كېيىن پومېشچىك، بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىل، ئەربابلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولدى. يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈنجۇقتۇرۇلدى. لېكىن، خەلق قوراللىق قارشىلىق

كۆرسىتىشنى يەنىلا داۋاملاشتۇردى. 1902 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندىلا ئامېرىكىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئاندىن ئاخىرلاشتى. ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا فىلىپپىن خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە چىقىمغا ئۇچراتتى. ئامېرىكا ئارمىيەسىدىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار 7000 ئادەمدىن ئاشتى. ئامېرىكا ئارمىيەسى فىلىپپىندا ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. سانسىزلىغان ئاددىي پۇقرالار ئامېرىكىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ياكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئۆلدى. پەقەت باتانگاس ئۆلكىسىدىكى ئاھالىلەر 1899 ـ يىلىدىكى 312 مىڭ 192 ئادەمدىن 1903 ـ يىلىغا كەلگەندە 257 مىڭ 715 ئادەمگە ئازىيىپ كەتتى.

ئامېرىكا فىلىپپىننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قولى يەتكەنلا جايلارغا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى قۇردى. ئامېرىكاپەرەس رادىكاللاردىن بۇئېپ كامىنو قاتارلىق كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلاردىن پومېشچىك دەللاللارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قوشما ئىشتاتلار پارتىيەسى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ فىلىپپىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالى قىلدى. 1901 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئامېرىكا چاڭگىلىغا ئېلىنىۋالغان «فىلىپپىن كومىتېتى» خەلق ئىشلىرى ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈپ، قانۇن چىقىرىش ۋە مەمۇرىيەتنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى تۇتتى. ئامېرىكا فىلىپپىنغا بىرىنچى قېتىم قويغان باش ۋالىي تافتنى كومىتېتقا رەئىس قىلدى ھەمدە قوشما ئىشتاتلار پارتىيەسىنىڭ ئۈچ ۋەكىلىنى ئۇنىڭغا قاتناشتۇردى. 1902 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى «فىلىپپىن قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. لايىھەدە: فىلىپپىننىڭ مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئامېرىكا باشقۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاندى. لايىھەدە

يەنە فىلىپپىندا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى تەسىس قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. پارلامېنت شەكىل جەھەتتىن قانۇن چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارارلىرىنى تەستىقلاش ـ تەستىقلىماسلىق ئالىي ھوقۇقى مۇستەملىكىچى ۋالىينىڭ قولىدا ئىدى. فىلىپپىننىڭ پارلامېنتىدا ماقۇللانغان ھەرقانداق قانۇننى ئامېرىكا پارلامېنتى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيتتى. لايمەھەدە فىلىپپىنلىقلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەردىن بىر ئۈلۈش ئېلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە بولسىمۇ، لېكىن بۇ سېپى ئۆزىدىن دېھقانلارنى ئالدايدىغان ساختا ماددا ئىدى. كاتولىك دىنى موناستىرلىرى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىنغان يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىسپانىيە ئامېرىكا كاپىتالىستلىرىغا ۋە ئارمىيەسىگە بېرىۋەتكەنىدى. فىلىپپىننىڭ يۇقىرى قاتلام تەبىقىلىرى پەقەت ئېشىپ ـ تېشىپ قالغان ئارغىنە ئاشقا ئىگە ئىدى، خالاس. 1906 ـ يىلى ئامېرىكا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئامېرىكىغا قارشى كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا ئۆزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلىپ كەلدى. ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەكسىيەتچى ئارمىيە ۋە ساقچى تارماقلىرىنى كۈچەيتكەندىن تاشقىرى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەربىي سوت ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق مەسىلىسى ھەققىدە گەپ قىلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلدى. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى «ئاسىيلىق» جىنايىتى بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسپانىيەنىڭ 300 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكىدىكى ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى دەۋرىنىڭ

پەردىسىنى ئاچتى. تارىخىي ۋە جۇغراپىيەۋى مۇناسىۋەتلەر سەۋەبىدىن، فىلىپپىننىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئاسىيانىڭ باشقا ئەللىرىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر ئۈچۈن زور ئىلھام بەردى، شۇنداقلا بۇ ھەرىكەت ئاسىيا خەلقىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا توكيودا تۇرۇۋاتقان سۇن جۇڭشەن فىلىپپىننىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇن جۇڭشەن يەنە سېتىۋېلىنغان بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغلارنى پاراخوتتا كىرا قىلىپ فىلىپپىنغا ئەۋەتتى. ئەپسۇس، بۇ پاراخوت دۈشمەن تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلدى. فىلىپپىن ئىنقىلابچىلىرىمۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنى قوللاش، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە خىراجەت بېرىش ئۈچۈن سۇن جۇڭشەنگە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئادەم ئەۋەتىش ھازىرلىقلىرىنى كۆردى. فىلىپپىن خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان يىللاردا، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار فىلىپپىن خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى. بۇ ئۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن فىلىپپىن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى شياڭگاڭ، شاڭخەيلەرگە مۇساپىر بولۇپ كەلگەندىمۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

## 4 ـ بۆلۈم ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتلىرى

### 1. مىللىي كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى تەرەققىياتى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئەنگلىيە دۇنيادىكى

سانائەت مونوپوللۇق ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشى ۋە دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكىنى تالىشىشنى جىددىيلەشتۈرۈشكە ئەگىشىپ، ھىندىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئەنگلىيە ئارمىيە ۋە سىياسىي ھوقۇقىغا تايىنىپ، ھىندىستان خەلقىنى يەنە شەپقەتسىزلىك بىلەن شىلىش، نۇرغۇن مىقداردىكى تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش، خام ئەشيالىرىنى تالان ـ تاراج قىلىشتىن سىرت، سىرتقا كاپىتال چىقىرىشنى تەدرىجىي ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى قىلدى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1910 ـ يىلى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى زايومى ۋە كارخانىلارغا سالغان مەبلىغى 450 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى، ئۇنىڭدىن ھەريىلى ئالغان ئۆسۈمى ۋە پايدىسى 40 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى. بۇ پايدا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىن ئالدىغان تاشقى سودا پايدىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى (1913 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ تاشقى سودىسىدىن ئالغان پايدا ئاران 28 مىليون فوندستېرلىڭ ئىدى). ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغى ئاساسلىقى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ زايومى، تۆمۈريول، كان قېزىش، كېمىسازلىق، ئېكىنزارلىق قاتارلىقلارغا سېلىنىدى. 1910 ـ يىلىدىكى سېلىنغان مەبلىغى ئىچىدە، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ زايومى 50% نى، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلىغى 37.4% نى، ئېكىنزارلىقلارغا سېلىنغان مەبلىغى 6.6% نى، بانكىنىڭ يەر مۈلۈكى، زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلىغى 5% نى ئىگىلىگەنىدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى ھىندىستانغا قارىتا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتكەنلىكى، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەمۇرىي چىقىمى ۋە

ھەربىي خىراجىتى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىپ ھالدا مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ قەرزىمۇ تېز ئاشتى. 1860 ـ يىلى تۆلەيدىغان قەرزى 100 مىليون فوندستېرلىڭ بولغان بولسا، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 274 مىليون فوندستېرلىڭغا كۆپەيدى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ زايوم سېتىۋېلىشى بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستان خەلقىگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشىنى قولللاش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندىستان خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1870 ـ يىلىدىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى باشلىغان، تۆمۈريول لىنىيەسىمۇ ناھايىتى تېز ئۇزاردى. 1871 ـ يىلى تۆمۈريول لىنىيەسى 5077 مىل بولغان بولسا، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېخىمۇ ئۇزىراپ 25 مىڭ 371 مىلغا، 1913 ـ يىلى 34مىڭ 656 مىلغا يەتتى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى تۆمۈريول تورلىرىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كان مەھسۇلاتلىرى خام ئەشياسىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، يەنە كۆپلىگەن زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى قۇردى. مەسىلەن، كۆمۈر، نېفىت، مانگان، ئالتۇن كانلىرىنى قازدى، سودا پورتى، كېمىسازلىق، دېڭىز قاتنىشى، تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەرنى تىزگىنلىۋالدى، كەندىر توقۇمىچىلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقى، قەغەزچىلىك، ياغ چىقىرىش قاتارلىق ساھەلەرگە ئارىلاشتى.

ئەنگلىيە سودىگەرلىرى يېزا ئىگىلىك جەھەتتىمۇ ھەرخىل سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ۋە چاي، كاۋچۇك، نىل بوياق ئۆسۈملۈكى قاتارلىق ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىنىڭ زورلۇق قىلىشى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن، ھىندىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تاۋارلىشىپ، بىر تەرەپلىمە

ھالدا قىسمەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. نۇرغۇن جايلار مەخسۇس ئۆسۈملۈك رايونىغا ئايلاندى. مەسىلەن، ئاسسام، بېنگال، جەنۇبىي ھىندىستان رايونلىرىدا چاي، كاۋچۇك ئۆستۈرۈلدى، بومباي، ماخاراشتىرادا كېۋەز تېرىلدى. بېنگالدا سېرىق كەندىر، نىل بوياق ئۆسۈملۈكى، پەنجابتا بۇغداي، مادراستا خۇاسىڭ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر تېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەنە فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنى شىلىۋېلىشنى كۈچەيتتى. 1860 ـ يىللاردىن كېيىن مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بىر قاتار يەر سېلىقى ئېلان قىلىپ، زېمىندار پومېشچىكلارنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىدى، پومېشچىك، سودىگەر، جازانىخورلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ دەۋرلەردە ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىن بۇلاپ ـ تالاپ كەلگەن ئاشلىق، خام ئەشيالار يىلمۇ يىل ئاشتى. 1901 ～ 1906 ـ يىللارنى 1892 ～ 1898 ـ يىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەنگلىيەگە چىقىرىلغان بۇغداي %176، پاختا %43، سېرىق كەندىر %27 ئاشتى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەنگلىيەنىڭ مونوپول كاپىتالى ھىندىستاننىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي جان تومۇرلىرىنى بانكا ئارقىلىق تىزگىنلىۋالدى.

ئەنگلىيەنىڭ سىرتقا كاپىتال چىقىرىشنى كۆپەيتىشى، يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بولۇپمۇ تۆمۈريول لىنىيەلىرىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھىندىستان مىللىي سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈنكى، كۆمۈرمۇ، تۆمۈرمۇ بولغان بىر دۆلەتنىڭ قاتناش ئىشلىرىدا ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەنكەن، ئۇ دۆلەتنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ياسىشىنى توسۇۋالغىلى بولمايتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھىندىستان مىللىي سانائىتى

مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ توسالغۇسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مۇستەملىكىچىلىك قالپىقى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. كالكوتتا، بومباي، مادراس قاتارلىق دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى بىر قىسىم دەللال سودىگەرلەر، جازانىخورلار ۋە پومېشچىكلار ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى كونترول قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى كونتروللۇقى بىرقەدەر ئاجىز بولغان بەزى سانائەت تارماقلىرىغا، مەسىلەن، شال ئاقلاش، ياغ تارتىش، ئۇن تارتىش، قەغەزچىلىك، بولۇپمۇ پاختا توقۇمىچىلىق تارماقلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى. 1851 ـ يىلى دەللال سودىگەر داۋار بومبايدا بىرىنچى قېتىم پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇردى. 1861 ـ يىلى دومبايدىكى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 10 غا يەتتى. 1885 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن 58 ى قۇرۇلدى. 1900 ـ يىلى فابرىكا 191 گە، ئۇرچۇق 4 مىليون 940 مىڭغا، ئىشچىسى 150 مىڭغا يەتتى. 1913 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە 272 فابرىكا، 6 مىليون 600 مىڭ ئۇرچۇق، 90 مىڭدىن ئارتۇق رەخت توقۇش ماشىنىسى، 250 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىندىستاننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى كۆلىمى ئاسىيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ياپونىيە ۋە جۇڭگودىنمۇ ئېشىپ كەتتى (ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيەدە 241 مىليون ئۇرچۇق، جۇڭگودا 300 مىڭ ئۇرچۇق بار ئىدى). بومباي، ئەھمەدئاباد شەھەرلىرى ھىندىستاننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى ئىدى، پاختا رەخت، پاختا يىپلىرى يىراق شەرقتىكى نۇرغۇن ئەللەردە سېتىلاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھىندىستان مەبلەغ سالغان پاي بانكىسىدىن توققۇزى بولغان بولسا، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 18 گە يەتتى. 1907 ـ ۋە 1910 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاتا پولات ـ تۆمۈر شىركىتى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇشقا

باشلىدى.

ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زامان سانائىتى ئاساسلىقى دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. 1907 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە 1278 پاي شىركىتى بار ئىدى، بۇ شىركەتلەرنىڭ بېنگالدىكىسى 40.5% نى، بومبايدىكىسى 37.7% نى، مادراستىكىسى 8.5% نى ئىگىلەيتتى.

ھىندىستاننىڭ مىللىي كاپىتالىستىك كارخانىلىرىنىڭ 80% ى، يەنىلا قول سانائەت كارخانىلىرى ئىدى، ئۇلار ئاياغ تىكىش، ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ھەممىدىن بەك ئومۇملاشقىنى رەخت توقۇش كەسپى ئىدى. ئەينى چاغدا ماشىنىدا يىپ ئېگىرگەنگە قارىغاندا، رەخت توقۇشنىڭ پايدىسى كۆپ بولغاچقا، توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرىدىن كۆپ ئىدى. شۇڭا، قول سانائەت توقۇمىچىلىقى يىپ ئېگىرىش فابرىكىسىغا تايىنىپ ۋاقتىنچە ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1897 ~ 1901 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا، يېقىنقى زامان رەخت توقۇش فابرىكىلىرىنىڭ ھەر يىللىق پاختا يىپ سەرپىياتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 85 مىليون قاداق بولغان بولسا، قول سانائەت توقۇمىچىلىقىنىڭ پاختا يىپ سەرپىياتى 200 مىليون قاداقتا بېتىپ، فابرىكىنىڭ يىپ سەرپىياتىنى ئىككى يېرىم ھەسسە قاتلىدى. 1901 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە 328 مىليون قول سانائىتى توقۇمىچىسى بار ئىدى. 1895 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە يېزا ئائىلىسىدىكى قول سانائەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر ساھە قول سانائەتچىلىرىدىن 45 مىليون ئادەم بار ئىدى. مادراس، ماخاراشترا ۋە پەنجئاب قاتارلىق جايلار مەملىكەتنىڭ مۇھىم قول سانائەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرى ھىندىستان مىللىي سانائەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى ئىدى. ماشىنا ـ

ئۇسكۇنىلىرى، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادتا ئەنگلىيە كاپىتالىزمىغا تايىناتتى. خام ئەشيانىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئېلىم ـ سېتىم بازارلىرىمۇ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. بەزى زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئەنگلىيە ـ ھىندىستان «بىرلەشمە ئىگىلىكى»نىڭ ھامىيلىقىدىلا يۈت تىرەپ تۇرالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت ئەنگلىيە مونوپول كاپىتالىزمىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھىندىستان مىللىي سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆكتەملىك بىلەن چەك قوياتتى. مەسىلەن، 1882 ـ يىلى ئەنگلىيە توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئىمپورت بېجىنى كۆتۈرۈۋەتتى. 1894 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ توقۇلما بۇيۇملىرىغا مۇتتەھەملىك بىلەن 5% ئىستېمال بېجى قوشۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا مال يۆتكەش ـ قاتناش باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىش ئارقىلىق ھىندىستان سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىپ، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشتىكى توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىدى.

ھىندىستاندا كاپىتالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى، دەللال بۇرژۇئازىيە ۋە خەلق ئاممىسىدىن تاشقىرى، ھىندىستاننىڭ فېئودال مۇستەملىكە جەمئىيىتىدە يەنە مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن پىرولېتارىيات بارلىققا كەلدى.

ھىندىستان مىللىي سانائىتىنىڭ مۇستەملىكە خاراكتېرى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىدى. مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاز بىر قىسىم قول سانائەتچىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن كېلىپ چىققانلىقىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ كۆپ سانلىق دەللال سودىگەرلەر، جازانىخورلار، پومېشچىك ۋە فېئودال بەگ ـ غوجىلاردىن كېلىپ چىققان، ئۇلارنىڭ فېئودال پومېشچىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەنگلىيەنىڭ

كاپىتالىنى قوبۇل قىلىپ مۇستەملىكىچىلەرگە تايىناتتى، يەنە ئۇلار بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر زىددىيەت بار ئىدى. مانا بۇ هال ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئىككى يۈزلىمىلىك بولۇشىنى بەلگىلىدى. بىر قىسىم چوڭ بۇرژۇئازلار سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپمۇ دەللاللىق، جازانىخورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار مۇشۇنداق دەللاللىق، فېئودالىق خاراكتېرىگە ئاساسەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە تېخىمۇ بېقىناتتى. شۇڭا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەم بېقىپ يانتاياق قىلدى، ھەم كونترول قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە مۇرەسسەچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنى ئەنگلىيەنىڭ كاپىتالى ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. ئۇلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەربىي پاراخوتىغا ئەگىشىپ جۇڭگو، بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئەنگلىيەنىڭ تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتى، ئەپيۇن سودىسى قىلدى. ھەربىي ئېھتىياجنى قامدايدىغان چوڭ دەللال بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەممىسىنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بېقىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار ھىندىستان خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشى بىلەن دۈشمەنلىشەتتى. ئۇششاق سودىگەرلەر، كىچىك خوجايىنلار ۋە قول سانائەتچى قاتارلىق ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئەنگلىيەنىڭ تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشىنىڭ زىيىنىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغۇچىلار، ئالۋان ـ سېلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچىلار ۋە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ بېسىشىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانلار بولغاچقا، ئۇلار مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشتە قەتئىي بولۇپ، سانى بىرقەدەر كۆپ بولغان دېھقانلار ئىنقىلابىي قاتلىمىنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى.

ھىندىستان پرولېتارىياتى ئۆز دۆلىتىدىكى كاپىتالىزمدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇلار ھىندىستان مەبلەغ سالغان زاۋۇت، كان، كارخانا، قاتناش، توشۇش ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستاندا 500 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بار ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا ئۇلار 950 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئاساسلىقى كالكوتتا، بومباي، مادراس، ئەھمەدئاباد، ناگپۇر قاتارلىق شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىگىلىكى ۋەيران بولغان دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر، پەسىلچانلىقى كۈچلۈك ئىشلارنى قىلىدىغان ئىشچىلار ئىدى. توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلارنى كۆپلەپ ياللاپ ئىشلىتەتتى. ئىشچىلار مۇستەملىكىچىلىك، فېئودالىزمنىڭ ئۈچ قات ئېزىشىگە ئۇچرايتتى. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن، تۇرمۇش ۋە ئەمگەك شارائىتى بەك ناچار ئىدى. ئىش ۋاقتى 14 ~ 15 سائەتكە يېتەتتى، بالا ئىشچىلارمۇ 9 ~ 14 سائەتكىچە ئىشلەيتتى. دەم ئېلىش كۈنى، ئەمگەك كاپالىتى يوق ئىدى. ئېغىر ئەمگەك ئىشچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تۈگەشتۈرۈۋېتەتتى. كېسەللەر، مېيىپ بولغانلار، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىپ ئۆلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ھىندىستان مىللىي سانائىتىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ھىندىستاندىكى زاۋۇت ئىگىلىرى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرزان باھالىق تاۋارلىرى بىلەن رىقابەتكە چۈشۈش ئۈچۈن ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىشچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتىپ، تاۋارلىرىنىڭ تەننەرخىنى چۈشۈرەتتى. شۇڭا، مىللىي كارخانىلاردىكى ئىشچىلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەگە قارشى كۈرىشى قارىماققا مىللىي بۇرژۇئازىيەگە قارىتىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە

ئىدى. بۇ بىر دەۋردىكى ھىندىستان پىرولېتارىياتلىرى سان جەھەتتە ئاز، سىياسىي جەھەتتە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. لېكىن، ئۇلار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۆزۈكسىز تەرەققىي قىلدى، تەشكىلچانلىقى ۋە ئىنقىلابىيلىقى ئەڭ كۈچلۈك سىنىپ ئىدى. ئۇلار كۆپ سانلىق ئىگىلىۋېلىنغان قول سانائەتچى، ئۇششاق تىجارەتچى، كىچىك خوجايىن قاتارلىق شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، شەھەرلەردە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تەشكىل قىلدى.

## 2. ھىندىستاندا مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ قانات يېيىشى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى

مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بىلەن فېئودال پومېشچىكلار، جازانىخورلارنىڭ پاجىئەلىك شىلىشى، ئەنگلىيەنىڭ ئەرزان باھالىق تاۋارلىرىنىڭ تۆكمە قىلىپ سېتىلىشى بىلەن، دېھقانلار ۋە يېزىلاردىكى قول سانائەتچىلەر تۈركۈملەپ ۋەيران بولدى. يېزا ئىگىلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، سودىدا جازانە كاپىتال مەجبۇرىي يۇرگۈزۈلۈۋاتقان بېنگال، ماخاراشتىرا، بومباي ۋە پەنجاب رايونلىرىدا دېھقانلار يېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 24 قېتىم قەھەتچىلىك يۈز بەردى. ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەر 20 مىليونغا يەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 25 يىلىدىلا 15 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى، ئۇدا داۋاملاشقان قەھەتچىلىك 1872 ـ يىلىدىن 1882 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا ھەممە جايلارنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1872 ـ يىلى شەرقىي

بېنگالدىكى بابنا ۋە بوگرا رايونلىرىنىڭ دېھقانلىرى زېمىندارلارنىڭ يەر بېجىنى قانۇنسىز ئۆستۈرگەنلىكى، ھەرخىل ئالۋان ـ سېلىقلارنى سالغانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، زېمىندارلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شوئارىنى تۇۋلىدى. 1872 ـ يىلى پەنئابتا شېكلارنىڭ نامدار مەزھىپىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ياغاچچى رام سىنگنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭچىلار مالورد قەلئەسى بىلەن مالېركوترا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ پۇختا تەييارلىقى بولمىغانلىقتىن، ئەنگلىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. 1870 ~ 1880 ـ يىللىرى ماخاراستىرا شەھىرىدە 10 يىلغا سوزۇلغان ماراتلارنىڭ دېھقانلار ئۇرۇشى پارتلىدى. 1873 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىكى تارماق پارتىزانلار ئەترەتلىرى ھەرىكەتلىرىنى توختاتمىدى. 1875 ـ يىلى ئۇلار پۇنا، ئەھمەدئاباد شەھەرلىرىگە يىغىلىپ، ئىككىنچى قېتىم كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭغا دېھقانلار، ئۇلاردىن باشقا يەنە قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر قاتناشتى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىقى خونىميا باكىنگىرى رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنى «قەرزدارلارنىڭ بۇرادەرلىرى» دەپ ئاتاشتى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار جازانىخورلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قەرز تىلخەتلىرى، يەر خېتى ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمنامىلىرىنى مۇسادىرە قىلدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى، باجگىرلارنى ئۇردى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن جازانىخورلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچراتمايمىز، دەپ دېھقانلارنى ئالدىدى. دېھقانلار قوزغىلىڭى توختىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1876 ~ 1878 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن ئېغىر ئاچارچىلىق ۋەقەسىگە پەرۋا قىلماي، ھەرخىل



www.uyghurkitap.com

چارە ـ تەدبىرلەرنى ئۆزۈكسىز قوللىنىپ تۇز باھاسىنى ئۆستۈردى، سودا ـ سانائەتنىڭ بىجىنى ئېغىرلاتتى. شۇ سەۋەبتىن دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كەيپىياتى تېخىمۇ ئۆرلىدى. 1879 ـ يىلى ماخاراشتىرانىڭ يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۇچىنچى قېتىم چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى ماراتتىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسىنىڭ دېموكراتچى زىيالىيلىرىدىن بولغان ۋاسۇجىق پالۋاند پادىكاي ۋە خارى نائىك ئىدى. ئۇلار ئىنقىلابىي قوشۇننى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش، ماخاراشترادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەمدە قوزغىلاڭنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىغانىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن پومېشچىكلارنىڭ قورۇقلىرىغا، جازانىخورلارنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەدلىيە، سوت ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرىغا زەربە بەردى. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتكە ئاگاھلاندۇرۇشنامە سۇنۇپ، باجنى يەڭگىللىتىش، مىللىي سودا ـ سانائەتنى رىغبەتلەندۇرۇش، خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭمۇ باستۇرۇلدى. ۋاسۇجىق پالۋاند پادىكاي ئەسىرگە چۈشۈپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈش بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ چوڭ ئەھمىيىتى بولدى. قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېموكراتچىلىرى بىلەن تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلاڭلىرى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىشىپ كەتتى.

ماراتا دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا 1879 ـ ۋە 1980 ـ يىللىرى تېلۇگۇلار ۋە

www.uyghurkitap.com

شاۋورلار مىللەتلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. 1881 ـ يىلىدىن 1882 ـ يىلىغىچە بىخار رايونىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. 1890 ـ يىللىرى شەرقىي ھىندىستاننىڭ مانىپۇر، كەنجال ۋە غەربىي ھىندىستاننىڭ كامباي قاتارلىق جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بۇنداق ئىستىخىيەلىك، تارقاق ھالەتتىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى، بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربىلەرنى بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندىستان ئىشچىلار سىنىپىمۇ ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىنى قانات يايدۇردى. 1887 ـ يىلى ناگپۇردىكى خانىش توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ، ھىندىستان ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشى تارىخىدىكى بىرىنچى بەتنى ئاچتى. 1882 ـ يىلىدىن 1890 ـ يىلىغىچە بومباي، مادراس، كالكوتتا قاتارلىق جايلاردا 25 قېتىم ئىش تاشلاش يۈز بەردى. تۆمۈريول ئىشچىلىرى، پىرىستان ئىشچىلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرى ساھەسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئىش تاشلاش كۈرىشىگە قاتناشتى. 1884 ـ يىلى بومبايدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى بىرىنچى قېتىم ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، قەرەللىك دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بېكىتىش، ئەمگەك ۋاقتىغا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلار ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بەزى ئەمگەكلەردە قانۇن چىقىرىشقا مۇيەسسەر بولدى. 1881 ـ يىلى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بىرىنچى قېتىم زاۋۇت نىزامىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، يەتتە ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرنىڭ زاۋۇتقا كىرىپ ئەمگەك قىلىشى مەنئى قىلىندى. 1891 ـ يىلى چىقىرىلغان زاۋۇت نىزامىدا يەنە يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، توققۇز ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرنى ئەمگەك قىلىشقا ياللىماسلىق، 14 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگەك ۋاقتى يەتتە سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك

بەلگىلەندى.

بۇ دەۋرلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى ئىستىخىيەلىك، تارقاق ھالەتتە ئىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىلاتتى. لېكىن، ئىشچىلار كۈرىشىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشكە تەرەققىي قىلىپ، چوڭ شەھەرلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئىشچىلار كۈرىشى بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ كۈرىشى بىرلىشىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركەزلىرىگە بىۋاسىتە زەربە بەردى، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى بىلەن ماسلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن بېسىش سىياسىتى ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ نارازىلىقىنى تەدرىجىي كەلتۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدا بۇرژۇئازىيە ۋە پومېشچىكلارنىڭ ھەرخىل يەرلىك ئىسلاھاتچىلىق سىياسىي تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلدى. 1870 ـ يىلى بومباي رايونىدا مەخجىق گوۋىند راناد (1842 ~ 1901 ـ يىللىرى) «پۈنا خەلق قۇرۇلتىيى»نى چاقىردى. ئۇ ۋە دادابايى نەۋروجىلار «ھىندىستان خەلق ئىقتىسادشۇناسلىرى»نىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىكى تارقاق ۋە ساددا ئىسلاھات تەلەپلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ۋە نەزەرىيەلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىگە قارشى بىر يۈرۈش نەزەرىيەگە ئايلاندۇردى. مەسىلەن، نەۋروجى ئوتتۇرىغا قويغان «بايلىقنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى» نەزەرىيەسىدە ھىندىستان ـ ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. 1873 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ھىندىستاننىڭ نامراتلىقى» دېگەن كىتابتا: ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزدى. 1876 ـ

يىلى سۇرىندرا بانېرجى (1848 ~ 1926 ـ يىللار) «ھىندىستان جەمئىيىتى»نى قۇردى. ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە بويۇنتۇرۇقىغا قارشى تۇرۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، ياۋروپاچە مائارىپنى ئومۇمىيلاشتۇرۇشنى، مىللىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر بولۇشنى، مەسلىھەتچىلىك تۈزۈمىنى ۋە مەمۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇشنى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى تەۋەلىكىدىكى بارلىق مۇستەملىكە يەرلەرنىڭ ئاپتونومىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1883 ـ يىلى سۇرىندرا بانېرجى ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ نامىدا بىرىنچى قېتىملىق ھىندىستان خەلق قۇرۇلتىيىنى كالكوتتىدا چاقىردى. قۇرۇلتايغا ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ بېنگالدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ۋەكىللىرى، شىمالىي ھىندىستاندىكى بەزى يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بېنگال ۋە مادراستىن كەلگەن مىللەتپەرۋەرلەرمۇ قاتناشتى. قۇرۇلتاي ماقۇللىغان قاراردا: ھىندىستانلىقلار دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەمۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن چىقىرىش كېڭەشنى كېڭەيتىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغان، بۇلار ھەممىسى مەملىكەت خاراكتېرلىك تەلەپلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، قانداق قىلغاندا ھىندىستاندىكى بارلىق مىللەتپەرۋەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈن ھىندىستاندا بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە بۇرژۇئازىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەرچە باغلىنىش

بولـمىسـسـمۇ، لېكـىن 1870 ـ ، 1880 ـ يىلـلاردىكى ۋەزىـيـەت، بـولۇپمۇ ئـۆشـشاق بۇرژۇئـازىيە دېمـوكراتچـىلـىرىـنـىڭ ئايـرىـم رايونلاردا دېـھقانلار قـوزغىلاڭلـىـرىغـا قـاتنىـشـىشى ئـەنگلـىـيـە مۇسـتەملـىـكىچىـلـىرىنـى قورقۇتـتـى ۋە ساراسـىـمىگە سـالـدى. ئەنگلىـيەنـىڭ پېنسـىـيەگە چـىققان بـىر ئەمـەلـدارى خيۇم بـىـر دوكلاتىـدا: «يېتـىلىـپ چىقـقان سـىنىـپنىڭ ۋەكىلـلـىرى... خەلقنىڭ قوزغىلىشىغا ھەمدە ئويغىنىـشىغا رەھـبەرلىك قىلىـپ مـىللىـي قـوزغـىـلاڭـنـى كـەلـتـۈرۈپ چـىـقـاردى» دەپ يـازغـانـىـدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە بۇرژۇئازىيە ھەرىكـەتلىرىـنىڭ بىـرلىشىـپ كېتىشىـنـىڭ ئالدىنى ئېلـىـش ئۈچۈن، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى رەھـىمسىزلـەرچە باسـتـۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھىندىستاندىكى يومبېشچىلىك، بۇرژۇئازىيە يۇقىرى قاتـلام كىشىـلىرىنـى ئۆزىگە تـارتىـپ، بۇرژۇئـازىيەنىـڭ ئىسلاھـاتچىـلـىق ھەرىكـىتىنـى «قانۇنـىي» يولغا كـىـرگۈزۈشـكـە كـۆچـەپ ئۆرۈندى. شـۇنـىڭ بـىـلـەن، ئۇلارنـىـڭ ۋەكـىـلـلـىـرى مەملىـكەتلىـك سىياسـىي پارتـىيە قۇرۇشنـى قوللـىـدى. 1885 ـ يـىلى 12 ـ ئايـنىڭ 28 ـ كۈنى خيۇمنـىڭ رېژىـسسـورلۇقـىـدا ھىندىستان يومبېشچىلىك بۇرژۇئازىيـەنىڭ سـىياسىي پـارتىيەسـى بولغان ھىندىستان مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسى (قىسقـارتىلىـپ «مـىـللـىـي قـۇرۇلتاي پـارتـىيەسـى» دەپ ئـاتىلـىـدۇ) بومـبـايـدا قـۇرۇلغانلىـقىنـى جاكارلـىدى. ئۇلارنىڭ ئـەزالىرى ئاساسلىقـى يۇقـىرى قاتلام بۇرژۇئا زىيالىيلىرى بولۇپ50% نى، يومبېشچىلىك ۋە سـودا جازانىخـورلىرىنـىڭ ھەرقايـسىسى25% نـى ئىگـىلـەيتتـى. قۇرۇلتايـنىڭ رەئىـسى سۇرنېـدرا بانېرجـى مىلـلـىي قۇرۇلـتـاي پـارتـىـيـەسـىـنـىـڭ قـۇرۇلـۇش مـۇراسـىـمـىـدا ئـەنـگـلـىـيـە مۇستەمـلىكـىچىلـىرىنى ماخـتاپ كۆككـە ئۇچۇرۇپ: «ئەنگلىيـە ھىندىستانغا تۇغـىمەس ـ پۈتمەس بەخت يارىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئەنگلىيەگە رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەنـگلىـيـە بىزگە تەرتىپ ئورنـىتـىـپ بەردى، تۆمۈريـول ياساپ بەردى، ئـەڭ

مۇھىمى بىزگە ياۋروپا مائارىپىدىن ئىبارەت بىباھا گۆھەرنى بەردى !» دېدى. مىللىي قۇرۇلتاي ئەنگلىيەگە سادىق بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي باراۋەرلىكنى، مۇستەملىكە يەرلەرنىڭ ئاپتونومىيەسىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، مەمۇرىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ چېگرا بېجىنى قوغدايدىغانلىقىنى، مىللىي مائارىپنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، مۇقىم باج تۈزۈمى يۈرگۈزۈپ باج ـ سېلىقنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىدە خەلق سايلىغان ئامزاتنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇنىڭ پائالىيىتى گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى تەشۋىقات ـ تەرغىبات، مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرۈش، مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىش، ئەنگلىيە پارلامېنتىغا تەلەپنامە سۇنۇش ۋە نۆۋەتتىكى يىللىق يىغىننى چاقىرىش قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلەندى. ئۇنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرى ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەلىپى قىلچىمۇ ئىشقا ئاشمىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي كاپىتالىزمنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ھىندىستاندىكى ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مۇئەييەن كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتى، زىيالىيلار قوشۇنىمۇ تېز ئۆلغايدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ھىندىستاندا ئۆز مىللەتلەردىن بولغان ئادۋوكات، مۇخبىر، ئوقۇتقۇچى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سانى 7 مىليوندىن ئاشتى، ئوقۇغۇچى 500 مىڭدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغۇچىلار بولغاچقا، بىرقەدەر كۈچلۈك

ئىنقىلابىيلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسى ئىچىدە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسى ئىچىدە رەھبەرلىكنى ئىگىلىگەن «مۆتىدىللەر» بارلىققا كېلىشتىن سىرت، يەنە بال گەنگىدار تىلاك باشچىلىقىدىكى «رادىكاللار» بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۇششاق بۇرژۇئازلار، ئۇششاق يومبىشچىكلار، باي دېھقانلار ۋە ئەركىن كەسىپتىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۇردى. مۆتىدىللەرنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بارلىق شەكىللەردىكى كۆرەشنى قىلىش، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەقىل بولغان ھىندىستان قوشما ئىشتاتلار جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. تار ھىندى دىنى مىللەتچىلىكىنى تەرغىب قىلىش، ھىندى دىنىنى ئىدىيەۋى قورال قىلىش تەرغىباتى ئۇلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشالمايتتى. ئۇلار يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقى ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەشنى فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشكە بىرلەشتۈرەلمىدى، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيەگە قەتئىي قارشى كۆرەش تەشەببۇسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بال گەنگىدار تىلاك باش مۇھەررىرلىكىدىكى «شىر گېزىتى» ۋە رادىكاللارنىڭ باشقا گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنىپ، مىللىي دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىشتا غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئۇلار قوزغىغان ۋە تەشكىللىگەن ئىشچى ـ دېھقان ئاممىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرى مۇئەييەن ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.

مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مەملىكەتلىك، ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيەۋى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن مۇئەييەن دەرىجىدە تەييارلىق كۆردى.

## 3. ھىندىستانىنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى، رام موھان روي ۋە رابىندرانات تاگور

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھىندىستان بىر قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا ھىندىستان بىر تەرەپتىن ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە تەدرىجىي ئايلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن كونا فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىك تەدرىجىي يىمىرىلىپ، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي سىنىپلار مۇناسىۋىتىدە يېڭىدىن بۆلۈنۈش ۋە بىرلىشىش پەيدا بولدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي داۋالغۇش مۇقەررەر ھالدا ئىدىيەۋى ئاڭ سىستېمىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەكس ئەتتى. بېنگال پۇتكۇل ھىندىستان بويىچە ئەڭ ئاۋۋال ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان يەر ئىدى، شۇڭا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتىمۇ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەت ئالدى بىلەن مۇشۇ يەردە بىخ سۈردى، تەرەققىي قىلدى. ھىندىستانىنىڭ يېقىنقى زامان مەشھۇر ئەدىبلىرىدىن رام موھان روي ۋە رابىندرانات تاگورمۇ مانا مۇشۇ جايدا تۇغۇلغانىدى.

رام موھان روي يېڭى ـ كونا تەلىماتلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن شەخس، كونا فېئوداللىق ئەدەبىياتنى بۇرژۇئازىيەنىڭ يېڭى ئەدەبىياتىغا ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ 1772 ـ يىلى بېنگالدا بىراھمان دىنى مۇرىتىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، سانسكرىت تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلىغا پىششىق بولۇپ، ھىندى دىنى ۋە پەلسەپىسىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى،

كېيىنچە ئىنگلىز تىلى، لاتىن تىلى ۋە ئىبراي تىلىنى ئۆگىنىپ، ياۋروپا پەن ـ تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھىندىستاننىڭ ھەممە جايلىرىنى كېزىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھىندىستان خەلقىگە سالغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى كۆرگەن. ئۇ: «ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا قۇرغان ھاكىمىيىتىدىن ئىنتايىن بىزار ئىدىم» دەپ يازغانىدى. 1815 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۇ «ئارىيانلار جەمئىيىتى»نى تەشكىللەپ، ھىندى دىنىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرسىزلىكىگە، تۇل قالغان ئاياللارنى ئېرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋېتىشكە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتەك فېئوداللىق ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارشى تۇرغان. 1817 ـ يىلى «ھىندىستان ئىنستىتۇتى»نى قۇرغان، 1821 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ بېنگال تىلىدىكى «سۇزۇك ئاي» گېزىتىنى نەشر قىلدۇرغان، 1822 ـ يىلى پارس تىلىدا «ئەينەك» گېزىتىنى نەشر قىلدۇرغان، 1828 ـ يىلى ھىندىستاندىكى تۇنجى سىياسىي تەشكىلات «بۇددىستلار ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشتىن سىرت، ئاساسلىقى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، دەپ جاكارلىغان. ئۇ ئىجارىنى كېمەيتىشنى، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلغان.

رام موھان روي بېنگال نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسچىسى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئىجادىيەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى، ھىندىستان ئەدەبىياتى شېئىر ژانىرىنى ئاساس قىلاتتى، شېئىرغا دىنىي تەلىمات ۋە ئەپسانىلەرنى ماتېرىيال قىلاتتى. ئۇ جانلىق تىل ئارقىلىق ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىجادىيىتىگە تېما قىلىپ، ھايات ئادەملەر ئوبرازىنى تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭچە، شېئىر ژانىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش كۇپايە قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى باش تېما ۋە ۋەقەلىكلەر كۆپ خىل ۋە ئەگرى ـ

توقاي ئىدى. مەسىلەن، «تۆل خوتۇننىڭ كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنىشى (ھىمايە قىلغۇچى ۋە قارشى تۇرغۇچىنىڭ سۆھبىتى)»، «ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ سۆھبىتى»، «تۆت سوئالغا جاۋاب» قاتارلىقلار مانا شۇنداق ئەسەرلەر ئىدى. تاگور رام موھان روينىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىپ: «رويدىن ئىلگىرى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز شېئىر بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، لېكىن رام موھان روي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا شېئىر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ ھېسسىياتلىق، گۈزەل، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدىغان تىللارنى ئىشلىتىشتىن تاشقىرى، يەنە بەس ـ مۇنازىرە تىلى، شەيئىلەرنى بايان قىلىدىغان تىل ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ تىلىنى ئىشلەتتى» دېگەنىدى.

1857 ~ 1859 ـ يىللىرى ھىندىستاندا قوزغالغان مىللىي قوزغىلاڭ خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا، ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. قوزغىلاڭ مەزگىلىدىكى بەزى شېئىرلار مۇستەملىكىچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىشتا كۈچلۈك سادا ۋە چۇقان بولدى.

شۇنچە يىراق ئەنگلىيەدىن تۈننى باشلاپ كەلدىڭلار،
شۇنچە زۇلمەت، شۇنچە مۇدھىشكى ئۇ تۈن.
يوقال ـ يوقال، ئەي ۋاپاسىز كەلگۈندى
ياۋروپالىق، يوقال كۆزدىن بۇ يۇرتتىن !

ھىندىستاندىكى مىللىي قوزغىلاڭدىن كېيىن ئەدەبىياتنىڭ تېمىلىرىدا يالقۇنلۇق يېڭىلىنىشلار بارلىققا كەلدى. مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودال كۈچلەرگە تىغ ئۇچىنى قارىتىدىغان ئەسەرلەر، رېئاللىق بايان قىلىنغان رومانلار ئۈزۈكسىز بارلىققا كەلدى. بانكىم چاندرا گيوتوپادىاي «سەممىي ئادەم» (1874 ـ يىللار) ناملىق رومانىدا بېنگال خەلقىنىڭ مىرقاسىمنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە

قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرى تەسۋىرلەندى. رومانىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر مۇئەللىمنىڭ تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا تىز پۈككەن سۆزىنىنى بېرىش ئارقىلىق ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنىڭ باشقا بىر رومانى «خۇشاللىق ئىبادەتخانىسى» (1882 ـ يىللار)دا ۋەتەنپەرۋەرلىك باش تېما قىلىندى. رومانىدىكى بىر ئابزاس شېئىردا «ئېھ ! ۋەتەن، مېنىڭ ئانام، سالام ساڭا» دېيىلگەن، 1905 ~ 1908 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاب دولقۇنلىرىدا بۇ شېئىر ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان، ئومۇملاشقان ناخشىسىغا ئايلاندى.

رابىندرانات تاگور (1861 ~ 1941 ـ يىللار) دۇنياغا مەشھۇر شائىر ھەم يازغۇچى. ئۇ بېنگالدىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بوۋىسى روي بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى، دادىسى پەيلاسوپ بولۇپ، روينىڭ ئاقارتىش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، دىنىي ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەشەببۇسچىسى ئىدى. 1878 ـ يىلى ئەنگلىيەگە بېرىپ ئوقۇپ، 1880 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، 1884 ـ يىللىرى يېزىغا چۈشۈپ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان يەر ـ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلىرىدا كۆپ جايلارنى كەزگەن، دېھقانلار بىلەنمۇ كۆپ ئۇچراشقانىدى. 1901 ـ يىلى سانتىنگېتاندا بىر مەكتەپ قۇرغان، 1921 ـ يىلى بۇ مەكتەپ مەملىكەتكە مەشھۇر خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلانغانىدى.

رابىندرانات تاگور 14 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، 1881 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «گۈگۈمدىكى گۈي» نەشردىن چىقىپ ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ ئۆمرىدە 2000 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر يازدى، 50 پارچە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى، 12 پارچە رومان ۋە پوۋېست، 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى، 20 دىن ئارتۇق دراما ئەسىرى يازدى، 2000 پارچىغا يېقىن رەسىم

سىزدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن سىياسىيغا ۋە پەلسەپىگە دائىر ماقالىلەرنى يازدى.

تاگورنىڭ ئىجادىيەت مەنزىلىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، يەنى بىرىنچى باسقۇچى 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن 1905 ~ 1908 ـ يىللاردىكى ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە بولغان مەزگىل؛ ئىككىنچى باسقۇچى ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىدىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە بولغان مەزگىل، ئۈچىنچى باسقۇچى ۋاپات بولغۇچە بولغان مەزگىل.

تاگور ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، ئاساسلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ بولغان، بۇ باسقۇچ ئىجادىيىتىنىڭ مول ھوسۇللۇق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىگە شېئىر ۋە ھېكايە توپلاملىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇدا دىنى ۋە ھىندى دىنىدىكى ئەپسانىلەردىن، قەدىمكى زامان ھېكايىلىرىدىن ۋەقەلىك تاللاپ ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنى ئېنىق، جاراڭلىق بولۇپ، گۈزەل مىسرالار بىلەن مىللىي قەھرىمانلارنى مەدھىيەلىگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلغان ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ «ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

لېكىن ۋەتەن قايغۇدا سەن ھەسرەتتە،
ئاجىز بوزەك، بەك بىچارە ھالەتتە.

ئۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى، «سەممىي سەدىقە» دېگەن ئەسىرىدە: كەمبەغەللەر پادىشاھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يوقسۇللار بايلاردىن ياخشى، دەپ خىتاب قىلغانىدى. «تەسەۋۋۇردىكى تېپىشماق» دېگەن



www.uyghurkitap.com

ھېكايىسىدە: پومېشچىك، جازانىخورلارنىڭ دېھقانلارنى شىلىۋېلىشىنى ئەيىبلىگەنىدى.

تاگور 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتى، قەلەمنى قورال قىلىپ مۇستەملىكىچىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، ۋەتەن مېلىنى ئىشلىتىپ، مىللىي سانائەتنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن زوراۋانلىق كۈچ ئىشلىتىشكە قارشى ئىدى. شۇڭا، ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھەرخىل ئاممىۋى ھەرىكەتلەردىن ۋاز كېچىپ، بېكىنمە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بېكىنمە تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى خەلقنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇ روھىي جەھەتتىن غەمكىنلىشىپ رېئاللىقتىن ئۈمىدسىزلىنىپ يۈردى. ئۇ بۇ دەۋردە شېئىرلىرىدا كۆپىنچە مۇھەببەتنى، ئۆسمۈرلەرنى كۈيلىدى، ھەتتا بۇ دەۋردىكى بەزى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇجمەل، چۈشىنىكسىز بولۇپ، ئادەمگە بىر خىل گۈڭگا گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى. 1912 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «كىتانجالى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى مۇشۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1911 ـ يىلى يازغان «خەلقنىڭ روھى» دېگەن ئەسىرى ھازىر ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى بولۇپ قالدى. ئۇ «ئائىلە ۋە دۇنيا» دېگەن رومانىدا 1905 ~ 1908 ـ يىللاردىكى ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتلىرىدىكى ۋەقەلەر ۋە ئادەملەر يېزىلغان بولۇپ، ئەسەردە يەنىلا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، يەنى مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك، لېكىن ھىندىستاننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي

جەھەتتىن گوللاندىيىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئەخلاق ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك دەپ قاراپ زوراۋانلىقنى كۈرەش ۋاسىتىسى قىلىشقا قارشى تۇردى. ئۇ: «ۋەتەن ئۈچۈن زوراۋانلىق ۋاسىتىسى ئىشلىتىش ۋەتەننىڭ زوراۋانلىققا ئۇچرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەنىدى.

لېكىن، بۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى كۈرەشلىرىگە قىزغىن قاتناشتى.

## 5 ـ بۆلۈم ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى

### 1. گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن گوللاندىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئېكسپلاتاتسىيەلىك تۈزۈمنى تېگىشىشقا قارشى تۇرۇپ، يېڭىچە مۇستەملىكە سىياسىتى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ھىندونېزىيەنى تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان بازار، سانائەت خام ئەشيا بازىسى ۋە كاپىتال چىقىرىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. 1863 ـ يىلى مۇستەملىكىچى دائىرىلەر قەلەمپۇر، قاقىلە بىلەن مەجبۇرىي تەمىنلەش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. 1870 ـ يىلى «شېكەرچىلىك قانۇنى» بىلەن «يەر قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. «شېكەرچىلىك قانۇنى»دا شېكەر قومۇشى تېرىشقا

مەجبۇرلاشنى بىكار قىلىپ، شىكەر قومۇشى ئىككىنزارلىقىنى شەخسىي كاپىتالى بىلەن باشقۇرسا بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت قىلدى. باشقا زىرائەتلەرنى مەجبۇرىي تېرىشنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قىسقارتتى ياكى بىكار قىلدى. «يەر قانۇنى»دا: ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقى، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ يەرلەرنى كاپىتالىستلارغا ئىجارىگە بېرىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، پەقەت كاپىتالىستلارنىڭلا ئىككىنزارلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولىدىغانلىقى، لېكىن مۇددەتنىڭ 75 يىل بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى. «يەر قانۇنى»دا يەنە ھىندونېزىيە دېھقانلىرىنىڭ ئۆزى تېرىۋاتقان يەرلىرىنى ھىندونېزىيە مىللىتىدىن بولمىغانلارغا سېتىپ بېرىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقى، لېكىن 25 يىللىق مۇددەت ئىچىدە چەت ئەل شىركەتلىرى ۋە سودىگەرلىرىگە ساتسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. يەر قانۇنىدا بۇ بۇيرۇقلارنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ مەقسىتى گوللاندىيەلىكتىن باشقا، چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە چەك قويۇش، گوللاندىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ ھىندونېزىيەدىكى ئالاھىدە ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى.

گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىچى سىياستىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، 1870 ـ يىللاردىن باشلاپلا گوللاندىيەنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى ھىندونېزىيە بازىرىغا تۈركۈملەپ كىرىشكە باشلىدى، توقۇلما بۇيۇملار، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قاتارلىق تاۋارلارنىڭ يۆتكىلىش سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1873 ـ يىلى ياۋا ئارىلىغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارنىڭ قىممىتى 83 مىڭ گۇئىلدېر بولغان بولسا، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ، 319 مىڭ گۇئىلدېرغا يەتتى. گوللاندىيەلىك نۇرغۇن كاپىتالىستلار ھىندونېزىيەگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ،

يەرلىكنىڭ مول تەبىئىي بايلىقى ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلاندى، ئېكىنزارلىق ئاچتى، زاۋۇت قۇردى، كان قازدى. ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى ۋە كان خوجايىنلىرى ئىجارىگە بەرگەن يەرلەر 1883 ـ يىلىنىڭ ھارپىسىدا 189 مىڭ گېكتار بولغان بولسا، 1883 ~ 1900 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا 652 مىڭ گېكتارغا يەتتى. كانچىلىق ئىشلىرىنى تامامەن دېگۈدەك چەت ئەل كاپىتالىستلىرى باشقۇرغان بولغاچقا، مەھسۇلاتىمۇ تېز ئاشتى. نېفىت مەھسۇلاتى 1900 ـ يىلى 531 توننا بولغان بولسا، 1915 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 1 مىليون 543 تونىغا يەتتى. كۆمۈر مەھسۇلاتى 1900 ـ يىلى 203 توننا بولغان بولسا، 1915 ـ يىلى كۆپىيىپ 619 تونىغا يەتتى، كۈمۈش مەھسۇلاتى 1900 ـ يىلى 2.3 توننا بولغان بولسا، 1915 ـ يىلى 417 توننىغا يەتتى. ھىندونېزىيەدىن ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلار ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئىمپورت قىلىدىغان تاۋارلاردىن كۆپ بولدى. 1904 ـ يىلى ھىندونېزىيەگە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارنىڭ قىممىتى 446 مىڭ گۇئىلدېر، ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 176 مىڭ گۇئىلدېر بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان تاۋاردىن 1 مىليون 730 مىڭ گۇئىلدېر ئاشتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ ئالغان پايدىسى، مەبلىغىنىڭ ئۆسۈمى، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ راسخوت پۇلى ۋە سوۋغۇرتا پۇللىرىنىڭ ھەممىسى گوللاندىيەگە ئاقتى.

مەجبۇرىي تېرىقچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە يەر قانۇنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى دېھقانلارنىڭ بۆلۈنۈش جەريانىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدىمۇ كاپىتالىزمنىڭ بەزى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يېزىلاردىكى باي دېھقانلار، شۇنىڭدەك

ئەمەلدارلار، جازانىخورلارنىڭ دېھقانلارنىڭ يېرىنى تالان ـ تاراج قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ھىندونېزىيە دېھقانلىرىنىڭ يەرلىرىنى چەت ئەل كاپىتالىستلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك ئىجارە بېرىشكە رۇخسەت قىلىشى دېھقانلارنىڭ چەت ئەللىك ئېكىنزار خوجايىنلىرى ۋە سودىگەرلەرگە بېقىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھىندونېزىيە دېھقانلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراتتى.

## 2. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھىندونېزىيەنى تالان ـ تاراج قىلىشى ۋە ئاچىن خەلقىنىڭ گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى

مەجبۇرىي تېرىقچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىشى بىلەن، ھىندونېزىيەگە گوللاندىيەنىڭ كاپىتاللا ئەمەس، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىمۇ ئۈزۈكسىز كىرىشكە باشلىدى. چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرى ياۋاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن تاشقىرى، گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاجىز بولغان رايونلارغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردى.

1869 ـ يىلى سۈۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، سۇماترا ئارىلىدىكى ئاچىن شەھىرىنىڭ ئورنى تەدرىجىي مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر، مەسىلەن، فىرانسىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيەلەر ئاچىن شەھىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئەنگلىيە ئاچىن شەھىرىنىڭ مۇستەقىل رايون نامى بىلەن خەلقئارالىق سودا پورتى بولۇپ قېلىشىغا چىداپ تۇرالمايتتى. باشقا بىر كۈچلۈك دۆلەت ئاچىننى كونترول قىلىۋالسا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھىندىستان ۋە سىنگاپور بىۋاسىتە تەھدىتكە ئۇچرايتتى، شۇڭا ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ھىندونېزىيەنى ئاسان گەپكە كىرگۈزەلەيدىغان گوللاندىيەنىڭ

تەنها ئىشغال قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇشۇ مۇددىئا بىلەن 1870 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە «سۇماترا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە گوللاندىيە ئافرىقىدىكى بايلىقى مول دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى مۇستەملىكە جايلىرىنى ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقى، ئەنگلىيە ئاچىندىكى رىقابەتتىن چېكىنىپ چىقىپ، گوللاندىيەنىڭ ئاچىنغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ئارىلىشمايدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1873 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گوللاندىيە سۇماترا ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى دېڭىز رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش باھانىسى بىلەن ئاچىن رايونىغا ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، ئاچىننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۇلتىماتومى رەت قىلىنغاندىن كېيىن ئاچىن رايونىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 4 ـ ئايدا گوللاندىيەنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمى ئاچىننىڭ پايتەختىدە قۇرۇقلۇققا چىققاندا، ئاچىندىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. قوماندان گۆيللېر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن گوللاندىيە قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گوللاندىيە قوشۇنى ئالدىنقى قېتىمقىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئەسكىري كۈچ بىلەن ئاچىنغا يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، شىددەتلىك توپقا تۇتۇش ئارقىلىق ئاچىننىڭ پايتەختىنى ئىگىلىدى. 1874 ـ يىلى گوللاندىيە ئاچىننى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە قوشۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى.

لېكىن، پايتەختنى ئىشغال قىلىش پۈتۈن مەملىكەتنى بويسۇندۇرغانلىق بولمايتتى. ئاچىن خەلقى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب بولۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ دۈشمەنگە ئۇزۇكسىز زەربە بەردى. بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇرۇشنى قىسقا مۇددەتتە

ئاخىرلاشتۇرۇشتەك قەبىھ پىلاننى تۈزمەكچى بولدى. ئاچىندا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلار بارلىققا كەلدى. دۇگۇ ئۇمەر ئاشۇ مىللىي قەھرىمانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مۇستەملىكىچىلەرنى ئۆزىنىڭ دائىمىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، گوللاندىيە قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىمۇ قىيىن ئەھۋالدىن بالدۇرراق قول ئۈزۈشى ئۈچۈن دۇگۇ ئۇمەرگە خېلى كۆپ ساندا قورال – ياراغ ۋە پۇل – پۇچەكلەرنى بېرىپ، ئاچىنلىقلارنى ئاچىنلىقلارغا قارشى ئۇرۇشقا سالماقچى بولدى. لېكىن، دۇگۇ ئۇمەر دۈشمەن بەرگەن قورال – ياراغلار بىلەن ئاچىن قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇپ، گوللاندىيە قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. 1899 – يىلى بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭدە، ئۇ دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قورال كۈچىگىلا تايىنىپ غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي، فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى سېتىۋېلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يەر ئىگىلىرىنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ئاتاقتىكى نام – شۆھرەت ۋە يۇقىرى مائاش بەردى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە مۇشۇ ئۇسۇلدا ئېزىقتۇرۇشى بىلەن، چوڭ فېئوداللار ئارقا – ئارقىدىن تەسلىم بولدى، لېكىن ئاچىن خەلقى تاكى 1904 – يىلىغا قەدەر كۈرەش قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئاچىن خەلقىنىڭ 30 يىل داۋاملاشقان گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشى مانا شۇنداق ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان بولدى.

### 3 . 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ياۋا دېھقانلار ھەرىكىتى

19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھىندونېزىيە

دېھقانلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك يامانلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار ئەسلىدە بار بولغان كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچراشتىن سىرت، يەنە گوللاندىيەۋە باشقا كۈچلۈك كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىدى. ئۆتمۈشتىن بۇيان دېھقانلارنىڭ شىللىسىنى بېسىۋاتقان فېئوداللىق شەكىلدىكى ئېكسپلاتاتسىيەلەر، مەسىلەن، ھاشارغا ياللاش، جان بېجى ئېلىش قاتارلىق تۈزۈملەر ئىلگىرىكىدەكلا ساقلىنىپ قېلىۋەردى. «يەر قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، فېرمىلار، ئورمان قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەملىكىچى دائىرىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەنە ھىندونىزىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇش چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئىتتىرىپ قويدى. يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار ئېكىنزارلىق خوجايىنلىرىغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. غەربىي ياۋا رايونى گوللاندىيەلىك ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە ئېرىشىدىغان مۇھىم بازىسىغا ئايلاندى. ھىندونېزىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەسىگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەشلىرى ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. بۇلار ئىچىدىكى تەسىرى چوڭراقلىرى غەربىي ياۋانىڭ باندۇڭ ئەتراپىدىكى سامىن قوزغىغان دېھقانلار ھەرىكىتى ئىدى.

سامىن ھىندونېزىيەدىكى ئاددىي، جاپاكەش دېھقان ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ دېھقانلار ئارىسىدا گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەخپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئامىنى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا، باج تاپشۇرماسلىققا ئۈندىگەن،

دېھقانلارنىڭ چوقۇم بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ يېڭى دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ يېڭى دۆلەتتىكى بارلىق يەر، ئورمان، يايلاق ئومۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىشى، ھەممە ئادەم ئەمگەك قىلىشى، يەرنى ئورتاق تېرىشى، مول ھوسۇلدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. لېكىن، ئۇ زوراۋانلىق كۈچ ئىشلىتىشكە قارشى بولغاچقا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلى ئارقىلىق قۇتۇلۇش خام ـ خىيالدا بولدى. ساميننىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى مۇستەملىكىچىلىك قۇل قىلىش ئاستىدا جاپا ـ مۇشەققەت چېكىۋاتقان خەلق ئامىسىنىڭ نارازىلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ يەرگە بولغان ئەقەللىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇڭا، ساميننىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ناھايىتى تېزلا دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىك ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيەنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، دېھقانلار ئىنقىلابىي زوراۋانلىق كۈچ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سامىن ھەرىكىتى ئاممىۋى كۈرەشنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش تەشەببۇسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. دېھقانلار گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە پومېشچىكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە باجگىرلار بىلەن كۈرەش قىلدى. مۇستەملىكىچى دائىرىلەر ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەش ئارقىلىق بۇ قېتىملىق پۈتكۈل ياۋانى قاپلىغان دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئاران باستۇرالىدى. ئاخىرىدا سامىنمۇ قولغا ئېلىنىپ پىنھان بىر ئارالغا سۈرگۈن قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

# 6 ـ بۆلۈم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تۈركىيە

## 1. ياش ئوسمانىيلەر ۋە قانۇن چىقىرىش ھەرىكىتى

يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان تۈركىيە فېئودال يومېشچىكلىرىنىڭ تارىخىي ئىسلاھات ھەرىكىتى مەغلۇپ بولدى، لېكىن بۇ ئىسلاھات بىر تۈركۈم جەدىد زىيالىيلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇلار ھەرخىل يوللار ئارقىلىق يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنى قوبۇل قىلغانلار، ياۋروپادا ئوقۇغانلار ۋە ياۋروپا مەتبۇئاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار، ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىدىيەسى بىلەن ئۇچراشقۇچىلار ئىدى. ئائىلە تەبىقىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى فېئودال بيۇروكرات تەبىقىسىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇ دەۋردە يېتىلىۋاتقان سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىبراھىم سىناسى (1826 ~ 1871ـ يىللار)، زىيا پاشا (1825 ~ 1880 ـ يىللار) ۋە نامىق كامالالار مۇشۇ بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، تۈركىيەنىڭ يېڭى ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلار ئىدى.

ئىبراھىم سىناسى زەمبىرەكچىلەر ئارمىيەسىدىكى بىر ئوفىتسېرنىڭ ئوغلى بولۇپ، فرانسىيەدە ئوقۇغان، 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابقا قاتناشقان ھەمدە فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى قەھرىمانلار ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈستىگە قادىغانىدى. ئۇ تۈركىيەگە قايتقاندىن كېيىن ئەمەلدارلار سورۇنىدىكىلەرنىڭ كەمسىتىشى ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى، 1862 ـ يىلىدىن باشلاپ

«جامائەت پىكرىنى چۈشەندۈرۈش ھەپتىلىك گېزىتى»نى چىقاردى. زىيا پاشا ئاموژنىمدىكى بىر ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ئوغلى ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا كىرىپ سۇلتاننىڭ ئۈچىنچى كاتىپى بولغان، فىرانسۇزچىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1867 ـ يىلىدىن 1872 ـ يىلىغىچە ياۋروپادا سەرگەردان بولۇپ ياشىغانىدى. نامىق كامال بۇ ئۈچ كىشى ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئەرباب بولۇپ، ياش ئوسمانىيىچىلارغا ئاساس سالغۇچى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، فىرانسۇزچە، پارسچە ۋە ئەرەبچىنى ئۆگەنگەن، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ تەرجىمە دىۋانىدا ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. ئۇ ئىبراھىم سىناسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ھەمدە ئۇنىڭ بىللە بىلەن «جامائەت پىكرىنى چۈشەندۈرۈش ھەپتىلىك گېزىتى»نى چىقارغان، 1867 ـ يىلى ياۋروپاغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ «ۋەتەن» دېگەن دىرامىسى ئىستانبۇل سەھنىلىرىدە ئوينالغاندا پۈتكۈل تۈركىيەنى زىلزىلىگە سالغانىدى.

بۇ بىر تۈركۈم زىيالىيلار ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ئىسلاھاتلارغا تەنقىدىي كۆز قاراشتا بولدى. ئۇلارچە ئۆتمۈشتىكى ئىسلاھاتلار ئوڭشاش، تولۇقلاش بىلەنلا ئاخىرلاشقان، خەلقنىڭ ئەسلىدىكى بار بولغان ھوقۇقلىرىمۇ تارتىۋېلىنغان، چەت ئەللىكلەرنىڭ تۈركىيەلىكلەرنى ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئېغىر قالاق ھالەتتە قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارچە بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى قانۇن چىقىرىش، سۇلتاننىڭ مۇستەبىت ھوقۇقىنى چەكلەش كېرەك ئىدى. زىيا پاشا «چۈش» دېگەن كىتابىدا: «دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە رۇسىيەدىن باشقا مۇستەبىت ھۆكۈمەت يوقمۇ؟ ... بىزنىڭ تۈركىيە سۇلتانلىقىمىز

ياۋروپا ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىلىۋاتقانىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭمۇ پۈتۈن دۇنيا بىلەن بىردەك بولمىغان ئىشلارنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ يازغانىدى. ئۇلار ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىدىن تۈركىيەدە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان «خەلق ھوقۇقى»، «شەخسنىي ھوقۇق»، «پارلامېنت تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش»نىڭ ئاساسلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. نامىق كامال ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت تۈزۈمىنى ئالاھىدە مەدھىيەلىدى. ئۇنىڭچە، ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنتى «دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان ئوخشاشمايدىغان سىياسىي پىرىنسىپلارنىڭ بۆشۈكى» ۋە «ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئېگىلىمەي ـ پۈكۈلمەي ئېلىشىدىغان جامائەت پىكرىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس ئابىدىسى» ئىدى.

1865 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نامىق كامال قاتارلىق ئالتە ئادەم يىغىن ئېچىپ بىر مەخپىي تەشكىلات قۇردى. تەشكىلاتنىڭ خىتابنامىسىدە: «ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ھەرقانچە ئىستىبداتلىق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەخسىي مۇستەبىتلىك تۈزۈم ھامان خەۋپلىك» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ تەشكىلات ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەزاسى 245 ئادەمگە يەتتى. بۇ تەشكىلات ياش ئوسمانىيلار ياكى يېڭى ئوسمانىيلار دەپ ئاتالدى. ئۇلار «جامائەت پىكرىنى چۈشەندۈرۈش ھەپتىلىك گېزىتى» دە ئىنانچ خان فايسالنىڭ سۇلتانغا يازغان ئوچۇق خېتىنى ئېلان قىلدى. ئوچۇق خەتتە ئاساسىي قانۇن يۈرگۈزۈش تەكلىپى بېرىلگەن، بۇ خەت كۆپەيتىپ تارقىتىلدى. 1867 ـ يىلى ھۆكۈمەت ھەرىكەت قوللىنىپ، ياش ئوسمانىيلارنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئالدى ۋە سۈرگۈن قىلدى. نامىق كامال ۋە زىيا پاشانىڭ يەرلىكتە ۋەزىپە ئۆتۈشى مەنئى قىلىندى، كېيىن ئۇلار ياۋروپاغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ياۋروپادا «ھۆرلۈك» گېزىتى تەسىس قىلىپ، قانۇن تۈرغۇزۇش تەشەببۇسلىرىنى يەنە

تەشۋىق قىلدى. 1871 ـ يىلىدىكى چوڭ كەچۈرۈمدىن كېيىن ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ، تەشۋىقات ـ تەرغىباتچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ياش ئەسكەرلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

1870 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى تېز يامانلاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە هوسۇل كەملەپ كەتتى، مالىيەسى ۋەيران بولدى. 1875 ـ يىلى هۆكۈمەت تۆلەشكە تېگىشلىك بارلىق قەرزلەرنىڭ يېرىمىنى تۆلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مەدرىسەدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەمىناتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشلىقىنى قىسىپ كېمەيتىۋەتتى، ئوفىتسېر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مائاشلىرىنىمۇ ۋاقتىدا تارقىتالمىدى، بۇ ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1875 ـ يىلى بوسنىيە ۋە خېرزېگوۋىنادا تۈركىيە هۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. 1876 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سۇلتاننىڭ مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشنى مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قوزغىغانىدى. نامايىشقا قاتناشقانلار قول سانائەتچىلەر، سودىگەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ياش ئوسمانىيلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان شاهزادە مۇراد بىلەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ رەهبىرى مىدخەت بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى، ئابدۇلئەزىزنىڭ تەختتى بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپ مۇرادنى تەختكە چىقاردى. ئۇ مۇراد V دەپ ئاتالدى. مۇراد V تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن نامىق كامالنى سىپىرۇستىن چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىگە خۇسۇسىي كاتىپ قىلدى. ياش ئوسمانىيلارنىڭ رەهبىرى سەيدۇللاهنى ئوردىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. لېكىن، مۇراد V تەختكە ئولتۇرۇپ

ئۆزۈن ئۆتمەي، ئېغىر دەرىجىدە روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇل خەمىد تەختكە ئولتۇردى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى مىدخەت قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھەسىگە ماقۇل بولغانىدى. تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن مىدخەتنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، قانۇن چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى. ئەينى ۋاقىتتا «ئاساسىي قانۇن» كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئېلان قىلمىسا بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالغانىدى. 1876 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىندى. ئاساسىي قانۇندا: تۈركىيە بولسا سۇلتانلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت بولىدىغانلىقى، دۆلەت پارلامېنتى ئىككى پالاتادىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى، يۇقىرى پالاتا باشلىقلىقىغا سۇلتان تەيىنلىنىپ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى، تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇندا ئىمپېرىيەنىڭ ۋەزىرلىرى ۋە بارلىق پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدىغانلىقى، سۇلتاننىڭ ئىچكى كابىنىت ۋەزىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەلىرىگە قوماندانلىق ۋە يول باشچىلىق قىلىدىغانلىقى، پارلامېنت يىغىنى چاقىرىش ۋە تارقىتىۋېتىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىش ۋە ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ كۈچتىن قالغانلىقىنى جاكارلاش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە بىر مۇستەبىت پادىشاھنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشى ئىدى. ئاساسىي قانۇندا يەنە تۈركىيە تىلىنىڭ دۆلەت تىلى بولىدىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى بولىدىغانلىقى جاكارلاندى. بۇ ئاساسىي قانۇن مىدخەت ئاساسىي قانۇنى دەپمۇ ئاتالدى.

ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىستانبۇلغا يىغىلىپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ بالقان رايونىدىكى مۇستەملىكە زېمىنلىرىنىڭ ئاپتونومىيەسى ۋە ئىسلاھاتى توغرىسىدا خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. سۇلتان ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلغانلىقىنى سەۋەب كۆرسىتىپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات لايىھەسىنى رەت قىلدى. 1877 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىستامبۇل يىغىنى نەتىجىسىز يېپىلدى.

خەلقئارالىق يىغىن ئاخىرلىشىشى بىلەنلا سۇلتان قانۇن تۈرغۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن زىيا پاشا ۋە نامىق كامالىلارنى سۈرگۈن قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مىدخەتنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلدى. 1878 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سۇلتان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. مىدخەت ئاساسىي قانۇنىنى بىكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قانۇن تۈرغۇزۇش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولۇپ، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ئەسلىگە كەلدى.

قانۇن تۈرغۇزۇش ھەرىكىتى مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق كۈرەش بولغاچقا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، تۈركىيە تارىخىدا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن، خۇددى ياش ئوسمانىيلارنىڭ پومېشچىكلار سىنىپىنى ۋەكىللىك قىلغان ئىسلاھاتچىلارنى ئەيىبلىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئوڭشاپ، تولۇقلاپ قويۇشلا بولغان. ئاممىنى قوزغاپ فېئوداللىق تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئويلاشمىغانلىقتىن، قانۇن تۈرغۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. قانۇن تۈرغۇزۇش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياش ئوسمانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. بەزىلىرى مۇستەبىت تۈزۈم بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىچىدىن

خىزمەت تېپىپ جېنىنى باقتى، بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنىدى، تۈرمىلەردە ئۆلدى. يەنە بەزىلىرى تېڭىرقاپ قىلغان ئىشلىرىدىن ئۈمىدسىزلەندى. نامىق كامال ئۆلۈش ئالدىدا يازغان بىر كۇپلېت شېئىرىدا مانا مۇشۇ كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ مۇنداق يازغان: «ئاھ ! ئاللا، بىز دۈشمەن قولىدا، قېرىنداشلار، ئەمدى يەتتى ! ھەربىرىمىزنى شەخسىي ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن خالاس قىلىڭلار». لېكىن، ياش ئوسمانىيلارنىڭ ئىدىيەسى مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى يەنە بىر ئەۋلاد تۈرك ياشلىرى ئۈچۈن ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى. نىياز: «مەن نامىق كامالنىڭ تەسىرىدە پۈچۈلۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك قەلبىمنى، قىپقىزىل بىر تال يۈرىكىمنى ئىنقىلابقا ئاتىماقچىمەن» دېگەن.

## 2. «قانخور سۇلتان»نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ياش تۈركلەر پارتىيەسى

سۇلتان خەمىد II قانۇن تۈرغۇزۇش ھەرىكىتىنى باستۇرغاندىن كېيىن ئىنتايىن ۋەھشىيانە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇڭا خەلق ئۇنى «قانخور سۇلتان» دەپ ئاتىدى.

سۇلتان خەمىد II قىرغىنچىلىقتا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى. 1878 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياش تۈركلەر پارتىيەسى ئەلى سۇئاۋىنىڭ رەھبەرلىكىدە 500 ئادەم قاتناشقان سۇلتان خەمىد II گە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. ساقچىلار ئەلى سۇئاۋىنى نەق مەيداندىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 20 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 30 ئادەم يارىدار بولدى، بىرمۇنچە ئادەم سۈرگۈن قىلىندى. سۇلتان خەمىد II يەنە «ئالاھىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى» تەشكىللىدى، پايلاقچىلار تورى قۇردى. ئۇلار ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقانداق جايىغا خالىغانچە كىرىپ بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. سۇلتان

ھۆكۈمىتى گېزىت ـ ژۇرناللارنى قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن گېزىتخانىلارنى مەجبۇرىي تاقىغۇزۇۋەتتى. دۆلەت ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ تەمىناتى ۋە باشقۇرۇشىدا چىقىدىغان ئۈچلا گېزىتخانىنى ساقلاپ قالدى. «ئاساسىي قانۇن»، «پارلامېنت»، «ھۆرلۈك» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش «جەدىدلىك» دەپ قارىلىپ چەكلەندى. ئاۋسترىيە خانىشى ئېلىزابېتنىڭ ئۆلۈمى تۈركىيە گېزىتلىرىدە ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلدى دېيىلگەچكە، كىشىلەر بۇ گېزىتلەرنى «ساراي گېزىتى» دەپ ئاتاشتى.

سۇلتان خەمىد II نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران بولدى. مىللىي سانائەت بۇرۇقتۇرما ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 40 ~ 50 مىڭ ئىشچىنىڭ كۆپ سانلىقى چەت ئەل مەبلىغىدىكى زاۋۇت، كانلاردا ئىشلىدى. ئەنئەنىۋى يۇڭ توقۇمىچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق كەسىپمۇ چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ رىقابىتىدە پۈت دەسسەپ تۇرالماي شاللىنىشقا يۈزلەندى. دېھقانلار قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 5% نى ئىگىلەيدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار ۋە موللا ـ ئاخۇنلار ئۈچتىن ئىككى قىسىم تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋالدى. ئەكسىچە، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 87% نى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارغا ئاران ئۈچتىن قىسىم تېرىلغۇ يەر قالدى. دېھقانلار يەر ئىجارىسى، ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە ئوتاقچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرايتتى. تۆمۈر يول بويلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ئىگىلىۋېلىنغانلىقتىن، ھويلا ـ ئاراملىرىنى، يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە سەرسان بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

سۇلتان خەمىد II پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى يولغا

قويۇپ، تۈرك بولمىغان مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتتى، ئەرمەنلەر، ئالبانلار، ماكېدونلار، كىرىتلىقلارنى قانلىق قىردى. 1894 - يىلى ئەرمەنلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، سۇلتان قوشۇن چىقىرىپ دەھشەتلىك باستۇردى، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قىردى، 3000 دىن ئارتۇق يېزا - كەنتلەرنى كۆيدۈردى.

سۇلتان خەمىد II كۈچلۈك دۆلەتلەرگە مۇرەسسە قىلىش، يول قويۇش، تىز پۈكۈش، تەسلىم بولۇش ئارقىلىق ئۇلارغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، بۇ ئىمپېرىيە ئەنگلىيە، رۇسىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەس - بەستە يۇتۇۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، تىرىپىرەن بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

1877 ~ 1878 - يىللىرى پارتلىغان رۇسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشىدا، چارروسىيە قوشۇنى ئىستانبۇلنىڭ يېنىغىچە قىستاپ كېلىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى پايتەخت ئەتراپىدىكى سان ستىۋانو كەنتىدە سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، تۈركىيەنى ئۆزى يالغۇز بېسىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئامېرىكا، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيەلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشى بىلەن، رۇسىيەنىڭ بۇ يامان نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. لېكىن، تۈركىيە كۆپ قىسىم يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى.

رۇسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن كۈچلۈك دۆلەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈركىيەدىن ئۆزىگە قاراملىق يەر بۆلۈۋېلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. 1881 - يىلى فىرانسىيە تۇنىسنى ئىشغال قىلدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ئەنگلىيە مىسىرنى ئىشغال قىلىۋالدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر كەڭ كۆلەمدە تەۋەلىك يەر ئىشغال قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىنىمۇ قانات يايدۇردى. سۇلتان خەمىد II ھۆكۈمرانلىق

قىلغان مەزگىللەردە مالىيە خارابلاشقان بولۇپ، تاشقى قەرز شىددەت بىلەن كۆپەيگەن، 1881 ــ يىلىغا كەلگەندە 2 مىليارد 500 مىليون فىرانكقا يەتكەنىدى. شۇ يىلى قەرز قايتۇرۇش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقان «ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قەرز ئىشلىرىنى باشقۇرۇش» ئىدارىسىنى قۇردى. بۇ ئىدارە قۇرۇلۇپ تۈركىيەنىڭ مۇھىم مالىيە كىرىم مەنبەسىنىڭ ھەممىسىنى ئىزگىلىدى. مەسىلەن، تۇزنى مەخسۇس سېتىش بېجى، كۆك تاماكا بېجى، ھاراق بېجى، ماركا بېجى قاتارلىقلارنى يىغىشنى ئىزگىلەپ، دۆلەت ئىچىدە دۆلەت قۇرۇپ چىقتى. 19 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ئۆزلۈكسىز كىرىشى بىلەن، زاۋۇت، كان، سودا، ئامانەت قەرز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەل كاپىتالىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. 1903 ــ يىلى گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن بېرلىندىن ئىستانبۇل ئارقىلىق ئۇدۇل باغدادقا تۇتىشىدىغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى ياساش ھوقۇقىغا ئېرىشتى (ئاتالمىش 3B تۆمۈريول پىلانى). گېرمانىيە ۋە باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەرساھە مەسلىھەتچىلىرى ھەربىي ئىشلار، ژاندارما قاتارلىق دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا كىرىپ ئۇ يەرلەرنى ئىزگىلىدى. تۈركىيەنىڭ خەلقئارادا دۈچ كەلگەن ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى، مىللىي كىرىزىسمۇ ئىنتايىن ئېغىرلاشتى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلق قىرغىنچىلىق قىلىش، زىيانكەشلىك قىلمىشلاردىن قورقۇپ كەتمىدى. ماكېدونىيەدە دېھقانلار پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئۆز زېمىنلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرىنى تاغلىق رايونلاردا قانات يايدۇرۇۋەتتى. 1889 ــ يىلى 5 ــ ئايدا پايتەختتىكى تېببىي مەكتەپنىڭ تۆت ئوقۇغۇچىسى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا

قارشى تۇرىدىغان تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇنى ئوسمانىيلار ئىتتىپاقى دەپ ئاتىدى. كېيىنچە ئىسمى ئۆزگەرتىلىپ، ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەر كومىتېتى دەپ ئاتالدى. ياۋروپالىقلار ئۇنى «ياش تۈركلەر پارتىيەسى» دەپ ئاتىدى. بۇ پارتىيە قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار، ياش ئوفىتسېرلار، زىيالىيلار ۋە چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلەر قاتناشتى. بۇ پارتىيە بۇرژۇئازىيە ۋە ھۆرىيەتچى پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى، مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، 1876 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى.

1889 ـ يىلى ياش تۈركلەر پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئەخمەت رىزا (1859 ~ 1930 ـ يىللار) پارىژغا بېرىش رۇخسەت قىلىنىپ شۇ يەردە ئېچىلغان بىر كۆرگەزمىگە قاتناشتى. ئۇ پارىژغا بېرىشى بىلەنلا چەت ئەلدىكى ياش تۈركلەر پارتىيەسىنىڭ داھىيسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەخمەت رىزا فىرانسىيەدە ئوقۇغان، بۇرسادا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغانىدى، 1895 ـ يىلى پارىژدا «كېڭەش» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ، ياش تۈركلەر پارتىيەسىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە ئۇنى دۆلەت ئىچىگە مەخپىي يۆتكەپ كەلگەنىدى.

1897 ـ يىلى قوزغالماقچى بولغان ھەربىي، سىياسىي ئۆزگىرىش ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى مەخپىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا مەغلۇپ بولدى. ياش تۈركلەر پارتىيەسىنىڭ پايتەختتىكى تەشكىلاتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، نۇرغۇن ئادەملەر قولغا ئېلىندى، 13 ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، 68 ئادەم سۈرگۈن قىلىندى. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغاچقا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ

بىلەن ياش تۈركلەر پارتىيەسىنىڭ چەت ئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىدىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. ساباھەددىن بېي باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇھ ئەخمەت رىزانىڭ سىياسىي تەشەببۇسىغا قارشى چىقتى. 1902 ـ يىلى پارىژدا ياش تۈركلەر پارتىيەسىنىڭ ساباھەددىن بېي رىياسەتچىلىك قىلغان قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا مۇھىم ئىككى مەسىلە مۇھاكىمىگە قويۇلدى. بىرى، پەقەت تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە مەتبۇئاتقا تايىنىپ، ئىنقىلابنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇڭا بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىپ، ئارمىيەنىمۇ بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەنە بىرى، كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئىدى، قۇرۇلتايدا مۇشۇ مەسىلە ئۈچۈن بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. ساباھەددىن بېي باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق ۋەكىللەر ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندىلا، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇنۇملۇك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەخمەت رىزا باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق ۋەكىللەر چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇلار بايانات ئېلان قىلىپ: «چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىدۇ، بۇ خىل مەنپەئەت ھەرقانداق چاغدا، ھامان دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن ساباھەددىن بېي بىر يېڭى تەشكىلاتنىڭ ئىسمى «شەخسلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە يەرلىك ھوقۇقلارنى تەقسىملەش ئىتتىپاقى» ئىدى.

دۆلەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي ۋەزىيەت ياش تۈركلەر پارتىيەسىگە ئىلھام بولدى. ئۇلار پارتىيەنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى پارىژدىن

ماكېدونىيەنىڭ مۇھىم بازىرى بولغان سېسالونىكىغا يۆتكەپ كەلدى ھەمدە ئارمىيە ئىچىدە ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. 1906 - يىلى مۇستافا كامال قاتارلىق گېنېراللار دەمەشقتە «ۋەتەن ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى»نى قۇردى ھەمدە يافقا ۋە ئېرۇسالىمدا تۇرۇشلۇق 5 - كورپۇستىكى ئوفىتسېرلار ئىچىدە تەشكىلاتىنىڭ ياچېيكىسىنى قۇردى. شۇ يىلى 9 - ئايدا سېسالونىكادا تۇرۇشلۇق 3 - كورپۇس ئىچىدىمۇ ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇلدى. 1907 - يىلى ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ سىياسىي كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ياش تۈركلەر پارتىيەسىدىكى ئىككى مەزھەپ ۋە ئەرمەنلەر، ماكېدونلار ۋە ھەرقايسى ئەرەب مىللەتچى تەشكىلاتلىرى پارىژدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئورتاق پىروگرامما تۈزۈپ چىقتى. پىروگراممىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى: سۇلتان خەمىد II نىڭ تەختىنى بىكار قىلىش، 1876 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش، بۇ تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش، ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قاتارلىقلار ئىدى.

يىگىرمە بىرىنچى باب

# 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئافرىقا

## 1 ـ بۆلۈم كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشى

### 1. ئىچكى قۇرۇقلۇقنى تەكشۈرۈش

16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە ئافرىقا ئىزچىل تۈردە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ «قارا تەنلىكلەرنى ئوۋلاش مەيدانى» بولۇپ كەلدى. كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تەدرىجىي ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئافرىقىنىڭ جەنۇبىنى ئەنگلىيە گوللاندىيەنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇ يەردە مۇستەملىكە زېمىن ئاچتى. ئەنگلىيەلىكلەردىن چەتكە قېقىلغان بۇرلار قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئورانج ئەركىن ئىتتىپاقى ۋە ترانسۋال جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. فرانسىيە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئالجىرىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە غەربىي ئافرىقىدىكى سېنېگال، پىل چىشى قىرغىقى، داخومېيە ۋە گابوننىڭ بەزى دېڭىز بويلىرى رايونى ۋە مۇھىم ئورۇنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەنگلىيە گامبىيە، گانا دېڭىز بويلىرى، سېررالېيون ۋە نىگېرىيەنىڭ بەزى دېڭىز بويلىرى رايونى بىلەن

مۇھىم ئورۇنلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. پورتۇگالىيە موزامبىك ۋە ئانگولادىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىنى كېڭەيتتى. 1876 ــ يىلىغا كەلگەندە مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىنىڭ تەخمىنەن 10.8% يېرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەنىڭ ئىشغال قىلغان يېرى 4.1%نى، فىرانسىيەنىڭ ئىشغال قىلغان يېرى 2.8%نى، پورتۇگالىيەنىڭ ئىشغال قىلغان يېرى 0.7%نى، ئىسپانىيەنىڭ ئىشغال قىلغان يېرى 0.8%نى، بۇرلارنىڭ ئىشغال قىلغان يېرى 24%نى ئىگىلىدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىشغال قىلىۋالغان بۇ دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا جايلاشقان، بۇ رايونلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئافرىقىنى بۆلۈۋېلىش، ئىچكى قۇرۇقلۇققا كىرىشىنىڭ بازىسىغا ئايلاندى.

لېكىن، ياۋروپالىقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقى يەنىلا نامەلۇم «سىرلىق جاي» ئىدى. ئافرىقىدىكى دەريا ــ ئېقىنلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئېقىش يۆنىلىشى، كۆللەرنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكى، تاغ تىزمىلىرىنىڭ جايلىشىشى، مەنزىرىلىك جىلغىلىرى، ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تەبىئىي بايلىقى ھەققىدە ئۇلار ھېچنېمە بىلمەيتتى، شۇڭا 18 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «ئىچكى قۇرۇقلۇقنى تەكشۈرۈش»نى باشلىدى ۋە بۇنى مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىنى بۆلۈۋېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى قىلدى.

1788 ــ يىلى 12 نەپەر ئەنگلىيە ئالىمىدىن تەركىب تاپقان «ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىنى تەكشۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى (قىسقارتىلىپ «ئافرىقا جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ). بۇ جەمئىيەت ئالدى بىلەن نىگېر دەرياسىنىڭ سىرىنى ئېچىشنى قارار قىلدى، لېكىن تاكى 1795 ــ يىلىنىڭ ھارپىلىرىغىچە نىگېر دەرياسىنى تەكشۈرۈشتە چوڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىدى. پەقەت 1795 ــ يىلىلا ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شوتلاندىيەلىك ياش دوختۇر

مۇنگو پارك يەنە بىر قېتىم تەكشۈردى. ئۇ نىگېر دەرياسى سېنېگال دەرياسى بىلەن گامبىيە دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى دېگەن سەپسەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇ دەريا غەربكە ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلماستىن، بەلكى شەرققە ئاقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. كىلاۋپېرتون بىلەن راند مۇنگو پاركنىڭ تەكشۈرۈشىنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىرى ئاكا ـ ئۇكا راند نىگېر دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ مېڭىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، بېنىن دېڭىز قولتۇقىغا ئېقىپ بېرىپ، نىگېر دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنى تاپتى.

نىل دەرياسىنىڭ مەنبەسى ۋىكتورىيە كۆلىگە يېقىن ئېگىز تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ (بۇرۇندىنىڭ چېگراسى ئىچىدە)، ئۇنىڭ ئېقىنى ۋىكتورىيە كۆلى بىلەن ئالبېرت كۆلىگە قۇيۇلاتتى. لېكىن، بۇ دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى ھەققىدە ياۋروپالىقلار خېلىدىن باشلاپ، ھېچنېمە بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرەتتى. 1861 ـ يىلى جون خاننىڭ سپېك بىلەن جامېس ئاۋگۇستۇس گراند نىل دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنىڭ ۋىكتورىيە كۆلى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. لېكىن، 1864 ـ يىلىغا كەلگەندە ساموئېل ۋايت باكېر ئالبېرت كۆلىنىڭ ئەتراپىنى كېزىش جەريانىدا قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان كۆل سۇلىرىنى كۆردى ھەمدە خاتىرىسىگە: «ئەنگلىيە ئاخىرى نىل دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا يېتىپ باردى» دەپ يازدى.

ئافرىقىنىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرى داۋىد لىۋىنستوننىڭ نامىدىن ئايرىلالمايدۇ. داۋىد لىۋىنستون يوقسۇل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، 10 يېشىدىلا شوتلاندىيەدىكى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە گىلاسكوۋ شەھىرىدە مېدىتسىنا ئوقۇغان ھەمدە بوتسۋانا رايونىغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ «سۇسىز دوزاخ» دەپ ئاتالغان كالاخارى قۇملۇقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېنگامى كۆلىنى تاپتى. ئۆزى يالغۇز زامبېزى

www.uyghurkitap.com

دەرياسى ۋادىسىنى تەكشۈردى ھەمدە 1854 - يىلى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈپ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقىدى. ئۇ يەنە ۋىكتورىيە شارقىراتمىسىنى، مۋېرۇ كۆلى، باڭۋېئۇلۇ كۆللىرىنى بايقىدى، نياسسا كۆلى، تانگانىكا كۆللىرىنى تەكشۈردى.

داۋىد لىۋىستون «ئافرىقىنىڭ كىندىكى»نىڭ سىرىنى ئېچىشقا باشلاپ، كونگو دەرياسىنىڭ بىرقانچە مۇھىم ئېقىنلىرىنىڭ مەنبەسىنى تاپتى. داۋىد لىۋىستوننىڭ بۇ خىزمەتلىرىنى ستانلېي داۋاملاشتۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ 1874 - يىلىدىن 1878 - يىلىغىچە تانگانىكا ۋە ۋىكتورىيە كۆللىرىنى ئايلىنىپ كەزدى، كونگو دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، تاكى ئۇنىڭ ئېغىزىغىچە باردى.

مۇستەملىكىچىلەر 19 - ئەسىردىن ئىبارەت بۇ 100 يىل جەريانىدا تەكشۈرۈش قېتىم سانىنى جىددىي كۆپەيتتى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1791 ~ 1850 - يىللارغىچە 24 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسا، 1851 ~ 1860 - يىللارغىچە 21 قېتىم، 1861 ~ 1870 - يىللارغىچە 29 قېتىم، 1871 ~ 1880 - يىللارغىچە 47 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئىچىدە ھەرخىل ئادەملەر بار ئىدى. مەسىلەن، قۇللۇقنى بىكار قىلغۇچىلار، مىسسىيونېرلار، مۇخبىرلار، پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، سىياسىي ئەمەلدارلار ۋە ئوفىتسېرلار... ئۇلارنىڭ ئىچىدە داۋىد لىۋىستونغا ئوخشاش ئۆزىنى پەن - تېخنىكىغا بېغىشلىغانلار ياكى قۇل سودىسىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈشكە ئاتلانغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان خىزمەت ئىقتىدارى ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس قەيسەر روھى بىلەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، بەزىلىرى ھەتتا ھاياتىنى

تەقدىم قىلدى (مەسىلەن، مۇنگو پارك، داۋىد لىۋىستون). ئۇلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەپ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق، تارىخ، ئۆسۈملۈكشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، سىرتقى دۇنيانىڭ ئافرىقىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن چوڭ تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئافرىقا خەلقى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە نۇرغۇن ياردەملەرنى بەردى. ئۇلارغا يول باشلىدى، ھامماللىق قىلدى، ئۇلارنى ئاشلىق ۋە تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلىدى، خەتەرلىك جايلاردا يول كۆرسەتتى. بىرمۇنچە ئافرىقا خەلقى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر ئافرىقا خەلقىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا بىر چامدام ئىلگىرىلىشىمۇ تەسكە توختايتتى.

ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر، ھەرخىل جەمئىيەتلەر ۋە شىركەتلەرنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتى. مۇنگو پارك، داۋىد لىۋىستونلارمۇ مانا شۇنداق ياردەمگە ئېرىشكەنلەر ئىدى. تەكشۈرگۈچىلەر ئىچىدە بەزىلىرى ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالاھىدە ۋەزىپىدىكى ئادەملەر ئىدى. مەسىلەن، 1870 ـ يىلى نېمىس پىروپسىيەنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەنگلىيە پادىشاھلىقىنى زىيارەت قىلغاندا ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلار يېغىپ توپلىغان دەريا ـ ئېقىن يوللىرى، تاغ تىزمىلىرى، يوللار ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە دائىر ماتېرىياللار كېيىنچە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئېھتىياجىغا تازا باب كەلگەنىدى. ئافرىقىلىقلار ئەنسىرىگەندەك، تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق يولىدا سودىگەر ۋە ئەسكەرلەرپەيدا بولدى.

## 2. كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى

1867 ~ 1870 ـ يىللاردىكى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئالماسنىڭ بايقىلىشى، سۇۋەيش قانىلىدا قاتناشنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئافرىقىنىڭ دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر بەس ـ بەستە ئافرىقىغا قول ئۇزاتتى، ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىش يولىدىكى كۆرەشلەردە باشقىلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن، قانداق ۋاستە قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئىمكانقەدەر كۆپرەك يەر ئىگىلىۋېلىش كويىدا بولدى. ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشمۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى زېمىن بۆلۈشۈۋېلىشقا ئوخشاشلا، جاھانگىرلارنىڭ «كاپىتالى، ئەمەلىي كۈچى»نى ئاساس قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «بالدۇر ئىشغال قىلىۋېلىش»نى ئەقىدە قىلاتتى.

ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك ئەنگلىيە جەنۇبىتىكى مۇستەملىكىسى كاپ بىلەن مىسىردىكى ئورنىغا تايىنىپ، جەنۇب ۋە شىمالغا تەڭ يۈرۈش قىلىپ، ئافرىقىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىنى يۇتۇۋېلىش، بۇ زېمىنلار ئارقىلىق شىمالدىن قاھىرەگە، جەنۇبتىن كاپ تاۋنغا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇش كويىدا بولدى. مانا بۇ ئاتالمىش «2C» پىلانىدۇر[1].

ئەنگلىيەنىڭ مۇھىم رىقابەتچىسى فىرانسىيە ئىدى. ئۇ

① Cape town (كاپ تاۋن) بىلەن Cairo (قاھىرە)نىڭ ئىنگلىزچە باش ھەرپى «C» بىلەن باشلانغانلىقتىن «2C» دەپ ئاتالغان.

مەغرىبتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، شەرقىي، غەربىي سۇدان ۋە كونگو دەرياسى ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان سېنېگال دەرياسى ئېغىزىدىن چات كۆلى ۋە سومالىغىچە بولغان رايونلارنى بىرلەشتۈرۈپ، فىرانسىيەنىڭ ئافرىقا مۇستەملىكىسىنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ «2S» پىلانى دەپ ئاتالدى①.

گېرمانىيە جاھانگىرلىكى ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشتا سەل كېيىندىرەك قالدى. 1880 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران ئافرىقىدىكى ئولجا بۆلۈشۈش داستىخىنىغا داخىل بولدى. ئۇ ئېكۋاتورنى بويلاپ ئافرىقىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىشغال قىلىپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن ھىندى ئوكيانغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا گېرمانىيە ھامىيلىقىدىكى ئېكۋاتور ئافرىقا مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

كىچىكرەك جاھانگىر دۆلەتلەردىن ئىتالىيە، بېلگىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى، سۈركىلىش ۋە قارشىلىشىشلاردىن پايدىلىنىپ ئاز ـ تولا مۇستەملىكە زېمىنغا ئىگە بولۇش ياكى ئىلگىرىكى مۇستەملىكىلەرنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىشتا ئۆزلىرى بولۇۋالغان بىر ئولۇشكە قانائەت قىلماي، يەنە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئولجىسىغا چاڭ سېلىش، ئۇنىڭ زومىگەرلىك پىلانلىرىنى بەربات قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار كەسكىن قوراللىق توقۇنۇشتا ئۆزئارا ئەيىبلىشەتتى، كايىشاتتى، ھەتتا قورال كۈچى ئىشلىتىشەتتى. لېكىن، بەزىدە يەنە ئافرىقىنىڭ زېمىنىنى قىمارخانىدا دو تىككەن پۇل قاتارىدا

---

① Senegal (سېنېگال) بىلەن Somalie (سومالى)نىڭ ئىنگلىزچە باش ھەرپى «S» بىلەن باشلانغانلىقتىن «2S» دەپ ئاتالغان.

كۆرۈپ، ئۆزئارا مۇرەسسەلىشەتتى، كېڭىشەتتى، ئۇلجا بۆلۈشۈش توختاملىرىنى تۈزۈشەتتى.

ستانلىينىڭ كونگو دەرياسى ئېقىنلىرىنى تەكشۈرۈشى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئافرىقىغا بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. بېلگىيە پادىشاھى لېئوپولد II نىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن، 1876 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىريۇسسېلدا خەلقئارالىق جۇغراپىيە ئىلمى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئوتتۇرا ئافرىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش خەلقئارا جەمئىيىتى» قۇرۇش ھەمدە ھەرقايسى ئەللەردە شۆبە جەمئىيەتلەرنى قۇرۇش قارار قىلىندى. 1876 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېلگىيە شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەمدە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىراجىتى ھېسابىدا 500 مىڭ فىرانك پۇل يىغىپ تەييارلاندى. 1879 ـ يىلى لېئوپولد II ستانلىي باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم مۇستەملىكىچىلەرنى كونگو دەرياسى ئېقىنىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ستانلىي خەلقئارا كونگو جەمئىيىتىنىڭ سىرىق يولتوزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېقىنغا قارشى ماڭدى ۋە كونگو ئاقساقاللىرىغا زورلۇق ۋاستىسى ئىشلىتىپ 450 پارچىغا يېقىن ھامىيلىق شەرتنامىسى تۈزدى، 40 يەرگە مۇستەملىكە نۇقتىسى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىسى بىراززا گابوندىن كونگو دەرياسى ۋادىسىغا ئىلگىرىلەپ كىرىپ، يول بويى ئاقساقاللارغا زورلۇق ئىشلىتىپ ھامىيلىق شەرتنامىسى تۈزدى. ئىش بېجىرىش پونكىتلىرىنى قۇردى، كونگو دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھىلىدىكى كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلدى. 1880 ـ يىلى ئۇ كونگو دەرياسى كۆل رايونى (پۇر) ① نىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بىراززاۋىل قەلئەسىنى سالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كونگو دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش

---

① كېيىن «ستانلىي كۆلى» دەپ ئاتالدى.

ئېغىزىنى ئاۋۋال كونترول قىلدى.
ستانلېي كونگو دەرياسى كۆل رايونىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، يەنى ھازىرقى كىنشاساغا بىراززادىن ئىككى ئاي كېيىن بارغاندا، فىرانسىيەلىكلەر بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قالدى، ستانلېي بىراززا تۈزگەن شەرتنامىلەر ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە شۇ يەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى بىراززانىڭكىگە ئوخشايدىغان ھامىيلىق شەرتنامىلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.
1882 ـ يىلى ئانگولانى بېسىپ ياتقان پورتۇگالىيەمۇ كونگو دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى جايلاردا بىزنىڭمۇ زېمىنغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىمىز بار، دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بېلگىيە، فىرانسىيە، پورتۇگالىيەلەر ئوتتۇرىسىدا كونگو دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى تالىشىش كۈرىشى جىددىي قانات يايدى.
ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كونگو دەرياسى ۋادىلىرىنى تالىشىشقا ئارىلاشتى. 1884 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە ـ پورتۇگالىيە شەرتنامىسى ئىمزالاندى. شەرتنامىدە: ئەنگلىيە پورتۇگالىيە بېسىۋالغان كونگو دەريا ئېغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جەنۇبىي كەڭلىك 5 گىرادۇستىن 8 گىرادۇسقىچە بولغان ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، پورتۇگالىيەمۇ ئەنگلىيەنىڭ تەڭ دەرىجىلىك سودا ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا قوشۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە فىرانسىيە، بېلگىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەنگلىيە پورتۇگالىيەنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، فىرانسىيە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كونگو دەرياسى ئېغىزىدىكى زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەنگلىيە ـ پورتۇگالىيەگە قارشى تۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇلار: كىچىككىنە بېلگىيە كونگو دەرياسى ئېقىنىدىكى رايونلارنى بېسىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ جايلارغا سىڭىپ كىرىشىگە پايدىلىق، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى كۈچلۈك رەقىبى بولغان ئەنگلىيەنىڭ ئافرىقىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى چەكلىگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەنگلىيە بىرقانچە چوڭ دۆلەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، يىتىم قېلىپ يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 6 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ پورتۇگالىيە شەرتنامىسىنىڭ كۈچتىن قالغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 1885 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە بىسماركنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بېرلىندا يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە، ئامېرىكا، رۇسىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق 15 دۆلەت قاتناشتى. يىغىندا 36 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توختامنامە ئىمزالاندى. يىغىندا بېلگىيە پادىشاھى لېئوپولد II «كونگو ئەركىن ئىتتىپاقى» (ھازىرقى زايىر)نى ئۆز نامىدا ئىدارە قىلىدۇ، بۇ كونگو دەرياسى ئېقىنىدىكى جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارار قىلىندى. يىغىندا سودا ئەركىن بولىدۇ، كونگو دەرياسىدا قاتناش ئەركىن بولىدۇ؛ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق دۆلەت ئافرىقىدا زېمىن ئىگىلىسە، «ئۈنۈملۈك ئىشغال قىلىش»قا ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە ئەھدىلەشكەن باشقا دۆلەتلەرگە خەۋەر قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

بېرلىندا ئېچىلغان يىغىن ئافرىقىنى قىسمپالىغاچ بۆلۈشۈۋېلىش يىغىنى، شۇنداقلا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى تالان ـ تاراج قىلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. بېرلىندا ئېچىلغان يىغىندىن كېيىن «ئۈنۈملۈك ئىشغال قىلىش» پىرىنسىپىغا ئاساسەن، جاھانگىرلار ئافرىقا خەلقىگە قورال بىلەن بويسۇندۇرۇش چارىسىنى قوللاندى. ئافرىقىدا زېمىن ئىگىلىسە، چوقۇم ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەرگە خەۋەر قىلىدۇ، دېگەن

ماددىغا ئاساسەن، بىر قاتار ئىككى تەرەپلىك شەرتنامىلەر ئىمزالىنىپ، ھەرقايسىسىنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى ئايرىلدى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيەلەر غەربىي ئافرىقىدا كەسكىن تالان ـ تاراج قىلدى. فىرانسىيە سېنېگال دەرياسىنى بويلاپ نىگېر دەرياسىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سېنېگال، گىنىيە، يۇقىرى ۋولتا، مالى، داخومېيە ۋە نىگېرىيەنى ئىشغال قىلدى. ئەنگلىيە گانانىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىشتىن سىرت، نىگېر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلىرىغا يۈرگۈزگەن كېڭەيمىچىلىكىنى كۈچەيتتى، نىگېرىيەنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە ھامىي دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. 1884 ـ يىلى گېرمانىيە توگو بىلەن كامېروننى ئىشغال قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت نىگېر دەرياسى ۋە چاد كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچراشقانلا يەردە توقۇنۇشتى. 1893 ـ يىلى ئىمزالانغان ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە شەرتنامىسى ۋە 1894 ـ يىلى ئىمزالانغان فىرانسىيە ـ گېرمانىيە شەرتنامىسى كامېروننىڭ چېگراسىنى نەچچىگە بۆلۈۋەتتى. 1897 ـ يىلىدىكى كېلىشىم توگونىڭ چېگراسىنى بۆلۈۋەتتى. 1898 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە شەرتنامىسىدە، ئىككى تەرەپنىڭ نىگېر دەرياسى ۋادىسىدىكى تەسىر كۈچى دائىرىسى بېكىتىلدى.

1896 ـ يىلى فىرانسىيە ئەنگلىيەنىڭ مەھدى ھەرىكىتىنى باستۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مارشانى 200 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇبانگى دەرياسى ۋادىلىرى ئارقىلىق سۇداننىڭ فاشودا كەنتىگە ئەۋەتتى. فىرانسىيە بۇ قېتىم نىل دەرياسى جىلغىلىرى ئىچىدىن ئاياغ باسىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇپلا قالماستىن، ئەنگلىيەنى مىسىر ۋاچاد كۆلى رايونلىرىدا ئۆزىگە يول قويۇشقا قىستىدى، لېكىن ئەنگلىيە بىرقەدەممۇ يول قويمىدى. ئۇ

مەھدىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئومدۇرماننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھال فاشودا كەنتىگە يېتىپ كېلىپ، مارشانىڭ دەرھال چېكىنىشىنى تەلەپ قىلدى، ئەگەر ئۇنىمىسا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ئامالسىزلىقتىن مارشانغا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1899 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە شەرتنامە ئىمزالىدى. شەرتنامىدە نىل دەرياسى بىلەن كونگو دەرياسىنىڭ سۈيى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ سۇدان رايونىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا قىلىپ بەلگىلەندى.

ئەنگلىيە، گېرمانىيەنىڭ شەرقىي ئافرىقىنى تالىشىشىنىڭ كەسكىنلىشىشى بېرلىندا ئېچىلغان يىغىنىدىن كېيىن باشلانغانىدى. 1884 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە مۇستەملىكە جەمئىيىتى كارل پېتېرس باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى شەرقىي ئافرىقىغا بېرىشقا ئەۋەتتى. ئۇ شەرقىي ئافرىقىدىكى بەزى ئاقساقاللار بىلەن 12 تۈرلۈك ھامىيلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي ئافرىقا جەمئىيىتىمۇ بۇ رايونغا خاررى جونستون باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، بەزى ئاقساقاللارنى ئەنگلىيە ھامىيلىقى ھەققىدە شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. 1886 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە شەرتنامىسى ئىمزالاندى. شەرتنامىدە: تانا دەرياسىنى بويلاپ شىمالىي كەڭلىك 1 گرادۇس ۋە شەرقىي مېرىدىيان 27 گرادۇسقىچە بولغان مۇھىم نۇقتىلار ئەنگلىيە باشقۇرۇشىدىكى جايلارنىڭ شىمالىي چېگراسى بولىدۇ، ئەنگلىيە تانا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ۋىتۇ رايونىنى گېرمانىيەنىڭ زېمىنى بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شەرتنامىدە يەنە زانزىبار ئارىلى، پېمبا ئارىلى ۋە رۇۋۇما دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1000 مىل، كەڭلىكى 10 مىل كېلىدىغان

قۇرۇقلۇقتىكى دېڭىز بويى بەلباغلىرى زانزىبار سۇلتانلىقىغا تەۋە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامىدىكى مەزمۇنلار شەرقىي ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممە جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، شۇڭا شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن ئەنگلىيە - گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىشلار ئۆزۈلمىدى. 1890 - يىلى ئەنگلىيە - گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا خېلىگولاند شەرتنامىسى ئىمزالاندى. گېرمانىيە بۇگاندا بىلەن ۋىتۇ رايونىنى ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئەنگلىيەنىڭ زانزىبار سۇلتانلىقىغا بولغان ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ تانگانىكا دېڭىز بويى بەلباغلىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە شىمالىي دېڭىزدىكى خېلىگولاند ئارىلىنى گېرمانىيەگە ئۆتۈنۈپ بەردى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر شىمالىي ئافرىقىنى بۆلۈۋېلىش كۈرىشىگە پېتىپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇش كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاخىرىدا ماراكەش فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى، لىۋىيە ئىتالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدا ئەنگلىيە كاپىتونىنى بازا قىلىپ شەرققە ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بوتسۋانا، زىمبابۋې، زامبىيە، مالاۋى قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلدى. گېرمانىيە غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىنى بېسىۋالدى. 1889 ~ 1902 - يىللاردىكى ئەنگلىيە بۇرلار ئۇرۇشى جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقىنى قايتىدىن بۆلۈۋېلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. نەتىجىدە بۇرلارنىڭ ئورانج ۋە ترانسۋال جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقىغا قوشۇۋالدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېفىيوپىيە بىلەن لىبېرىيەلا سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلىيالىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى جاھانگىر دۆلەتلەر

www.uyghurkitap.com

| مۇستەقىل دۆلەتلەر | جاھانگىرلار ئىشغال قىلىۋالغان مۇستەملىكە جايلار | | كۆلىمى (كىۋادرات ئىنگلىز مىلى) |
|---|---|---|---|
| | خوجايىن دۆلەتلەر | مۇستەملىكىلەر | |
| | فىرانسىيە | تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى غەربىي ئافرىقا، فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى كونگو، فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى سومالى، ماداغاسقار | 4 086 950 |
| | ئەنگلىيە | جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى، باسۇتولاند، بوتسىۋانا، مالاۋى، رودېزىيە، ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى شەرقىي ئافرىقا، ئۇگاندا، زانزىبار، ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى سومالى، نىگېرىيە، گانا، سېررالېئون، گامبىيە، مىسىر، ئەنگلىيەگە قاراشلىق مىسىر ۋە سۇدان | 3 701 411 |
| | گېرمانىيە | گېرمانىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى شەرقىي ئافرىقا، غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا، كامېرون، توگو | 910 150 |
| | بېلگىيە | بېلگىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى كونگو | 900 000 |
| | پورتۇگالىيە | گىۋىنىيە، پورتۇگالىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى غەربىي ئافرىقا، پورتۇگالىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى شەرقىي ئافرىقا | 787 500 |
| | ئىتالىيە | ئېرىترېيە، ئىتالىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى سومالى، لىۋىيە | 600 000 |
| | ئىسپانىيە | رىئو - دېئورو، مونى دەرياسى ۋادىسىدىكى مۇستەملىكە زېمىنلار | 79 800 |
| ئېفىيوپىيە لىبېرىيە | | | 393 000 |
| ئومۇمىي سانى | | | 11 458 811 |

بۆلۈشۈۋالدى. 1914 ـ يىلىدىكى ئافرىقىنىڭ سىياسىي رايونلار جەدۋىلىدىن بۆلۈۋېلىنغاندىن كېيىنكى ئافرىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### 3. مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق ۋە مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنىمۇ تەدرىجىي تىكلىدى.

ئەنگلىيەنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە يۈرگۈزگىنى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمى ئىدى (مەسىلەن، كاپ مۇستەملىكە زېمىنىغا شۇنداق قىلغانىدى). 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ھىيلە ـ مىكىرلىك، ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. بۇ خىل تۈزۈمنى يۈرگۈزۈشنىڭ تەشەببۇسچىسى فىرېدرىك لۇگارد ئىدى. ئۇ نىگېرىيەگە باش ۋالىي بولغاندا، بۇ مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى قەبىلىلەرنىڭ كونىچە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ساقلاپ قېلىش، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە «يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھاكىمىيەت قانۇنى»، «يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەرزىيەت قانۇنى»، «يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كىرىم قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئۈچ قانۇن ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بولدى. «يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھاكىمىيەت قانۇنى»غا ئاساسلانغاندا، مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئەنگلىيەلىكلەر ئىگىلەيتتى، يەرلىكلەر بولسا پەقەت ئەنئەنىۋى يەرلىك ھوقۇققا ئىگە ئورگانلارنىلا ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى يەرلىك فېئودال يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقساقاللىرى باشقۇراتتى. بۇ ئەمەلدارلارنىمۇ ئەنگلىيە باش

ۋالىيسى تەيىنلەيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغىمۇ يول قويۇلمايتتى. ئۇلار پەقەت قوشۇمچە ھۆكۈمرانلار قاتارىدا يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولاتتى. ئۇلار ساقچى تۇرغۇزسا بولاتتى، لېكىن ئارمىيە تەشكىللىشىگە بولمايتتى. ئۇلار يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ ئاھالىلەردىن باج يىغاتتى. بۇ خىل تۈزۈم كېيىنچە ئەنگلىيەنىڭ ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن مۇستەملىكە زېمىنلىرىدا يۈرگۈزۈلدى.

فىرانسىيە ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە ئاساسلىقى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، «ئاسسىمىلىياتسىيە سىياسىتى» قوللاندى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن باش ۋالىي ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار فىرانسىيەنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ئارقىلىق مۇستەملىكە زېمىندىكى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. فىرانسىيە تۇنىس ۋە ماراكەشنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھامىيلىق دۆلەت تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. ھامىيلىق دۆلەت تۈزۈمى ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئىنتايىن ئوخشايتتى. ھامىيلىقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيە، دىپلوماتىيە، مالىيە، ئەدلىيە ساھەسىدىكى چوڭ ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسى شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن بويىچە، خوجايىن دۆلەتنىڭ ئىلكىدە بولاتتى. گېرمانىيەمۇ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى، لېكىن كۆپىنچە ئارمىيە باشلىقلىرىنى مۇستەملىكە زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويدى. كېيىن ئۇ كامېروننىڭ شىمالى، بىرۇندى، رىۋاندادىمۇ ھامىيلىق دۆلەت تۈزۈمىنى قوللاندى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقا خەلقىنىڭ ئورغۇن زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇ يەرلەردە يېزا ئىگىلىك مەيدانى ئېچىش ياكى يەرلەرنى يەرلىك دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق فېئوداللىق ۋە يېرىم فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. 1910 ـ يىلى

ئالجىرىيەدىكى ياۋروپالىقلارنىڭ خۇسۇسىي يەر - زېمىن مۈلكىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 847 مىڭ گېكتارغا يەتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدا ئاق تەنلىكلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 21% ىنىلا ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يەرنىڭ 90% ىنى ئىگىلىگەنىدى. يەرلىك ئاھالىلەر قاقاس قۇملۇق ۋە تاغلىق رايونلارغا ھەيدىۋېتىلدى. گېرمانىيە ھامىيلىقىدىكى شەرقىي ئافرىقىدا 5400 مۇستەملىكىچى تەخمىنەن 90% يەر - زېمىننى ئىگىلىۋالغانىدى. زايىردا 2 مىليون 420 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق يەر - زېمىننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

خوجايىن دۆلەتلەر مۇستەملىكە زېمىنىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنىڭ ئېھتىياجىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۆز ھامىيلىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى ۋە دۇنيا بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا يۈزلىنىپ، بىر دۆلەتتە بىرلا خىل زىرائەت تېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. مىسىر، سۇدان، ئۇگاندا قاتارلىق رايونلارنى پاختا تېرىش مەيدانى قىلدى، زانزىباردا قەلەمپۇر ئۆستۈرۈلدى، گانا دېڭىز بويلىرىدا كاكائو ئىشلەپچىقىرىلدى. نىگېرىيە، سېررالېئون، داخومېيە، پىل چىشى دېڭىز قىرغاقلىرىنى پالما يېغى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازا قىلدى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى خوجايىن دۆلەتنىڭ كاپىتالىستلىرى باھانى تۆۋەنلىتىپ زورلاپ سېتىۋېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مونوپول قىلىۋالدى.

ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. بېلگىيە مۇستەملىكىچىلىرى زايىردا ئەرلەرنىڭ ھەر ئېيىغا مۇئەييەن ساندا ياۋا كاۋچۇك تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىدى، بەزى رايونلاردا توققۇز كىلوگىرام تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، بەلگىلەنگەن نورمىنى ئۆز قەرەلىدە تاپشۇرمىغانلارنى قامچا بىلەن ئۇردى، پۇت - قولىنى كەستى،

كاللىسىنى ئالدى ۋە ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇخىل مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمى ئاستىدا قولغا كەلگەن كاۋچۇكلار «قان بىلەن قىزارغان كاۋچۇك» دەپ ئاتالدى. مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمى پورتۇگالىيەنىڭ ئانگولا ۋە موزامبىك خەلقىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى ئىدى. 1899 ـ يىلىدىكى پەرمانىدا: 14 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان بارلىق «يەرلىك ئاھالىلەر» مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ھەربىر ئادەم يىلىغا كەم بولغاندا ئالتە ئاي ئەمگەك قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئۇلار يەنە «ئەمگەك توختامى» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئانگولا خەلقىنى ساۋتومې ئېكىنزارلىقىغا ئەۋەتتى. موزامبىك خەلقىنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئالتۇن كانىغا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئەنگلىيە ئۇگاندادا ئافرىقىلىق ھەربىر ئەر كىشى يىلىغا چوقۇم 30 كۈن ھاشارغا ئىشلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى.

ئافرىقىنىڭ كان بايلىقى مەنبەسى ئىنتايىن مول ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئۇ يەردە ئالماس، ئالتۇن، ماڭگان، قەلەي، مىس كۆمۈر قاتارلىقلار قېزىلاتتى. ۋەيران بولغان كان قېزىش ئەترەتلىرىنى مونوپول كاپىتالىستلار كونترول قىلاتتى. مەسىلەن، سېسىل رودېس باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئالماس ۋە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشنى ئىگىلىۋالغانىدى. ياۋروپالىق كاپىتالىستلار ئافرىقىنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىپ كان ئېچىشتىن تاشقىرى، يەنە ئارقىدىن مەبلەغ سېلىپ بانكا ئاچتى، تۆمۈريول ياسىدى، تېلېگراف لىنىيەلىرىنى قۇردى، دېڭىز ۋە دەريا قاتنىشىنى يولغا قويدى، پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونت قىلىش ۋە ياساش زاۋۇتلىرىنى قۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئافرىقا ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مونوپول كاپىتالىنى مەبلەغ سالىدىغان ئاساسلىق مەيدانىغا ئايلاندى.

جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى بېسىۋېلىشى، تالان ـ

تاراج قىلىشى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق قىلىشى جەھەتتە ۋەھشىيانە قارا تەنلىك قۇل سودىسى قىلىدىغان دەۋردىكىدىن قېلىشمىدى. مەسىلەن، لېئوپولد II ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (1885 ~ 1908 ـ يىللار) زايىر ئاھالىسىنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك ئازىيىپ كەتتى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى كەڭ مۇنبەت تۇپراقلارنى تارتىۋالغانلىقتىن، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دېھقانلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، قاقاس چۆللەرگە بېرىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. جاھانگىرلارنىڭ كاپىتالى ۋە تاۋارلىرىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى بىلەن، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەسلىدە بار بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مېتال تاۋلاش ئىشلىرى يىمىرىلدى.

جاھانگىرلار ئۆزلىرىنىڭ قانماس مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتايىن ياۋۇز، قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، مىليونلىغان ـ ئون مىليونلىغان خەلقنى ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىغا ئىتتەرگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ مەزگىل ئافرىقا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىش دەۋرى بولۇپ قالدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تۇرغۇن ھالەتتە قالغان جەمئىيەتنىڭ ھۇجەيرىلىرى غىدىقلىنىشقا ئۇچراپ، يىمىرىلىشكە باشلىدى. يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىرلىشىپ كەتكەن ناتۇرال ئىگىلىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دېڭىز بويى ۋە كان رايونلىرىنىڭ مەركەزلىرىدە يېقىنقى زامان چوڭ شەھەرلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. كاپىتالىستىك چوڭ ئېكىنزارلىق ۋە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتمۇ كونا خارابە ئۈستىگە قۇرۇلدى. بىرىنچى ئەۋلاد بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىيات بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ئافرىقا دۆلەتلىرىدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىيلارمۇ يېتىشىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى مۇستەملىكىچىلەر كۆتكەندەك جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى بولماي، ئەكسىچە يولغا قاراپ يۈزلەندى. ياش ئالجىرىيە ھەرىكىتى، ياش تۇنىس ھەرىكىتى،

مىسىردىكى ۋەتەنداشلار پارتىيەسى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ئافرىقىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مىللىي ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

## 4. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتى

جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئەزەلدىن بۇيان ئۇزاق مەزگىللىك دوستلۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە يەنىلا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە قۇل قىلىشىغا ئورتاق ئۇچرىدى، بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىپ، ئورتاق تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

قۇل ئوۋلاش ۋە قۇل سودىسى قىلىش كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى جۇغلىنىشىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى ئىدى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى قارا تەنلىك قۇل سودىسى قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىمۇ جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئاۋمېن ئارىلىغا كېلىشى بىلەنلا، شەھەرلىك ئەر ـ ئاياللارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنى شەھۋانىيلىقتا مەجبۇرلاپ پۇل تاپتى. گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەيۋەن، پېڭخۇ ئاراللىرىنى بېسىۋالغاندا نۇرغۇن ئاھالىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ھىندونېزىيەگە ئاپىرىپ قۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە قارا تەنلىك قۇللارنى تەيۋەن، ئاۋمېنغا ئەكېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىگە سالدى ۋە زەمبىرەك يېمى قىلدى. شۇڭا، جېڭ چېڭگوڭ تەيۋەننى قايتۇرۇۋالىدىغان چاغدا نۇرغۇن قارا تەنلىكلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جېڭ چېڭگوڭنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە زەربە بەرگەنىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر



كىتاب تۈركىتاپ www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارقا ـ ئارقىدىن قۇل سودىسىنى مەنئى قىلىش پەرمانى چۈشۈردى، لېكىن ئۇلار توختاملىق ئىشچى دېگەن نىقاب بىلەن ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. جۇڭگولۇق ئىشچىلار «توختاملىق ئىشچى»لارنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىدى. 1812 ـ يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى گۇاڭدۇڭدا ياغاچچىلىق، تاشچىلىق ۋە قارا ئىشلارنى قىلىدىغان «توختاملىق ئىشچى» ئالدى. ئۇلارنى ئاۋمېن ئارقىلىق سېن خېلېنا ئارىلىغا يۆتكەپ كەتتى. جۇڭگودىن بىرىنچى بولۇپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچى رۇڭ خۇڭ ئامېرىكىغا مېڭىش سەپىرىدە سېن خېلېنا ئارىلىدا جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى ئۇچراتقان. ئۇ خاتىرىسىگە: «كېمە توختىغانىدى، ئۇنىڭدىن جامىستوۋنغا چۈشۈپ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردىكى بىر كەنتكە كىرسەك، ئاھالە بەك شالاڭ ئىدى. ئېتىزلاردىكى بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلەر ھەر تەرەپكە يەلپۈنۈپ كۆزنى چاقنىتاتتى. ئاھالىلەر ئىچىدە جۇڭگولۇق قېرىنداشلاردىن نەچچىسى بار ئىكەن. شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ كېمىسىگە چىقىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياشقا چوڭ ئادەملەر بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئىكەن» دەپ يازغانىدى. كېيىنچە جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى يەنە مۇستەملىكىچىلەر يالالاپ ماداغاسقار، رېئونيون، مورىتيۇس ئاراللىرىغا ئېلىپ باردى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە زېمىنغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ياۋۇزلارچە بۇلىشىغا ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتچىلىرى جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقىدىكى بۇلۇڭشۇڭلىش قىلمىشىغا غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ، ئافرىقا

خەلقىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە سەممىي ھېسداشلىق قىلدى. ئۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئافرىقا «ياۋروپا جاھانگىرلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى»، «ئافرىقا ئاساسىي جەھەتتىن بۆلۈنۈپ بولدى»، «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىلىرى» دەپ ئاتالغان جۇڭگومۇ تەبىئىي ھالدا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ «زېمىننى چوڭايتىپ مۇستەملىكىلىرىنى كېڭەيتىدىغان» ئورۇنغا ئايلىنىدۇ دەپ قاراپ، «كالېۋەك بولمىسا چىش توڭلايتۇ» دېگەندەك بىر خىل ھېسسىياتتا بولغانىدى. شۇڭا، جۇڭگو ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1908 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ماراكەش خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيەلەپ: «فىرانسىيە، ئىسپانىيە ئىككى دۆلەت ساقچى ئەۋەتىپ ئۇلگۇرتەلمەي ئەسكەر چىقاردى، پورتلارنى ئىگىلەپ مۇھىم جايلارغا كىردى. ماراكەش خەلقى پارازىتلارچە ھالاك بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇپ، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كۆرسەتتى. زوراۋانلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارغا قەتئىي تىز پۈكمىدى. ماراكەش خەلقى ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مۆلچەرلىگۈسىز خەۋپ ئىچىدە قالغاندىمۇ قورقۇپ قالمىدى، ئۇلار بىر نىيەتتە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى» دېگەنىدى.

1899 ـ يىلىدىكى «جۇڭگو ـ كونگو مەخسۇس نىزامنامىسى» جۇڭگو بىلەن زايىر ئىمزالىغان تۇنجى شەرتنامە، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئەللىرى پۈتۈشكەن تۇنجى شەرتنامە ئىدى. 1885 ـ يىلى بېرلىندا ئېچىلغان يىغىن بېلگىيە پادشاھى لېۋپولدنىڭ شەخسىي نامى بىلەن «كونگو ئەركىن ئىتتىپاقى»نى باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، لېئوپولد II

ھۆكـۈمـىتى تـېخـىمـۇ كـۆپ دۆلـەتلـەرنـىڭ ئۆزىـنـى ئېـتـىـراپ قىلىشىنى قـولغا كەلـتۈرۈش ئۈچۈن، جـۇڭگودا ئـىشچى قوبـۇل قـىلىپ چـىڭ سۇلالـىسى ھۆكـۈمـىتى بـىلـەن بۇ شـەرتـنامـىنـى ئىمزالىغانىدى. بـۇ شەرتنامـە جەمئىـي ئىككى ماددىلىق بولـۇپ، 1 ـ ماددىـسىدا جۇڭگـو بىلـەن ھـەرقايسـى دۆلـەتلـەر تـۈزگـەن شەرتنامە بويىچە جۇڭگولۇقلاردىن ئائىلىلىك بـولغانلار ئـۆزى ۋە ئائىلىسىنى قوغداش، مال ـ مۈلكىنى قوغداش، سـوراق قىلـىش ھوقـۇقىغا ئـىگە بولـىدۇ، ئۇلار بىـلەن مۇئـامـىلە قـىلىۋاتـقـان دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى كونگو ئۆز ئالدىغا بىر تـەرەپ قىلـىدۇ، دېيىلگەن. 2 ـ ماددىسىدا كېلىشىم بويىچە جۇڭگولۇقلار ئۆزىگـە ئۆزى خوجا بولۇپ كونگوغا خالىغـانچە كېـلىپ مۇھـاجىر بولـۇپ ئولتۇراقلاشسا بولىدۇ، بارلىق كۆچمە مۈلۈك، كۆچمەس مۈلكىنى ئېلىـپ ـ سېتـىش بـىلەن شـۇغـۇللانسـا بـولىدۇ. ئـىـگىلـىـك تىكلىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىلـىدۇ. پاراخوتتـا ئولتۇرسـا، سودا ۋە قول ھـۈنـەرۋەنچىـلـىك بـىلـەن شۇغۇلـلانـسا بـولـىدۇ. جۇڭگولۇقلارغا ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەتلەر خەلقىگە ئوخشـاش مـۇئامىلـە قىلـىنىدۇ، دېيـىلگەن. «جـۇڭگو ـ كونـگو مەخـسـۇس نىزامنامىسى» ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى، بىر تۈركۈم جۇڭگولۇق ئـىشچىلار زايـىرغا بېـرىـپ، ماتادى ـــ لىئوپولـدۋىل (ھازىرقـى كىنشـاسا) تۆمۈريـولىنى ياسىغانىدى. 1901 ـ يىـلـى، 1902 ـ يىلـى، 1904 ـ يىلى ۋە 1906 ـ يىـلى يەنـە نـەچچـە تـۈركـۈم جۇڭگولۇق ئىشچىلار زايىرغا باردى.

ئەنگلىيە ـ بـۇرلار ئۇرۇشى مەزگىلىـدە، ئـۇرۇش جەنۇبـىـي ئـافرىقـىدىكى ئالـتۇن كانلىـرىغا تـەسىر كۆرسـەتكەنلىكتىـن، ئافرىقـىلىق نـۇرغۇن كان ئـىشچىلىـرى تارقىـلىپ يۇرتلىـرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جـاھانگىـرلار ئەمگـەك كـۈچىنـىـڭ ئازلاپ كەتـكـەنلـىكـىنى ھـېـس قـىلـىـپ، جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىش نىيىتـىگە كەلـدى. 1904 ـ

يىلى 5 – ئاينىڭ 13 – كۈنى جۇڭگو – ئەنگلىيە رەسمىي ھالدا «ئىشچىلارغا كاپالەتلىك قىلىش نىزامنامىسى»نى تۈزدى. ئەنگلىيە تيەنجىن، يەنتەي، گۇاڭجوۋ قاتارلىق جايلارغا ئىشچى قوبۇل قىلىش توختامنامىلىرىنى چاپلىدى. «چوڭ سومكىلىق سودىگەر»، «كىچىك سومكىلىق سودىگەر»لەر ئەمگەكچى خەلقنى ئالداپ، جۇڭگولۇقلارنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئالتۇن كانىغا جېنىنى سېلىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. 1904 – يىلى 5 – ئايدا تۇنجى تۈركۈم جۇڭگولۇق ئىشچىلار شياڭگاڭ ئارقىلىق يولغا چىقتى. 1906 – يىلىغا كەلگەندە (ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئۈچ يىلدا) قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار 63 مىڭ 811 ئادەمگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چىڭخۇاڭداۋ ئارقىلىق ماڭغانلار 43 مىڭ 258 ئادەم، تيەنجىن ئارقىلىق ماڭغانلار 4139 ئادەم، يەنتەي ئارقىلىق ماڭغانلار 14 مىڭ 675 ئادەم، گۇاڭجوۋ – شياڭگاڭ ئارقىلىق ماڭغانلار 1741 ئادەم ئىدى. بۇ قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغان جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرى ئافرىقىغا بارغان جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ كۈنىدىنمۇ بەتتەر ناچار بولدى. ئۇلارغا ئۈچ يىلنى بىر ئەمگەك قەرەلى قىلىپ بېكىتتى. ئۈچ يىل توشقاندا يەنە ئۈچ يىل ئۇزارتىشقا بولاتتى، ئىككىنچى قېتىملىق ئۈچ يىللىق ئەمگەك قەرەلى توشقاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئافرىقىدا ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. جۇڭگولۇق ئىشچىلار كۈنىگە 10 سائەت ئەمگەك قىلاتتى، ھەر ئىككى ئايلىق ئىش ھەققى بىر ھېسابلىنىپ، ئىككى يېرىم فوندستېرلىڭ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ قارا ئىشلارنى قىلىشىغىلا رۇخسەت قىلىنىپ، مەلىكىلىك ئىشلارنى قىلىشى مەنئى قىلىناتتى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، كۆچمەس مۈلۈك سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. جۇڭگولۇق ئىشچىلار چوقۇم كان خوجايىنلىرى

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇن (قورۇق تام ئىچى)دا تۇرۇشى كېرەك ئىدى. تۇرالغۇسىدىن ئايرىلىپ باشقا ياقلارغا كېتىپ قالسا، ئەمەلدارلار ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ 10 فوندستېرلىڭ جەرىمانە قوياتتى ياكى ئۇلار بىر ئاي قاماقتا ياتاتتى. سىرتلارغا چىقسا سۈرۈشتۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن چوقۇم يېنىدا كىملىكىنى ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل بەلگىلىمىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقا خەلقىگە قوللانغان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە ئىرقىي كەمسىتىش تەدبىرلىرى بولۇپ، بىر مۇستەملىكىچىنىڭ چارە - تەدبىرى يەنە بىر مۇستەملىكىچىنىڭ تەدبىرىگە قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشايتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى قوغداش» ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقىدا باش ئەلچى تۇرغۇزدى. بۇ جۇڭگونىڭ ئافرىقىغا ئەۋەتكەن تۇنجى دائىمىي تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خادىملىرى ئىدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موزامبىكتە 400 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مۇھاجىر بار ئىدى. ئۇلار پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەپقەتسىز ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن كونسۇل قۇرۇپ قوغداش تەلەپنى قويدى. 1905 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گېرمانىيەلىك سودىگەر فىررىس ۋوۋنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇللۇققا تەيىنلىدى.

قىسقىسى، شۇ دەۋردىكى جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇنداق روشەن ئىككى ئالاھىدىلىك بار ئىدى: بىرى، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە جاھانگىرلار قول تىقىپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مونوپول قىلىۋالغانىدى. يەنە بىرى، ئافرىقىغا بارغان جۇڭگولۇق ئىشچىلار ۋە مۇھاجىرلار ئافرىقا خەلقى بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە قامچا يەپ، خارلىنىپ، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىنىپ، ئافرىقا خەلقى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى.

# 2 ـ بۆلۈم مىسىر ۋە سۇدان

## 1. ئەرەبى رەھبەرلىكىدىكى مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشى

سۇۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەر مىسىرغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈنسېرى كۈچەيتتى.

1863 ـ يىلى ئىسمايىل مىسىرغا باش ۋالىي بولدى. ئۇ 1867 ـ يىلى ئوسمانىيە سۇلتانى تەرىپىدىن خېدىۋي[1] لىققا قويۇلدى. ئۇ داۋاملىق ھالدا تاشقى قەرزگە تايىنىش سىياسىتىنى قوللاندى. 1868 ـ يىلى مىسىرنىڭ تاشقى قەرزى 11 مىليوندىن ئارتۇق فوندستېرلىڭ بولغان بولسا، 1873 ـ يىلى ئېشىپ 32 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى. ئېلىنغان تاشقى قەرزنىڭ پەقەت 10% ىلا قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن بولسا، 90% ى ئوردىنىڭ ھايانكەشلىكى ۋە كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلدى. مەسىلەن، قاھىرەدىكى ھەشەمەتلىك ئابىدىن سارىيى، دېڭىز ياقىسىدىكى ئىسكەندەرىيە پورتى، قاھىرە پادىشاھلىق تىياتىرخانىسىنى سېلىشقا ئىشلەتتى. تاشقى قەرزنىڭ ئۆسۈم سوممىسى 7% تىن 9% گە ئۆستى. دۆلەت خەزىنىسىنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى تاشقى قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەشكە كېتىپ، دۆلەت مالىيەسىنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى يامانلاشتى. 1874 ـ يىلى ئىسمايىل سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنىڭ پېيىنى (400 مىليون فرانك)نى 100 مىليون فرانك بەدىلىگە ئەنگلىيەگە سېتىپ بەردى، لېكىن بۇ ئۇسۇلمۇ چوڭ يانغىننى بىر چۆچەك سۇدا ئۆچۈرمەكچى بولغاندەك

[1] پادىشاھ ياكى ھۆكۈمران دېگەن مەنىدە.

ھېچنېمىگە كار قىلمىدى. 1876 ـ يىلى مىسىردا ئومۇمنىڭ ۋە شەخسنىڭ بولۇپ تاشقى قەرزنىڭ ئومۇمىي سانى 91 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتكەنلىكتىن، ئۇنى تۆلەشكە ئامالسىز قالدى. 4 ـ ئايدا ئىسمايىل مىسىر مالىيەسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت مۇھىم ئىككى ھەقدار دۆلەت بۇ ھەقتە كەسكىن سودىلىشىش ئارقىلىق پاريژدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمدە: ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە ۋە مىسىرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان «ئارىلاشما باشقۇرۇش كومىتېتى» قۇرۇش، ئىسكەندەرىيە تاموژنىسى ۋە تۆمۈريولدىن كىرىدىغان بارلىق كىرىمنى تۆلىنىدىغان ئۆسۈمنىڭ كاپالىتى قىلىش، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋەكىل قويۇپ، مىسىرنىڭ مالىيەسىنى نازارەت قىلىش بەلگىلەندى. مالىيەسى ۋەيران بولغاندىن كېيىنكى مىسىر ھۆكۈمىتىگە باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىشتىن باشقا چارە يوقلىغىنى بىلىپ يولى قالمىدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىسمايىل پەرمان ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيەلىكنى مىسىرنىڭ مالىيە كىرىمى ۋە خامچوت ئىشلىرىنىڭ باش نازارەتچىلىكىگە، فىرانسىيەلىكنى دۆلەت مالىيە چىقىم ئىشلىرىنىڭ باش نازارەتچىلىكىگە تەيىنلىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ مىسىرغا قاراتقان «قوش تەرەپلىمىلىك نازارەت قىلىش» تۈزۈمى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەكىللىنىشكە باشلىدى. 1878 ـ يىلى مىسىردا يەنە ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ زورلاپ تېڭىشى بىلەن ئاتالمىش «ياۋروپالىقلار ئىچكى كابىنېتى» قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مىسىردىكى مەشھۇر جازانىخور نۇبار پاشا باش مىنىستىر بولدى. ئەنگلىيەلىك رىۋارس ۋىلسون مالىيە مىنىستىرى، فىرانسىيەلىك دې بىرنىيە ئاممىۋى قۇرۇلۇش مىنىستىرى بولدى. ئىتالىيەلىك ۋە ئاۋستىرىيەلىكلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۆزىنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا تايىنىپ، مىسىر ھۆكۈمىتىنى ئومۇميۈزلۈك

تىزگىنلىنىۋالدى. سۇن جۇڭشەن مىسىر بىلەن ئامېرىكىنىڭ تاشقى قەرزگە بوغۇلۇشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «مىسىر تاشقى قەرزگە بوغۇلغاندا دۆلەت مۇنقەرىز بولۇپ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئامېرىكا يېڭى مۇستەقىل بولغاندا تاشقى قەرزگە بوغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گۈللىنىپ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتمىغانىدى» دەپ يازغانىدى.

چەت ئەلنىڭ مونوپول كاپىتالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «ياۋروپالىقلار ئىچكى كابىنىتى» مىسىر خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەنگلىيەلىك، فرانسىيەلىك مىنىستىرلار ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈريول، پورت ۋە تاموژنىلارنى ۋاستىلىك باشقۇرۇشتا قانائەت ھاسىل قىلماي، ئىسمايىل خېدىۋېنى مىسىر دېھقانلىرىنىڭ ئىككى يىلدىن كېيىنكى يەر باجلىرىنى ئالدىنئالا تاپشۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈشكە قىستىدى، شۇنىڭ بىلەن يەر بېجىنى تاپشۇرالمىغان دېھقانلار يەرلىرىنى رەنىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ قەرزى يەتتە يىلدا 16 ھەسسە ئاشتى. «ياۋروپالىقلارنىڭ ئىچكى كابىنىتى» ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە مىسىرنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ياۋروپالىق خىزمەتچىلەر تولۇپ كەتتى. مىسىرلىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ھەممىلا يەردە چەتكە قېقىلدى. ياۋروپالىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى 300 مىسىر سىتېرلىڭى بولسا، مىسىرلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى ئاران 30 مىسىر سىتېرلىڭى ئىدى. ياۋروپالىق مىنىستىرلار يەنە چىقىمنى تېجەش باھانىسى بىلەن كۆپ ساندىكى مىسىرلىق ئوفىتسېرلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى. بۇ ئەھۋاللار مىسىر بۇرژۇئازىيەسى، زىيالىيلىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1850 ـ يىللاردىن باشلاپ مىسىرنىڭ مىللىي كاپىتالىزمى يەنە مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1858 ـ يىلى مىسىر

ھۆكۈمىتى «سەد قانۇنى» ئېلان قىلدى. قانۇندا مىسىر خەلقى يەر ئىشلىتىش، يەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يەر ئېلىپ ـ سېتىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەندى. مال بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ قانۇن يەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى، لېكىن يومپىشچىكلارنىڭ دېھقانلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشىغىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى. مىسىر بۇرژۇئازلىرى يېزىلارغا سىڭىپ كىرىپ جازانىخورلۇق قىلدى، دېھقانلارنىڭ يېرىنى سېتىۋالدى، سېتىۋالغان يەرلەرگە مەخسۇس كېۋەز ۋە شېكەر قومۇشى تېرىدى. ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، مىسىرنىڭ كېۋەز تېرىقچىلىق ئىشلىرى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. پاختا تازىلاش زاۋۇتلىرى، شېكەر زاۋۇتلىرى تۇركۈملەپ قۇرۇلۇشقا باشلاپ، مىسىرنىڭ مىللىي سانائىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1873 ـ يىلىغا كەلگەندە مىسىردا سانائەت ئىشچىسى 20 مىڭغا يەتتى. بۇرژۇئازلار ئىسمايىل خېدىۋېنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياسىتى ۋە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقىغا قاتتىق نارازى بولغاچقا، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيەۋى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنداق ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى جامالىددىن (1839 — 1897 ـ يىللار) ئىدى، جامالىددىن ئافغانىستاندا تۇغۇلغان، ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە پەلسەپىسىگە مۇكەممەل ئادەم ئىدى. ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدە 20 نەچچە يىل دەرس سۆزلىگەن، 1871 ـ يىلى مىسىرغا كەلگەندە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا پىروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

جامالىددىن غەرب ئەللىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىل ۋە ئەركىن مىسىر دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. «ئەركىنلىك» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى شەرھلىدى. ئۇ ئەركىنلىك بولمىسا، خەلقنىڭ ئىلىم تەھسىل

قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىدى. «ۋەتەننى مائارىپ ئارقىلىق قۇتقۇزۇش»نى، تەبىئىي پەننى تەنقىد قىلىش، سانائەت تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ سىنىپقا گىلۇبۇس كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يەر شارىنىڭ شەكلىنى چۈشەندۈرگەندە، جاھىللار گۇرۇھى ئۇنى بىدئەتچى دەپ تىللىغانىدى. ئۇ ئىسلام ئەللىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا چاقىردى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلىماتلىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار، ئەمەلدارلار، زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مۇھەممەد ئابدۇل خاتىرىسىگە: «ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر ۋە جامالىددىننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەتىل مەزگىللىرىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى يۇرتلىرىغا ئېلىپ باردى. باشقىلار بۇلاردىن ئۆگەنگەنلىرىنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتتى. بىخۇد ئاڭلار ئويغاندى، بېسىلىپ قالغان ئەقىل ـ پاراسەتلەر رولىنى جارى قىلدۇردى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكىلەرنىڭ ئېڭى ئۆستى» دەپ يازغانىدى.

مىللەتچىلىك ئىدىيەۋى دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، بىر مەخپىي تەشكىلات «ۋەتەنداشلار جەمئىيىتى» ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ تەشكىلات پومېشچىك زىيالىيلار، زېھنى ئوچۇق كېڭەش ئەزالىرى، ۋەتەنپەرۋەر ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپتى. مۇھەممەد شەرىف، ئەھمەد سەمى بارۇدى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن ئىدى. بۇ پارتىيە «مىسىر گېزىتى»، «ۋەتەن گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرنى چىقاردى. ئۇنىڭدا «مىسىر مىسىرلىقلارنىڭ مىسىرى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشنى، ئاساسىي قانۇنلۇق ھۆكۈمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، «ياۋروپالىقلار ئىچكى كابىنېتى» بىلەن كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەبى باشچىلىقىدىكى مىسىر ئوفىتسىرلىرى يەنە بىر مەخپىي تەشكىلات «ياش مىسىر جەمئىيىتى»نى قۇردى. ئەرەبى (1841 ~ 1911 ـ يىللار) زاگازىگ شەھىرىگە يېقىن بىر يېزىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادىسى كەنت باشلىقى بولغانىدى، ئەزابى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ئارمىيەگە قاتناشقاندىن كېيىن باتالىيون كوماندىرى بولغان. ياش مىسىر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى تۈركىيە ئاقسۆڭەكلىرىنى يوقىتىش، ئىسمايىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى. ئەرەبى ھەتتا «جۇمھۇرىيەت قۇرۇش» تەشەببۇسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1879 ـ يىلى ياش مىسىر جەمئىيىتى بىلەن ۋەتەنداشلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ ۋەتەن پارتىيەسىنى قۇردى. ۋەتەن پارتىيەسى گەرچە ئىككى تەشكىلاتتىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىشلارنى ئورتاق كېڭىشەتتى، قەدىمى بىر ئىدى.

1879 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان 2500 ئوفىتسېر قاھىرەدە نامايىش قىلىپ، «ياۋروپالىقلار ئىچكى كابىنتى»نىڭ ئىستېپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. گەرچە شۇ چاغدا ئەرەبى قاھىرەدە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ نامايىشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانى دەپ ئەيىبلىنىپ، ئىسكەندەرىيەگە سۈرگۈن قىلىندى. 4 ـ ئايدا دۆلەت ئىچىدە ئابرۇيلۇق دىنىي راھىبلار، ئالىملار، ئوفىتسېرلار، سودىگەرلەر ۋە كېڭەش ئەزالىرى بىر «مىللىي لايىھە»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساپ مىسىرلىقلاردىن بولغان ئىچكى كابىنت تەشكىللەشنى، بۇ ئىچكى كابىنت كېڭەش پالاتاسىغا مەسئۇل بولىدىغان پىرىنسىپ ماقۇللاشنى تەلەپ قىلدى. ئىسمايىل خېدىۋې خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، مۇھەممەد شەرىفنى ئىچكى كابىنت تەشكىللەپ، ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈشكە تەيىنلىدى ھەمدە يېڭى ئىچكى كابىنتتا ئەنگلىيەلىك، فرانسىيەلىك مىنىستىرلارنى قاتناشتۇرماسلىققا ماقۇل بولدى. مۇھەممەد شەرىف ئاساسىي

قانۇننىڭ لايىھەسىنى دەرھال كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇندى. بۇ ئاساسىي قانۇن ھوقۇقىنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش پىرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلدى، يەنى كېڭەش پالاتاسىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، ھەرقايسى مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىرى كېڭەش پالاتاسىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى. ئەنگلىيە ئىسمايىل خېدىۋېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە نارازى بولۇپ، ئۇنى يەڭگۈشلەش قارارىغا كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ئىسمايىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى تەۋفىقنى خېدىۋېلىققا تەيىنلىدى.

تەۋفىق تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىش قورالىغا ئايلاندى، ئاساسىي قانۇننى تەستىقلاشتىن باش تارتىپ كېڭەش پالاتاسىنى تارقىتىۋەتتى. مۇھەممەد شەرىف ئىچكى كابىنېتنى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلاپ «قوش نازارەت» تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ۋەتەن پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئالدى، جامالىددىننى سۈرگۈن قىلدى، ئىلغار ئىدىيەدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى پېچەتلىدى.

تەۋفىق ئەكسىچە يول تۇتقان، جامائەت پىكرىنى بوغقان ئەھۋال ئاستىدا ئەرەبىي باشچىلىقىدىكى ئوفىتسېرلار پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. 1881 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەبىي قاتارلىق ئۈچ ئوفىتسېر مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ئوسمان لىفكىنىڭ ئەمەلىنى ئېلىۋېتىشنى، ئارمىيەدىكى ئوفېتسىرلىققا ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئۇلارنى نىل دەرياسى سارىيىغا چاقىرتىپ كېلىپ، دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. بۇ خەۋەر ئارمىيە ئىچىدە غۇۋغا قوزغىدى. مىسىرلىق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بىناسىغا بۆسۈپ كىرىپ ئەرەبىي قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ چىقتى

ھەمدە ئابىدىن سارىيىنى قورشىۋېلىپ قوروۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. تەۋفىق لىفكىنىڭ ئەمىلىنى ئېلىۋېتىش يارلىقى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ، بارۇدىنى قوروۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى.

1881 ـ يىلى تەۋفىقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتى يۇقىرى قىسىملارنى قاھىرەدىن يۆتكىۋېتىپ، بارۇدىنى قوروۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىرلىك ئەمىلىنى ئېلىۋېتىشى يېڭى قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەرەبى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېرلار 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئابىدىن مەيدانىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئىچكى كابىنېتنى ئالماشتۇرۇش، پارلامېنت يىغىنى ئېچىش، ئاساسىي قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەتىسى تەۋفىق رىياد ئىچكى كابىنېتىنى تارقىتىۋېتىپ، 14 ـ كۈنى مۇھەممەد شەرىفنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەيىنلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى، 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پالاتا يىغىنى چاقىرىلدى. مۇھەممەد شەرىف ئىچكى كابىنېتى بىلەن كېڭەش پالاتاسى ئوتتۇرىسىدا، كېڭەش پالاتاسى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە خامچوت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشتا ھوقۇقلۇقمۇ ياكى ھوقۇقسىزمۇ دېگەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، 1882 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مۇھەممەد شەرىفنىڭ ئىچكى كابىنېتى ئىستىپا بەردى. 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بارۇدى ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئەرەبى قوروۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى قوشۇمچە دېڭىز ئارمىيەسى ۋەزىرى بولدى. يېڭى ئىچكى كابىنېت ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ، ئىچكى كابىنېت پارلامېنتقا مەسئۇل بولىدىغان، پارلامېنت مالىيە ئاتچوتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولىدىغان ماددىلار ماقۇللاندى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، فرانسىيەنىڭ مالىيەنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى خېلى ئاجىزلىدى، يېڭى ئىچكى كابىنېتنىڭ چارە ـ

تەدبىرلىرى مىسىردىكى خەلق ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئەسكەرلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئەكسىچە ئەنگلىيە، فىرانسىيە جاھانگىرلىكى ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىسىردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1882 - يىلى 5 - ئايدا چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلىرىنى قوغداش نامى بىلەن ھەربىي پاراخوتلىرىنى ئىسكەندەرىيە پورتىغا ھەيدەپ كىرىپ تەھدىت سالدى ھەمدە تەۋفىققا ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، يولسىزلىق بىلەن بارۇدىنىڭ ئىچكى كابىنتىنى تارقىتىۋېتىش، ئەرەبىنى سۈرگۈن قىلىش تەلىپىنى قويدى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بارۇدىنىڭ ئىچكى كابىنتى ئىستىپا بېرىپ، خېدىۋېنىڭ ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ ئۇلتىماتومىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈردى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يىغىلىش ۋە نامايىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، چەت ئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى تۇردى. تەۋفىقنىڭ تەختىنى بىكار قىلىش، قوش نازارەت تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىش، چەت ئەللىكلەر ۋە فېئودال يەر ئىگىلىرى تارتىۋالغان يەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەۋفىق پەقەت گېنېرال ئەرەبىنىلا ۋەزىپىسىدە قالدۇرۇپ، ئىچكى كابىنتتىكى باشقا ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بوشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبى بىردىنبىر ئىچكى كابىنت ۋەزىرى بولۇپ قېلىپ، بارلىق ھوقۇق ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن چۆچۈگەن پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەر، جازانىخور ۋە چەت ئەل كاپىتالىستلىرى ئارقا - ئارقىدىن پىتىراپ چەت ئەلگە قاچتى. ئەرەبى قاچقۇنلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش پەرمانى چۈشۈردى. 6 - ئايدا تەۋفىق ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش نامى بىلەن بىر تۈركۈم پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرنى باشلاپ ئىسكەندەرىيەگە قاچتى ھەمدە

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەردىن ئۆزىنى «قوغداش»نى تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ قويىنىغا ئوچۇق - ئاشكارا ئاتتى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا مىسىرنى قانداق بۆلۈۋېلىش ھەققىدە زىددىيەت كەسكىنلەشتى. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتىدە مىسىرنىڭ ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلىشىش مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش پەيدا بولغانلىقى، شۇنداقلا فىرانسىيە، گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەنلىكى ئۈچۈن فىرانسىيەنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى ئىسكەندەرىيە پورتىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئەنگلىيە مىسىرنى ئۆز ئالدىغا قوراللىق بېسىۋېلىش قارارىغا كەلدى ۋە 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىسكەندەرىيە پورتىنى توپقا تۇتتى. ئەرەبى مىسىر خەلقىنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئەرەبى خەلققە مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، «پۈتۈن مىللەت ئەنگلىيە بىلەن مۇرەسسەسىز ئۇرۇش قىلىدۇ»غانلىقىنى جاكارلىدى. گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچ نىسبىتىدە پەرق چوڭ بولسىمۇ، مىسىر ئارمىيەسى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى بىلەن باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆز سېپىنى قوغدىدى. مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئاھالىلەر ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا ئوق - دورىلارنى توشۇدى، يارىدارلارنى قۇتقۇزدى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئارمىيە ۋە خەلق ئىسكەندەرىيە پورتىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىندى. 13 - كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىسكەندەرىيە پورتىنى ئىشغال قىلدى. تەۋفىق باشچىلىقىدىكى تەسلىمچىلەر ئەرەبىدىن بارلىق مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەرەبى تىغمۇ تىغ قارشىلىشىپ، تەۋفىقنى «ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەسىرى» دەپ دەرھال جاكارلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماسلىققا چاقىردى.

ئىسكەندەرىيە پورتى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئەرەبى

ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ قاھىرەنى قوغدايدىغان غەربىي مۇداپىئە سېپى قۇردى. ئۇلار كوفۇر، دۆۋار قاتارلىق جايلاردا ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كىندىك رايونغا بۆسۈپ كىرىشىنى توسۇپ قالدى، لېكىن سۇۋەيش قانىلى رايونىدىكى مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. ئەينى چاغدا سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لېسسېپس ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ سۇۋەيش قانىلى رايونىدىن پايدىلىنىشىغا يول قويماسلىققا كاپالەت بەرگەنىدى. ئەرەبى ئۇنىڭ ۋەدىسىگە يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ، سۇۋەيش قانىلى رايونىغا مۇداپىئە سېپى قۇرمىغانىدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى مەخپىي ئەسكەر يۆتكەپ، 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قانال رايونىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئارقىدىنلا يەنە قاھىرەگە ھۇجۇم قىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قاھىرەگە ئۆتىدىغان مۇھىم جاي تېل ئەل كېبىردە ھەل قىلغۇچ جەڭ قانات يايدى. بۇ جايدا مۇداپىئەدە تۇرغان مىسىر ئارمىيەسىدىكىلەر ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى بولمىغان، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن كەلگەن يېڭى ئەسكەرلەر بولغاچقا، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى. نەتىجىدە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، ئەنگلىيە ئارمىيەسى مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئەرەبى قاھىرەنى قوغداشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قاھىرە شەھىرىدىكى بەزى يۇقىرى قاتلام گۇرۇھلار تەۋرىنىپ يۈز ئۆرۈپ، ئەرەبىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدا مۇداپىئە كۆرۈۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ دەرۋازىنى قاراقچىلارغا ئېچىپ بەردى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قاھىرەنى ئىشغال قىلدى. ئەرەبى، بارۇدى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر گېنېراللار ئەسىرگە چۈشتى ھەمدە سېيلون (ھازىرقى سىرى لانكا)غا سۈرگۈن قىلىندى.

ئەرەبىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ

مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھەربىي كۈچ سىلىشتۇرمىسىدىكى چوڭ پەرقتىن باشقا، ئەنگلىيەگە قارشى سەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇنداق تۆت تەرەپتە: بىرىنچىسى، ئەرەبى ۋەكىللىك قىلغان يومىپىشچىلىك بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنىڭ ئەسلىدىلا ئاساسى ئاجىز، ئىچكى قىسمىدا بۆلگۈنچىلىك خاھىشى بار ئىدى. ۋەتەن پارتىيەسى ئىچىدىكى ھۆرىيەتچىلەر تەۋپىقنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا قارشى تۇراتتى. ئىككىنچىسى، ئەرەبى قاتارلىق رەھبەرلەر خەلق ئاممىسىغا ھەقىقىي سەممىيلىك بىلەن تايانماي، ئىنقىلابىي قوراللىق تەشكىلاتىنى قۇرۇپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى. ئۈچىنچىسى، ئارمىيە ئىچىدىكى خائىنلار ۋە تەۋرەنگۈچىلەرنى تازىلىمىدى. ئاساسىي قىسىمنىڭ قوماندانى ئەلى يۇسۇپ، ئاتلىق رازۋېدكا قىسىمىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا راخمان ھەسەن قاتارلىقلار دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتتى. تۆتىنچىسى، ئىستراتېگىيە جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزدى، ئەرەبى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئاسانلا ئۆتۈۋالىدىغان سۇۋەيش قانىلىغا مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرمىدى.

ئەرەبى رەھبەرلىكىدىكى ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش يەككە ـ يېگانە بولماستىن، بەلكى سۇداندا كۆتۈرۈلگەن مەھدى چوڭ قوزغىلىڭى بىلەن ھەمنەپەس ئىدى.

## 2. مەھدى چوڭ قوزغىلىڭى

سۇدان ئافرىقىدا يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ دۆلەت، ئۇنىڭ شىمالىدىكى ئاھالىلەر ئاساسلىقى ئەرەبلەر، جەنۇبىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى سۇدانلىق قارا تەنلىكلەر ئىدى. 1818 ~ 1821 ـ يىللىرى سۇداننىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنى مۇھەممەد ئەلى بويسۇندۇرغان، ئاتاقتا بۇ يەرلەر ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەرلەر

مىسىر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارايتتى. 1824 ـ يىلى مىسىر خارتۇم شەھىرىنى سېلىپ، باش ۋالىي مەھكىمىسىنى شۇ يەرگە تەسىس قىلدى ۋە ئۇنى سۇدانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. سۇدان بىرقانچە ئۆلكىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت، ئۆلكە باشلىقلىقىغا كۆپىنچە مىسىرلىقلار تەيىنلىنەتتى. مىسىر ھۆكۈمرانلىرى سۇداننىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، سۇدان دېھقانلىرىنى خۇددى يانچىلارنى ئەزگەندەك دەھشەتلىك ئېزەتتى. ئۇلار سۇدان خەلقىدىن يەر بېجى، چارۋا بېجى، چاقپەلەك بېجى يىغاتتى. باجنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، سېلىقى ئېغىر ئىدى. 1873 ـ يىلىلا سۇدان خەلقىدىن 1 مىليون فوندستېرلىڭ شىلىۋالدى. ئېكسپورت سودىسىنى ھۆكۈمەت مونوپول قىلىۋېلىپ، سىرتقا پىل چىشى، ئالتۇن ۋە قۇللارنى چىقىراتتى. ئېكسپورت بۇيۇملىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن پاختا، نىل بوياق ئۆسۈملۈكى قاتارلىقلارنى ئەكىرىپ تېرىشقا باشلىدى.

مىسىر «ئەنگلىيە ـ تۈركىيە سودا شەرتنامىسى»نى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئالۋاستى ئەنگلىيە تىرنىقىنى سۇدانغا سوزدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيەلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خارتۇمدا كونسۇلخانا قۇردى. خىرىستىيان دىنى مىسسىيونېرلىرى خارتۇم ۋە باشقا جايلاردا چېركاۋ قۇرۇپ «ئىنجىل»نى تەشۋىق قىلدى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت سودىگەرلىرى سۇداندا ھەرخىل شىركەتلەرنى قۇرۇپ، پاختا، ئەرەب دەرىخى يېلىمى، پىل چىشى، تۆگىقۇشى پېيى سودىسىنى مونوپول قىلدى.

ئەنگلىيە جېنىنىڭ بارىچە مىسىرنىڭ كۈچى ئارقىلىق سۇداننى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئافرىقىنىڭ كىندىك رايونىغىچە سىڭىپ كىردى. 1869 ـ يىلى مىسىرنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان، مىسىر مەبلەغ سالغان، لېكىن ئەنگلىيەلىك سامۇئېل بېكېر قوماندانلىق قىلغان تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەڭ

دەسلەپ بولۇپ سۇدانىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇۋالدى. 1872 ـ يىلى ساموئېل بېكېر يېڭى بويسۇندۇرۇلغان ئېكۋاتور ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1874 ـ يىلى ئۇ يەرگە جۇڭگودا تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرغان جاللات گوردون ئۆلكە باشلىقى بولدى. 1877 ~ 1879 ـ يىللارغىچە گوردون سۇدانىنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، مۇستەملىكىچىلەرنى ئېكۋاتور ئۆلكىسى بىلەن ئەل غەزەل ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىقىغا قويۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئۈستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزدى.

سۇدان خەلقىمۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە، مىسىر ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن پۈتكۈل ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مەھدى چوڭ قوزغىلىڭىنى كۆتۈردى.

مەھدى قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئەھمەد (1843 ~ 1885 ـ يىللار) سۇدانىنىڭ دونگۇلا دېگەن يېرىدە بىر كەمبەغەل ئەرەب ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى زاھىتلارنىڭ چوڭ موللىسى ئىدى. دىن تارقىتىش سالاھىيىتى بىلەن ئاق نىل دەرياسىدىكى ئابا ئارىلىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئاز يەرنى تېرىشقا تايىنىپ جېنىنى باققان. ئۇ بىرنەچچە قېتىم سىرتقى ئۆلكىلەرنى كېزىپ، ھەممە يەرلەردە ئوخشاشلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ، مىسىرلىقلارنىڭ، شۇنداقلا بايلارنىڭ شىلىۋېلىشى ۋە ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جەبىر ـ جاپا ۋە زوراۋان ھۆكۈمەتتىن ئازاد بولۇشقا تەشنا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چەت ئەللەرنىڭ قول قىلىشى ۋە فېئوداللارنىڭ ئېزىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى.

خەلق ئارىسىدا، ئەگەر مۇسۇلمانلار جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇلار ئالدىدا ئۇلۇغ بىر مەھدى (پەيغەمبەر)زاھىر

بولمدۇ. بۇ مەھدى ھەقىقىي دىنىي مەرىپەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خەلق ئاممىسىنى ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتقۇزىدۇ، دەيدىغان رىۋايەت بار ئىدى. مۇھەممەد ئەھمەد مۇشۇ رىۋايەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئاللا ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتكەن مەھدى دەپ ئاتاپ، دۇنيادا ھەقىقىي ئېتىقاد ۋە ھەققانىيەتنى تۇرغۇزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ «ئاللانىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، كۆتۈرگۈسىز ئالۋان ـ سېلىقنى بىكار قىلىش كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلدى. مەھدىنىڭ دىنىي تەشۋىقاتلىرى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان سۇدان دېھقانلىرىنىڭ ئېپتىدائىي باراۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

مەھدىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مىسىر دائىرىلىرىنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. سۇداننىڭ باش ۋالىيسى رەئۇف پاشا مەھدىنىڭ خارتۇمغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى ھەمدە مەھدىنى قولغا ئېلىپ، مەھدى ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. مەھدى تەنتەنىلىك بايانات ئېلان قىلىپ: «ئاللا ۋە نىجاتچىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولدۇم، شۇڭا مەن ھەرگىزمۇ خارتۇمغا بېرىپ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمدىن ھېساب بەرمەيمەن» دېدى. بۇ بايانات ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى. مەھدى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى «غازات» قىلىشقا چاقىردى.

1881 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سۇداننىڭ باش ۋالىيسى ئىككى روتا ئەسكەرنى ئابا ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. مەھدى مۇرىتلىرىنى باشلاپ كەنتتىن چىقىشتا يىستىرما قويۇپ، تاياق ـ توقماق، تاش ـ كېسەكلەر بىلەن ئۇلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، 120 ئەسكەر ئالتە ئوفىتسېرنى ئۆلتۈردى، قالغان ئەسكەرلەر پىتىراپ قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىملىق كۈرەشنى ئەنگلىيەلىك بىر بۇرژۇئاز تەسۋىرلەپ: «تاياق ـ توقماقلىقلار مىلتىقلىقلارنى ئۇرۇپ

ئۆلتۈردى» دەپ يازدى.

مەھدى بىزنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كۆرەشتىكى غەلىبىمىز دۈشمەننىڭ غالجىرلارچە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىنى قوزغايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن تەشكىللەش ۋە قوشۇننى كېڭەيتىش ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەننىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىپ، كۈچ توپلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ نىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چوققىلىرى ئاسمانغا تاقاشقان تاغلىق قادىر رايونىدا بازا قۇردى.

1881 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار 400 كىشىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىنى تارمار قىلدى. 1882 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەنە 6000 كىشىلىك جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى پۈتۈنلەي قىرىۋەتتى. كوردوفان، دارفۇر ۋە باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن نامرات پۇقرالار ئارقا ـ ئارقىدىن مەھدىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلارنى ئىشغال قىلدى. 1882 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەھدى 30 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئەل ئوبەيد ئەتراپىغا كېلىپ، 1883 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇ يەرنى ئىشغال قىلىپ، چەت ئەل دائىرىلىرى ئىلان قىلغان بارلىق قانۇن ـ پەرمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى.

مىسىردىكى ئەرەبىي رەھبەرلىك قىلغان ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە تېخىمۇ كۈچەپ مەھدى ھەرىكىتىنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. 1883 ـ يىلى كۈزدە ئەنگلىيە گېنېرال خىكسنىڭ قوماندانلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سۇدانغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئوبەيدقا يېقىن ئەتراپتا مەھدى قوشۇنى بىلەن تاجاۋۇزچىلار ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى قانات يايدى. خىكس ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئوفىتسېرلىرى ئېتىپ

ئۆلتۈرۈلدى، ئەنگلىيەنىڭ پۈتكۈل يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسىدىن ئاران 250 ئادەملا ھايات قالدى. خىكسنىڭ مەغلۇبىيىتى پۈتكۈل شەرقىي سۇداندىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ چەت ئەلنىڭ قۇل قىلىشىدىن ئازاد بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەسكىرىدىن زىيان تارتىپ گېنېراللىرى يېتىشمەسلىكتەك مەغلۇبىيەتلىك ئەھۋالدا پېنسىيەگە چىققان گوردوننى قايتا ئىشقا سالدى. 1884 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنى سۇداننىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى گوردوننى «سۇداننىڭ ئىشلىرىنى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان ئەنگلىيەلىك»، «ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىسمىمۇ مۆجىزە يارىتالايدۇ» دەپ مەدھىيەلەشكەنىدى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، بىر تەرەپتىن دەرھال ئارمىيەنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ كېچە ـ كۈندۈز ئاكوپ قېزىپ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىش ئۈچۈن يەر بېجىنى كېمەيتىش، قەرزدارلارنىڭ تىلخەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش، مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىش پەرمانىنى جاكارلىدى. ئۇ يەنە مىسىر ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلىدى. مەھدى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۇنى شىمالىي سۇدان مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ باشلىقى قىلىشقا، جەنۇبىي سۇداننى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى شەرقىي ئافرىقا قىلىپ بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇندى، لېكىن ئۇنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

1884 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەھدىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى خارتۇمدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، گوردوننىڭ مىسىرغا چېكىنىدىغان يولىنى كېسىپ تاشلىدى. 1885 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەھدىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئومدۇرمانغا ھۇجۇم قىلدى. 23 ـ كۈنى خارتۇمغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى ۋە خارتۇمنىڭ چېگرا پاسىلىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، ئاندىن «باش ۋالىي

مەھكىمىسى»نى قورشاۋغا ئېلىپ، گوردوننىڭ مەيدىسىگە نەيزە سانجىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. 1885 ـ يىلى يازدا قوزغىلاڭچى قوشۇن شىمالدا جەۋلان قىلىپ، دونگولا، سېننار قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، پورت شەھىرى، سۇئاكىندىن باشقا پۈتكۈل سۇداننى ئازاد قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنى غالجىرلارچە بۆلۈشۋاتقان چاغدا، سۇدان ئافرىقا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ قايتىدىن مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئافرىقىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ، ئافرىقا خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشىگە غايەت زور ئىلھام بەردى.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا ئاساس سالدى. 1885 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇھەممەد ئەھمەد ۋاپات بولدى، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ سەپدىشى ئابدۇللانىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ئابدۇللا بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈپ، مىللىي ئىگىلىكنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بەزى چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ ئەنگلىيە، مىسىر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى باج يىغىش تۈزۈمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، چەت ئەللىكلەر ئىگىلىۋالغان يەرلەرنى مۇسادىرە قىلدى، دېھقانلارنى كېۋەز، كەندىر، شېكەر قومۇشى قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەخسۇسلىشىشىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشلار بولدى ھەمدە ھەربىي ئاياغ، كىيىملەرنى تىكىش، كىچىك تىپتىكى كېمىسازلىق زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى، نەچچە يۈزلىگەن مەكتەپلەر، مەسچىتلەر سېلىندى، ئەرەب تىلى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمەت تىلى قىلىندى. ئارمىيە جەھەتتە نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلدى، 100 كىشىلىك ئەترەتلەر ئاساسلىق جەڭگىۋار بىرلىك قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈزبېشى

قوماندانلىق قىلدى. ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن پايتەخت ئومدۇرماندا بەزى ھەربىي زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا ئوق ـ دورىلار ياسالدى، ھەرخىل مىلتىقلار رېمونت قىلىندى.

ئابدۇللا ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتنى 20 ئۆلكىگە بۆلدى. ئۆزى باش ئەمىر بولۇپ دۆلەت باشقۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن پەرمان يۈرگۈزدى. مالىيە، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى سودىنى مەركەز خەزىنىسى باشقۇردى، دۆلەتنىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغان فېئوداللار ۋە ئاقساقاللار قاتتىق باستۇرۇلدى.

لېكىن، ئابدۇللا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە سۇداننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ماھىيەتلىك ئۆزگەرتەلمىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدە فېئوداللىق ئايىنىش يۈز بەردى. ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مىسىرلىق ئەمەلدارلاردىن مۇسادىرە قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالدى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ كۆپلىگەن يەرلەرنىڭ زېمىندارلىرىغا ئايلاندى.

ئەنگلىيە قاھىرەدىن كاپىتچە مۇستەملىكە ئىمپېرىيە قۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سۇداننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. 1885 ـ يىلىدىن 1889 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە «ئافرىقىلىقلارنى ئافرىقىلىقلارغا بابلاتقۇزۇش» زەھەرلىك ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئېفىيوپىيەنى سۇدانغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. بۇ قېتىملىق جەڭدە ئىككى تەرەپنىڭ زىيىنى ئېغىر بولدى، ھەر ئىككىلا دۆلەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى.

1896 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە پارلامېنتى سۇداننىڭ شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. 15 مىڭ

كىشىلىك چوڭ قوشۇن سۇدانغا تاجاۋۇز قىلدى. 1898 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاتپارا دەرياسى بويىدىكى جەڭدە سۇدان ئارمىيەسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئومدۇرمان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. سۇدان ئارمىيەسى تەرەپتىن ئۆلگەن، يارىدار بولغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەر 26 مىڭ ئادەمگە يەتتى. ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى پايتەختكە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك قانلىق قىرغىنچىلىق قىلدى، مەھدىنىڭ قەبرىسىنىمۇ ئۇزلىۋەتتى.

ئابدۇللا بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ كوردوفانغا چېكىندى، شەھەرنى قوغداپ قېلىشنىڭ تەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، قىسىملىرىنى باشلاپ يېزىلارغا بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلدى. 1899 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئابدۇللا ئۇمدىبۇيكىرات جېڭىدە قۇربان بولدى. سۇداننىڭ جەنۇبىدا مەھدى قوشۇنىنىڭ بىر گېنېرالى ئوسمان دىگنا تاكى 1900 ـ يىلغىچە كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسى سۇداننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سۇدان «ئەنگلىيە، سۇدان بىللە باشقۇرۇش» نامىدا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى.

## 3. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى مىسىر ۋە سۇدان

مىسىر ۋە سۇداننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بۇ ئىككى دۆلەتتە ھەربىي ئىشغالىيەت ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 1882 ـ يىلى ئەنگلىيە: ئارمىيەمىزنىڭ مىسىردا تۇرۇشى «ۋاقىتلىق ئىگىلەپ تۇرۇش»، ئەنگلىيە «مىسىرنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە خەلقئارانىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىدىغان مۇستەقىل دۆلەت

ئىسكەنلىكىنى داۋاملىق ئېتىراپ قىلىدۇ، مۇھەممەد ئەلى جەمەتىلىرىنىڭ مىسىرنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا بولغان ۋارىسلىق ھوقۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقى» بىلەن «مىسىرنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقى» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى سىمۋوللۇق گەپ بولۇپ، ھەقىقىي ھۆكۈمران «ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىلى قوشۇمچە باش كونسۇلى» بېلىن (كېيىنچە گرافلىققا ئۆستۈرۈلگەن كىرومېل) ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئەنگلىيە مەسلىھەتچىلىرىنى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا تىقتى (1890 ـ يىلى 39 ئادەم ئىدى). ئۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا «مىسىر ھۆكۈمىتى چوقۇم ئەنگلىيەلىك مەسلىھەتچىلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، ئۇنىمىسا ئىستېپا بېرىشى كېرەك» دەپ جاكارلىدى. ئۇ مىسىر خەلقى ئۈستىدىن تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. پۈتۈن مەملىكەتتە 100 تۈرمە بولۇپ، مىسىر خەلقى سەللا نارازىلىقىنى بىلدۈرسە، شۇئان تۈرمىگە تاشلىناتتى، رەھىمسىز جازاغا ئۇچرايتتى، سۈرگۈن قىلىناتتى ياكى ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇڭا، خەلق بۇ خىل قانلىق ھۆكۈمرانلىقنى «كىرومېلنىڭ تۈزۈمى» دەپ ئاتاشتى.

1898 ـ يىلى كىرومېل سۇدانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ يەنە بىر لايىھەسىنى تۈزدى. بۇ لايىھە 1899 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رەسمىي ئىمزالانغان «ئەنگلىيە ـ مىسىرنىڭ سۇداننى بىللە باشقۇرۇش شەرتنامىسى» ئىدى. شەرتنامىدە: سۇداننىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ئىشلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى «سۇدان باش ۋالىيسى»نىڭ قولىدا بولىدۇ، باش ۋالىي ۋە مىسىرنىڭ «خېدىۋې ئەنگلىيەنىڭ ئايال پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ پەرمان بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن، بىرىنچى قېتىم

باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن ئادەم كىچېنېر بولدى. شۇن داق قىلىپ، سۇدانىنى ئاتاقتا ئەنگلىيە مىسىر بىللە باشقۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشلاردا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دېگىنى دېگەندى. كىرومېل كىچېنېرغا يوليورۇق كۆرسىتىپ: «سۇدانىنىڭ باش ۋالىيسى ھەرقانداق ۋاقىتتا قاھىرەدە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئايال پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋەكىلى، قوشۇمچە باش كونسۇل كۆرسەتكەن ھەرقانداق «يوليورۇقنى بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، باش ۋالىي سۇداندا ھەرقانداق قانۇن ۋە مەمۇري پەرمانلارنى چۈشۈرىدىغان، «قاھىرەگە مەلۇم قىلمايدىغان» بولدى. ئەمەلىيەتتە باش ۋالىيدىن باشقا ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆلكە باشلىقلىرىمۇ ئەنگلىيەلىكلەردىن تولۇقلاندى.

# 3 ـ بۆلۈم مەغرىبتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر

## 1. 1871 ـ يىلدىكى ئالجىرىيە چوڭ قوزغىلىڭى

فىرانسىيە ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن «ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى» ئالجىرىيەنى ياۋروپا كۆچمەنلىرى يىغىلغان ئاھالىلەر رايونىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. 1866 ـ يىلى ئالجىرىيەدە 2 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، پەقەت كۆچمەنلەرلا 220 مىڭدىن ئاشاتتى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچىدە تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئالجىرىيەنى سىياسىي مەھبۇسلارنى سۈرگۈن قىلىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. سىياسىي مەھبۇسلار ئىچىدە يېڭى ياكوبىنچىلار، جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە ھەرخىل سوتسىيالىستلار بار ئىدى.

1870 ـ يىلى 9 ـ ئايدا فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىق خەۋىرى ئالجىرىيەگە يېتىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە، بۇ يەردىكى كۆچمەنلەر مەخپىي تەشكىلات بولغان قوغدىنىش كومىتېتىنى قۇردى. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى» تەيىنلىگەن ۋاقىتلىق باش ۋالىي ئالجىرىيەگە يېتىپ كەلگەندە، جۇمھۇرىيەتچىلەر جەمئىيىتى نامايىش قىلىشنى تەشكىللەپ، باش ۋالىي مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ بىر تۈركۈم ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئالدى. ۋاقىتلىق باش ۋالىي ھەربىي پاراخوتقا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، مەھكىمىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ھاكىمىيەت رومۇئارد ۋۇيىللېرموز باشچىلىقىدىكى ئالجىر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رومۇئارد ۋۇيىللېرموز ئالجىرىيەنىڭ ۋاقىتلىق پەۋقۇلئاددە ۋالىيلىقىغا كۆرسىتىلدى. دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى ئالجىرىيەدە خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ماقۇل بولۇپ، فىرانسىيە گىراژدانلىرىنىڭ ھوقۇقى ياۋروپالىق كۆچمەنلەرنىڭ ھوقۇقىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان بولدى. رومۇئارد ۋۇيىللېرموز ھاكىمىيەتنى دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ۋاقىتلىق ئالاھىدە ۋالىيغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

پارىژ كوممۇناسى ئىنقىلابى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئالجىرىيەنىڭ بىرمۇنچە شەھەرلىرىدە كوممۇنا ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشىدىغان نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، «ياشىسۇن فىرانسىيە»، «ۋېرسالنى يوقىتايلى!» دەپ شۇئار تووۋلاشتى. 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ پارىژغا ئەۋەتكەن ۋەكىلى ئالېكساندىر رامبېر قاتارلىق كىشىلەر بايانات ئېلان قىلىپ، «پارىژ كوممۇناسىنى ئەڭ قەتئىي قوللايمىز» دېدى ھەمدە «40 يىل مابەينىدە ھەربىي ۋە مەمۇرىيەتنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشتەك قوش قەۋەت ئېزىلىشكە ئۇچرىغان مۇستەملىكە ئەللەر خەلقى ئاللىبۇرۇنلا شۇنى ئېنىق چۈشەندىكى، ئۇلار كوممۇنانىڭ

پۇتكۇل ئازادلىقى ئۈزلىرىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىش ۋە گۈللىنىشىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ خىتاب قىلىدۇ» دېدى. ئالېكساندىر رامىبىر كوممۇنانىڭ كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى ھەمدە «ماي قانلىق ھەپتىلىكى» دە ۋېرسال جىنايەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، لېكىن جۇمھۇرىيەتچىلەر جەمئىيىتىمدە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن بۇرژۇئا رادىكاللىرى ئەرەب خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە سوغۇق مۇئامىلە قوللاندى ۋە دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيەسىدە بولدى.

فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان ئەرەب خەلقى فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئاللىبۇرۇن تەييارلىق كۆرگەنىدى. فىرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە فىرانسىيە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇلارنى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. 1971 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن رايونلاردا مۇستەملىكىچىلەرگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىدىغان قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇردى. 10 ~ 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭ كومىتېتلىرى پەيدا بولدى. شەيخ خادداد رەھبەرلىكىدىكى راخمانىيە مەزھىپىدىكىلەر خەلق ئىچىدە قوزغىتىش خىزمەتلىرىنى ئۇنۇملۇك ئىشلىدى. ئۇلار پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيە ئۇرۇش قەرزلىرىنى مۇقەررەر ھالدا ئالجىرىيە خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ، يېڭىباشتىن زېمىنلارنى تالان ـ تاراج قىلىشقا باشلايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلار خەلقنى «غازات» قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشقا چاقىردى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇلار كابىرىيە تاغلىق رايونىغا تۇنجى بايراقنى قادىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى مېگانا رايونىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد مۇكرانى ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەيخ خادداد «غازات» بولغانلىقىنى جاكارلىدى. كابىرىيە رايونىدىكى 200

مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى قولىغا قورال ئالدى. پارىژ كوممۇناسىنىڭ جەڭچىلىرى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقتىن، ۋېرسال ھۆكۈمىتى ئالجىرىيەگە ئەسكەر كۆپەيتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، قوزغىلاڭچىلار جەڭدە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. 1871 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جەمئىي 340 قېتىم ئۇرۇش قىلدى، 250 قەبىلىنى كونترول قىلدى، 600 مىڭ دېھقان ـ چارۋىچى بار كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى جەڭدە مۇكرانى قۇربان بولدى. ئۇنىڭ ئىشىغا ئۇكىسى ئەخمەت مەجراگ ۋارىسلىق قىلىپ، فرانسىيەگە قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. جەڭ ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولدى، فرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى يېزا ـ كەنتلەرگە ئوت قويدى، مال ـ ۋارانلارنى بۇلاپ ـ تالىدى، قۇدۇقلارنى تىندۇردى، ئاياللار ۋە بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. پارىژ كوممۇناسى ئىنقىلابى باستۇرۇلغاندىن كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئالجىرىيەدىكى ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىنىڭ سانىنى 85 مىڭغا كۆپەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭىيىپ كەتتى. فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭچى قوشۇننى باستۇرۇش ۋە ئالداش تاكتىكىسىنى قوللاندى، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بەزى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى مۇرەسسە قىلىپ ئاينىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خادداد فرانسىيە ئارمىيەسىگە تەسلىم بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان بۇتالېبو جېڭىدە قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي كۈچى يىمىرىلدى. 1872 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فرانسىيە ئارمىيەسى تۇگگۇرت، ۋاگرانى ئىشغال قىلدى، قوزغىلاڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى.

فرانسىيە ئەكسىيەتچىلىرى نەچچە مىڭ قوزغىلاڭچىنى ئۆلتۈردى، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئادەملەرنى زىندانغا

تاشلىدى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەرقايسى قەبىلىلەرنى 36 مىليون 500 مىڭ فىرانك تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى[1]، 500 مىڭ گېكتار يەرنى تارتىۋالدى.

قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن فىرانسىيە ئالجىرىيەگە ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. 1880 ـ يىلى رايونلار «تامامەن ھوقۇقلۇق» شەھەر، بازار ۋە «ئارىلاشما ھوقۇقلۇق» شەھەر، بازار دەپ ئايرىلدى. ئالدىنقىسى ياۋروپالىق كۆچمەنلەر ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن ھوقۇقلۇق شەھەر مەمۇرىيەت ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىنكىسى ئاساسلىقى ئالجىرىيەلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئۇ يەرنى فىرانسىيەلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار باشقۇراتتى. 1881ـ يىلى «يەرلىك تۈزۈم قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، ئالجىرىيەلىكلەرنىڭ پارتىيە، گۇرۇھ بولۇپ تەشكىللىنىشى مەنئى قىلىندى، ئۇلارنىڭ ياۋروپالىقلار قۇرغان ئورگانلاردا خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر بارلىق «گۇمانلىق» ئالجىرىيەلىكلەرنى قولغا ئېلىشقا، جازالاشقا ۋە سۈرگۈن قىلىشقا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى.

1882 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى مىزاب ئىشتاتىنى ئىشغال قىلىپ، سەھرايى كەبىرگە تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىرانسىيە ئارمىيەسى ئالجىرىيەنىڭ بارلىق چېگرالىرىنى ھەربىي ئىشغالىيەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

## 2. تۇنىسنىڭ فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشى

تۇنىس ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قاتمۇ

[1] 27 مىليون 500 مىڭ فىرانكمۇ دېيىلگەن.

قات تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۈزلەڭلىككە تۇتىشىپ تۇرىدىغان قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بايلىقى مول، «ئىچكى دېڭىز دۆلەتلىرى ئىچىدىكى مەرۋايىت» دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەت.

تۇنىس 1574 ـ يىلى تۈركىيە تەرىپىدىن ئىشال قىلىنغان. 1705 ـ يىلى ھۈسەيىن بىن ئەلى شۇ يەرلىك فېئوداللارنىڭ قوللىشى بىلەن ھۈسەيىن پادىشاھلىقىنى قۇرغانىدى. تۇنىس نامدا يەنىلا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە قارام دۆلەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ئىچكى ـ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى بىلەن قارشىلىشاتتى.

فىرانسىيە ئالجىرىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن تۇنىسقا داۋاملىق سىڭىپ كىرىپ، شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەمەلىي كۈچىنى كېڭەيتتى. 1836ـ يىلى ئوسمانىيە سۇلتانلىقىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى تۇنىسقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەمەسىدە بولدى. فىرانسىيەمۇ ھەربىي پاراخوتلىرىنى تۇنىسنىڭ دېڭىز ياقىسىغا توختىتىپ دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، لېكىن تۈركىيە ئۇرۇش تەھدىتى ئالدىدا چېكىندى. 1837 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى تۇنىسقا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەنگلىيەنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن چېكىنىپ چىقتى.

تۇنىس ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزماقچى، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرماقچى بولدى. يېڭى تىپتىكى دېڭىز ئارمىيەسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەلىرىنى (يەتتە قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكى، ئىككى زەمبىرەكچىلەر پولكى، بىر ئاتلىق پولكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇردى، ھەربىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ياۋروپالىق مەشقاۋۇللارنى تەكلىپ قىلدى. سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەربىي ئەدىيال توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئۇن زاۋۇتى، يېمەكلىك بۇيۇملار

زاۋۇتى، خۇرۇم زاۋۇتى، ئوق ـ دورىلار زاۋۇتى، زەمبىرەك ياساش زاۋۇتى قۇردى، قوغۇشۇن كېنى قازدى. ياۋروپانىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، فىرانسىيەنىڭ تېخنىك ۋە ئىشچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. 1847 ـ يىلىدىن باشلاپ پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىنى ئورناتتى. 1861 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ، ئۈچۈر پالاتاسى تەسىس قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پالاتا 60 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭ 20 سى ئارمىيە، هۆكۈمەت خادىملىرى، 40 ى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققانلار ئىدى. ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆچمە مۈلۈك سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمىدى. 1863 ~ 1871 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، پىرۇسسىيە، ئىتالىيە ۋە فىرانسىيەلىكلەر يەنىلا كۆچمەس مۈلۈك سېتىۋېلىش هوقۇقىغا ئېرىشىپ كەلدى.

بۇ قېتىمقى ئىسلاھات فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسىغا تەگمىدى، ئەكسىچە هەربىي راسخوتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. ئوردىدىكى بۇزۇش ـ چېچىش ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىكى مالىيەدە ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. هۆكۈمەت چىقىمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن سىرتتىن كۆپلەپ قەرز ئالدى. 1862 ـ يىلى ئىچكى قەرز 28 مىليون فىرانكقا يەتتى، تاشقى قەرز 1869 ـ يىلىغا كەلگەندە 125 مىليون فىرانكقا يەتكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 80% ى فىرانسىيەنىڭ كاپىتالى ئىدى.

تۇنىسنىڭ بازىرىغا ياۋروپانىڭ كاپىتالى، بولۇپمۇ فىرانسىيەنىڭ كاپىتالى كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈلدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە 1881 ـ يىلى فىرانسىيەلىكلەر 100 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەر سېتىۋالدى. سانائەت ـ قاتناش جەھەتلەردە فىرانسىيە شىركەتلىرى تۇنىسنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئىجارىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. 1879 ـ يىلى «تۇنىس بانكىسى» قۇرۇلدى. 1872 ـ

www.uyghurkitap.com

يىلى ئەنگلىيە شىركەتلىرى تۈنجى بولۇپ كۆمۈر، گاز زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى (كېيىن فىرانسىيە شىركەتلىرىگە ئۆتۈنۈپ بەردى). 1868 ـ يىلى ئىتالىيە لېساس تېغىدىكى ئاليۇمىن كېنىنى قېزىش هوقۇقىغا ئېرىشتى. فىرانسىيە جېبىل ئارىلىدا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شىركەتلەرنى ئاچتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، فىرانسىيە ئىقتىساد، مالىيە، سىياسىي جەھەتتە قامال قىلىش بىلەن تۇنىسنى تىزگىنلىدى. 1878 ـ يىلى بېرلىندا ئېچىلغان يىغىندا ئەنگلىيە، گېرمانىيەلەر فىرانسىيەنىڭ تۇنىسنى ئىشغال قىلىشىغا توسالغۇ بولمايدىغانلىقىغا ماقۇل بولغاندىن كېيىن، فىرانسىيە تۇنىسنى ئىشغال قىلىش تەييارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

1881 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى خىرۇمىرلار ۋەقەسى① نى باھانە قىلىپ، ئالجىرىيەدىن تۇنىسقا هۇجۇم قىلىپ كىردى. ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان فىرانسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى تۇنىس هۆكۈمىتىنى «بىر پاي ئوقمۇ پايلىمايدۇ»دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار فىزدىن كالغا بارىدىغان يولدا ۋە خازار ـ مېنكۇر رايونلىرىدا شىددەتلىك قارشىلىققا ئۇچرىدى. كېف شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر تولۇپ تاشقان ئۆچمەنلىكى بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ نەچچە قېتىملىق كۈچلۈك هۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى. فىرانسىيەنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغان ئىشپىيونى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لوۋا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، فىرانسىيە ئارمىيەسى ئاندىن كېف شەھىرىگە كىرەلىدى.

---

① ئاتالمىش «خىرۇمىرلار ۋەقەسى» فىرانسىيەنىڭ ئۇرۇش قوزغاشتىكى بىر باھانىسى ئىدى. ئاز ساندىكى ئالجىرىيە ئاهالىسى بىزنىڭ مال ـ چارۋىلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى دېگەنلىك بىلەن خىرۇمىرلار قەبىلىسىدىكىلەردىن بىرنەچچە ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا 300 خىرۇمىرلار ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالجىرىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىدىن 8000 كىشىلىك ئەسكەر بىزېرتادا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى باردۇ ئوردىسىنى قورشىۋېلىپ، مۇھەممەد ساكىرو بېيىنى تۇنىس ئارمىيەسىگە ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، «باردۇ ھامىيلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. شەرتنامىدە فىرانسىيە ئارمىيە دائىرىلىرى ئىگىلىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان ھەرقانداق مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگىلەيدۇ، فىرانسىيە باش ۋالىيسىنىڭ تۇنىستا ھوقۇق يۈرگۈزۈشى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، فىرانسىيەنىڭ رۇخسىتىسىز تۇنىس باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلالمايدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا خەلقئارا شەرتنامە ئىمزالىمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ھامىيلىق شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇلۇشى بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. سىفاكىس شەھىرى قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى بولدى. فىرانسىيە دائىرىلىرى ساكدوبېينى ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن ئەۋەتكەن 1000 دىن ئارتۇق تۇنىس ئەسكىرى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى ھەمدە ئەلى بىننى خەلىپىنىڭ قوماندانلىقىدا قوزغىلاڭچىلار سىفاكىس شەھىرىگە كىردى. كېيىن رايوندىكى قوزغىلاڭغا ئەلى بىننى ئۆمەر رەھبەرلىك قىلدى، يايلاق رايونلىرىدىكى قوزغىلاڭغا ئەخمەد بىننى يۈسۈپ قوماندانلىق قىلدى.

لېكىن، فىرانسىيەگە قارشى بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە مەملىكەتلىك بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك بولمىغاچقا، فىرانسىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتتى. 1881 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سىفاكىس

شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ شەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئەلى بىننى خەلىپە قوزغىلاڭچى ئاممىغا قوماندانلىق قىلىپ جەنۇبقا چېكىنىپ، فىرانسىيەگە قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. 9 ـ ئايدا فىرانسىيەنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، قوزغىلاڭچىلار ساقلاۋاتقان كايرووان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. كايرووان شەھىرى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئەترەتلىرى جەنۇبتىكى ھەرقايسى جايلاردا قارشىلىق كۆرسىتىشتە چىڭ تۇردى.

1883 ـ يىلى فىرانسىيە ـ تۇنىس «ر. مارسا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە تۇنىس فىرانسىيە ھۆكۈمىتى زۆرۈر دەپ قارىغان مەمۇرىي، مالىيە، ئەدلىيە جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. فىرانسىيە باش ۋالىيسى ئىچكى كابىنېتتا رىياسەتچىلىك قىلىپ، بارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. تۇنىس مانا مۇشۇنداق ھامىيلىق تۈزۈم ئاستىدا فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

بۇ خىل ھامىيلىق دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، شەكلى جەھەتتىن ئۇنىڭدا ئەڭ ئالىي ھوقۇقتىن ئىككىسى بولىدۇ: بىرى، ۋەكىللەرنى نازارەت قىلىدىغان خوجايىن دۆلەت ھوقۇقى، يەنە بىرى، بەگ ۋەكىللىك قىلغان ھامىيلىق قىلىنىدىغان دۆلەت ھوقۇقى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھامىيلىق قىلىنىدىغان دۆلەت ھوقۇقى خوجايىن دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىچى ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدۇ. دېمەك، ئەمەلىي ھوقۇق يەنىلا باشتىن ـ ئاخىرى فىرانسىيە باش ۋالىيسىنىڭ قولىدا بولىدۇ. 1884 ـ يىلى فىرانسىيە زۇڭتۇڭى پەرمان چۈشۈرۈپ، فىرانسىيەنىڭ سۇداندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل بولىدىغانلىقى، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بەگ ئائىلىرىنىڭ تۇنىستا ئېلان قىلغان ۋە

يۈرگۈزىدىغان بارلىق پەرمانلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

## 3. ماراكەش كىرىزىسى ۋە ماراكەشنىڭ فرانسىيە ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىشى

ماراكەشنىڭ ئەھۋالى ئالجىرىيە ۋە تۇنىسقا ئوخشاشمايدۇ. ئۇ تۈركىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىيالىغان دۆلەت. 1659 ـ يىلىدىن باشلاپ ماراكەشكە ئەلەۋىيىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى.

ئەلەۋىيىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ماراكەشتىكى چوڭ سانلىق ئاھالىلەر، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەھەر ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 7% ~ 8% نى تەشكىل قىلاتتى. ماراكەشتىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ قويۇق پاترىئارخاللىق تۈزۈمدە كۆرۈلەتتى. فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ شەكلى ۋەخپە يەر، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەر، يېزا ئۇيۇشمىلىرىنىڭ يېرى ۋە خۇسۇسىي يەر دەپ ئايرىلاتتى. خۇسۇسىي يەرلەر مۈلۈك دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئىگىلىگەن فېئوداللىق چوڭ يەر ـ مۈلۈكلەر، ئادەتتە شەھەر ئەتراپى ۋە تەرەققىي قىلغان يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا ئىدى. پىرسەنتلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېھقانلارنى شىلىۋېلىشتا كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇل ئىدى. ئادەتتە دېھقانلار ھوسۇلنىڭ بەشتىن بىر، بەشتىن ئىككى قىسمىغا ئىگە بولالايتتى، قالغانلىرى يومبېشچىكلارغا تەۋە بولاتتى. قەبىلە تۈزۈمدە دېھقانلار يېزا جامائەسىنىڭ يېرىنى تېرىسا، قەبىلە ئاقساقىلىغا ئولپان تاپشۇراتتى، موللا ـ مۇپتىلارغا سوۋغات تەقدىم قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەھۋالى يامان

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى.

زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ماراكەش ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشتا رىقابەتلىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. «ئۇچ پادىشاھلىق ئۇرۇشى» مەزگىلىدە، ئۇلار پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ھەل قىلغۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلار بېسىۋالغان دېڭىز ياقىسىدىكى مۇھىم جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. 1679 ـ يىلى ماراكەشنىڭ ئارمىيەسى ئەنگلىيە ئىگىلىۋالغان تانگېرنى قورشىۋالدى. 1684 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر بۇ شەھەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىسپانىيەلا مېلىلىيە، سېۋتا ۋە پېللېيە قاتارلىق مۇھىم قورغانلىرىنى ساقلاپ قالدى. ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ماراكەشنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار ماراكەش بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۆزئارا يۇڭ توقۇلما، كاناپ، يېمەكلىك، ھەرە يېلىمى، قوي يۇڭى ۋە مىس قاتارلىقماللارنى ئالماشتۇرۇپ تۇردى. سودا رىقابىتىدە گوللاندىيە، ئەنگلىيە سودىگەرلىرى فىرانسىيەلىك سودىگەرلەرنى تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىۋەتتى.

ئەلەۋىيە پادىشاھلىقى دېڭىز ياقىسىدىكى مۇھىم جايلارنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنۈش كەسكىنلەشتى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ھەربىي كۈچى بىلەن ماراكەشكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

1836 ـ يىلى ئامېرىكا ئالدى بىلەن ماراكەشكە ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ كېسىم چىقىرىش ھوقۇقى بولۇش تۈزۈمىنى تاڭدى. 1856 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن ماراكەش كېلىشىم

ئىمزالىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن ئەنگلىيە دىپلوماتىيە قانۇنى چىقىرىش ھوقۇقى ۋە تاشقى سودىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. ماراكەش ئەنگلىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ چېگرا ئىچىدىكى ھەممە يەرلەردە ئەركىن تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويىدىغان تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىپ ئالىدىغان ۋە 10% ئەتراپىدا كونترول قىلىدىغان بولدى.

1844 ـ يىلى فىرانسىيە قادىر ئالجىرىيە ـ ماراكەش چېگراسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى، دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ماراكەش ھۆكۈمىتى بىلەن «تانگېر شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، ئىككىنچى يىلى ئالجىرىيە بىلەن ماراكەشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئايرىلدى. لېكىن، فىرانسىيە يەنە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا يوچۇق ئىزدەپ، ماراكەشكە تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇندى. 1859 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى ماراكەش چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىپ سىناسېن قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى.

1860 ـ يىلى ئىسپانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىرى ئودوننېل بىر فىلوتقا قوماندانلىق قىلىپ، 50 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە بىلەن ماراكەشتە قۇرۇقلۇققا چىقتى ھەمدە تېتۇئان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، تانگېر شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. ئىككى تەرەپ «تانگېر شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامە بويىچە ماراكەش سېۋتا شەھىرىگە يېقىن رايونلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىسپانىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان، ئىسپانىيەگە يەنە 100 مىليون فىرانك تۆلەم تۆلەيدىغان بولدى.

فىرانسىيە شىمالىي ئافرىقىنى ئىزچىل تۇردە تەسىر دائىرىمىزدە، دەپ قارايتتى. ئۇ تۇنىسنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ماراكەشنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كۆردى. 1881 ~ 1882 ـ يىللىرى فىرانسىيە ماراكەشنىڭ شەرقىي جەنۇب رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن

بوستانلىق يەرلەرنى بېسىۋالدى. 1903 ـ يىلى ماراكەش سۇلتانىغا 21 مىليون فىرانك قەرز بەردى، ئىككىنچى يىلى فىرانسىيەنىڭ بانكا گۇرۇھى ماراكەش سۇلتانىغا يەنە 62 مىليون 500 مىڭ فىرانك قەرز بەردى. بىر فىرانكنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 5 لى بولدى. تاموژنا بېجىدىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ 60% ى بىلەن قەرزگە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، تاموژنا فىرانسىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.

## 4 ـ بۆلۈم ئېفىيوپىيە ۋە ئافرىقا تومشۇقى

### 1. تېئودور II نىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشلەر

ئېفىيوپىيە قەدىمي، فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت، لېكىن يەنە يانچىلىق تۈزۈمنىڭ ئاسارەتلىرىمۇ بۇ دۆلەتتە ساقلىنىپ قالغانىدى. يەرلەر پادىشاھ جەمەتى، دىندار فېئودال تۆرىلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىسا، يەر ئىجارىسىنى مال تاپشۇرۇش ۋە ھاشارغا چىقىش بىلەن تۆلەيتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەسىدە توقۇمىچىلىق، ياساش كەسپى تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ خۇرۇم ئەيلەش، توقۇلما توقۇش، بېزەكچىلىك، ياغاچ سايمانلىرى ياساش، تۆمۈر تاۋلاش كەسپلىرى ئالاھىدە راۋاجلانغان ھەمدە ھۈنەرۋەنچىلىكتە رايونلۇق بۆلۈنۈشمۇ بارلىققا كەلگەنىدى. مەسىلەن، ئادۇۋا، ئاكسۇم قاتارلىق جايلاردا ئالاھىدە نەپىس پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى، قوي تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى، جىمما ۋە خارار قاتارلىق جايلاردا ياسالغان ياغاچ جابدۇقلار داڭلىق ئىدى.

ئېفىيوپىيەدە مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى سۇلايمان

پادىشاھلىقىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان پادىشاھلار (شاھىن شاھ) ئىدى. لېكىن، 1855 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا مەملىكەت ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرىدىغان بىرقانچە بەگلىكلەر (مەسىلەن، شوئا، تىگرې، گوجام قاتارلىقلار) گە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيەسى، مەمۇرىي ئورگانلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توختىماي جەڭ بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار كۆپىنچە پادىشاھ ئەۋلادىدىن بولغان ئادەملەر (شاھىن شاھى)نى ھۆكۈمران قىلاتتى. بۇ پادىشاھلار بەگلەرگە پەرمان چۈشۈرەتتى. مەسىلەن، تىگرىلارنىڭ ھۆكۈمرانى ۋالد سېلاسى (1784 ~ 1816 ـ يىللار) ۋە ساباگادىس (1816 ~ 1830 ـ يىللار) ئىدى. ئوتتۇرا قىسىمدىكى نەچچە ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانى راسئەلى (1830 ~ 1855 ـ يىللار) ئىدى.

ئەنگلىيە فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئېفىيوپىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە ماجىرالاردىن پايدىلىنىپ، ئېفىيوپىيەگە ئاماللىنىڭ بارىچە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. 1802 ـ يىلى گىراف ۋالېنسىيە باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئېفىيوپىيەگە كەلدى، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ كاتىپى سولت تىگرې بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن ئۇچراشتى. 1841 ـ يىلى ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن شوئار پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سار سېلاسى شەرتنامە ئىمزالاپ، ئەنگلىيەلىكلەر تاشقى سودىدا ئالاھىدە ھوقۇققا ئېرىشتى. 1843 ـ يىلى يەنە ئېفىيوپىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسىمدىكى نەچچە ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان راسئەلى بىلەن «دوستلۇق سودا شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ئەنگلىيە تاۋارلىرىدىن تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىپ ئېلىش بەلگىلەندى. شۇ يىلى فىرانسىيە سارسېلاسى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەركىن سودا قىلىش ھەمدە «ئۆي ۋە يەر سېتىۋېلىش» ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتى

كونسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغاندىلا، ئاندىن ياتلارنىڭ خورلىشىغا قارشى تۇرۇپ مۇستەقىللىقنى قوغدىغىلى بولاتتى.

1853 ـ يىلى كۇر مىللىتىنىڭ ئۇششاق فېئودال ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كاسا فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا قارشى چىقتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گوجام، گاندار، تىگري ۋە شوئارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1855 ـ يىلى تاج كىيىپ ئېفىيوپىيەنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئۆزىنى تېئودور II دەپ ئاتىدى.

تېئودور II فېئودال بۆلۈنمە كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. فېئوداللارنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن ئارمىيە قۇردى، قۇل سودىسىنى بىكار قىلدى. باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مالىيە كىرىمىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان بولدى، دىندارلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى چەكلىدى. دىنىي ئۇيۇشمىلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، يەنە بىر قىسىم يەرلىرىدىن يەر بېجى ئالىدىغان بولدى. ياۋروپادىن تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلەت ئىچىدىكى ئۆتكەللەرنى ئازايتىپ، سودا ـ سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول ئاچتى. بۇ ئىسلاھاتلار دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملىدى، ئېفىيوپىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئېفىيوپىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە تېئودور II نىڭ ئىسلاھاتى جايلاردىكى فېئودال گۇرۇھلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەنگلىيەمۇ ئېفىيوپىيەنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش يولىغا مېڭىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ جىنىنىڭ بارىچە سۇيىقەست پىلانلىدى. 1867 ـ يىلى تېئودور II

سوٚيىقەست پىلانلىغۇچى ئەنگلىيەلىك كونسۇل كامىرون ۋە يەنە بىر نەچچە ياۋروپالىقنى قولغا ئېلىپ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتتى. ئەنگلىيە موشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، ئۆكتەملىك بىلەن ئېفىيوپىيەگە ئەسكەر چىقاردى ھەمدە زېيلا پورتىدىن قورۇقلۇقتا چىقتى. تېئودور Ⅱ خەلقنى قوزغىلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى، قوشۇننى باشلاپ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ماگدالا قورغىنىنى چىڭ ساقلىدى. ئەكسىيەتچىل فېئودالالارنىڭ ۋەتەننى قوغداش كۈرىشىدە ئارقا ــ ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن، 1868 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ 13 ــ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ماگدالا قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. تېئودور Ⅱ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالدى.

تېئودور Ⅱ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئېفىيوپىيە خەلقىنىڭ قەتئىي قارشىلىق قىلىشى بىلەن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن شۇئا، تىگرې، ئامخارادىكى فېئودالالار پادىشاھلىق تەخت تالىشىپ قايتىدىن ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. تۆت يىللىق ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە قورچاق يوخاننېس Ⅳ نى تەختكە چىقاردى.

## 2. كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقا تۇمشۇقىنى تالان ــ تاراج قىلىشى

ئېفىيوپىيە، سومالى ۋە جىبۇتى قاتارلىق ئافرىقا تۇمشۇقىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرا دېڭىز، قىزىل دېڭىز، ھىندى ئوكيان سۇ قاتنىشىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. سۇۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى تېخىمۇ مۇھىملىشىپ، كۆچلۈك دۆلەتلەر تالىشىدىغان جايغا ئايلاندى.

1859 ـ يىلى فىرانسىيە ئوبوك پورتىنى ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇ پورتنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ بايرىقىنى قادىدى. لېكىن، سۈۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلىنىپ 10 يىلدىن كېيىن (يەنى 1881 ـ يىلى)، ئاندىن بىر تاشقى سودا شىركىتى قۇرۇپ، بۇ پورتنى پايدىلىنالىدى. 1884 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئوبوك پورتىغا كىردى ھەمدە ئۇ يەردە تايانچ بازا قۇرۇپ سىرتقا قاراپ كېڭىيىپ، ئەلى تۇمشۇقى، تاجۇرا، كۆبېتتىخاراۋا قاتارلىق رايونلارنى قوشۇۋالدى، 1888 ـ يىلى جىبۇتى پورتىغا تاجاۋۇز قىلدى. 1896 ـ يىلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىشغال قىلىۋالغان بارلىق رايونلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلا مۇستەملىكە زېمىن قىلىپ، ئۇنى «فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى سومالى» دەپ ئاتىدى، ئۇنىڭ مەمۇرىي مەركىزىنى جىبۇتى پورتىغا قۇردى.

ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئافرىقا تۇمشۇقىدا جىددىي تالىشىش كۆرىشى ئېلىپ باردى. دەسلەپتە ئەنگلىيە مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق «ئافرىقا تۇمشۇقى»نى تىزگىنلىگەندى. 1869 ـ يىلى مىسىرنىڭ بىر پاراخوتى بېربېراغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىككىنچى يىلى مىسىر ھۆكۈمرانى خېدىۋى مۇھەممەد جامالنى سومالىنىڭ دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ بۇلھار ۋە بېربېراغا مىسىرنىڭ بايرىقىنى قادىدى. 1873 ـ يىلى مىسىر ئىرترېيە ئېنىسراي قولتۇقىنى ئىشغال قىلدى، 1874 ـ يىلى كىلېنىنى ئىشغال قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ زىددىيەت سېلىشى بىلەن، مىسىر، ئېفىيوپىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش يۈز بەردى. 1875 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئاساسلىق كۈچى ماسساۋا ۋە كىلېنىنىڭ جەنۇبىدىكى گۇندېرت ئۇرۇشىدا ئېفىيوپىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 1876 ـ يىلى مىسىر ئارمىيەسى ياردەمگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ گۇلادا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، لېكىن مىسىر يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ

بولدى. 1877 ـ يىلى ئەنگلىيە مىسىر بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، مىسىرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ ماسساۋادىن جەنۇبتىكى خافۇن تۇمشۇقىغىچە بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مىسىر «سومالى دېڭىز ياقىلىرىنىڭ... ھەرقانداق قىسمىنى، ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەي، ھەرقانداق بىر ئەلگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدىغانلىقى»غا كاپالەت بەردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. چۈنكى، مۇشۇنداق بولغاندا ئەدەننى ياۋروپادىكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەردىن ئۇنۇملۇك مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنىڭ قارشى قىرغىقىدا مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرغىلى بولاتتى.

1884 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر ۋاستىلىك تىزگىنلەشتىن بىۋاستە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىشقا ئۆتتى. سۇداندا مەھدى ئارمىيەسى ئەنگلىيە، مىسىر قوشۇنلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلغانلىقتىن، ئەنگلىيە مىسىر قوشۇنلىرىنى خاررار، زېيلا ۋە بېربېرالاردىن چېكىنىپ كېتىشكە ئۈندىدى. يىل ئاخىرىدا ئەنگلىيە بېربېرا، زېيلا ۋە خارراردا بىۋاستە «مۇئاۋىن كونسۇل» تۇرغۇزدى ھەمدە يەرلىك بەش ئاقساقال بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەمەلىي ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقىنى تىكلىدى. ئىككىنچى يىلى فىرانسىيە ئۆزىنىڭ «ئافرىقا تۇمشۇقى»دىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى جىبۇتى پورتىغىچە كېڭەيتكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيەمۇ ئۇنىڭغا تىغمۇ تىغ قارشىلىشىدىغان ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى سومالىنىڭ قوغدىلىدىغان رايونى بېربېرادىن فىرانسىيە تەلەپ قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ ئىچىگىچە ئۇزارتىلىدۇ، دەپ بايانات ئېلان قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى قوراللىق توقۇنۇشقىچە بېرىپ يەتتى. 1888 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ھامىيلىق قىلىش چېگراسىنى زېيلا بىلەن جىبۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئايرىدى.

ئافرىقا تۇمشۇقىنى بۆلۈشۈش كۈرىشىدە «رۇسىيەنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇشى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارا نىيىتىمۇ كۆپجۈپ تۇراتتى. «ئافرىقا تۇمشۇقى» ئۇنىڭ ئافرىقىغا كېڭىيىدىغان مۇھىم رايونى ئىدى. 1871 ـ يىلى چاررۇسىيە سۇۋەيش قانىلىدا قاتنايدىغان سەككىزىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلانغانىدى. شۇڭا ئۇ ھىندى ئوكياندا ئۆزىنىڭ فىلوتىنى قوللايدىغان بىرەر دۆلەت تېپىش ئۈچۈن، «ئافرىقا تۇمشۇقى»نىڭ دېڭىز ياقىلىرىدا «يېڭى موسكۋا پورتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1884 ـ يىلى كازاك تەۋەككۈلچىسى ئارسىنوف «ساياھەت قىلىش» نامى بىلەن دېڭىز بويىنى ياقىلاپ ئېفىيوپىيەگە كىردى ھەمدە «كازاكلارنىڭ مۇستەملىكىسى»نى قۇرۇش ھازىرلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئاخبارات توپلىدى. 1889 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئارسىنوفنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش قىسمى تاجۇرا قولتۇقىنىڭ ساگانو پورتىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى ۋە رۇسىيەنىڭ بايرىقىنى قاداپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ۋە ئاشلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئارسىنوفنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى جىبۇتى خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، شۇنداقلا يەنە فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشنىمۇ پەيدا قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى فىرانسىيەنىڭ ئوبوكتىكى باش ۋالىيسى ئارسىنوفنىڭ دەرھال چېكىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ئارسىنوف تەلەپنى رەت قىلغاندىن كېيىن رۇسىيە ـ فىرانسىيە توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ قېتىملىق جىبۇتىنى تالىشىش ئۇرۇشىدا رۇسىيەنىڭ يەتتە ئەسكىرى ئۆلدى، ئالتە ئەسكىرى يارىدار بولدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تىرىك ئەسىرگە چۈشتى. رۇسىيەنىڭ «ئافرىقا تۇمشۇقى»دىكى بىرىنچى قېتىملىق مۇستەملىكە قىلىش تەۋەككۈلچىلىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن چاررۇسىيە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ،

«ئافرىقا تۇمشۇقى»غا تىنچ سىڭىش ھەرىكىتىنى قوللاندى. بىرىنچىدىن، ھەرخىل ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، «دوستلۇق» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە ئۇلارنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى. مەسىلەن، 1889 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسىيەنىڭ ئېفىيوپىيەگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى «دىنىي ئەلچىلەر ئۆمىكى»، «جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى» قاتارلىقلار بولۇپ 10 دىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن ئۆمەكنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي تەربىيە كۆرگەن ئوفىتسېرلار ۋە دىپلوماتلار ئىدى. ئىككىنچىدىن، «ياردەم قىلىش» نى باھانە قىلىپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1892 ـ يىلى ماخىكوف ئېفىيوپىيە بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالاپ، رۇسىيەنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى ساتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيەنىڭ ئوفىتسېرلىرى «مەسلىھەتچى» نامىدا ئېفىيوپىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا كىردى. 1880 ـ يىللاردىكى جاھانگىرلارنىڭ «ئافرىقا تۇمشۇقى»نى بۆلۈشۈۋېلىش گورۇھىدا رۇسىيە فىرانسىيە تەرەپتە تۇرۇپ، ئەنگلىيە، ئىتالىيە بىلەن قارشىلاشتى. 1882 ـ يىلى ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ئىتالىيە پاراخوت شىركىتى 1869 ـ يىلى قولغا كەلتۈرگەن ئەسسەب پورتىنى ئىگىلىدى. 1885 ـ يىلى ئەنگلىيە بىر ئىتتىپاقداش تېپىپ، فىرانسىيەگە بىللە تاقابىل تۇرۇش تەمەسىدە ئىتالىيەنىڭ ماسساۋا بىلەن بېيلۇر ئوتتۇرىسىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلىشىغا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە تەدرىجىي ئېرىترىيەنى بېسىۋالدى. ئىتالىيە ماسساۋادا پۇت تىرەپ تۇرغاندىن كېيىن ئېفىيوپىيەنىڭ ئىچكى جايلىرىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى، 1885 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ساتىنى ئىشغال قىلدى، 1886 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋائانى ئىشغال قىلدى. 1887 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىتالىيە ـ ئېفىيوپىيە قوشۇنلىرى دوكالىيدا قاتتىق ئۇرۇشتى. ئۇرۇشتا ئىتالىيە مەغلۇپ بولۇپ ماسساۋاغا چېكىندى. 1888 ـ يىلى ئىتالىيە ئارمىيەسى ساتىنى قايتا

ئىشغال قىلدى. ئىتالىيە، ئېفىيوپىيە ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش بولغان مەزگىلدە، ئېفىيوپىيە بىلەن سۇدان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئېفىيوپىيە خەلقىنىڭ ئىتالىيەگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش كۈرىشى نەچچە يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

## 3. ئېفىيوپىيەنىڭ ئىتالىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى

19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئېفىيوپىيە بىلەن سۇدان جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىش تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەنگلىيە ئوتتۇرىغا ئارازىلىق سېلىپ قۇتىرىتىپ، ئېفىيوپىيە پادىشاھى يوخاننېس IV نى مەھدى دۆلىتىگە قارشى ئەسكەر چىقىرىشقا كۈشكۈرتتى. 1886 ـ يىلى ئېفىيوپىيە مەھدىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1887 ـ يىلى مەھدى قوشۇنى گوندار شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى. 1889 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يوخاننېس IV 150 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، گونداردىن راجاباتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. 3 ـ ئايدا مېتېمادىكى ئۇرۇشتا يوخاننېس IV ئوق تېگىپ ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ئېفىيوپىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى.

يوخاننېس IV ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مېنېلىك ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتۈن ئىمپېرىيەگە پادىشاھ بولدى. ئىتالىيە يېڭى پادىشاھنى دەرھال قوللاش ئارقىلىق ئۇنى قورچاق قىلىۋېلىپ، ئېفىيوپىيەنى ئۆزى ھامىيلىق قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. مېنېلىك ئىتالىيەنىڭ قوللىشىدىن پايدىلىنىپ فېئودال بۆلۈنمە كۈچلەرنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنى كۆزلىگەن بولغانىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا گوجام، ئامخارادىكى بۆلۈنمە كۈچلەرنى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىسكەنجىگە ئېلىپ، قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇردى.

1889 ـ يىلى مېنېلىك تەختكە ئولتۇرۇپ 40 كۈن بولغاندا، ئىتالىيە، ئېفىيوپىيە «مەڭگۈلۈك دوستلۇق شەرتنامىسى»، يەنى ئۇچچىئال شەرتنامىسىنى تۈزدى. شەرتنامىگە ئاساسەن، مېنېلىك بىرنەچچە رايوننى ئىتالىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى، ئىتالىيە ئۇنىڭ بەدىلىگە 30 مىڭ مىلتىق، 28 زەمبىرەك، 2 مىليون لىرا تولۇقلىما پۇل بېرىدىغان بولدى. شەرتنامىنىڭ 17 ـ ماددىسىدا يەنە «ئېفىيوپىيە پادىشاھى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقاندا، ئىتالىيەدىن ياردەم تىلىسە مۇمكىن بولىدىغانلىقى» بەلگىلەندى. لېكىن، ئىتالىيە ئامخارا تىلىدىكى «مۇمكىن» دېگەن سۆزنى شەرتنامىدىكى ئىتالىيانچىدا «زۆرۈر» دەپ ئۆزگەرتىۋالدى. ئىتالىيە بۇ ماددىنى ئۆز ئالدىغا شەرھىلىشىگە ئاساسەن، ئېفىيوپىيەنى ئىتالىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت دەپ جاكارلىدى ھەمدە شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن جايلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن جايلارنى ئىتالىيە ئىشغال قىلىۋالدى.

ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان مېنېلىك 1894 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە خەت يېزىپ، ئىتالىيەنىڭ نومۇسسىزلارچە قىلمىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بايانات‌تا: مەن چەت ئەل كۈچلۈك دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايمەن، دېيىلدى. 1893 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇ يەنە 1894 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن باشلاپ «ئۇچچىئال شەرتنامىسى» بىكار قىلىنىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

1894 ـ يىلى ئىتالىيە قوشۇن تارتىپ، ئالدى بىلەن شىمالىي قىسمىدىكى تىگرېنى ئىشغال قىلدى. 1895 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىتالىيە ئېفىيوپىيەگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ ئادىئوگلىي، ئادىگرات، ئادوۋا قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

www.uyghurkitap.com

9 ـ ئايدا مېنېلىك پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ: «دۈشمەن چەت ئەللەردىن كەلدى، ئېلىمىزنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئەقىدىمىزنى تەۋرىتىشكە ئۇرۇنماقتا، ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا، بىز ھەرىكەت قوللىنىشقا تەييارلىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنى قوغداپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ماڭغۇدەك ماغدۇرى بارلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئەگىشىڭلار!» دەپ چاقىرىق قىلدى. بۇ مۇراجىئەتنامە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەننى قوغداش دولقۇنىنى قوزغىدى. خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ئاشلىق، كىيىم ـ كېچەك ۋە پۇل ئىئانە قىلدى. قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان پەۋقۇلئاددە باج بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا يىغىلىپ بولدى، ھەممىسى بولۇپ 2 مىليون كۇمۇش تەڭگە يىغىلدى. پىدائىي بولۇپ ئارمىيەگە قاتناشقان جەڭچىلەر پايتەختكە قاراپ ئاقتى، تېز ئارىدىلا 112 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن توپلاندى.

مېنېلىك ئىستراتېگىيە جەھەتتە دۈشمەننى ئازدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىتالىيە ئارمىيەسىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى قىرغىنچىلىققا ئۇچراتتى. ئىتالىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ باشلىقى تەلۋىلەرچە لاپ ئۇرۇپ: ئەگەر ماڭا يەنە ئىككى باتالىيون ئەسكەر بىلەن بىرنەچچە زەمبىرەك بەرسە، ئۆزۈمنىڭلا مېنېلىكنى قەپەسكە سولاپ رىمغا ئاپىرىمەن، دېگەنىدى. لېكىن، 1895 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئېفىيوپىيە ئارمىيەسى ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، 20 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى يوقاتتى. يەنە بىر تۈركۈم تاجاۋۇزچى ئارمىيەنىمۇ سۈرۈپ ـ توقاي قىلىپ ماكارې قورغىنىنى قايتۇرۇۋالدى.

1896 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرى 15 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ

ئادوۋاغا ھۇجۇم قىلدى. ئېفىيوپىيە ئارمىيەسى ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ ۋە ئۆزلىرىگە پايدىلىق يەر شارائىتىغا تايىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ كۈنلىرىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە ئىتالىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ جەمئىي 11 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى ياكى يارىدار قىلدى، 4000 ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى، كۆپ ساندىكى مىلتىق، زەمبىرەك ۋە ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ بارلىق ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى غەنىيمەت ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە تاجاۋۇزچە ئارمىيەسى ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 10 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ «ئاددىس ئەبەبە شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، «ئېفىيوپىيە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت سۈپىتىدە مۇتلەق مۇستەقىل بولىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئۇرۇش چىقىمىنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن 10 مىليون لىرا تۆلەم تۆلەيدىغان بولدى.

ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئېفىيوپىيە خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىش دولقۇنىدا ئېفىيوپىيە خەلقى ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداپ، ئافرىقا خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرىشىگە شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۈزۈكسىز ئېفىيوپىيەگە سىڭىپ كىردى. رۇسىيەنىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئاددىس ئەبەبەنىڭ ساراي قورۇلۇشىغا قاتناشسا، يەنە بىر تۈركۈم ئوفىتسېرلىرى ئېفىيوپىيەنىڭ ھەربىي باش ئىشتابىغا كىرىپ قول شىلتىپ ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ بىر باشلىقى ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى مۇددىئايىمىز «ھىندى

ئوكيياننىڭ قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى بىر نۇقتىسىغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق بىر ئورۇنغا ئېرىشىش»، «فىلوتلىرىمىزنىڭ يىراق شەرقتىكى دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ئەركىن ـ ئازادە قاتنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

# 5 ـ بۆلۈم غەربىي ئافرىقا

## 1. ئاشانتى ئۇرۇشى

19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى غەربىي ئافرىقا ئىزچىل تۇردە قارا تەنلىكلەر سودىسى قىلىدىغان سورۇن ئىدى. 1807 ـ يىلى ئەنگلىيە قۇل سودىسىنى مەنئى قىلىپ، غەربىي ئافرىقىغا قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ قۇل سودىسىنى مەنئى قىلىش بايرىقى ئاستىدا، غەربىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ زېمىنلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلاپ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى قۇردى. 1808 ـ يىلى سېررالېئوندا مۇستەملىكە قۇرغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئاساسلىق تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك نۇقتىسى گانا ۋە نىگېر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بولدى. ۋولت دەرياسى نىگېر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا مول ۋە قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى، پاختا ۋە پالما دەرىخىنىڭ مېيى كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۇلار كونسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ئىدى.

ئەنگلىيە قارا تەنلىكلەرنى ئېلىپ ـ سېتىش جەريانىدا، گانا دېڭىز قىرغاقلىرىدا دېڭىز قىرغىقى، تۇمشۇقى قاتارلىق مۇستەملىكە نۇقتىلارنى قۇردى. بۇ نۇقتىلار ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى جايلارغا كېڭيىشىنىڭ بازىسى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ كېڭيىشى

ناھايىتى ئاستا بولدى. چۈنكى، ئۇ ئاشانتى بىرلەشمىسىنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغانىدى.

ئاشانتىلار گانادىكى ئاكان مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە ئۇ يەنىلا بىر كىچىك بەگلىك ـــ دانكلا بەگلىكىنىڭ ۋاسساللىرى ئىدى. 1697 ـ يىلى ئوسېي تۇتۇ پادىشاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ كاھىن ئانوكىينىڭ نائىپلىق قىلىشى بىلەن دومارلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تافلارنى بويسۇندۇرۇپ، كۇماسى باشچىلىقىدىكى ئاشانتى بەگلىكىنى قۇردى. ئۇلار بەگلىكنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان «ئالتۇن كۇرسى» ۋەقەسىنى سىرلىق ئويدۇرۇپ چىقاردى ھەمدە ئۇنى پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق روھىنىڭ سىمۋولى دەپ تەرغىب قىلدى. ئوسېي تۇتۇ ئاكانلارنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، مىللىي بىرلىكنى تەلەپ قىلىش يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىنى باشلىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دانكلار، ئاكىملار، ئاسىن قاتارلىق بەگلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاكانلارنىڭ بىرلىككە كېلىش ئاساسىنى تىكلىدى.

ئەنگلىيە قۇدرەتلىك، بىرلىككە كەلگەن ئاشانتى بەگلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ ئافرىقا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدا توسقۇن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئاكانلارنىڭ داۋاملىق بىرلىككە كېلىشىگە ھەرخىل چارە ـ ئامال بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى، دېڭىز ياقىسىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، بولۇپمۇ فانتىلار بىلەن ئاشانتىلار مۇناسىۋىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

1805 ـ يىلى ئاسىن بەگلىكىنىڭ ئىككى ئاقساقلى

ئاشانتىلار پادىشاھىغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ فانتى بەگلىكىنىڭ بىرلەشمىسىنىڭ پاناھلىنىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئاشانتىلار پادىشاھى قاچقۇننى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، فانتىلار كەسكىن رەت قىلدى. 1806 ـ يىلى ئاشانتىلار بىلەن فانتىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. 5 ـ ئايدا دېڭىز قىرغىقى تومشۇقىدىن تۆت مىل يىراقلىقتىكى ئابىرا كەنتىدە فانتىلار ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى، ئاسىلارنىڭ ئىككى ئاقساقىلى ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى دېڭىز ياقىسىغا قېچىپ بېرىۋالدى، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى دەرھال ئاكانلارنىڭ ئىچكى ئىشىغا قول تىقتى. «كېلىشتۈرۈش ياكى قورال كۈچى ئىشلىتىش» ئۇسۇلى بىلەن ئاسىلار ئاقساقىلى بىلەن فانتىلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى ئانوماب كەنتىدىكى ۋىللىيام قورغىنىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن ئاشانتىلار ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسىدە ئۆلۈم ـ يېتىم ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بايراق چىقىرىپ، سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئاسىلارنىڭ بىر ئاقساقىلىنى ئاشانتىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى (يەنە بىرى قېچىپ كەتتى). ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق شەرتنامە ئىمزالاپ، ئەنگلىيە فانتىلارنىڭ ئاشانتى بەگلىكىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئاشانتىلار غەلىبە قىلىپ ئەمدىلا ئۆز جايلىرىغا قايتىپ تۇرۇشىغا فانتىلار يەنە غەلىيان كۆتۈردى. ئۇلار 1809 ـ يىلى ئاشانتىلارنىڭ مۇھىم ئىككى دېڭىز بوغۇزى بولغان ئەلمىنە ۋە ئاكىرا كەنتلىرىگە ئەسكەر ئەۋەتتى. 1811 ـ يىلى ئاشانتىلار ئەسكەر چىقىرىپ فانتىلارنىڭ غەليانىنى باستۇرغاندا، ھەربىي ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. 1814 ~ 1816 ـ يىللىرى يەنە بىر قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق فانتىلارنى ئاشانتى بەگلىكىگە قوشۇۋالدى ھەمدە ئۇلارنى

ئاشانتىلار ئەۋەتكەن باش ۋالىي ئىدارە قىلىدىغان بولدى.

1821 ـ يىلى ئەنگلىيە «ئافرىقا شىركىتى»نى تارقىتىۋېتىپ، گانانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىجارە يەرلىرىنى ئەنگلىيە باشقۇرىدۇ، دەپ جاكارلىدى ھەمدە سېررالېئوننى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىپ قوشۇۋالدى. 1822 ـ يىلى چارلى ماككارسى ئۇ يەرگە باش ۋالىي بولغاندىن كېيىن، تەقەززالىق بىلەن ئاشانتىلارغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق كۆردى. 5 ـ ئايدا بىر ئاشانتى سودىگىرى ئەنگلىيەلىك ساقچى بىلەن تىللىشىپ، توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئەنگلىيەلىك ساقچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چارلى ماككارسى مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇرۇش قوزغىدى. 1824 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىككى تەرەپنىڭ ئارمىيەسى بانشاسو كەنتىدە قاتتىق ئېلىشتى. ئېلىشىشتا ئەنگلىيە ئارمىيەسى مەغلۇپ بولۇپ، 260 تىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، چارلى ماككارسى يارىدار بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 1826 ـ يىلى ئەنگلىيە ئالاھىدە «زەربىدار كورپۇسى» تەشكىللەپ، زور تۈركۈمدىكى فانتېلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئاشانتى ئارمىيەسىگە قارشى كاتامانسو كەنتىدە قاتتىق جەڭ قىلدى، بۇ قېتىملىق جەڭدە ئاشانتىلار ئارمىيەسى تۇنجى قېتىم مەغلۇپ بولدى. 1831 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئاشانتىلار كېلىشىم ئىمزالاپ، دانكىلا، ئاسىن بەگلىكىنىڭ ئاشانتىلار پادىشاھىغا قارام بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى بىكار قىلىش بەلگىلەندى. ئاشانتىلار تاشقى سودىغا ھېچقانداق چەك قويمايدىغان، ئەنگلىيە ئاشانتى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى. ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئارىلىشىشى بىلەن، ئاشانتىلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى.

ئەنگلىيە بۇ قېتىملىق غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كېڭەيتىشنى كۆچەيتتى. ئۇ فانتى قاتارلىق بەگلىك ئاقساقاللىرى بىلەن «1844 - يىل نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ، «ھامىيلىق تۈزۈمى»نى دېڭىز ياقىسى رايونىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگىچە يۈرگۈزۈشنى كۆچەيتتى. 1850 - يىلى گانا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى مۇستەملىكىلەر سېررالېئوندىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھەرقايسىسى مەمۇرىي كومىتېتلار ۋە قانۇن چىقىرىش كومىتېتلىرىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەسىس قىلدى. شۇ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر يەنە 10 مىڭ فوندستېرلىڭ بەدىلىگە دانىيەلىكلەردىن گانا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى مۇستەملىكە نۇقتىلىرىنى «سېتىۋالدى». 1863 - يىلى ئەنگلىيە ھىندى ئوكيان تاقىم ئاراللىرىدىن 850 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، ئاشانتىلارغا ھۇجۇم قوزغىدى، لېكىن ئەسكەرلەر سۇ، ھاۋا قاتارلىقلارنىڭ يەكلىشىگە ئۇچراپ كېسەل تارقىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىملىق ھۇجۇممۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

1871 ~ 1872 - يىللىرى ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە كېلىشىم ئىمزالىدى، كېلىشىم بويىچە گوللاندىيە گانا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى بارلىق مۇستەملىكە نۇقتىلارغا ئېرىشتى. 1873 - يىلى ئەنگلىيە 2000 كىشىلىك تاجاۋۇزچى ئارمىيە ۋە 10 مىڭ كىشىلىك فانتېلاردىن بولغان ياللانما قوشۇن تەشكىللەپ، يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ئەنگلىيە قوشۇنى ئەلمىنا كەنتىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بۇ كەنتكە يېقىن دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى قورغان ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشلاردا فانتېلار ئارمىيەسى تارمار بولسىمۇ، لېكىن ئاشانتىلار ئارمىيەسى تولغاق ۋە چېچەك كېسەللىكىگە ئۇچراپ، ئەسكىرىي زىيان ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئەلمىنەدىن ئىچكى جايلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىندى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىز بېسىپ ھۇجۇم قىلىپ پىرا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاشانتىلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى كۇماسىغا قىستاپ كەلدى،

ئاموئاف، ئوداسو كەنتلىرىدە بولغان جەڭدە ئاشانتىلار ئارمىيەسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1874 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاشانتىلار مەركىزى شەھەردىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىندى ھەمدە بارلىق ئاشلىق، مال ـ مۈلۈكلەرنى بىللە ئەكەتتى. ئەنگلىيەلىكلەرگە قۇرۇق شەھەرلا قالدى. يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالغان ئەنگلىيە ئارمىيەسىدە ياردارلارمۇ كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، قىرىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ كوماسىدىن چېكىندى. چېكىنىش ۋاقتىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى پادىشاھ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ پۈتۈن شەھەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئەنگلىيە ئاشانتىلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاشانتىلارنى «فۇمېنا شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. شەرتنامىدە ئاشانتىلار دېڭىز ياقىسىدىكى بىرنەچچە يەرلىك ئىشتاتلارغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش، 50 مىڭ ئۇنسىيە ئالتۇن تۆلەم تۆلەش، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدە ئەركىن سودا قىلىشىغا يول قويۇش بەلگىلەندى. ئەنگلىيەلىكلەر ئاشانتىلار ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، فانتېلارغا قاراتقان پوزىتسىيەسىنى كەسكىن ئۆزگەرتتى. فانتېلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇچ ئاقساقىلىنى قولغا ئالدى. 1874 ـ يىلى تانو دەرياسىدىن ۋولتا دەرياسى ئېغىزىغىچە بولغان فانتېلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنى دەپ جاكارلىدى.

1890 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئاشانتى پادىشاھىغا ئاشانتىلارنى ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت قىلىشتەك يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، تەلەپ ئاشانتىلار تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە 1891 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يېڭىباشتىن ئۇرۇش قوزغىدى. ئەنگلىيە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى بىلەن، مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن كوماسى شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئاشانتىلارنىڭ پادىشاھىنى ئەسىرگە

ئالدى. 8 ـ ئايدا ئاشانتىنى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى دۆلەت دەپ جاكارلىدى. لېكىن، ئاشانتى خەلقى تىز پۈكمىدى، ئەنگلىيە باش ۋالىيسى ئاشانتى ئاقساقاللىرىدىن ئالتۇن كۇرسىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈنى، يەنى 1900 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئېگىسۇ بەگلىكىنىڭ خانىشى ئا. ئاسانتىۋ رەھبەرلىكىدىكى ئەنگلىيەگە قارشى چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 8000 ئادەمگە يېتىپ، كۇماسىدىكى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قورغىنىنى ئۈچ ئايغىچە قورشىۋالدى. ئەنگلىيەلىك باش ۋالىي ۋە يەنە بىر قىسىم ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، دېڭىز قىرغىقىدىكى ئۇمشۇققا قاراپ قاچتى. ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە ياردەمچى قوشۇنلار ئۈزۈلمەي كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى. 1902 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئاشانتى بەگلىكىنى گانا دېڭىز قىرغىقىدىكى مۇستەملىكە يېرىگە قوشۇۋالدى.

## 2. ئەنگلىيەنىڭ نىگېرىيەنى بېسىۋېلىشى

ئەنگلىيەنىڭ غەربىي ئافرىقىدا كېڭىيىدىغان يەنە بىر نۇقتىلىق جايى نىگېرىيە ئىدى.

نىگېرىيە نىگېر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، ئاساسلىق ئاھالىسى يورۇبالار، فۇلانىلار، خاۋسالار، كانۇرىلار ۋە ئەرەبلەر ئىدى. يورۇبالار ئولتۇراقلاشقان ماكانىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تېيىز ساسلىق لاگوس كۆلى بولۇپ، شىمالىي قىسمى نىگېر دەرياسىنىڭ كەڭ رايونلىرى بىلەن تۇتىشاتتى. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئويو پادىشاھلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، يورۇبالارنىڭ شەھەر مەملىكەتلىرى تۇشمۇ تۇشتىن بۆلۈنۈپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىق بېسىقمىغان دەۋر بولدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يورۇبالارنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرى

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇردى.

1851 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە لاگوس ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇق تالىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تۆت ھەربىي پاراخوت بىلەن يورۇبالارنىڭ بۇ سودا مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى. لاگوس ئارىلىدىكى خەلق ئۆزىنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، 5000 كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىللىدى. مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ، 50 زەمبىرەك تەييارلاپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇملىرىنى كۆپ قېتىم چېكىندۈردى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئارالدىكى ئاھالىلەرنى توپقا تۇتۇپ، لاگوسنىڭ كۆپ قىسمىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى قورۇقلۇقتا چىقىپ ئاكىتويەنى لاگوسقا قورچاق پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. 1852 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئاكىتويە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، لاگوسنى ئۆزىنىڭ ھامىيلىق يېرىگە ئايلاندۇرۇۋالدى، لېكىن لاگوس خەلقى باش ئەگمىدى. ئۇلار 1853 ـ، 1856 ـ ۋە 1861 ـ يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. 1861 ـ يىلى ئەنگلىيە لاگوس پادىشاھى دوسسۇمانى «ئۆتۈنۈپ بېرىش» شەرتنامىسىگە مەجبۇرىي قول قويغۇزۇپ، لاگوسنى ھامىيلىق دۆلەتتىن مۇستەملىكە زېمىنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئەنگلىيەنىڭ لاگوسنى يۇتۇۋېلىشى نىگېرىيەگە كەڭ كۆلەمدە كېڭىيىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئىبادانىنى مەركەز قىلغان يورۇبالارنىڭ شەھەر مەملىكەت ئىتتىپاقى ئەنگلىيەنىڭ نىگېرىيەنىڭ ئىچكى جايلىرىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى توسۇدى. 1877 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى ئېگبالار بىلەن ئىجېبۇلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئىبادانغا ھۇجۇم قوزغىدى، لېكىن 1866 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئەنگلىيە

ئارمىيەسى ئىبادانىنى ئىشغال قىلالىدى. 1888 ـ يىلى ئەنگلىيە ئويبو پادىشاھلىقىنى ھامىيلىق شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بەش يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە ئويبو پادىشاھلىقىنىڭ يورۇبالارغا قاراتقان ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل بولدى، لېكىن ئويبو پادىشاھى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەۋەسىدە ئەنگلىيەنىڭ «ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقى»نى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىغان ئىجېبو ـ ئود، ئابېئوكوتالارنىڭ شەھەر دۆلەتلىرىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، بۇ رايونغا بولغان ئىشغالىيىتىنى تاماملىدى.

ماي دەرياسى رايونىدىكى ئىجولار بىلەن بېنىنلىقلارمۇ ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىجولارنىڭ ئوپوبو پادىشاھلىقى نىگېر دەرياسى دېلتىسىدىكى پالما دەرىخى مېيى سودىسىنى قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەركەز ئىدى. پادىشاھ جاجا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ «ھامىيلىقى»نى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەسخىرە قىلدى. ئۇ سودا يوللىرىنى توسۇپ، سودا پونكىتلىرىنى تاقاپ، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ چېگرادىن كىرىپ سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. 1887 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۇلارنىڭ قىبلىغانلىرىغا قارىتا ئەسكەر ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى. ھەربىي پاراخوتلىرى ئوپوبو دەرياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يول بويى ئىككى قىرغاقتىكى يېزا ـ كەنتلەرنى توپقا تۇتتى. پادىشاھ جاجا 30 ئۇرۇش كېمىسى ۋە نەچچە ئون زەمبىرەك بىلەن ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرىغا قارشى ئۇچ ئايغىچە جەڭ قىلدى. قوراللىق بويسۇندۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە سۇيىقەست ئويۇنى پىلانلاپ، پادىشاھ جاجادىن سۆلھى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ جاجا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلىدىغان جايغا كەلگەندە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇنى دەرھال قولغا ئالدى

ھەمدە گاناغا سۇرگۈن قىلدى. ئەنگلىيە ئوپوبو رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 1885 ـ يىلى ماي دەرياسى ھامىيلىق دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1893 ـ يىلى ئۇنىڭ ئىسمىنى نىگېر دەرياسى قىرغىقىدىكى ھامىيلىق دۆلەت دەپ ئۆزگەرتتى. 1894 ـ يىلى ئەنگلىيە بىروخمىيەنى ئىشغال قىلىپ، كېيىن ئۇنى نىگېر دەرياسى قىرغىقىدىكى ھامىيلىق دۆلىتىگە قوشۇۋالدى.

1897 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى 1500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىر فىلوتىنىڭ تارماق ئەترىتىنى ماي دەرياسى رايونىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قەلئە بېنىنغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. گىۋاتو ئەتراپىدىكى ئىككى قېتىملىق كەسكىن جەڭدە، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى ياردەمچى قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ بېنىنغا ھۇجۇم قىلدى، يېزا ـ كەنتلەرنى تۈزلىۋەتتى، ئېكىنزارلىقلارغا ئوت قويۇپ باغان دەرەخلىرىنى كەستى، شەھەرلەرنى توپقا تۇتتى، بېنىن شەھىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى بېنىن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بېنىن پادىشاھىمۇ تەسلىم بولۇپ، كالابارغا سۈرگۈن قىلىندى.

ئەنگلىيە نىگېر دەرياسى دېلتىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن كېڭەيمىچىلىكىنىڭ تىغ ئۇچىنى خاۋسالار رايونىغا قاراتتى. ئەنگلىيە بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا خاۋسالار ۋە فۇلبېلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۆلۈپ يېمىرىش، بىرىنى يەنە بىرىگە ئۇرۇشقا سېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. 1897 ـ يىلى كىنوۋېل ۋە ئېلولىن ئەمىرلىرىنىڭ دۆلىتىنى بويسۇندۇردى. 1900 ـ يىلى شىمالىي نىگېرىيە ھامىيلىق دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭغا فىرېدىرك لۇكاردنى باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. لۇكارد

www.uyghurkitap.com

سوكوتو پادىشاھلىقى گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تەۋە خاۋسالار رايونىدىكى ھەرقايسى ئەمىرلەرنىڭ دۆلەتلىرى ئاتاقتا ئۇنىڭ باش ۋالىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە سوكوتو پادىشاھىنىڭ يەنە مۇئەييەن دەرىجىدە چاقىرىق كۈچ ۋە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ سوكوتو پادىشاھلىقىغا تەۋە بارلىق ئەمىرلەر دۆلەتلىرىنى پادىشاھنىڭ ئىدارە قىلىشىدىن چەتلىۋېتىشنى قارار قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يورۇبالار، لاگلار ئەمىرلىرىنىڭ دۆلىتىنى ئىشغال قىلىپ، زارىيەنىڭ «ھامىيلىق» ئورنىنى تىكلىدى ھەمدە ھۇجۇم قىلىپ كائونى ئىشغال قىلدى.

1902 - يىلى 3 - ئايدا ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى سوكوتو شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. سوكوتو قوشۇنى سۇلتانىنىڭ قوماندانلىقىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقاندىن كېيىن شەرقىي رايونغا چېكىنىپ، بارلىق ئەمىرلەر دۆلەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بۇرمىدا بولۇنغان جەڭدە سوكوتو قوشۇنى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. 7 - ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى ياردەمچى قوشۇنغا ئېرىشىپ، يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ بۇرمىنى ئىشغال قىلدى. سوكوتونىڭ سۇلتانى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. لېكىن خاۋسالار ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشنى يەنە بىرنەچچە يىلغىچە داۋاملاشتۇردى.

### 3. غەربىي ئافرىقا خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرىشى

قۇل سودىسى تازا ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە فىرانسىيە سېنېگال دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغاقلىرىدا بىر تۈركۈم مۇستەملىكە نۇقتىلىرىنى قۇردى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ساۋتومې ئارىلىنى مەركەز قىلغان

سېنېگال مۇستەملىكە زېمىنىدا تەخمىنەن 50 مىڭ ئاھالە بار ئىدى. 1850 ـ يىللاردىن كېيىن فىرانسىيە دەرەخ يېلىمى سودىسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يىراقتا يۇرۇش قىلىش ئارمىيەسىنى ئەرەبلەرنىڭ قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇزۇكسىز ئەۋەتىپ، سېنېگال دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قىرغاقلىرىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىرانسىيە ئارمىيەسى سېنېگال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ سىلجىپ، ھاجى ئۆمەر رەھبەرلىكىدىكى تۇكولور دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1857 ـ يىلى ھاجى ئۆمەر ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ نۇقتىلىرىغا ئىككى ئايغىچە قورشاش ھۇجۇمى قوزغىدى. كېيىن فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ياردەمچى قوشۇنلار كېلىۋەرگەنلىكتىن، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىندى. 1870 ـ يىللىرىدىن كېيىن فىرانسىيە غەربىي ئافرىقىدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيگەندە، غەربىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى تېخىمۇ كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساموري تۇر، گىبېداسىي ۋە راباخلار رەھبەرلىك قىلغان فىرانسىيەگە قارشى ئۇچ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ تەسىرى ھەممىدىن چوڭ بولدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى غەربىي ئافرىقىدىكى گىۋىنىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىساندۇگۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ماندىنگولار ۋە بامبارالارنى ئاساس قىلغان ئۇئاسۇلۇ فېئودال ھەربىي دۆلىتى بارلىققا كەلدى. پادىشاھ ساموري تۇر (تەخمىنەن 1840 ~ 1890 ـ يىللار) ماندىنگولار قەبىلىسىدىكى ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، نەچچە يىللار ئەسكەر بولۇش جەريانىدا ناھايىتى ئىقتىدارلىق قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىققان. 1870 ـ يىلدىن 1875 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئەتراپتىكى بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن بىر دۆلەت قۇرغان. بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنىڭ ئىگىسى ئىدى.

پادىشاھ ئۆزى بىر قىسىم يەرلەرنى ئىگىلەپ، باشقا كۆپ قىسىم يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە بۆلۈپ بەرگەنىدى.

ساموری تۆر پۈتۈن مەملىكەتنى 162 يېزىغا بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن 10 رايون تەشكىللىدى. ھەرقايسى رايوننىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆزى ئەۋەتكەن ئادەملەر باشقۇردى.

1880 ـ يىللاردا فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى سېنېگال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى بويلاپ كېڭىيىپ، ئۇئاسولۇ دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا ئۇزۇكسىز تاجاۋۇز قىلدى. 1882 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى نىگېر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغاقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ساموری تۆرنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى. ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سېنېگال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ چېكىندى. 1883 ـ يىلى ۋە 1885 ـ يىللىرى فىرانسىيە ئارمىيەسى يەنە ئۇزۇكسىز تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىدى، ھەر ئىككى تەرەپ بەزىدە غەلىبە قىلدى، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ تۇردى. 1886 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى تۇنجى قېتىم ساموری تۆرنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى فىرانسىيە بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. كېلىشىم بويىچە نىگېر دەرياسى رايونى فىرانسىيەگە تەۋە زېمىن بولۇش ھەمدە ئۇئاسولۇ دۆلىتىنىڭ چېگراسى مۇشۇ رايوندىن ئايرىلىش بەلگىلەندى.

ساموری تۆرلار چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش توختاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى، ساموری تۆر قوشۇنىنى بۆلۈپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىدى. بىرىنچى بۆلەكنىڭ ۋەزىپىسى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش بولدى. ئىككىنچى بۆلەك زاپاس قىسىم بولدى. ئۈچىنچى بۆلەكنىڭ ۋەزىپىسى جىددىي پەيتلەردە مەملىكەت ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بىخەتەر جايغا يۆتكەش بولدى. ساموری تۆر يەنە دېھقانچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق قەبىلىلەرنىڭ دۆلەت ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىش بۇرچى بولىدىغانلىقى، ھەربىر يېزا ئۆزىگە كۆرسىتىپ بېرىلگەن يەرنى چوقۇم كوللېكتىپ تېرىشى كېرەكلىكى ھەمدە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ھەربىي ئېھتىياجنى قامدىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. ئۇ يەنە قورال - ياراغ رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، ياۋروپاچە مىلتىقلارنى تەقلىد قىلىپ ياسىدى. ساموری تۇر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويدى، مەكتەپ ئارقىلىق خەلققە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، خەلقنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتتى.

1890 - يىللىرى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى كېلىشىمنامىنى يىرتىۋېتىپ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى. 1891 - يىلى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كانكاننى بېسىۋېلىپ ئۇدۇل بىسساندۇگۇغا قىستاپ كەلدى. ساموری تۇر تۇشمۇتۇش تاقابىل تۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنىپ دۈشمەنگە ھېچقانداق نەرسە قالدۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ھەممە يەرلەردە زەربىگە ئۇچراپ، بىرقەدەرمۇ ئىلگىرىلىيەلمەس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئىچكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 1892 - يىلىنىڭ بېشىدا فىرانسىيە ئارمىيەسى يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى، 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىسساندۇگۇ ئەتراپىدا ساموری تۇرنىڭ قوشۇنى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، فىرانسىيە ئارمىيەسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ساموری تۇر پايتەخت ۋە غەربىي رايونلاردىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ، شەرقىي قىسمىغا يۆتكىلىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

1894 ـ يىلى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى يەنە پىل چىشى دېڭىز قىرغىقىدىن يولغا چىقىپ، پىل چىشى دېڭىز قىرغىقىنىڭ شىمالىدىكى ساموري تۇر نىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. 1895 ـ يىلى ساموري تۇر خەلقىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى قورشىۋېلىپ ھالاكەتلىك زەربە بەردى، فىرانسىيەنىڭ ئاز ساندىكى قالدۇق ئەسكەرلىرى پىل چىشى دېڭىز قىرغىقىغا ئاران قېچىپ كېلەلىدى. 1898 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى ساموري تۇرنىڭ گازارمىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 9 ـ ئايدا ساموري تۇر ئۇرۇش ئۇستىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى گابوننىڭ بىر ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى، 1900 ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

ساموري تۇر رەھبەرلىكىدىكى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 16 يىلغىچە داۋاملاشتى، ئۇلار بىپايان زېمىندا جانلىق ھەرىكەت قوللىنىپ، فىرانسىيەنىڭ غەربىي ئافرىقىدىكى ھەربىي كۈچىگە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە داخومېيە خەلقىمۇ گېبداسېنىڭ رەھبەرلىكىدە فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭ قىلدى.

داخومېيە توگو بىلەن نىگېرىيەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دۆلەت، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۆلۈنۈپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن بۇ دۆلەت پادىشاھ تاگۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلگەندى. داخومېيەنىڭ بىرلىككە كېلىش ئىشلىرى ياۋروپادىكى تاجاۋۇزچى دۆلەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلدى. ئەينى چاغدا ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر داخومېيەنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، سودا پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، داخومېيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پادىشاھ ئاگازا تەختتە ئولتۇرغاندا، دۆلەت زېمىنى گىۋىنىيە قولتۇقىدىكى

دېڭىز ياقىلىرىغىچە كېڭەيگەنىدى. پادىشاھ گېزو تەختتىكى (1818 ~ 1858 ـ يىللار) چاغ داخومېيەنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. ئۇنىڭ چېگراسى غەربتە ئاداكىيامېغىچە بارىدىغان بولۇپ، ئاشانتى پادىشاھلىقى بىلەن قوشنا ئىدى.

1851 ـ يىلى فىرانسىيەلىكلەر پادىشاھ گېزو بىلەن ئاتالمىش دوستلۇق سودا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، فىرانسىيە ئۇنىڭغا كۆپ ساندا قەرز بېرىشكە ماقۇل بولغان، گېزو داخومېيە دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق فىرانسىيەلىكلەرگە ئەركىنلىك بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ رايونغا ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. 1868 ـ يىلى فىرانسىيە پادىشاھ گىلېگلېنى ئالداپ، ئۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەھدىنامە ئىمزالاپ كوتونۇنى ئىشغال قىلدى. گىلېگلى فىرانسىيەنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى داخومېيەنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، 1888 ـ يىلى ئەھدىنامىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. فىرانسىيە مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسىنى داخومېيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن داخومېيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشى باشلاندى.

1889 ـ يىلى گىلېگلي ۋاپات بولۇپ ئورنىغا ئوغلى گىبېداسي ۋارىسلىق قىلدى. گىبېداسېنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسى ئىنتايىن قەتئىي ئىدى. 1890 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۇ دېڭىز بويىدىكى كوتونۇ شەھىرىنى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 5000 كىشىلىك داخومېيە قوشۇنى گىبېداسېنىڭ قوماندانلىقىدا كوتونۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. گەرچە شەھەرنى ئالالمىغان بولسىمۇ، سېنېگال تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇپ قېلىپ، بىر قېتىملىق غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

ئاجاررا دەرياسى بويىغا يېقىن ئەتراپتا بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك جەڭ بولدى. فىرانسىيەنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى گەرچە ھەربىي پاراخوتلىرىنىمۇ ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسى 1890 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پوپ دۇژېرنى داخومېيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. گىبېداسىمۇ داخومېيە قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتا ئېغىر زىيان تارتقانلىقىنى ۋە ئۇنى رەتكە سېلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فىرانسىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدى. شەرتنامە بويىچە فىرانسىيە داخومېيەنىڭ پورتكول دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، گىبېداسي فىرانسىيەنىڭ پودتونوۋو رايونىغا بولغان ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەمدە كوتونۇ شەھىرىنى فىرانسىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان بولدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىملىق سۆھبەت ۋاقىتلىق ئارام ئېلىۋېلىش كۈرىشى ئىدى. 1892 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فىرانسىيە ھۆكۈمىتى كېلىشىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شەرمەندىلەرچە يېڭى ئۇرۇش قوزغىدى. فىرانسىيەنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى داخومېيەنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى قامال قىلدى، دېڭىز بويىدىكى ئىستىھكام ۋەتا بىلەن نوكوئې كۆلى ئەتراپىدىكى نۇرغۇن يېزا ـ كەنتلەرنى توپقا تۇتتى، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق ئىچكى جايلارغا بېسىپ كىردى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى دوگبا جېڭىدە گىبېداسي پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللەپ دۈشمەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى، 130 جەڭچى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چىقىمىمۇ ئېغىر بولدى، قوماندانى فىلاك ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇش شىمالىي قىسىمدا قانات يايدى، كوتونۇ ۋە ئۇئاكون رايونلىرىدا قانلىق نەيزە ـ قىلىچۋازلىق ئۇرۇشلىرى بولدى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى داخومېيە

ئاھالىسىنى ياۋۇزلارچە قىرغىن قىلىشتىن تاشقىرى، قەدىمىي ئابومېي پادىشاھلىقىنىڭ «سىمبار» سارىيىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

1893 ـ يىلى فىرانسىيە ئىچكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. داخومېيە ھەربىي جەھەتتىن پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندىن سىرت، يەنە چېچەك كېسەللىكى يامراپ كېتىپ، قوشۇندا ئەسكەرلەر بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. 1894 ـ يىلى تىلدا داستان بولغۇدەك داخومېيە خەلقىنىڭ فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشى تۈرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. گىبېداسى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ، مارتىنىك ئارىلىغا قامالدى، كېيىن ئالجىرىيەگە ئەۋەتىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلار گابونغا سۈرگۈن قىلىندى. داخومېيەنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى فىرانسىيە يۇتۇۋالدى، قالغان قىسىملىرى فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى زېمىن دەپ جاكارلاندى.

غەربىي ئافرىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى چوڭراق ئۇرۇش چاد كۆلى رايونىدا بولدى، بۇ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ داھىيسى راباخ ئىدى.

راباخ بىر ئەرەب ئايال قۇلنىڭ ئوغلى بولۇپ، شەرقىي سۇداندا تۇغۇلغانىدى. 1870 ـ يىللىرى ئۇ شەرقىي سۇداندىكى سۇلەيمان زىبەر قوزغىغان ئەنگلىيە، مىسىر ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانىدى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن راباخ 600 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، سۇداننىڭ ئوتتۇرا رايونىغا يۆتكىلىپ، چاد كۆلى ئەتراپىدا مۇستەقىل دۆلەت قۇردى، كېيىنچە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، نۇرغۇن قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا

قارشى كۆپ قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش جەريانىدا ئۇرۇش قىلغانسېرى كۈچىيىپ باردى ھەمدە بورنو، باجىرمى ۋە ئوۋادايدىكى بىر قىسىم رايونلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى رايونغا كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن، فىرانسىيە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، راباخ چەتكە قاققان باجىرمى ۋە ئوۋادايىنىڭ بۇرۇنقى سۇلتانى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ راباخ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلدى.

فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئوتتۇرا سۇدان رايونىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ يەرگە راباخنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىدىن قورقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زور ھەربىي كۈچ چىقىرىشتىن ئايانماي، قوشۇننى ئۈچ يولغا بۆلۈپ راباخقا ھۇجۇم قىلدى. بىر تارماق قوشۇنى جەنۇبتىكى فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى كونگو تەرەپتىن يۈرۈش قىلدى. ئىككىنچى تارماق قوشۇنى سېنېگال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۈچىنچى تارماق قوشۇنى شىمالدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ قىستاپ كەلدى. 1899 ـ يىلى كونو ئەتراپىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئىككى روتا فىرانسىيە ئارمىيەسىدىن 170 تىن ئارتۇق ئەسكەر ئۆلۈپ ۋە يارىدار بولۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 1904 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كۇسسېرىدىكى جەڭدە راباخنىڭ 3000 جەڭچىسى مۇداپىئە ئىستىھكامىنى قانلىق ئۇرۇش قىلىپ جان پىدالىق بىلەن ساقلىدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى مۇداپىئە ئىستىھكامىنى تويقا تۇتقاندا، ئىككى تەرەپ ھايات ـ ماماتلىق قۇچاقلاشما جېڭى قىلدى. جەڭدە راباخ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى فەدىل ئاللاھ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ فىرانسىيەگە قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلدى. 1902 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇمۇ قۇربان بولدى.

# 6 ـ بۆلۇم جەنۇبىي ئافرىقا
# ۋە ماداغاسقار

## 1. ئالماس بىلەن ئالتۇننىڭ قېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

1867 ـ يىلى ۋال دەرياسىدىن تۇنجى پارچە ئالماس تېپىلدى. 1869 ـ يىلى چوڭ بىر پارچە ئالماس تېپىلىپ، باھاسى 25 مىڭ فوندستېرلىڭغا چىقتى. 1871 ـ يىلى ۋال دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن ئىپتىدائىي ئالماس كېنى بايقالدى. بۇنداق ئارقا ـ ئارقىدىن بايقىلىش دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. تەۋەككۈلچىلەر ۋە بايلىق مەستانىلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ۋال دەرياسى ۋە خارتىز دەرياسى ۋادىسىغا سەلدەك ئاقتى. «چوڭ غار»نىڭ ئەتراپىدا يېڭى بىر شەھەر ــ كىمبېرلېي شەھىرى بارلىققا كەلدى. 1872 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ شەھەردە 50 مىڭ ئاھالە ئولتۇراقلاشتى.

ئالماسنىڭ بايقىلىشى بىر چوڭ سىياسىي دولقۇن قوزغىۋەتتى. ئورانج ئەركىن ئىشتاتى، ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى ۋە ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى غەربىي گىرىكۇندا (ئازانىيە) قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ھەممىسى بۇ گۆھەر زېمىن بىزگە تەۋە دېيىشتى. ئەنگلىيەنىڭ كاپ مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ باش ۋالىيسى باركلېي بىر تەرەپتىن بۇ زېمىننىڭ تالاش ـ تارتىشىنى «قايتا ھۆكۈم چىقىرىش»قا سۇنۇش تەكلىپىنى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ كىمبېرلېينى بېسىۋالدى. «قايتا ھۆكۈم چىقىرىش»نىڭ نەتىجىسىدە، بارلىق ئالماس «چىقىدىغان جايلار كاپ مۇستەملىكە زېمىنىغا تەۋە بولىدۇ» دەپ جاكارلاندى. ئۇلارچە كاپ «مۇشۇ زېمىننىڭ قانۇنلۇق مۇلۇك ئىگىسى» ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئورانج ئەركىن ئىشتاتىغا 90 مىڭ

فوندستېرلىڭ تولۇقلىما پۇل بەردى.

ئەنگلىيەنىڭ ئالماس چىقىدىغان باجنى تارتىۋېلىشى سېسىل رودېس ۋەكىللىكىدىكى ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ ئالماس قېزىشنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. سېسىل رودېس 1853 - يىلى ئەنگلىيەدىكى بىر پوپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، 1871 - يىلى ناتالغا بېرىپ شۇ يەردىكى ئاكىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا كېسىلىنى داۋالاپ ئۆزىنى كۈتۈپ يۈرگەنىدى. ئىپتىدائىي ئالماس كېنى بايقالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاكا - ئىنى ئىككىسى دەرھال كىمبېرلېيغا كېلىپ ھايانكەشلىك سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. 1873 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ ۋەيران بولغان كىچىك كارخانىلارنى سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ، كىچىك تېپتىكى كان ئىگىلىرىنىڭ پايلىرىنى قوبۇل قىلدى، 1880 - يىلى «دې بىرس كان شىركىتى»نى قۇردى، شۇ چاغدىكى مەبلىغى 250 مىڭ فوندستېرلىڭ ئىدى. 1880 - يىللارغا كەلگەندە ئۇ ئەنگلىيەدىكى ئەڭ چوڭ بانكىر روتشىلدنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، «كىمبېرلېي مەركىزىي كان شىركىتى»نىڭ پېيىنى سېتىۋېلىپ، باشقىلارنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. 1888 - يىلى «دې بىرس بىرلىككە كەلگەن كان شىركىتى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالماسنى قازغۇچىلار سانسىزلىغان كىچىك كارخانا خوجايىنلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ سېسىل رودېس باشچىلىقىدىكى ناھايىتى چوڭ مونوپول تەشكىلاتقا ئايلاندى.

«ئالماس قىزغىنلىقى» باشلانغاندىن كېيىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ جەنۇبىي ئافرىقىدا «ئالتۇن چايقاش قىزغىنلىقى» بارلىققا كەلدى. 1872 - يىلى لىبىدېنبورگ، 1875 - يىلى بابوتون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆستىنى ئېچىپ قازدىغان

ئالتۇن كان بەلبېغىنى بايقىدى. 1886 ـ يىلى ۋىتۋاتېرسراند (قىسقارتىلىپ راند دېيىلىدۇ) تا ئالتۇن زاپىسى مول بىر كاننى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن راندتا ئالتۇن چايقاش قىزغىنلىقى ئالماس قىزغىنلىقىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشتى. ئالتۇن شەھىرى يوخاننېسبورگقا 1890 ـ يىلى 100 مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئالتۇن قېزىش تېخنىكىسى مۇرەككەپ، تاۋلاش تەس بولغاچقا، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ۋە مەبلەغ كېتەتتى. كىچىك كارخانا ئىگىلىرى مەبلەغ يېتىشمەسلىكتىن ناھايىتى تېزلا ۋەيران بولاتتى، شۇڭا نەچچە يىلدىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالتۇن كانلىرىنى قېزىش ئاز ساندىكى مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. جەنۇبىي ئافرىقىدا ئالماس ۋە ئالتۇن قېزىش ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە چوڭ ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى.

بىرىنچى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

1870 ـ يىللاردىن ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن، چارۋىچىلىق ئۇ يەردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، يېقىنقى زامان سانائىتىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. 63 كىلومېتىرلىق تۆمۈريولدىن باشقا كالا هارۋىسى ئۇ يەردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىدى. يامغۇر ياغسا يوللار پاتقاقچىلىققا توشۇپ، كالا هارۋىلىرىنىڭ ئۆتمىكى تەس ئىدى.

ئالماس ۋە ئالتۇن قېزىشنىڭ بايقىلىشى كۆپ مىقداردىكى چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ئافرىقىغا ئېقىشىنى جەلپ قىلدى. 1880 ـ يىلىغا كەلگەندە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلىرىدا 369 شىركەت بار ئىدى. 1889 ـ يىلى كۆپىيىپ 642 گە يەتتى. 1890 ـ يىلى پەقەت راندتىكى ھەرقايسى كان ـ كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 22 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستلىرىنىڭ ئىنتىلىشى

بىلەن، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كان قېزىش سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1882 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالماس ئىشلەپچىقىرىشى 26 مىليون فوندستېرلىڭغا، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون فوندستېرلىڭغا يېتىپ، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا ئافرىقا ئەللىرىنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1887 ـ يىلى ترانسۋالدا 1200 كىلوگىرام ئالتۇن قېزىلغان بولسا، 1895 ـ يىلىغا كەلگەندە 62 مىڭ 700 كىلوگىرام ئالتۇن قېزىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئالتۇننىڭ 21% ىنى ئىگىلىدى.

كان قېزىش سانائىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ماشىنا رېمونت قىلىش ـ ياساش كەسپى، تۆمۈريول، يېزا ئىگىلىكى ۋە تاشقى سودا قاتارلىق ساھەلەردىمۇ تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1885 ـ يىلى كاپ ـ كىمبېرلېي تۆمۈريولى ئېچىلدى، 1892 ـ يىلى يوخاننېسبورگقا ئۇزارتىلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېلىزابېت پورتى، شەرقىي لوندون پورتى، دۇربان پورتى ۋە لورېنسو ـ ماركۇيىستىن يوخاننېسبورگقا بارىدىغان تۆمۈريوللار ئارقا ـ ئارقىدىن ياسالدى. 1870 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاشقى سودىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 300% ئاشتى. سانائەت ۋە كان ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى زامان شەھەرلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. بۇ ئەھۋال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قاينام ـ تاشقىنلىق بازار بىلەن تەمىن ئەتتى. يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستلىرى مەھسۇلاتلارنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. 1890 ـ يىلى كاپ ھۆكۈمىتى 69 مىڭ 400 فوندستېرلىڭ قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ قىممىتى 30 مىڭ فوندستېرلىڭدىن ئاشتى.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي سىنىپلار مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش.

سانائەت، كان ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

1870 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مەركىزى دېڭىز بويىدىكى پورت شەھەرلەر ئىدى. ئالتۇن، ئالماسنىڭ بايقىلىشى ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا قاراپ ئېقىشىغا تۈرتكە بولدى. دېڭىز ياقىلىرى ۋە ياۋروپا، ئامېرىكىدىن كەلگەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى «چەتتىن كەلگۈچىلەر» دەپ ئاتالدى، ئۇلار ئىچىدە ئەنگلىيەلىكلەر ھەممىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار ئاز ـ تولا بايلىققا ئېرىشسىلا بۇ يەردىن كېتىمىز دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن تەلىيى كېلىپ باي بولىدىغانلار ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بولۇپ، كۆپىنچىسى كەسكىن رىقابەت جەريانىدا ھەممە نېمىلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ يەردە قېلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، كانلاردا، زاۋۇتلاردا تېخنىك ئىشچى بولۇپ ئىشلەپ قالاتتى.

كان قېزىش ساھەسىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇرلار تۇركۇملەپ كۆچۈش جەريانىدا بانتۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنى تىرىكچىلىك ۋاسىتىلىرىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرى بارلىققا كەلدى. كانچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زور تۈركۈم بانتۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماي، زامبىيە، موزامبىكلاردىنمۇ ئىشچى قوبۇل قىلدى. 1890 ـ يىللىرى ئالتۇن كېنىدىلا 100 مىڭ ئافرىقىلىق ئىشچى بار ئىدى. ئۇلار رۇدا پارچىلاش، يۆتكەش ۋە دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن ئاق

تەنلىكلەر ئالغان مائاشنىڭ تۆت ـ بەشتىن بىرىنىلا ئالاتتى. ئۇلار قورۇق تاملارنىڭ ئىچىدە تۇراتتى، خالىغانچە سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. «يېڭى گىرازدانلار گېزىتى»دە: «ئافرىقىنىڭ تاقەتسىز ئەرۋاھلىرى ئەزەلدىن ئالتۇن كاندا كان قازىدىغان ئەرزان ئەمگەكچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچ يېرىم فوندستېرلىڭ بىلەن تۆت يېرىم فوندستېرلىڭدىن ئاشمايتتى... ئالتۇن كاندىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن ئىشچىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قامدىغىلى بولمايتتى، لېكىن غەربلىكلەرگە ئىمت ـ ئېشەكتەك ئىشلەيتتى» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇلار كاپىتالىستلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېزىشىگە ۋە ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچرايتتى.

كاپىتالىستىك كان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى چارۋىچىلىق كەسپىنى ئاساس قىلغان بۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا يۈرگۈزۈلىدىغان تۈزۈمگە چوڭ خىرىس كەلتۈردى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بۇر خوجايىنلار ئۆتمۈشتە يەرلىك ئاھالىلەردىن بولغان ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىگە تايىناتتى، ئەمدى ئۇلار ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، چۈنكى ئۇلار كان رايونىدىكى زاۋۇتلارغا يالللىنىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بۇر كۆچمەنلىرىنىڭ زېمىنىغا تايىنىپ ئىش تەۋرىتىشىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىندى، چۈنكى ئىككى بۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىك زېمىنىغا ئاللىقاچان چەك قويۇلغانىدى. پەلەكنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە رىقابەتتە ئىگىلىكى ۋەيران بولغان بۇر يېزا ئىگىلىك خوجايىنلىرى شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ، ھۈنەرسىز «نامرات ئاق تەنلىك»لەر سىنىپىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈچىنچى، ئالتۇن، ئالماس كېنىنىڭ بايقىلىشى بۇرلار بىلەن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ۋە ئەنگلىيە، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بۇ گۆھەر زېمىننى تالىشىش يولىدا ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشكە ئاتلاندى.

## 2. ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشى

ئالماس بىلەن ئالتۇن كېنىنىڭ ئېچىلىشى ئەركىن كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا ئۆتۈشى بىلەن بىر دەۋرگە توغرا كەلدى. بۇ دەۋردە ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر قانداق قىلساق جەنۇبىي ئافرىقىدىن تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشەلەيمىز، دېگەن نىيەتتە ئۆكتەملىك بىلەن تالان ـ تاراج قىلىشقا كىرىشتى، جاھانگىرلىكنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەرغىب قىلدى. جاھانگىرلىك سىياسىتىنى شەرمەندىلەرچە يۇرگۈزۈۋاتقان سېسىل رودېس ئەنگلىيەدە تارىخىي شەخسكە ئايلاندى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان شوئارى: «كېڭەيتىشنىڭ ئۆزى بارلىق» ئىدى. ئۇ يەنە: «جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى كاپ مۇستەملىكە زېمىنىنى زامبېزى دەرياسىغىچە كېڭەيتىش ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەك» دەپ جار سالدى. دېمەك، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئورانج ۋە ترانسۋال جۇمھۇرىيەتلىرىنى يوتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى.

ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى ترانسۋالدىكى ئالتۇن قېزىش سانائىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار گېرمانىيە كاپىتالىنىڭ رىقابىتى ۋە بۇرلار ھۆكۈمرانلىق سىنىپىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئۇچرىدى. گېرمانىيە ئالتۇن كانلىرىغا مەبلەغ سېلىشتىن سىرت، جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلىرىغا سىڭىپ كىردى. 1886 — 1896 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا گېرمانىيە ھەر يىلى ترانسۋالغا چىقارغان كاپىتالىنى 300 مىڭ

فوندستېرلىڭدىن 12 مىليون فوندستېرلىڭغا كۆپەيتتى. ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىمۇ بۇرلار بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پارتلاتقۇچ دورىنىڭ باھاسىنى مونوپول قىلىپ كان قېزىش بېجىنى ئۆستۈردى ۋە تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ۋە ترانسپورت ساھەسىدىن ئەنگلىيە كاپىتالىنى سىقىپ چىقىرىۋەتتى.

ئالماس كېنى بايقالغاندىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە «ئاق تەنلىكلەر» جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى قۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ ئىتتىپاق قۇرۇش ئارقىلىق بۇرلار جۇمھۇرىيىتىنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئورانج جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاتتىق تۇرۇشى بىلەن، 1876 ـ يىلى لوندوندا ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. 1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ باپپىدىلارنى باستۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشتىن كېلىپ چىققان ئالاقزادىلىك كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، پىرېتورىيەنى ئۇشتۇمتۇت بېسىۋېلىپ، جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. 14 ـ كۈنى بۇرلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئەنگلىيەنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرىگە ئويلىمىغان يەردىن زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى. 1881 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى مايۇمبا جېڭىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسى مەغلۇپ بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئەسلىگە كېلىپ كىرۇگېر زۇڭتۇڭ بولدى.

ئالتۇن كېنى بايقالغاندىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنى قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ كونا مەسىلە يېڭى مەزمۇنغا ئايلاندى. 1895 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئالتۇن كان قازغۇچى كاپىتالىستلىرى يوخاننېسبورگتا بىر مەخپىي كومىتېت قۇرۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ھازىرلاندى. سېسىل رودېس ئارمىيەسىنىڭ

تىرانسۋالغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش سىگنالى بولۇپ قالدى. 1895 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سېسىل رودېس ئەۋەتكەن جامېسون قوماندانلىقىدىكى 800 كىشىلىك ئارمىيە تىرانسۋال چېگراسىدىن ئۆتتى، لېكىن ئۇلار بۇرلار تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلدى. گېرمانىيە پادشاھى ۋىلىيام II ئوتتۇرىدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، كىرۇگېرغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى ھەمدە «ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، سىرتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىدىڭىز» دەپ ماختىدى.

«جامېسوننىڭ زەربىگە ئۇچراش ۋەقەسى» 1899 ~ 1902 ـ يىللاردىكى ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆتتى. جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىمۇ تورىكۈملەپ ئىقتىساد ئاجرىتىپ، ياۋروپادىن نەچچە ئون مىڭ ماۋزېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى سېتىۋالدى. ياۋروپادىن مەشقاۋۇللارنى تەكلىپ قىلىپ، 16 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەر بۇرلارنى مەشىق قىلدۇردى.

1898 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئورانج ئەركىن ئىشتاتىنىڭ «ئىتتىپاقداشلار يىغىنى» قۇرۇلدى، ئىتتىپاقداشلار يىغىنىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەنگلىيە جەنۇبىي ئافرىقىغا نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىشتىن سىرت، سېسىل رودېسنىڭ ئۆزى بېرلىنغا بېرىپ، گېرمانىيە پادشاھى ۋىلىيام II بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زىددىيىتىنى پەسەيتىش، بۇرلار جۇمھۇرىيىتىنى قوشۇۋېلىش ئۈچۈن دىپلوماتىيە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

1899 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا

ئۆتتۈرىغا قويغان تىنچلىق تەكلىپىنى ئەنگلىيە رەت قىلدى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇرلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئەنگلىيەنىڭ پىيىزىغا زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر يولدا ئەنگلىيەنىڭ كاپ مۇستەملىكە زېمىنىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، مافېلىڭ ۋە كىمبېرلىينى مۇھاسىرىگە ئالدى. يەنە بىر يولدا ناتالغا ھۇجۇم قوزغاپ، لېدىسمىس قورغىنىنى قورشىۋالدى. شۇڭا، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بولغان بىر ھەپتىنى ئەنگلىيەلىكلەر «خەيرىسىز بىر ھەپتە» دەپ ئاتاشتى، چۈنكى بۇلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئەنگلىيە ئارمىيەسىدىن 2500 ئەسكەرنى يوقاتقان، 12 زەمبىرەكنى غەنىيمەت ئالغانىدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە بۇرلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىدە بولدى. بۇرلار «خەتەرلىك يەر شارائىتلىرىغا تونۇشلۇق قوشۇنى»غا تايىنىپ ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلدى، يۆتكىلىشمۇ ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن تۇيۇقسىز زەربە بەردى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەنگلىيەنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيەسى چارچىغان، ھاۋا ئەسكەرلىرىگە ياقمىغان ئەھۋاللارنى ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى كۆرۈپ تۇرۇپ «سەھرالىقلارنى كۆزگە ئىلمىدى»، ئۇرۇشقا ياۋروپاچە ھەربىي ئىشلار تەرتىپى بويىچە قوماندانلىق قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشمىدى.

«خەيرىسىز بىر ھەپتە» پۈتكۈل ئەنگلىيەنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى بۇلېرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ، روبېرتسنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. مەھدى ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا تەيىنلىنىپ شۆھرەت قازانغان كىچېنېر ئىشتاب باشلىقى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئارمىيەسىنى 40 مىڭ كىشىدىن ئاشۇردى. 1900 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىر تارماق

ئەنگلىيە ئارمىيەسى كىمبېرلېيغا بېسىپ كىردى. 17 ـ كۈنى كىلونژې قوماندانلىقىدىكى 4000 بۇر خەلق ئەسكىرى قورشاۋ ئىچىدە قېلىپ تەسلىم بولدى، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە پايدىلىق بولۇشقا باشلىدى. 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لېدىسمىس قورغىنىنىڭ مۇھاسىرىسى بۇزۇپ تاشلاندى، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئورانج ئەركىن ئىشتاتىنىڭ مەركىزى شەھىرى بلېمفونتېينى ئىشغال قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مافېكىڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. 24 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئورانجنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى يوخانىسبورگ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، 5 ـ كۈنى ترانسۋالنىڭ پايتەختى پرېتورىيەگە بېسىپ كىردى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ترانسۋالنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ چاغدا ئەنگلىيە ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ بولدى، دەپ مەمنۇن بولغانىدى، روبېرتسمۇ ئەنگلىيەگە قايتىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇرلار تېخى مەغلۇپ بولمىغان، ئۇلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىق كۈچى يەنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. بۇرلار ئالدىنقى قېتىمقى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن تۈشمۇتۈش تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىشتىن ساقلىنىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى شەكلىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى ساراسىمىگە سالدى. سىموج قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان بۇر خەلق ئەسكەرلىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە يېرى كاپقا قايتىدىن كىرىپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب بولۇپ زەربە بەردى. بوتتا رەھبەرلىك قىلغان قوشۇن ناتالغا كىرىپ تۆمۈريوللارنى بۇزۇپ، يېتىم قالغان ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ تايانچ نۇقتىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.

1902 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇرۇش توختىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. 5 ـ ئايدا

ئەنگلىيە ـ بۇرلار سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى. بۇرلار مۇستەقىل بولۇش تەلىپىدىن ۋاز كەچتى، ئورانج بىلەن ترانسۋالنى ئەنگلىيە قوشۇۋالىدىغان بولدى. ئەنگلىيە «ئۇرۇش چىقىمى» ئۈچۈن بۇرلارغا 3 مىليون فوندستېرلىڭ تۆلەم بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، بۇرلاردىن بولغان دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرىنىڭ «ئۆي ـ ماكانلىرىنى قايتا قۇرۇش» ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. شەرتنامىدە يەنە: «ئاساسىي قانۇن تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھوقۇق مەسىلىسىنى ئويلاشمايدىغانلىقى» بەلگىلەندى. ئىككى ئاق تەنلىك ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى قارا تەنلىكلەرنى بىرلىشىپ ئېزىش شەرتى بىلەن سۇلھى قىلىپ بىرلىشىپ كەتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە جەنۇبىي ئافرىقىنى «قايتا قۇرۇش» ئىشلىرىغا كىرىشتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئالتۇن كان ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1904 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن «ئىشچى تەمىنلەش نىزامنامىسى»نى پۈتۈشتى. نىزامنامىگە ئاساسەن، 60 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ئىشچى قوبۇل قىلىنىپ، ترانسۋالغا ئەۋەتىلدى. 1905 ـ يىلى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەدىن ئېشىپ، قىممىتى 11 مىليون 572 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەتتى. سىياسىي جەھەتتە ئەنگلىيە «ئىتتىپاقداشلار لايىھەسى»نى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. 1908 ـ يىلى كاپ، ناتال، ئورانج ۋە ترانسۋالدىن ئىبارەت تۆت رايوننىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئىتتىپاقداشلار مەسىلىسىدە كېلىشىم ئىمزالاندى. كېلىشىمدە: ئىتتىپاقداشلار پارلامېنتىنى كاپقا تەسىس قىلىش، مەمۇرىيەت مەركىزىنى بىرىتورىيەدە تەسىس قىلىش، ئەدلىيە مەركىزىنى بلومفونتېينغا تەسىس قىلىش بەلگىلەندى. ياۋروپالىق بولمىغانلارنىڭ كاپتىن باشقا رايونلاردىكى سايلاش ھوقۇقى

مەھرۇم قىلىندى. 1909 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى جەنۇبىي ئافرىقا قانۇن لايىھەسىنى ئېلان قىلدى. 1910 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

### 3. زۇلۇلار ۋە مادابېلېلارنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشلىرى

يالتىراپ چاقناپ تۇرىدىغان ئالتۇن ۋە ئالماس نۇرغۇن تەۋەككۇلچىلەرنى تىرانسۋالغا جەلپ قىلدى، لېكىن ئۇلار تېخى بۇلۇنمىگەن زېمىنلارنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشمىغانىدى. 1878 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى زۇلۇلارنىڭ داھىيسى سېچۋايو[1]غا ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، زۇلۇلارنىڭ ئارمىيەسىنى تارقىتىۋېتىشنى، ئەنگلىيە باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوممۇ رەت قىلىنغاندىن كېيىن، 1879 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، تۇگېلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ زۇلۇلاندقا ھۇجۇم قىلدى. ئىساندىلۋانا تاغ باغرىدىكى جەڭدە زۇلۇ جەڭچىلىرى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن بولغان جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە غەلىبە قىلدى، كېيىنچە زۇلۇلار يەتتە ئاي قىلغان قانلىق جەڭدە مەغلۇپ بولدى. سېچۋايو ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، زۇلۇلاند ئۆزئارا قارشىلىشىدىغان 13 ئاقساقال ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئاقساقاللارنى ئەنگلىيەلىكلەر تەيىنلەيتتى، ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى. 1887 ـ يىلى

---

[1] كېچۋايو يوپ دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سېتېۋايو دەپ ئېلىنغان.

ئەنگلىيە زۇلۇلاندنى ناتال مۇستەملىكە زېمىنىغا قوشۇۋالدى.

1870 ـ يىللاردا گېرمانىيەمۇ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئافرىقىغا كۆز تىكىشكە باشلاپ، ئالمانىيە جەنۇبىي ئافرىقا ئىمپېرىيەسى قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1883 ـ يىلى گېرمانىيەلىك سودىگەر لۇدېرىتز 80 فوندستېرلىڭ ۋە 200 تال كونا مىلتىق بەدىلىگە شۇ يەردىكى ئاقساقاللارنىڭ قولىدىن ئانگولا ـ پېكىنا قولتۇقىنى سېتىۋالدى. 1884 ـ يىلى گېرمانىيە ئورانجىنىڭ دەريا ئېغىزىدىن پورتۇگالىيەگە تەۋە ئانگولانىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان جايلار گېرمانىيەگە تەۋە زېمىن بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى. 1885 ـ يىلى ئەنگلىيەمۇ گېرمانىيە بىلەن ئۇستىخان تالىشىشقا چۈشۈپ، بېچۇانالاندنى ئۆزىنىڭ هامىيلىقىدىكى زېمىن، دەپ جاكارلىدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگۈچە جەنۇبىي ئافرىقىدا پەقەت مادابېلېپلار بىلەن ماشونالارنىڭ زېمىنىلا ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن خالىي ئىدى. ئەمدى بۇ بىر پارچە يەر ئەنگلىيە، گېرمانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بۇرلارنىڭ ئۆزئارا تالىشىدىغان رايونىغا ئايلاندى.

مادابېلېپلارمۇ بانتۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، ئۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى زۇلۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشقانىدى. ئۇلار ترانسۋال رايونىغا كىرگەندە بۇرلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، 1830 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا لىمپوپو دەرياسى بىلەن زەنبېزى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلارغا كېلىپ، شۇ جايدىكى ماشونالار (بانتۇلارنىڭ بىر تارمىقى) بىلەن قوشۇلۇپ بوبلاۋايونى پايتەخت قىلغان دۆلەت قۇردى. مادابېلېپلارمۇ زۇلۇلارنىڭ ھەربىي تەشكىلىنى ئۆرنەك قىلىپ، مۇستەھكەم ھەربىي تەشكىلات قۇردى، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 15 مىڭدىن 20 مىڭغىچە ئەسكىرى بار ئىدى.

1888 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر بېچۇانالاندتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ دەريالار ئارىلىقىدىكى رايونغا بۆسۈپ كىردى ۋە تەھدىت سېلىش

يولى بىلەن مادابىلىپلارنىڭ ئاقساقالى لوبېنگۇلانى توختام تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ رۇخسىتىسىز لوبېنگۇلا ھەرقانداق كىشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدۇ، ھەرقانداق يەرنى ساتمايدۇ ۋە كېسىپ بەرمەيدۇ، دەپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا شىركىتىنىڭ ۋەكىلى يەنە 1000 تال كونا مىلتىق، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ماتورلۇق كېمە ۋە ھەر ئايدا 100 فونت ستېرلىڭ قوشۇمچە ياردەم بېرىش بەدىلىگە لوبېنگۇلادىن پۈتۈن تەۋەلىك دائىرىسىدە ئالتۇن قېزىش ئىمتىيازىنى ئالداپ ئېلىۋالدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئاساسەن سېسىل رودېسنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا شىركىتىگە ترانسۋالنىڭ شىمالىدىن موزامبىكنىڭ غەربىگىچە بولغان كەڭ يەرلەرنىڭ چەكسىز ھوقۇقىنى، جۇملىدىن مەمۇرىي، قانۇن چىقىرىش، ئارمىيە ۋە ساقچى قۇرۇش، يەرلەرنى ئېچىشنى تەقسىملەش قاتارلىق ئىمتىيازلارنى بەردى.

لوبېنگۇلا ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن توختامنى ئېناۋەتسىز، دەپ ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قورال كۈچى ئارقىلىق قوغلاپ چىقىرىشقا ھازىرلىق كۆردى. 1890 ـ يىلى سېسىل رودېس قوراللىق «بوز يەر ئاچقۇچىلار ئەترىتى»نى ئەۋەتىپ، ماشونالار ئولتۇراقلاشقان رايونغا بېسىپ كىردى. 1893 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا شىركىتىنىڭ ئارمىيەسى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ بىلاۋايوغا بېسىپ كىردى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان ئېغىر تىپلىق «ماكسىم» پىلىموتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پەقەت نەيزە بىلەن قوراللانغان مادابىلىپلارنى رەھىمسىزلارچە قىردى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىلاۋايو قولدىن كەتتى، لوبېنگۇلا مادابىلىپلارنى «خارابە ئۈستىدە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىش»كە چاقىرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىمالغا چېكىندى. ئۇ 1894 ـ يىلى نىياسا كۆلى بويىدا چېچەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى مادابېلېلار ۋە ماشونالارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە سېسىل رودېسنىڭ ئىسمى بىلەن، ئۇ يەرنى رودېزىيە دەپ ئاتىدى. مۇستەملىكىچىلەر زورلۇق كۈچ ۋاستىسى بىلەن بانتۇلارنىڭ يەرلىرىنى ۋە مال - ۋارانلىرىنى تارتىۋېلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى گىياھسىز چۆل «ئالاھىدە ئولتۇراق رايونى»غا قوغلىدى.

1896 - يىلى 3 - ئايدا مادابېلېلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى تاشپاقىدەك بىلاۋايو ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى تايانچ نۇقتىغا كىرىۋېلىپ ياردەمچى ئارمىيەنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى 3000 كىشىگە يېتىپ، ئارمىيەسىنى نەچچە يولغا بۆلۈپ قوزغىلاڭچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي كۈچى ماتوبو تاغلىق رايونىغا چېكىنىدى ۋە شۇ يەرنىڭ ئەگرى - توقاي خەتەرلىك يەر شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرگەن ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە زەربە بەردى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈردى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى كۈنسېرى ئەۋج ئالدى. سېسىل رودېس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، بىر قىسىم يەرلىك ئادەملەرنى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەش ھەمدە بىر قىسىم يەرلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

1890 - يىللىرى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغىچە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇ رايونلار ھازىرقى زىمبابۋې، زامبىيە، مالاۋى قاتارلىق جايلار بولۇپ، جەنۇبىي قىسىمدىكى ئافرىقا ئاللىقاچان بۆلۈنۈپ تۈگىگەنىدى.

## 4. ماداغاسقار خەلقىنىڭ فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشى

رادام I بىلەن راناۋالونانىڭ ئىسلاھات دەۋرلىرىدە فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارغا قايتا ـ قايتا تاجاۋۇز قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئوردا ئىچىدىن ئۆزىگە ۋاكالەتچى ئىزدەشكە ئۇرۇندى. نەتىجىدە تەخت ۋارىسى راكوتو دەل ئۇلار ئىزدىگەن ئادەم بولۇپ چىقتى. فىرانسىيەلىك پوپ لابوردې مۇئەللىم بولۇش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، راكوتونى فىرانسىيەپەرەسلەرنىڭ كاتتىبېشى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ 1857 ـ يىلى قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

1861 ـ يىلى ساتقۇنلۇق بىلەن شەرەپ قازىنىدىغان راكوتو تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى رادام II دەپ ئاتىدى. 1862 ـ يىلى ئۇ فىرانسىيە بىلەن ئاتالمىش دوستلۇق سودا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، «ماداغاسقار يەر ـ مۈلۈك، سانائەت ۋە سودا شىركىتى» قۇرۇشنى تەستىقلاپ، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشنى لامبېر باشچىلىقىدىكى فىرانسىيە كاپىتالىستلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

رادام II نىڭ ۋەتەن ساتقۇچ سىياسىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1863 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئوردىنى قورشىۋېلىپ، تەڭسىز شەرتنامىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پادىشاھ بوغۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى، خانىش راينىلايارىۋونى پادىشاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، فىرانسىيە بىلەن ئىمزالىغان شەرتنامىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. 1864 ـ يىلى راينىلايارىۋونى ماداغاسقارنىڭ باش مىنىستىرى بولۇپ، ئەمەلىي ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. ئۇ ئەنگلىيە ـ فىرانسىيەنىڭ ماداغاسقارنى تالىشىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، 1865 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن سودا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئۆز زېمىنىدا فىرانسىيەنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. 1868 ـ يىلى ئۇ يەنە فىرانسىيە بىلەن بىر كېلىشىمنامە ئىمزالىدى. فىرانسىيە ماداغاسقارنىڭ مۇستەقىللىقىنى «مەڭگۈ» ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. راينىلايارىۋونى ھۆكۈمىتى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىمىنى ئېلىۋېلىپ، ئىچكى سىياسەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتتى. ئۇ بىر يۈرۈش قانۇنلارنى ئېلان قىلىپ، مەركەزدە دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، مالىيە ئىشلىرى، ئىچكى ئىشلار ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، قەرزدار قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، قۇل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەنئى قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ماداغاسقارنى يۇتۇۋېلىشقا يەنە بىر قېتىم تەييارلىق كۆردى. ئۇلار مۇھاجىرلارنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، ماداغاسقار ئارىلىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ساكالاۋالارنى قوغداش تەلىپىنى قويدى. بۇ يولسىز تەلەپنى راينىلايارىۋونى ھۆكۈمىتى قەتئىي رەت قىلدى. 1883 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى مازۇنكا پورتىنى توپقا تۇتتى ھەمدە تاماتاف پورتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. ماداغاسقار خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۇلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، ئۇرۇش ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. 1885 ـ يىلى فىرانسىيە ـ ماداغاسقار ئىككى دۆلەت سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، فىرانسىيە يەنە بىر قېتىم ماداغاسقارنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا فىرانسىيە نازارەت قىلىپ يول كۆرسىتىدىغان، فىرانسىيەلىكلەر ماداغاسقاردا ئۇزۇن مۇددەتلىك يەر ئىجارە ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە ماداغاسقار فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە

ئايلىنىپ قالغانىدى.

1890 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە شەرتنامە ئىمزالاپ، فىرانسىيە ئەنگلىيەنىڭ زانزىبارغا بولغان ھامىيلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئەنگلىيە ماداغاسقارنىڭ فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولىدى. فىرانسىيە بۇ ئىپلاس سودىنى قىلغاندىن كېيىن، 1894 ـ يىلى ماداغاسقار ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن ئارالنى ئۆزى باشقۇرۇش تەلىپىنى سۇندى. 1895 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ 15 مىڭ كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسى ماداغاسقاردا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، مەركىزىي شەھەر تاناناريۋاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ماداغاسقارنىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قورال ـ ئەسلىھەلىرى ناچار، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى يېتەرسىز بولغاچقا ئۇرۇشقاچ چېكىنىدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى يەتتە ئايدا ئاران بەش قېتىم كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئاندىن تاناناريۋا شەھىرىگە كىرەلىدى. ماداغاسقار ھۆكۈمىتى پايتەختتىنى قوغداش مۇداپىئەسىنى ئورۇنلاشتۇرمايلا تەسلىم بولىدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئايال پادىشاھ ھامىيلىق شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئارالنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلدى. باش مىنىستىر رايىنىلايارىۋونى ئالجىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنىدى. 1896 ـ يىلى ئۇ «نامسىز كېسەل»گە گىرىپتار بولۇپ ئۆلىدى، شۇ يىلى فىرانسىيە ماداغاسقارنى بىزنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىمىز، دەپ جاكارلىدى.

قەھرىمان ماداغاسقار خەلقى تىز پۈكمىدى، پۈتۈن مەملىكەتتە «قىزىل لامبا» ھەرىكىتى قوزغىلىپ، ئۇنىڭغا قۇللار، دېھقانلار، ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. 1895 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋاگىنىنىڭ جەنۇبىدىكى كالاتىپلا رايونىدا قىزىل لامبا پارتىزانلىرى فىرانسىيەگە قارشى ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە قېتىملىق جەڭنى قىلدى. يىل ئاخىرىدا پارتىزانلار فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ئېغىر زەربە بەرگەندىن كېيىن مېرىنانىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا چېكىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال رايونلىرىدا پارتىزانلار ھەرىكەتلىرى جانلىنىپ كەتتى. قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى 15 مىڭ ئەسكەر كۆپەيتىپ، قىزىل لامبا ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا كەلگەندى، لېكىن پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى خۇددى ئاۋۋالقىدەكلا جانلىنىپ 1904 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى.

قىزىل لامبا ھەرىكىتى بىر قېتىملىق مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇمۇ باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەرىكىتىگە ئوخشاش، مىللىي ئىستىقلالىقنى كۆچەيتىپ، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاساس سېلىشنى كۆچەيتتى.

يىگىرمە ئىككىنچى باب

# 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پەقەت مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن فېئودالىزمنى يوقىتالمىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە فېئوداللىق چوڭ يەر ـ مۈلۈكچىلىكنى ساقلاپ قالدى، دىنىي جەھەتتە كاتولىك دىنىنى ساقلاپ قالدى، سىياسىي جەھەتتە كاۋدىللوئىزم①، يەنى چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ئىستىبدات مۇستەبىت تۈزۈمىنى شەكىللەندۈردى. ئامېرىكىغا سىڭىشتۈرگەندا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولدى، كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن بېقىنىش خاراكتېرىدىكى كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولى شەكىللىنىپ، كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

## 1 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىشى

### 1. «كاۋدىللوئىزم» ۋە چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى

① «كاۋدىللو» ئىسپانچە سۆز بولۇپ، داھىي ياكى باشلىق دېگەن مەنىدە.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كاۋدىللوئىزم ئاساسەن دېگۇدەك بىرخىل ئومۇمىيلاشقان سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەكلى بولۇپ قالدى. ئۇ بەزى دۆلەتلەردىكى ئارمىيەنىڭ ھوقۇقىنى زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالغاندىن كېيىن ئورناتقان ھەربىي مۇستەبىت تۈزۈمى ئىدى. مۇستەقىللىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بەزى كاۋدىللولارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىكى داھىيلار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى كاۋدىللولارنىڭ كۆپىنچىسى ئوفىتسېرلار ئائىلىسىدىن ياكى بەزى رايونلاردىكى پومېشچىكلار گورۇھىنىڭ باشلىقلىرى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقتى. بۇ مۇستەبىتلەر فېئوداللىق دەۋردىكى خان ۋە پادىشاھلارغا ئوخشاشمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئەجدادلىرىدىن قالغان مىراس بولماستىن، بەلكى سانسىز قېتىملاپ ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتە ئىمتىياز تىكلىگەنىدى. ئۇلار يەنە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭلىرى ۋە باش مىنىستىرلىرىغا ئوخشاشمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئېرىشكەن ھوقۇق سايلام ئارقىلىق ئەمەس، ئاساسلىقى قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئارقىلىق كەلگەنىدى. ھەرقايسى كاۋدىللولارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاشمايتتى، بەزىلىرى پەقەت بىرنەچچە سائەت، بەزىلىرى نەچچە كۈن، نەچچە ئاي، نەچچە يىل، 10 نەچچە يىل ياكى نەچچە ئون يىل ھوقۇق تۇتاتتى، ئاغدۇرۇلماي ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بۇ خىل تۈزۈمنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتتى. ھەربىر مىلىتارىست مۇستەبىت تەختكە چىققاندىن كېيىن ھەممىسلا خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى بۇلاپ ـ تالاپ، خەلقنى

دەھشەتلىك ئەزدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىشتا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ، جەمئىيەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالاتتى، سىياسىي ۋەزىيەتتە داۋالغۇش كۆرۈلەتتى. بولىۋىيەدە 74 يىل ئىچىدە 60 قېتىم «ئىنقىلاب» يۈز بەردى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 14 ~ 15 ئايدا بىر قېتىم ئىنقىلاب بولدى. كولومبىيەدە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 70 يىل ئىچىدە 27 قېتىم ئىچكى ئۇرۇش بولدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىچكى ئۇرۇش بولدى. كاۋدىللو مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاتالمىش ئەركىنلىك، ئاساسىي قانۇن ۋە پارلامېنت دېگەنلەر ئىسمى بار جىسمى يوق قۇرۇق جازىلا ئىدى. سايلام شەكىل ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى تارتىۋېلىنغانىدى.

كاۋدىللو لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا چوڭ يومېشچىكلار دىكتاتورىسىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى ئىدى. مۇستەقىللىقتىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى چوڭ يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بولدى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە كەڭ كۆلەمدىكى يەرلەر ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە چوڭ يومېشچىكلىرىنىڭ قولىدىن يەرلىك ئاق تەنلىك چوڭ يومېشچىكلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلار يەنە ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، مەسىلەن، سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىۋېلىش، يەر ئۆلچەش، يېزا جامەسىنىڭ يېرىنى سېتىش، مەجبۇرىي كۆچۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغاچقا، چوڭ يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى تېخىمۇ كېڭەيدى. مېكسىكىدا 25 مىڭ ئاكىردىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلىگەن قورۇقلاردىن 300 ى، 62 مىڭ 500 ئاكىردىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلىگەن قورۇقلاردىن 160 ى، 75 مىڭ ئاكىردىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلىگەن قورۇقلاردىن 21 ى، 250 مىڭ ئاكىردىن ئارتۇق يەرنى

ئىگىلىگەن قورۇقلاردىن 11 ى بار ئىدى. چىلىدىكى 626 يومېشچىكنىڭ ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 57 مىڭ 182 ئاكىر يەر ئىگىلىگەنىدى. 19 ـ ئەسىردىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت چوڭ يومېشچىكلىرىنىڭ قوشۇۋالغان يەرلىرى ئالدىنقى ئۈچ ئەسىردە قوشۇۋالغان يەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا تەڭ كەلدى. يېرى تارتىۋېلىنغان دېھقانلار (بولۇپمۇ ئىندىيانلار) قەرزدار ياللانما دېھقانلارغا، ئىجارىكەش دېھقان ياكى كونىلۇكچىلەرگە ئايلاندى. «قەرز ئۈچۈن ئىشلىتىش تۈزۈمى»دە قەرزدار دېھقانلار ئاتاقتا ئەركىن بولغان بىلەن، قورۇق ئىگىلىرى ھەرخىل ئۇسۇللار، مەسىلەن، يومېشچىكلار ئاچقان دۇكانلاردىنلا مال ئېلىش، يومېشچىكلارنىڭ سايىمان ـ جابدۇقلىرىنى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ياللانما دېھقانلارغا تاڭغاچقا، ئۇلار قەرزلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۈزەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قەرز ئۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەن ھەق بىلەن ئىشلەپ قورۇق ئىگىلىرىگە بېقىنىپ قالاتتى. قەرزدار ياللانما دېھقانلارنىڭ مائاشى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى، مېكسىكىدا 1804 ـ يىلى كۈنلۈكىگە 0.28 پېسو ئالاتتى، 1891 ـ يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.36 پېسو بولدى، لېكىن شۇ يىللاردا پۇل پاخاللىقى 50% كە يەتكەنىدى. چىلىدا ئىجارىكەش دېھقانلار يومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىگە ھەپتىسىگە ئۈچ كۈن ئىشلەپ بېرەتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئورنى يانچىلارغا ئوخشاش ئىدى.

چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 10% ى 90% تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىدى، ئەكسىچە كۆپ ساندىكى دېھقانلار يەرسىزلىك ياكى يېرى ئازلىقىدىن ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشنىڭ ئامالىنى

قىلالىدى، ھەتتا ئەڭ ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ داۋاملاشتۇرمىقى تەسكە توختىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە كەلگۈچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 50% تۆۋەنلەپ كەتتى، چوڭ يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن ئورمانلار كېسىلدى، ياغاچلار ئوغرىلاندى. سۇ، تۇپراقلار ئۈزۈكسىز ئېقىپ كەتكەنلىكتىن يەرلەر ناچارلاشتى، كەڭ كۆلەمدىكى مۇنبەت يەرلەر قاقاس چۆللۈككە ئايلاندى. ۋېنېسۇئېلادا تېرىلىدىغان يەرنىڭ پەقەت 1% ىلا مۇنبەت يەر بولسا، بىرازىلىيەدە مۇنبەت يەر 1.6% نى ئىگىلىدى.

چوڭ يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى مىللىي كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىدى. چوڭ پومېشچىكلارنىڭ قورۇقلىرى كۆپ جەھەتلەردىن ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان ئورۇن ئىدى. يەرلەر ئېتىز ـ ئېرىق قورۇلۇشى، فېرما ۋە ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا بۆلۈنگەنىدى. قورۇقلاردا پومېشچىكلارنىڭ سارىيى، دېھقانلار تۇرۇشلۇق كەنت، كىچىك تىپتىكى ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى، دۇكان، چېركاۋ، پوچتا ئىدارىسى، ئىسكىلات قاتارلىق ئىدارە ـ ئورگانلار بار ئىدى. بۇ خىل ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان ئىقتىساد تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، سانائەتنى ئاۋات بازار بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، چوڭ پومېشچىكلار ئەركىن تاشقى سودىنى تەشەببۇس قىلاتتى، سىرتتىن ئەرزان باھالىق سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى، تاموژنا بېجىنى قوغداشقا، قاتناشنى ياخشىلاشقا قارشى ئىدى.

چوڭ پومېشچىكلار كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرى، مىلىتارىستلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇپ، كاۋدىللوئىزمنىڭ ئىجتىمائىي تۈۋرۈكىنى ھاسىل قىلغانىدى. تاشقى مۇناسىۋەتلەردە چوڭ پومېشچىكلار چەت ئەل كاپىتالىستلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ

لاتىن ئامېرىكىسىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىكى ۋاستىچىلەرگە ئايلانغانىدى.

## 2. كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا تاجاۋۇز قىلىشى

ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىكى زومىگەرلىكى ۋە «دۇنيانىڭ زاۋۇتى» بولۇش ئورنىدىن پايدىلاندى ھەمدە لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان كېڭەيمىچىلىكىنى جىددىيلەشتۈردى. 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئەنگلىيە كارىب دېڭىزى رايونىدىكى ياماييكا، باربادوس، گۇييانا قاتارلىق جايلارنى مۇستەملىكە قىلىپ ئىگىلىدى. 1833 ـ يىلى مالۋىناس (فالكلاند) تاقىم ئاراللىرىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالدى. 1835 ـ يىلى ھوندۇراسنىڭ بىر قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇنى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھوندۇراس مۇستەملىكە زېمىنى دەپ ئاتىدى. لاتىن ئامېرىكىسىدا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى قوزغالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە مۇستەملىكە زېمىنلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە «ھېسداشلىق قىلىش» ۋە ئۇنى «قوللاش» نىقابى بىلەن بىرازىلىيە، ئارگېنتىنا، ئۇرۇگۋاي، چىلى، ۋېنېسۇئېلا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك قىلدى. تاشقى سودا، قەرز بېرىش ۋە مەبلەغ سېلىش يولى ئارقىلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مالىيە، ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى تىزگىنلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا بازىسى، تاۋارلىرىنى ساتىدىغان بازار ۋە كاپىتالىنى چىقىرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. 1870 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا سالغان مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 85 مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ

ئالدىدا 1 مىليارد فونددىن ئېشىپ كەتتى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچى دۆلەت ۋە ھەقدار دۆلەتكە ئايلاندى. ئەنگلىيە سالغان مەبلەغنىڭ 70% ى جەنۇبىي ئامېرىكىغا مەركەزلەشتى. ئەنگلىيە كاپىتال چىقىرىش بىلەن، ئەنگلىيەلىك مونوپول كاپىتالىستلىرى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 118 تۆمۈريولىنى، 45 پورتنىڭ مۇلازىمەت شىركىتىنى، 112 ئاممىۋى ئىشلار مۇلازىمەت شىركىتىنى ۋە 23 نېفىت شىركىتىنى تىزگىنلەپ، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ لاتىن ئامېرىكىسىغا گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلىرى سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. 1889 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ برازىلىيەگە سالغان مەبلىغى 48 مىليون 700 مىڭ فىرانك بولغان بولسا، 1908 ـ يىلىغا بارغاندا 84 مىليون 500 مىڭ فىرانككا كۆپەيدى. ئوخشاش مەزگىلدە چىلىغا سالغان مەبلىغى 28 مىليون 700 مىڭ ماركتىن 52 مىليون 400 مىڭ ماركقا كۆپەيدى.

1823 ـ يىلى ئەتىيازدا فىرانسىيە مۇقەددەس ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، ئەسكەر چىقىرىپ ئىسپانىيە ئىنقىلابىغا ئارىلاشتى ۋە ئۇنى باستۇردى. بوربون سۇلالىسىنىڭ ئىسپانىيەدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تىرىلدۈرۈپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش پىلانىنى تۈزدى. ئەنگلىيە مۇقەددەس ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ لاتىن ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئىشلىرىغا ئارىلىششتا ئاساسلىنىدىغان «ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى پىرىنسىپلىرىنى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرگە قوللىنىشى» دىن①، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان

---

① ماركس: «مېكسىكىغا ئارىلىشىش»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 15 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 385 ـ بەت.

يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ مۇقەددەس ئىتتىپاقداشلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش تەكلىپنامىسىنى سۇندى. ئامېرىكىنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيەسى ئەنگلىيەنىڭ تىزگىنلىشىنى خالىمىدى، 1823 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى مونرو دۆلەت خېتىدە ئۆز ئالدىغا بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ۋە ياۋروپادىكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، لېكىن ياۋروپادىكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدە يېڭىدىن مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكى قىلىشىغىمۇ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مانا بۇ نامى پۇر كەتكەن «مونروئىزم» ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرۇشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى مونروئىزمنى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۈستىگە تاڭدى ۋە مونروئىزم پرىنسىپىنى ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن بەلگىلىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە ئامېرىكىنىڭ ئېكىنزار قۇلدارلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تېكساستا توپىلاڭ پەيدا قىلدى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ مېكسىكىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، مېكسىكىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان زېمىنىنى بېسىۋالدى.

1880 ـ يىللىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن لاتىن ئامېرىكىسىغا تەنھا زومىگەرلىك قىلىش پىلانىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى. 1889 ـ

يىلى ئامېرىكا ۋاشىنگتوندا 18 دۆلەت ۋەكىللىرى قاتناشقان ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەر يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا ئامېرىكا «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتى بىردەك» دېگەن ئالدامچىلىق شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پانئامېرىكىزم تەشكىلاتى قۇرۇشنى تەرغىب قىلدى ھەمدە «جەنۇبىي، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى»نى مۇستەھكەملەشنى كۆككە كۆتۈردى. ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتالمىش «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى جۇمھۇرىيەتچى دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى ھەمدە ۋاشىنگتوندا ئۇنىڭ ۋەكىللىرى تۇرۇشلۇق ئورگىنى «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەرنىڭ سودا ئىدارىسى» (1910 ـ يىلى پانئامېرىكىزم ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلگەن)» قۇرۇلدى. مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ غەربىي يېرىم شارنى شىلىۋېلىش زومىگەرلىك ھوقۇقى ئۈچۈن باسقان مۇھىم بىر قەدىمى ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا تەنها ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى بىرىنچى نىشانى كارىب دېڭىزى رايونىدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەنگلىيە بىلەن ھوقۇق تالىشىشنى باشلىۋەتتى. 1895 ـ يىلى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى گۇييانا بىلەن ۋېنېسۇئېلا ئوتتۇرىسىدا چېگرا ماجىراسى يۈز بەردى، ئەنگلىيە ۋېنېسۇئېلا پورتىنى تاقىدى. ئامېرىكا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئولنېي «بۈگۈنكى كۈندىكى ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇقىدا ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ئالىي ھوقۇقتا ئىگە، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ ئىرادىسىنى قانۇن دەپ بىلىشى كېرەك» دەپ جاكارلىدى. 7 ـ ئايدا ئامېرىكا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ ئەنگلىيەدىن ئۈچىنچى تەرەپنىڭ كېسىم قىلىشىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەنگلىيە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 1897 ـ يىلى ئامېرىكا ۋاشىنگتوندا

ۋېنېسۇئېلا بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ ئامېرىكىلىقلار قاتناشقان كېسىم قىلىش سوتى قۇرۇشقا كېلىشىپ، ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى گۇييانا بىلەن ۋېنېسۇئېلانىڭ چېگراسىنى بېكىتتى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بۇ قېتىملىق تالىشىش كۈرىشىدە، ئەنگلىيە بىر قېتىم قاتتىق زەربە يېدى.

1898 - يىلى ئامېرىكا كۇبا خەلقىنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۇبانىڭ مۇستەقىللىقىغا ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ، ئامېرىكا - ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئىسپانىيەنىڭ قولىدىن پوئېرتو - رىكونى تارتىۋالدى ھەمدە كۇبانى ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. 1903 - يىلى ئامېرىكا يەنە پانامانىڭ كولۇمبىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇش ھەرىكىتىنى پىلانلىدى ھەمدە پاناما جۇمھۇرىيىتىنى «ئامېرىكا - پاناما شەرتنامىسى» تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، ئىنتايىن تۆۋەن بەدەل بىلەن پاناما قانىلىنى قېزىش ھوقۇقى ۋە قانال رايونىنى مەڭگۈلۈك ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا ئۆتىدىغان پاناما قانىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ كارىب دېڭىز رايونىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى كۈچەيتتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن بولغان تاشقى سودىسى ۋە ئۇنىڭغا سالغان مەبلىغى تېز كۆپەيدى. 1913 - يىلى لاتىن ئامېرىكىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي مەبلەغدە، ئامېرىكىنىڭ مەبلىغى 25% نى، ئەنگلىيەنىڭ مەبلىغى 24.4% نى، گېرمانىيەنىڭ مەبلىغى 16.6% نى ئىگىلىدى. ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئامېرىكىنىڭ مەبلىغى 30.8% نى، ئەنگلىيەنىڭ مەبلىغى

21.2% نى، گېرمانىيەنىڭ مەبلىغى 12.4% نى ئىگىلىدى. لېكىن مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئۈچ ـ تۆت ھەسسە ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي ئامېرىكىدا مۇئەييەن ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ تۇردى.

### 3. كاپىتالىزمنىڭ ئاستا تەرەققىي قىلىشى

19ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىدا تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشتەك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، سىياسىي قالايمىقانچىلىقلار تەدرىجىي پەسەيدى. بىرازىلىيە، چىلى، مېكسىكا ۋە ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆتمۈشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كانچىلىق سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىكى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ، تۆمۈريوللار، پورتلار، يېڭى تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە يېنىك سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1845 ـ يىلى ئارگېنتىنادا تۇنجى ھور ماشىنىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، تاشقى سودىسىمۇ ئاشتى، بانكا، ئامانەت ـ قەرز كەسىپلىرىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلدى.

1880 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە، چىلى، مېكسىكا، ئۇرۇگۋاي ۋە كۇبا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلگىرىلەشلەر بولدى، مەسىلەن، ئارگېنتىنادا 1895 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە سانائەت كاپىتالىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى بەش ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى، 1900 ـ يىلى سانائەت كارخانىلىرى 2700 گە يەتتى، تۆمۈريوللىرى 1880 ـ يىللاردىكى 2313 كىلومېتىردىن 1914 ـ يىلىدىكى 30 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇزاردى. يېقىنقى زامان شەھەرلىرى بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بۇئېنۇس ئايرېس، مونتېۋىدېئو،

رىيو - دې - ژانېيرو قاتارلىق شەھەرلەر بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئېشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، مەسىلەن، ئارگېنتىنانىڭ بۇغداي مەھسۇلاتى 1876 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغان ئەھۋالدا ئىدى. 1898 - يىلىغا كەلگەندە بۇغداي ئېكسپورت مىقدارى 645 مىڭ توننىغا يەتتى، 1912 - يىلىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېشىپ 4 مىليون 835 مىڭ توننىغا يەتتى. 1850 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە بېقىلىدىغان قوي 7 مىليون تۇياق ئىدى، 1899 - يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 89 مىليون تۇياققا يەتتى. چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بىرمۇنچە خوجايىنلىرى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنى ياللاپ ئىشلەتتى، ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن باشقۇرۇپ بۇرژۇئازىيەلەشكەن پومېشچىكلارغا ئايلاندى. 1885 - يىلى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد دوللار ئەتراپىدا ئىدى، 1913 - يىلىغا كەلگەندە 3 مىليارد دوللارغا كۆپەيدى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەر كۆپ ساندا كۆپىيىشكە باشلىدى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى شالاڭ بولۇپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر كۆچمەنلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى قوللاندى. ئارگېنتىنادىكى كۆچمەنلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئىتالىيەدىن كەلگەن، ئۇچتىن بىر قىسمى ئىسپانىيەدىن كەلگەنلەر ئىدى. بىرازىلىيەدىكى كۆچمەنلەر ئاساسەن ئىتالىيە ۋە پورتۇگالىيەدىن كەلگەنلەر ئىدى. گېرمانىيەدىن لاتىن ئامېرىكىسىغا كەلگەن

كۆچمەنلەرنىڭ سانى گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بىرازىلىيە، ئارگېنتىنا ۋە چىلى قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. گېرمانىيەلىك كۆچمەنلەر كۆپىنچە بىر ياكى بىرنەچچە رايونغا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشاتتى، گېرمان تىلىدا سۆزلەيتتى، گېرمانچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، گېرمانىيەنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇھىتىنى تىزگىنلەيتتى. ياۋروپالىق كۆچمەنلەردىن باشقا ياپونىيەلىك كۆچمەنلەرمۇ، جۇڭگولۇق ئىشچىلارمۇ لاتىن ئامېرىكىسىغا بارغانىدى. چەت ئەللىك كۆچمەنلەر لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنى كەڭ تۇركۇمدىكى ئەمگەك كۈچى ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلار بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە مۇئەييەن ساندىكى كاپىتالىنىمۇ ئېلىپ بېرىپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، بۇرژۇئازىيە بىلەن پىرولېتارىياتمۇ تەدرىجىي راۋاجلاندى.

لاتىن ئامېرىكىسىدا بۇرژۇئازىيە ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپتى. بىر قىسمى چەت ئەل كاپىتالى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىدى. بۇلار پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيەسى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت چوڭ سودىگەرلىرى ۋە بۇرژۇئازىيەلەشكەن ئېكىنزار خوجايىنلىرى ئىدى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا چەت ئەل كاپىتالىنىڭ سىڭىپ كىرىشى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى بىرلا خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇپ قويدى، مەسىلەن، بىرازىلىيە قەھۋە، چىلى سېلىتىرا بىلەن مىس، كۇبا شېكەر قومۇشى، ھوندۇراس بىلەن كوستارىكا بانان، ئېكۋاتور كاكائو ئىشلەپچىقاردى. بۇ

دۆلەتلەر بىر خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغانلىقى ئۈچۈن، بىرلا خىل مەھسۇلات بازىرىغا بېقىنىپ قالاتتى. بۇ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئۇنىڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئېكسىزار خوجايىنلىرى، سودىگەرلەر ۋە سانائەتچىلەر چەت ئەل كاپىتالى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەل كاپىتالىستلىرىغا بېقىندى بولۇپ قالدى. بىرازىلىيەلىك گىراف ماۋئا مانا بۇنىڭ تىپىك مىسال ئىدى. ئۇ دەسلەپتە رىيو - دې - ژانېيرودا پورتۇگالىيەلىك سودىگەرگە ۋاستىچى بولدى، كېيىن ئەنگلىيەنىڭ سودا شىركىتىدە خىزمەت قىلدى. 1840 - يىلى ئەنگلىيەنىڭ «دىكالاسېس كاسترو شىركىتى»نىڭ پايچىكى بولۇپ، ئەنگلىيە كاپىتالى بىلەن «ماۋئا - مارك كاسترو» شىركىتىنى قۇردى. 1850 -، 1860 - يىللىرى ئۇ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى، چوڭ تىپتىكى كېمىسازلىق زاۋۇتى قۇردى. «ماۋئا بانكىسى»نى ئېچىپ، چوڭ كاپىتالىستقا ئايلاندى. ئېكسىزار خوجايىنى ۋە دەللال سودىگەرلىكتىن كېلىپ چىققان بۇ چوڭ بۇرژۇئاز دۆلەت ئىچىدىكى كاۋدىللوئىزمنىڭ باشقا بىر خىل ئىپتىدائىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.

بۇرژۇئازىيەنىڭ يەنە بىر قىسمى مىللىي بۇرژۇئازىيە، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سودا - سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئىدى. چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتى، كاۋدىللوئىزمنىڭ ۋەيران قىلىشى ۋە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ بېسىشى بىلەن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەل مىللىي كاپىتالىنىڭ كۈچى بىرقەدەر ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، مىللىي بۇرژۇئازىيەمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىرقەدەر ئاجىزلاپ كەتتى. لېكىن، خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، مىللىي بۇرژۇئازىيە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىگە قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ فېئودالىزمدىن ۋە چەت ئەل

كاپىتالىنىڭ ئاسارىتىدىن بۆسۈپ چىقىشقا ئۇرۇندى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى پرولېتارىيات سىنىپى جاھانگىرلارنىڭ، فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ قاتمۇ قات ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغاچقا، ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئىندىيانلار ۋە قاراتەنلىك ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ پاجىئەلىك ئىدى. پرولېتارىيات سىنىپىدىكىلەر بىرىنچىدىن، ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىدى. ئىككىنچىدىن، ياۋروپالىق كۆچمەنلەر ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا بىرىنچى تۈركۈم ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بارلىققا كېلىپ ماركسىزمنى تارقىتىشقا باشلىدى. 1854 ـ يىلى سانتىياگودا بىرىنچى قېتىم ماركسنىڭ ئەسىرى «پەلسەپىۋى نامراتچىلىق» سېتىلدى. 1858 ـ يىلى بۇئېنوس ئايرېستا باسما زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، «باسما زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئاخباراتى» گېزىتى نەشر قىلىندى. پارىژ كوممۇناسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كوممۇنانىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى لاتىن ئامېرىكىسىغا سەرگەردان بولۇپ بېرىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. 1870 ـ يىلى مېكسىكىنىڭ ماركسىزمچىلىرى «تەشكىلاتلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ مەركىزى»نى قۇردى. 1876 ـ يىلى تۇنجى سوتسىياللار پارتىيەسى قۇرۇلدى. 1876 ~ 1872 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئارگېنتىنادا بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ تۆت شۆبە تەشكىلاتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ماركسنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يول كۆرسىتىشىگە ئېرىشكەنىدى. 1896 ـ يىلى ئارگېنتىنا سوتسىياللار پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، برازىلىيە، چىلى، كۇبا، ئۇرۇگۋاي قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلىرى ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىنى قانات

يايدۇردى، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، سىياسىي كۈرەش سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ پرولېتارىيات تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە مۇرەسسەچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ماركسىزم بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرمىدى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتمىدى.

## 4. جۇڭگو ۋە لاتىن ئامېرىكىسى

دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى دېڭىز يولى ۋە يېڭى قۇرۇقلۇقنىڭ بايقىلىشى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىسپانىيە لاتىن ئامېرىكىسى ۋە فىلىپپىننى بېسىۋالغاندىن كېيىن يېڭى دېڭىز يولى سودىسىنى ئاچتى، مانا بۇ تىنىچ ئوكياندىكى يەلكەنلىك كېمە سودىسى ئىدى. ئېلىمىزمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ لۇڭچىڭ يىللىرىدا «دېڭىزدىكى قامال»نى بۇزۇپ تاشلاپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى تەدرىجىي كۆپەيتتى. ئىسپانىيەلىك سودىگەرلەر جۇڭگونىڭ مەشۇت، يىپەك توقۇلما بۇيۇمى، پاختا رەخت، فارفۇر قاچا ـ قۇچا، ئۆي جاھازلىرى، ناۋات، دورا قاتارلىق تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، مانىلا ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكىسىغا يۆتكىدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىن كۈمۈش، ھال رەڭ بوياقلارنى سېتىۋېلىپ جۇڭگوغا يۆتكەپ، مۇشۇ خىل سودىدىن غايەت زور پايدا ئالدى، ھەتتا بەزىدە ئالغان پايدا سەككىز ھەسسە قاتلاندى.

جۇڭگونىڭ تاۋارلىرى ئەرزان ھەم نەپىس بولغاچقا، لاتىن ئامېرىكىسىدا بازار تاپتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ مىقداردىكى

كومۇشلەر ئېلىمىزغا ئاقتى. 1587 ـ يىلى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ رىقابىتىنى ۋە كۈمۈشنىڭ ئېلىمىزگە ئېقىشىنى چەكلەش ئۈچۈن تاشقى سودىغا چەك قويۇش سىياسىتىنى قوللاندى. جۇڭگو ـ فىلىپپىن بىلەن غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ تاشقى سودىسىنى مېكسىكىنىڭ ئاكاپۇلكو پورتى بىلەنلا چەكلەپ قويىدى. 1593 ـ يىلى ھەر يىلى ئاكاپۇلكو پورتىغا بارىدىغان ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ئىككىلا بولۇش، ھەربىر كېمە 300 توننىدىن ئاشماسلىق، ئۇنىڭغا بېسىلىدىغان تاۋارنىڭ قىممىتى 250 مىڭ پېسودىن ئاشماسلىق، قايتىشىدا ئېلىپ ماڭىدىغان كۈمۈشنىڭ قىممىتى 500 مىڭ پېسودىن ئاشماسلىق دەپ چەك قويىدى.

چوڭ يەلكەنلىك كېمە بىلەن تاشقى سودا قىلىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگولۇق ئەمگەكچى خەلقمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مېكسىكا قاتارلىق جايلارغا كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ ئىشلىدى ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى. 16 ـ ئەسىردە مېكسىكا شەھىرىدە جۇڭگولۇقلار مەھەللىسى بارلىققا كەلدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا تۈركۈملەپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشى 19 ـ ئەسىردىكى «جاپالىق ئەمگەك سودىسى» باشلانغاندىن كېيىنكى ئىش ئىدى. 1810 ـ يىلى پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئاۋمېندىن نەچچە يۈز ئەمگەك كۈچىنى بۇلاپ برازىلىيەگە ئاپىرىپ چاي تېرىش تەجرىبىسى ئەمگىكىگە سالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى. 1840 ـ يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن 1874 ـ يىلدىكى ئاۋمېندا «جاپالىق ئەمگەك سودىسى»نى مەنئى قىلغانغا قەدەر بولغان 35 يىل جەريانى جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى بۇلاپ سېتىشنىڭ ئەۋجىگە چىققان مەزگىلى بولدى. بۇ يىللاردا ھەر يىلى لاتىن ئامېرىكىسىغا يۆتكەيدىغان جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭغا يەتتى. 1875 ـ يىلدىن باشلاپ كۇبا ۋە

پېرۇغا يۆتكەيدىغان «جاپالىق ئەمگەك سودىسى» مەنئى قىلىندى، لېكىن «ئەركىن كۆچمەنلەر» دېگەن نىقاب بىلەن جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى ئالدايدىغان جىنايى قىلمىشلار ئۈزۈكسىز داۋاملاشتى. مۆلچەرلىنىشىچە، لاتىن ئامېرىكىسىغا بارغان جۇڭگولۇق ئىشچىلار 300 ~ 400 مىڭغا يېتىدىكەن. ئۇلار كۇبا، گۇيانا، تىرىنىداد، سۇرىنام، يامايكا، مارتىنىك، گىۋادېلۇپ، پۇئېرتو رىكو، سالۋادور، كوستا رىكا، نىكاراگۇئا، پاناما، مېكسىكا، پېرۇ، چىلى، بىرازىلىيە، ئېكۋاتور قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 250 مىڭ ئەتراپىدىكى ئىشچى كۇبا، پېرۇ ۋە گۇياناغا مەركەزلەشكەنىدى.

جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدا تارتىمىغان ئازابى قالمىدى، نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ كەتتى، مەسىلەن، 1847 ـ يىلىدىن 1872 ـ يىلىغىچە كۇباغا يۆتكەلگەن جۇڭگولۇق ئىشچىلار 114 مىڭ 81 ئادەم بولۇپ، 1874 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلاردىن ئاران 58 مىڭ 400 ئادەم قالدى. جۇڭگولۇق ئىشچىلار لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئېكىنزارلىق، كان ۋە زاۋۇتلارنى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە چاي ئۆستۈرۈش، شال تېرىش تېخنىكىلىرىنى لاتىن ئامېرىكىسىغا ئېلىپ باردى. جۇڭگولۇقلار يەنە شۇ يەرلىك خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېزىشىگە قارشى كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى، مەسىلەن، كۇبادىكى بىرىنچى قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (10 يىللىق ئۇرۇش)قا قاتناشقان جۇڭگولۇقلار 1000 دىن ئاشقانىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى تەيپىلىڭ تىيەنگو قوزغىلىڭىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا، جەڭگە قاتناشقان جۇڭگولۇقلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولدى. جۇڭگولۇق جەڭچىلەر باتۇر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوفىتسېر ۋە مەشقاۋۇللۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، كۇبا خەلقىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

گېنېرال گونزاللو دېگۈيسادا «جۇڭگولۇقلار ۋە كۇبانىڭ مۇستەقىللىقى» دېگەن كىتابىدا: «ناۋادا بىز كەلگۈسىدە جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئابىدە تىكلەپ قالساق، ئۇلارنىڭ ۋاپادارلىقىنى ،كۇبادىكى جۇڭگولۇقلاردىن بىرمۇ قاچقۇن چىقمىدى، بىرمۇ خائىن چىقمىدى، دېگەن ئىككى جۈملە سۆز بىلەن مەدھىيەلەيلى» دەپ يازغانىدى.

جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدا پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلىدى.

كۇبا جۇڭگولۇقلار ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى بىرقەدەر بالدۇر باشلىغان دۆلەت ئىدى. 1873 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن ئىسپانىيە «جۇڭگو ـ ئىسپانىيە شەرتنامىسى — كۇبادىكى جۇڭگولۇق ئىشچىلار تارماق ماددىسى»نى ئىمزالىدى. 1874 ـ يىلى چېن لەنبىن مەخسۇس ئەلچى سۈپىتىدە كۇباغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. 1877 ـ يىلى كۇبادىكى جۇڭگولۇق ئىشچىلار شەرتنامىسىنىڭ 17 ـ ماددىسى قايتىدىن بېكىتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ھاۋانا شەھىرىدە كونسۇلخانا قۇردى. 1902 ـ يىلى كۇبا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھاۋانادىكى كونسۇل خادىمى ۋۇ تىڭفاڭغا تېلېگراممىا يوللاپ: «كۇبانىڭ مۇستەقىللىقىنى جۇڭگو ئېتىراپ قىلىدۇ، كونسۇلخانىدىن ئادەم ئەۋەتىپ تەبرىكلەپ قويۇڭ» دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېلىمىز بىلەن كۇبا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

1874 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن پېرۇ ۋەكىللىرى نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ تېيەنجىندە «جۇڭگو ـ پېرۇ دوستلۇق سودا

شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىگە ئاساسەن ئىككى تەرەپ رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش، باش ئەلچى ئەۋەتىش، ئەلچىخانا قۇرۇش قارار قىلىندى ھەمدە جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ پېرۇدا ئېتىبار بېرىش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1880 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىرازىلىيە بىلەن «جۇڭگو ـ بىرازىلىيە ئىناق ئۆتۈش، سودا ئالاقىسى قىلىش، دېڭىز قاتنىشىنى يولغا قويۇش» شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى جۇڭگو ـ پېرۇ شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ. جۇڭگو بىلەن مېكسىكا ئەڭ بۇرۇن ئالاقە قىلىشقان دۆلەتلەر ئىدى. 1899 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن «جۇڭگو ـ مېكسىكا ئىناق ئۆتۈش، سودا قىلىش، دېڭىز قاتنىشىنى يولغا قويۇش» شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. جۇڭگو ـ مېكسىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن مېكسىكىغا بارىدىغان جۇڭگولۇقلار كۆنسېرى كۆپەيدى. 1904 ـ يىلى مېكسىكىدا 8000 جۇڭگولۇق بولغان بولسا، 1910 ـ يىلى 30 مىڭغا يېقىنلاشتى. ئىككى تەرەپ بىۋاسىتە تاشقى سودىنى قانات يايدۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ سان فىرانسىسكو شەھىرىنى ئايلانمايدىغان بولدى. 1903 ـ يىلى جۇڭگولۇق سودىگەرلەر شياڭگاڭدا مەبلەغ توپلاپ، جۇڭخۇا پاراخوت شىركىتىنى قۇردى ھەمدە پاراخوت بىلەن مېكسىكىغا قەرەللىك قاتناپ تۇردى.

## 2 ـ بۆلۈم بىرازىلىيەدە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1. «پادىشاھلىق دەۋرى»

1822 ـ يىلى بىرازىلىيە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، پېدرو

ئۆزىنى ئىمپېراتور دەپ ئاتاپ، تاكى 1889 ـ يىلى ئىمپېرىيە تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت برازىلىيە تارىخىدا «پادىشاھلىق دەۋر» دەپ ئاتالدى. 1884 ـ يىلى برازىلىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەتنى تىكلىدى. ئاساسىي قانۇندا گەرچە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى ئاساس قىلغان پارلامېنت قۇرۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پادىشاھ مۇتلەق ھوقۇقنى ئىگىلىدى. ئۇ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتەلەيتتى، سايلام ھوقۇقىدىن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىدىن باشقىلار بەھرە ئالالمىدى. پادىشاھ يەنە كەڭ كۆلەملىك ئەمەلدار تەيىنلەش ھوقۇقىغا، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

1825 ـ يىلى ئۇرۇگۋايدا برازىلىيەنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئارگېنتىنانىڭ قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى ئۇرۇگۋاينى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش قارارىنى ماقۇللىدى. 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى برازىلىيە ئارگېنتىناغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى، لېكىن برازىلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. ئارگېنتىنا 1827 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىتۇزائىنگونى مەغلۇپ قىلدى، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ سۇلھى تۈزدى، 1828 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، برازىلىيە بىلەن ئارگېنتىنا ئۇرۇگۋاينىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداشقا كاپالەت بەردى.

ئۇرۇگۋاي بىلەن ئارگېنتىنا ئۇرۇشىدا 8000 غا يېقىن ئادەم ئۆلدى، ھەربىي چىقىم 120 مىليون كىروزېيروغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن برازىلىيە جەمئىيىتىدە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىشكە باشلىدى.

بائىيا ئۆلكىسىدە قارا تەنلىك قۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1826 ـ يىلى قارا تەنلىك ئايال زافېرىنا رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. 1828 ـ يىلى ئارقا ـ

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن ئۈچ قېتىم قارا تەنلىكلەر قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىقىغا 1500 ئادەم قاتنىشىپ، جەڭدە 600 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. 1830 ـ يىلى سان سالۋادور (بائىيا) شەھىرىدىكى قارا تەنلىكلەر غەلىبىلىك هالدا قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى تارتىۋېلىپ، ئىمپېرىيەنىڭ هەربىي ـ ساقچىلىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلدى. ئارگېنتىنا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە دېهقانلار يەر تالىشىش كۈرىشى قىلدى، شەهەرلىك پۇقرالار ئالۋان ـ سېلىققا قارشى تۇرۇش، تۆۋەن تاموژنا بېجى تۈزۈمى ۋە ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇرژۇئا هۆرىيەتچىلىرى ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئىسلاهات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئېكىنزار خوجايىنلىرىمۇ پېدرو I نىڭ مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىغا، بىر تۈركۈم پورتۇگالىيەلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دۆلەتنىڭ هەممە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا بولغان نارازىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى.

جەمئىيەتتىكى هەرقايسى سىنىپلارنىڭ پېدرو I نىڭ مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرىشى ئۇلغىيىپ، 1831 ـ يىلىدىكى چوڭ قوزغىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى پېدرو I نىڭ ئەكسىيەتچىل ئىچكى كابىنىت تەشكىللىگەنلىك خەۋىرى پايتەخت رىيو ـ دې ـ ژانېيرو ۋە باشقا ئۆلكىلەردە غوۋغا قوزغىدى. پايتەختتىكى خەلق دۇكان ۋە پورتۇگالىيەلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۇرالغۇسىغا ئوت قويۇۋەتتى. 6 ـ كۈنى پايتەختتىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ سان ـ ئاننا مەيدانىغا يىغىلغاندا، ئەسكەرلەرمۇ نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلدى. 7 ـ كۈنى پېدرو I تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى، ئورنىغا ئالتە ياشلىق ئوغلى پېدرو ئالكانتارا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى پېدرو II دەپ ئاتىدى. پېدرو II نىڭ يېشى بەك كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ كىشىدىن تەركىب

تاپقان مۇۋەققەت كوممىتېت قۇرۇلدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى 1840 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن پېدرو II نىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ قېتىمقى ۋەقە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ پورتۇگالىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن بىرازىلىيە ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

«پادىشاھلىق دەۋرى»دىكى بىرازىلىيەنى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا مۇنداق روشەن ئىككى ئالاھىدىلىك بار ئىدى: بىرى، پادىشاھلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەت گەۋدىسى ساقلىنىپ قالغان، ئۇ جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيەت گەۋدىسىدىكى كاۋدىللوئىزمىدىن پەرقلىنەتتى. يەنە بىرى، قۇللۇق تۈزۈم ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇ بىرازىلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش تەرەققىياتىدا ئاساسلىق توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى. قۇل ئىشلىتىدىغان ئېكىنزار خوجايىنلىرى پادىشاھلىق سىياسەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈۋرۈكى بولغاچقا، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتمۇ قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى.

ئېكىنزارلىقتا يۈرگۈزۈلىدىغان قۇللۇق تۈزۈم بىرازىلىيە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى بولغاچقا، قۇللار يەنىلا ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا قۇللار ئومۇمىي ئاھالىلەرنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيتتى، ئۇنىڭدىن سىرت ھەر يىلى ئافرىقىدىن 40 مىڭ قارا تەنلىكلەر يۆتكەپ كېلىنەتتى. 1831 ـ يىلى مۇۋەققەت كوممىتېت بىرازىلىيەگە قۇل يۆتكەپ كېلىشنى مەنئى قىلىش پەرمانىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن پەرمان ئىزچىل ئىجرا قىلىنمىدى، «ئەتكەس» يوللار بىلەن يۆتكەپ كېلىنگەن قۇللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قۇلدارلار قۇللارنى ئېكىنزارلىقتا ئىشلەش، شېكەر قومۇشى تېرىش، كېۋەز تېرىش، كۆك تاماكا ۋە قەھۋە تېرىشقا سېلىشتىن سىرت، ئۇلارنى يەنە كان ئېچىشقا، ھاشارغا

سالدى.

برازىلىيەدە ئېچىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئېكىنزار خوجايىنلىرى ئىگىلىۋالغان. ھەربىر ئېكىنزار خوجايىنى خۇددى فېئودال خان ـ بەگكە ئوخشاش بىر تۈركۈم قۇل ۋە يالالنما ئەسكەردىن تەشكىل قىلىنغان قوراللىق كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇلار بىر قىسىم يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ تېرىغۇزاتتى، يەر ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ ئۆزىمۇ قۇل ئىشلىتىدىغان ئۇششاق ئېكىنزار خوجايىنلىرى ئىدى. ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئالتىدىن ئونغىچە قۇل ئىشلىتىپ، ئالغان ھوسۇلىنىڭ يېرىمىنى چوڭ ئېكىنزار خوجايىنلىرىغا تاپشۇراتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا برازىلىيەدە چوڭ ئېكىنزار خوجايىنلىرىدىن باشقا، يەنە بىر تۈركۈم يېرىم فېئوداللىق بېقىندى ئورۇندىكى چاپارمەن دېھقانلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ بىر پارچە يېرىنى تېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا ھوسۇل تاپشۇراتتى ھەمدە خوجايىن ئۈچۈن ئېكىنزارلىقتا قەرەللىك ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرەتتى.

برازىلىيەدىكى چوڭ ئېكىنزار خوجايىنلىرى سودا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ۋاستىچىلىك رول ئوينىشى ئارقىسىدا دۇنيا بازىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇلار ئېھتىياجلىق ئەمگەك كۈچىنى ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق سودىگەرلەر ئافرىقىدىن يۆتكەپ كېلىپ تولۇقلاپ بەردى. ئۇلار دۇنيا بازىرىنى شېكەر، پاختا، قەھۋە، كۆك تاماكا ۋە كاۋچۇك بىلەن تەمىنلىدى. 1828 ـ يىلى ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بارلىق دۆلەتلەردىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلاردىن بىردەك 15% ئىمپورت بېجى ئېلىشنى تەستىقلىدى، بۇ ئەھۋال ئېكىنزار خوجايىنلىرى ۋە چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ سانائىتىگە زەربە بولدى. ئاز ساندىكى سانائەت كارخانىلىرى ئەنگلىيە تاۋارلىرى بىلەن بولغان رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

1827 ـ يىلى 10 توقۇمىچىلىق ماشىنىسى بولغان سانلۇئىس دېئىتتۇ شەھەرلىك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋەيران بولدى. ئىبانىما شەھەرلىك تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى بىلەن باشقا سانائەت كارخانىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران بولدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولدى. قەھۋە ئىشلەپچىقىرىش بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلغان تەدرىجىي راۋاجلىنىشتىن بىراقلا يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتى ۋە ئېكسپورت مىقدارى ئۈزۈكسىز ئاشتى. 1840 ـ يىللىرى بىرازىلىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان قەھۋە دۇنيا قەھۋە مەھسۇلاتىنىڭ 40% ىنى ئىگىلىگەن بولسا، 1889 ـ يىلىغا كەلگەندە قەھۋە مەھسۇلاتى يەنىمۇ ئېشىپ 57% ىنى ئىگىلىدى. بىرازىلىيەنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى رىيو ـ دې ـ ژانېيرو ئۆلكىسى بىلەن ساۋپاۋلو ئۆلكىسى ئاساسلىق قەھۋە ئۆستۈرۈلىدىغان جايلار ئىدى. قەھۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى شېكەر قومۇشى بىلەن كېۋەز تېرىلىدىغان شەرقىي شىمال رايوندىن شەرقىي جەنۇب رايونغا يۆتكەلدى.

قەھۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە باشلىغاندا، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئېكىنزارلىقلاردا تەسىرى چوڭقۇر كىرىزىس يۈز بېرىشكە باشلىدى، بۇ كىرىزىس ئالدى بىلەن قول ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدا كۆرۈلدى. ئېكىنزارلىقلاردىكى ۋەھشىيانە قۇللۇق تۈزۈمدە نۇرغۇن قۇللار ئۆلۈۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە، ئافرىقىدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان قۇللارنىڭ سانى ئۈزۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرازىلىيەدىكى ئېكىنزارلىقلاردا «توختام تۈزۈمى» بارلىققا كەلدى. 1847 ـ يىلى ساۋپاۋلو ئۆلكىسىدىكى بىر ئېكىنزار خوجايىنى گېرمانىيەلىك، پورتۇگالىيەلىك نەچچە يۈز مۇھاجىر بىلەن توختام ئىمزالىدى.

توختامدا ئېكىنىزار خوجايىنى مۇھاجىرلارنىڭ يول راسخوتى ۋە چېگرادىن كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇرمۇش راسخوتىنى بېرىش، ئۆي بىلەن تەمىنلەش، مۇھاجىرلار توختامنى ئىمزالىغاندىن كېيىن يەر تېرىپ ئېرىشكەن ئىقتىسادى بىلەن ئېكىنىزار خوجايىنىنىڭ بۇ چىقىملىرىنى تۆلەش، قەرزىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلار ئېرىشكەن ھوسۇلنىڭ يېرىمى خوجايىنغا، يېرىمى ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن برازىلىيەدە توختام تۈزۈمى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ياۋروپالىقلار برازىلىيەگە مۇھاجىر بولۇپ كۆچۈپ كەلدى. 1851 ~ 1870 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا برازىلىيەدە 220 مىڭ ئادەم كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى گېرمانىيە، پورتۇگالىيە، ئىتالىيەدىن كەلگەنلەر ئىدى. برازىلىيەگە كېلىدىغان قۇللارنىڭ كېمىيىپ بېرىشى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئېشىشى بىلەن، بۇ يەردىكى ئەركىن پۇقرا ۋە قۇللارنىڭ سان نىسبىتىدە تۈپكى بۇرىلىش بولدى. 1850 ـ يىلدىكى برازىلىيەنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 7 مىليون 200 مىڭ ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇللار ئاھالىسى 2 مىليون 400 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 33% ىنى ئىگىلەيتتى. 1860 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئومۇمىي ئاھالە 10 مىليون 300 مىڭغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇللار ئاھالىسى 1 مىليون 800 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 17% ىنى ئىگىلىدى.

قەھۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن برازىلىيەنىڭ سانائەتتى گۈللىنىشكە باشلىدى. 1850 ـ يىللىرى برازىلىيەدە يېڭىدىن 62 سانائەت كارخانىسى قۇرۇلدى، سەككىز كان ئېچىلدى، پاراخوت شىركىتىدىن 20 سى، شەھەرلىك قاتناش ترانسپورت شىركىتىدىن ئۈچى، گاز شىركىتىدىن ئۈچى قۇرۇلدى. برازىلىيەدە 1870 ـ يىللىرى يەنە 125 يېڭى سانائەت كارخانىسى قۇرۇلغان بولسا، 1889 ـ يىلىغا كەلگەندە، 636

سانائەت كارخانىسى بار بولدى. ئۇنىڭغا ياللاپ ئىشلىتىدىغان ئىشچى 54 مىڭدىن ئاشتى. 1852 ـ يىلىدىن باشلاپ رىيو ـ دې ـ ژانېيرو ئۆلكىسىدىن ساۋپاۋلو ۋە مىناس جېرايس ئۆلكىسىگىچە تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. 1870 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ مۇساپىسى 745 كىلومېتىرغا يەتكەن بولسا، 1889 ـ يىلى 9583 كىلومېتىرغا ئۇزاردى. 1850 ~1860 ـ يىللىرى بىرازىلىيەدە تۇنجى تۈركۈمدىكى بانكا، سۇغۇرتا شىركەتلىرى بارلىققا كەلدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئېكسپورت تاشقى سودىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى، 1840 ـ يىلىدىن 1890 ـ يىلىغىچە بىرازىلىيەنىڭ تاشقى سودىسى 10 ھەسسە ئاشتى.

كاپىتالىزمنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى تەرەققىياتى ئىككى خىل ئەمگەك تۈزۈمى ــ كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بىلەن ئېكىنزارلىقتىكى قۇللۇق ئەمگەك تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، قۇللۇق تۈزۈم ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى تەدرىجىي يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

## 2. قۇللۇق تۈزۈم ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەلق قارا تەنلىك قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېھقانلار، ئىشچىلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار، لىبېرال بۇرژۇئازلار ۋە ھۆرىيەتپەرۋەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى بىلەن ھۆرىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ سېپىگە قوشۇلدى.

· پارا ئۆلكىسىدىكى «كابانادا»① ھەرىكىتى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىمپېرىيە تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش

① «كەپە» دېگەن مەنىدە.

ئىدى. بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلار «كابانوسلار» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ مەنىسى «يوقسىزلار» دېگەنلىك بولاتتى. 1835 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كابانوسلار پارا ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بېلېمنى ئىگىلەپ يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇردى. 5 ـ ئايدا ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بېلېمنى قايتۇرۇۋالدى، كابانوسلار ئىچكى جايلارغا چېكىنىپ، ئىندىيانلارنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا چاقىردى ھەمدە قۇللارنى ئازاد قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى تېز زورىيىپ، 8 ـ ئايدا 3000 ئادەمگە يەتتى. ئۇلار بەش كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق بېلېم شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇۋالدى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ ئانژېلىمنى زۇڭتۇڭ قىلىپ سايلىدى. 1836 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بېلېمنى قامال قىلدى، 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كابانوسلار يەنە بىر قېتىم بېلېمدىن چېكىنىپ ئامازون دەرياسى جىلغىلىرىغىچە باردى. 1839 ـ يىلى قوزغىلاڭ ئاخىرقى ھېسابتا بېسىقتۇرۇلدى.

«كاباناداغ» ھەرىكىتى بولغان ۋاقىتلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، جەنۇبىي رىيو گىراندې قاتارلىق جايلاردىمۇ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بولدى. 1835 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى قورۇقلىرىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار مەركىزىي شەھەر ئالېگرې پورتىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، 20 ـ كۈنى بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالېگرېدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بېرىپ، قوزغىلاڭچىلار ئىچكى جايلارغا چېكىندى. 1836 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىراتىنى شەھىرىدە رىيو گىراندې جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، «بىرازىلىيە بىلەن بىللە ئىتتىپاقداش تۈزۈمدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر بىلەن ئىتتىپاقداش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقى»نى بىلدۈردى ھەمدە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىگە قاتنىشىشنى خالايدىغانلىكى قۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئەركىن پۇقرا ھېسابلاش

قانۇنى ماقۇللاندى. جەنۇبىي رىيو گىراندې جۇمھۇرىيىتى 10 يىلغىچە كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئىتالىيەنىڭ كوكۇس پارتىيەسىدىكىلەر جۇمھۇرىيەتنى قوغداش كۈرىشىگە كۆپ تۆھپىلەرنى قوشتى. مەشھۇر ئىنقىلابچى گارىبالدى جۇمھۇرىيەت دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ 1839 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لاگۇنا پورتىنى قوغداش جېڭىدە جۇمھۇرىيەتنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ 22 ئۇرۇش پاراخوتى بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلدى. 1845 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرى بىرازىلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن «سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالىدى، شەرتنامە بويىچە ھۆكۈمەت قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان، ئۇلاردىن شۇ ئۆلكىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىقىغا نامزات كۆرسىتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغان بولدى. لېكىن، جۇمھۇرىيەتنىڭ قارا تەنلىك قۇللارغا ئەركىنلىك بېرىش قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1848 ـ يىلى پېرنامبۇكو دېڭىز ساھىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار ئومۇمىيۈزلۈك سايلام ئۆتكۈزۈش، نەشر قىلىش ئەركىن بولۇشنى ۋە يەنە پۇقرالار ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىتتىپاقداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئۇششاق سودا ساھەسى بىرازىلىيەلىكلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1849 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا رېسىفې شەھىرىنى تالىشىش جېڭىدە قوزغىلاڭچىلار ئېغىر زىيان تارتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوزغىلاڭ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭلار تارقاق ھالەتتە بولۇپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت يوق ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلارغا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازلار ۋە ئۇششاق

بۇرژۇئازلار ۋەكىللىرى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەلىپىدە قەتئىي بولمىغان ياكى بۇ مەسىلىدە تۈپتىن ئۈزۈنى قاچۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئىپادىلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن ھەر قېتىمدا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى.

1865 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئاخىرلىشىشى بىرازىلىيەدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى بىلەن جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بىرلىشىشكە باشلىدى. 1870 ـ يىلى رىيو ـ دې ـ ژانېيرودا قۇللارنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، دېموكراتىك زىيالىيلار ۋە سودىگەرلەردىن ھۆرلۈك كۇلۇبى تەشكىللەندى. بۇ ئىككى ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىن ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرى بىرلا ۋاقىتتا بۇ ئىككى تەشكىلاتقا قاتناشتى. قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغۇچى بەزى جەمئىيەتلەر يەنە قۇللارنىڭ قېچىشىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. 1883 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دۆلەت ئىچىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغۇچى ھەرخىل جەمئىيەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى قۇلىمزلاشتۇرۇش ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

1870 ~ 1880 ـ يىللىرى قارا تەنلىكلەر قاچقۇن قۇللار قورغىنىدىن بىرمۇنچىنى قۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرراقى ساۋپاۋلو ئۆلكىسىنىڭ سانتوس پورتىغا يېقىن بولغان ياۋاكارا قاچقۇن قۇللار قورغىنىدۇر. بۇ قاچقۇن قۇللار قورغىنىدا ئۆزلىرى زوڭتۇڭ سايلاپ، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەيتتى ھەمدە ئۇلار قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەتتى.

1850 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئامېرىكا ھەرىكەتلەرنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى ھۆكۈمران سىنىپتىكى سىياسىي پارتىيەلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇشقا تۈرتكە بولدى. جەنۇبىي رايونلاردىكى قەھۋە ئېكىنزارلىقلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە شىمالىي رايونلاردىكى شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان دوكارلاردىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان لىبېرال پارتىيەسى شىمالدىكى شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان دوكارلار ۋە ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1870 ـ يىللىرى ئۈچىنچى سىياسىي پارتىيە — جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە 1873 ـ يىلى ساۋ ـ پاۋلودا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا مەخسۇس بىر تۈرلۈك قارار لايىھەسى ماقۇللىدى، قارارىدا ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇلدارلار تولۇق قىلىمغا ئېرىشىدۇ، دېيىلدى. بۇ يېڭى پارتىيەگە قاتناشقۇچىلار ساۋپاۋلو، جەنۇبىي رىيو گىراندې، مىناس جېرايىس قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى بۇرژۇئازلار، ئېكىنزار خوجايىنلىرى ۋە زىيالىيلار قاتنىشىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىمۇ قاتناشتى.

خەلق ئۇزۇكسىز ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتەك غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشتى. 1871 ـ يىلى «ھامىلىنىڭ ئەركىن بولۇش قانۇنى» ئېلان قىلىندى، بۇ قانۇندا پەرمان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تۇغۇلغان قارا تەنلىك قۇللارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1885 ـ يىلى پارلامېنتتا بىر يېڭى لايىھە تەستىقلاندى، ئۇنىڭدا 60 ياشتىن 62 ياشقىچە بولغان قۇللار خوجايىنلىرىغا ھەقسىز ئۈچ يىل ئىشلەپ بېرىدۇ، 63

ياشلىق قۇللار ئىككى يىل ئىشلەپ بېرىدۇ، 64 ياشلىق قۇللار بىر يىل ئىشلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئازاد بولىدۇ، ئازادلىققا ئېرىشكەن قۇللارنىڭ بەش يىل ئىچىدە ئەسلىدە ئولتۇرۇشلۇق ئورنىدىن كېتىشىگە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. خەلق بۇ خىل قانۇننى ئېكىنزار قۇلدارلىرىنىڭ رەزىل ھىيلە ـ مىكىرلىرى دەپ ئەيىبلىدى، شۇنىڭ بىلەن قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ كەتتى. قۇللار قورۇقلاردىن تۈركۈملەپ قاچتى، ئەسكەرلەر قاچقۇن قۇللارنى جازالاشقا قاتنىشىشتىن باش تارتتى. 1885 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاۋام پالاتاسى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش قانۇنىنى ماقۇللىدى، 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مۇۋەققەت ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچى پېدرو II نىڭ قىزى ئىسابېلا بۇ قانۇنغا تەستىق سالدى. شۇنىڭ بىلەن 750 مىڭ قارا تەنلىك قۇل ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يېرى، ياشاش يولى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى يالانما دېھقانغا ئايلاندى، ئاز بىر قىسمى قول سانائەتچىلەر ۋە سانائەت ئىشچىلىرى سېپىگە قوشۇلدى.

قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن بىرازىلىيە خەلقى كۆزەشنىڭ تىغ ئۇچىنى مەركەزلىك ھالدا ئىمپېرىيە تۈزۈمىگە قاراتتى. 1889 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كۆپلىگەن شەھەرلەردە نامايىش بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ رەھبىرى مارشال دېئودورادا فونسېكا بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەربىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. 13 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە دېئودورادا فونسېكا ئىككى پولك ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ رىيو ـ دې ـ ژانېيروغا يۈرۈش قىلدى. 15 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى قىسىم مەركىزى شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقى تۇرۇشلۇق بىنانى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنى

كەچتە بىرازىلىيە قوشما ئىشتاتلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە دېئودورادا فونسېكا باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئەتىسى پېدرو Ⅱ ياۋروپاغا سۈرگۈن قىلىندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىرازىلىيە تارىخى جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كىردى.

## 3. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتى

قۇللۇق تۈزۈمنىڭ بىكار قىلىنىشى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن، بىرازىلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسى تاماملاندى، بۇ لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن بىرازىلىيە تارىخىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. 1889 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئارمىيە ئىچىدە تەن جازاسى بېرىش بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلاندى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېلان قىلىنغان پەرماندا 21 ياشقا توشقان، ساۋاتلىق ئەر پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنىڭ سايلام ھوقۇقى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1890 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ھۆكۈمەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش قانۇنى ئېلان قىلىندى. 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى توينى دىنىي مۇراسىمسىز ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقى جاكارلاندى. 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قەغەز پۇل تارقىتىشقا ھوقۇقلۇق بانكا تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1890 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاساسىي قانۇن لايىھەسى تۈرغۈزۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1891 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىندى، بۇ قانۇن ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ئۈرنەك قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەمۇرىي باشلىقنىڭ زۇڭتۇڭ بولىدىغانلىقى، 21 ياشقا توشقان

ئەرلەرنىڭ سايلامغا بىۋاستە قاتناشسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ئالىي پالاتا بىلەن ئاۋام پالاتاسىدىن تەشكىل قىلىندى، ئالىي پالاتاسى ئەزالىقىغا ھەربىر ئىشتاتقا ئۈچ نامزات بىرىلىدىغان، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توققۇز يىل بولىدىغان بولدى. ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى ئاھالىنىڭ نىسبىتى بويىچە بىۋاستە سايلامدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدىغان بولدى. ئەدلىيە ئورگانلىرى مەملىكەتلىك ئالىي سوت بىلەن ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سوتلاردىن تەشكىل قىلىندى، باش سودىيەنى زۇڭتۇڭ ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان، ئۇ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولدى. ئاساسىي قانۇندا پۇقرالار قانۇن ئالدىدا بابباراۋەر بولىدىغانلىقى، دىنىي ئېتىقاد، گەپ - سۆز، نەشرىياتچىلىق، يىغىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مۇقەددەس، دەخلىسىزلىكى جاكارلاندى. بۇ قانۇن چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

قۇللۇق تۈزۈم بىلەن پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش — كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرقەدەر كەڭ يول ئېچىپ بەردى. 1889 - يىلىدىن كېيىن بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادى خېلى تەرەققىي قىلدى، بۇ تەرەققىياتلار ئالدى بىلەن قەھۋە، كاۋچۇك، كاكائۇ مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىپادىلەندى، 1915 - يىلى كاكائۇنى ئېكسپورت قىلىش مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى، ئۇنىڭدىن قالسا سانائەت - قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلى تېز بولدى. 1889 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە 600 دىن ئارتۇق زاۋۇت بولۇپ، ئۇنىڭ 60% نى توقۇمىچىلىق ساھەسى ئىگىلەيتتى، 1907 - يىلى سانائەت كارخانىلىرى كۆپىيىپ 3250 كە يەتتى، 1914 - يىلى

تۆمۈريول 24 مىڭ 613 كىلومېتىرغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ساھەلەرمۇ، مەسىلەن، تاشيول، سۇ قاتنىشى، ھاۋا قاتنىشى، پوچتا ـ تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەرمۇ خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان پوچتا ـ تېلېگراف تورى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە قاتناش ـ ترانسپورتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تاشقى سودىنى كۆپەيتتى. 1890 ـ يىلى ئېكسپورت سوممىسى 280 مىليون 665 مىڭ كىرۇزېيروغا، ئىمپورت سوممىسى 255 مىليون 520000 كىروزېيروغا يەتتى. 1913 ـ يىلى ئېكسپورت سوممىسى 981 مىليون 768 مىڭ كىرۇزېيروغا ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 7 مىليون 495 مىڭ كىرۇزېيرو بولدى.

لېكىن، بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا يېرىم مۇستەملىكە خاراكتېرىدە ئىدى، چوڭراق سانائەت كارخانىلىرى بىلەن قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى، كان ۋە بانكىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەنگلىيە مونوپول كاپىتالىستلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. 1900 ـ يىلى بىرازىلىيەنىڭ تاشقى قەرزى 45 مىليون 650 مىڭ فوندستېرلىڭ بولغان بولسا، 1910 ـ يىلى كۆپىيىپ 129 مىليون 300 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەتتى.

يېزىلاردا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، چوڭ يەر ئىگىلىك تۈزۈمى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقسىز ئورنىغا، ئېغىر ئەمگەك ۋە يېرىم فېئوداللىق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن نارازى ئىدى. 1893 ~ 1897 ـ يىللىرىنىڭ ئارىلىقىدا يەر ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان پۈتۈن بىرازىلىيەنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن باھىيا ئىشتاتىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ئانتونېئو ماسىئېل ئىدى. ئۇ

دۆلەت تۈزۈلمىسى بىلەن قانۇن ئادىل ئەمەس، دەپ قاراپ، خەلقلەر بىردەك باراۋەر بولغان، يەرلەر ئومۇمنىڭ مۈلكىدە بولغان، ئورتاق ئەمگەك قىلىپ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان يېزا جەمئىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. كىشىلەر ئۇنى كونسىلپېرو دەپ ئاتاشتى، مەنىسى «پەند - نەسىھەتچى» ئىدى. 1893 - يىلىدىن باشلاپ كونسىلپېرو ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆز ئىدىيەسىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، بائىيا ئىشتاتىدىكى قاقاس چارۋىچىلىق يېزىسى كانۇدوستا ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار يومپىشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى، ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، ئورمان - يايلاقلار ئىچىگە بازا قۇرۇپ ئۆزلىرى قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ياسىدى. پارتىزانلىق تاكتىكىسىنى پائال قوللىنىپ، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە كانۇدوستا 5000 دىن ئارتۇق چىغ كەپىلىك خېلىلا چوڭ بىر بازار بەرپا قىلدى. كانۇدوسنىڭ تەسىرىنىڭ تېز كېڭىيىشى ئىشتات باشلىقىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. 1896 - يىلى 11 - ئايدا بىر تارماق ساقچى ئەترىتى جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغاندا، كونسىلپېرو خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلدى. ئىككىنچى قېتىمدىمۇ كانۇدوستىكى ئارمىيە ۋە خەلق 500 دىن ئارتۇق بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتتى. 1897 - يىلى ھۆكۈمەت يېڭىدىن يىراقتا يۈرۈش قوشۇنىنى ئەۋەتكەندە ئۇلارمۇ مەغلۇپ بولدى، قوماندان (پولكوۋنىك) ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت يەنە بىر گېنېرالنىڭ قوماندانلىقىدىكى 6000 كىشىلىك يىراقتا يۈرۈش قوشۇنىنى ئەۋەتىپ كانۇدوسقا ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن پارتىزانلىق تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر قېتىملىق جەڭدە ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. لېكىن، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كانۇدوس مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى. ئېۋكلىيدېسدا كونىيا

www.uyghurkitap.com

«كىندىك رايون» دېگەن كىتابىدا: «10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچقۇرۇن ئىدى. كانۇدوس ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم قوغدىغۇچىلار يىقىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىشغال قىلىندى، كانۇدوس ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر غېرىچ، بىر غېرىچتىن تارتىۋېلىندى» دەپ يازغانىدى.

بىرازىلىيە ئىشچىلىرى ئىمپېرىيە دەۋرىدىلا ئىستىخىيەلىك ھالدا كۈرەشنى باشلىۋەتكەنىدى. 1890 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرىشى تەدرىجىي تەشكىللىنىشكە باشلىغانىدى. 1891 ـ يىلى پېدروپولىس بىلەن مەركىزىي تۆمۈر ـ يول ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى. شۇ يىلى سىياسىي خاھىشى روشەن بولغان ئىككى خىل ئىشچىلار گېزىتى «ئىشچىلار گېزىتى» بىلەن «1 ـ ماي گېزىتى» نەشر قىلىندى. 1892 ـ يىلى سانتوستا «سوتسىيالىزم مەركىزى» قۇرۇلدى. 1895 ـ يىلى ساۋپاۋلو ۋە سانتوس قاتارلىق شەھەرلەردە بىرازىلىيە ئىشچىلىرى تۇنجى قېتىم «1 ـ ماي» بايرىمىنى تەبرىكلەپ چوڭ نامايىش ئۆتكۈزدى. 1896 ـ يىلى «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشەيلى» دېگەن شوئار ئاستىدا «سوتسىيالىست پارتىيەسىدىكىلەر گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، بىرازىلىيەدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر ساۋپاۋلودا تارقىتىلدى. بۇ گېزىتتە پورتۇگالىيە، ئىتالىيە ۋە گېرمان تىللىرىدا ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيەلىرى پائال تەشۋىق قىلىندى. 1902 ـ يىلى بىرازىلىيە سوتسىياللار پارتىيەسى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. 1908 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆپ ساندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان بىرازىلىيە ئىشچىلىرىنىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن مەملىكەتلىك ئىشچىلار تەشكىلاتى — بىرازىلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، بۇ بىرلەشمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشچىلار كۆپ قېتىم ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىنى قىلدى.

## 3 ـ بۆلۈم كۇبانىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

### 1. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى كۇبا

كۇبا غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئارال، شۇنداقلا غەربىي يېرىم شارغا ئۆتىدىغان دېڭىز يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن. ئىقلىمى شېكەر قومۇشى، كۆك تاماكا تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، كەڭ كەتكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىقى بار، يەر بايلىقى مول، كولۇمبۇ كۇبا ئارىلىنى «مەن كۆرۈپ باققان ئەڭ گۈزەل ئارال» دەپ مەدھىيىلىگەنىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۇباغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. 1511 ـ يىلى ۋېلازكېز يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى كۇبانىڭ جەنۇبىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ سانتىياگو شەھىرىنى قۇردى. مۇستەملىكىچىلەر كۇبادا «ھامىيلىق تۈزۈمى»نى يولغا قويۇپ، ئىندىيانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئىندىيانلارنى مۇستەملىكىچىلەرگە قول قىلىشقا تۇتۇپ بەردى، ئۇلارنى كان ـ قۇدۇقلار ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئېغىر ئەمگەك قىلىشقا قوغلىدى. كۆپ ساندىكى ئىندىيانلار ياكى ئاچلىقتىن ئۆلدى، ياكى ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆلدى، ياكى قارشىلىق قىلىش جەريانىدا مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. 1557 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەسلىدىكى 300 مىڭغا يېقىن قارا تەنلىكلەر ئازىيىپ 20 مىڭى قالدى، «ھامىيلىق تۈزۈمى»مۇ ئىككى يىل ئىلگىرى ئەمەلدىن قالغانىدى.

«ھامىيلىق تۈزۈمى» يۈرگۈزۈلگەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كۇبانىڭ ئىقتىسادىدا ھېچقانداق تەرەققىيات

بولمىدى، «ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى» كۆچمەنلەرنىڭ كۇباغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئالتۇن ناھايىتى تېزلا قېزىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن كۆچمەنلەر يېڭى بايقالغان مېكسىكا ۋە پېرۇلارغا ئايغى ئۈزۈلمەي كۆچۈپ كەتتى. گوللاندىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىمۇ كۇباغا ئۈزۈكسىز زەربە بېرىپ تۇردى. 1536 ـ يىلى فىرانسىيەلىكلەر ھاۋانا شەھىرىنى تارتىۋالدى، 1554 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرى سانتىياگوغا ھۇجۇم قىلدى، 1555 ـ يىلى ھاۋانا شەھىرىنى ئوت قويۇپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۇبا بىر قاقاسلىق جاي بولۇپ قالغانىدى. 1602 ـ يىلىدىكى كۇبانىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئاران 20 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ 13 مىڭى ھاۋانا شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۇبادا كۆك تاماكا ۋە شېكەر قومۇشى تېرىدى، كۆك تاماكا تېرىشتا كىچىك كۆلەمدىكى ئېكىنزارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كۇبادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاق تەنلىك كۆچمەنلەر مۇئەييەن ساندىكى يەرگە ئېرىشەتتى، كۆك تاماكا ئۆستۈرىدىغان، ھوسۇلنى يىغىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىدىن بولاتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۇبادا 10 مىڭدىن ئارتۇق كۆك تاماكا ئېكىنزارلىقى بارلىققا كەلدى.

شېكەرچىلىكنىڭ تەرەققىياتى دەسلەپتە ناھايىتى ئاستا بولغانىدى، 1672 ـ يىلى ئەنگلىيە كۇبانى ئىشغال قىلىپ ئەركىن تاشقى سودا سىياسىتىنى يولغا قويدى، بۇ سىياسەت شېكەرچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئىسپانىيە كۇباغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى مونوپول تاشقى سودا تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي، ئەكسىچە يېزا ئىگىلىكى ۋە سودىنىڭ

تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بەردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. 1765 ـ يىلى كۇبادا 600 شېكەر زاۋۇتى بار ئىدى، 1779 ـ يىلى شېكەر مەھسۇلاتى 5600 تونناغا يەتتى. ھايتى ئىنقىلابى قوزغالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشى ساھەسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، كۇبانى شېكەر ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان خەلقئارا بازار بىلەن تەمىنلىدى، شېكەر مەھسۇلاتى ۋە ئېكسپورت مىقدارى تېز ئاشتى. 1810 ـ يىلى 33 مىڭ 708 توننا ئېكسپورت قىلغان بولسا، 1830 ـ يىلغا كەلگەندە 72 مىڭ 635 تونناغا يەتتى. شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى كۇبانى شېكەرنى ئىقتىسادىي جان تومۇر قىلغان يەككە تۈردىكى زىرائەت رايونىغا ئايلاندۇردى.

ئىندىيانلار قىرىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىدىن قارا تەنلىك يۆتكەپ كېلىش ئارقىلىق ئەمگەك كۈچىنى تولۇقلىدى. 1524 ـ يىلى تۇنجى تۈركۈم قارا تەنلىكلەر يۆتكەپ كېلىنىپ، ژېنئاگۇا ئالتۇن كېنىنى قېزىشقا ئىشلىتىلدى، لېكىن يۆتكەپ كېلىنگەن قارا تەنلىك قۇللار كۆپ ئەمەس ئىدى. شېكەر قومۇشى تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆپىيىشى، شېكەر زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قارا تەنلىك قۇللار كۇباغا ئايىغى ئۈزۈلمەي يۆتكەپ كېلىنىشكە باشلىدى. 1774 ـ يىلى كۇبادا جەمئىي 172 مىڭ 620 ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قارا تەنلىك قۇللار ۋە شالغۇت قۇللار 44 مىڭ 333 ئىدى. 1817 ـ يىلى جەمئىي 630 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ 224 مىڭى قارا تەنلىك قۇللار ئىدى. بۇ چاغدا كۇبا «شېكەر ۋە قۇل» بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى.

1777 ـ يىلى ئىسپانىيە كۇبانى ئۆزىنىڭ ئايرىم مۇستەملىكە يېرىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئىسپانىيە پادىشاھى تەيىنلىگەن ھەربىي باش ۋالىي بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان

ئورگان تەسىس قىلىش ئارقىلىق كۇبانىڭ ئورنىنى ئۆستۈردى، ئىسپانىيە ھامىيلىقىدىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىمۇ مەمۇرىيەت، ھەربىي ۋە موناستىرنىڭ ۋەزىپە ئورۇنلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئىسپانىيەلىكلەر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە جېنىنىڭ بارچە بايلىق توپلىدى. كۇبانىڭ ھەر يىللىق كىرىمىنىڭ 40% ~ 50% ى ئىسپانىيەگە ئاقاتتى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە، كۇبا خەلقىمۇ كۆپ قېتىم ئىنقىلابىي كۆرەشنى قانات يايدۇردى. 1792 ـ يىلى ھاۋانا، شاھزادە پورتى ۋە تىرىنىداد ئەتراپىدىكى شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقلىرىدا قارا تەنلىك قۇللارنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. 1795 ـ يىلى بايامودا ئەركىن قارا تەنلىك رەھبەرلىك قىلغان نامرات ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ بىرلەشمە قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ پۈتكۈل شەرقىي رايونغا كېڭەيدى ھەمدە قارا تەنلىكلەر، ئاق تەنلىكلەر بىردەك باراۋەر بولۇش، يەرلەرنى نامرات ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرگە بۆلۈپ بېرىش ئىنقىلابىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1796 ـ يىلى بوكا ـ نىكىئا شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقىدا قارا تەنلىك نېگىر قۇللارنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. 1812 ـ يىلى كۇبانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئورېنت ۋە كاماگۇېي رايونلىرىدا كۆلىمى چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قارا تەنلىكلەر قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. خوسې ئانتونىيو ئاپوند رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار «مۇستەقىل قارا تەنلىكلەر جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ھاۋانا شەھىرىدە قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى قۇرۇپ، ئىلگىرىكى ھەرقانداق قوزغىلاڭغا قارىغاندا تەشكىللىككە ۋە روشەن سىياسىي نىشانغا ئىگە بولدى، لېكىن ئۇلار تازا ئويغانغان

ۋاقتىدا قىلغان بارلىق قوزغىلاڭلىرى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. كۇبا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرگە ئوخشاش بىردەك مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

بىرىنچىدىن، كۇبادىكى ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى قۇللۇق ئەمگىكىنى ئاساس قىلاتتى، ھايتى ئىنقىلابى ۋە باشقا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنىڭ ئىنقىلابىي ئۈلگىلىرى ئېكىنزار قۇلدارلىرىنى قورقۇتۇۋەتكەن، ئۇلارچە مۇستەقىللىق قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئورنى قارا تەنلىك قۇللارنى ئازاد قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇشنى بەلگىلىگەنىدى. شۇڭا، 1795 ~ 1805 ـ يىللىرى ھايتى ئارىلىدىكى ئېكىنزار قۇلدارلىرى قۇللارنى باشلاپ كۇباغا كىرىپ (ئومۇمىي سانى 30 مىڭغا يېتىدۇ) ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇپ، كونا تەرتىپنى ساقلىغۇچىلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشقانىدى. ئىككىنچىدىن، كۇبا ئىسپانىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تايانچ نۇقتىسى ھەم تەمىنات بازىسى بولغاچقا، ئىسپانىيە كۇبانى بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مەھكەم ساقلىدى. ئۈچىنچىدىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيەلەر ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوللاشقا مايىل بولغاچقا، كۇبانىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئامېرىكا كۇبا ئىنقىلابىنىڭ ئامېرىكىدا كىرىزىس پەيدا قىلىشىدىن قاتتىق قورقاتتى، شۇڭا ئۇ كۇبا ئىنقىلابىغا كۆچەپ توسقۇنلۇق قىلدى. 1825 ـ يىلى مېكسىكا ۋە كولۇمبىيەدە ئوتتۇرىغا چىققان كۇبا ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش پىلانى ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغانىدى.

ناپولېيون ئۇرۇشى مەزگىلىدە كۇبا دېڭىز قاتنىشىدا قامال قىلىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئامېرىكا بىلەن تاشقى سودا مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي كۈچەيتكەنىدى. كۇبا ئامېرىكىغا شېكەر، قەھۋە، كاكائو، نىل بوياق، كۆك تاماكا ۋە سىگار چىقىراتتى، ئامېرىكىدىن ئۇن، هاراق، تۆمۈر، توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئۆي جاهازلىرى كىرگۈزەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە كۇبانىڭ كۆپ ساندىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاشقى سودىسى ئامېرىكا بىلەن قىلىنىدىغان بولدى. كۇبانىڭ شېكەر بىلەن كۆك تاماكىنى ئامېرىكىغا چىقىرىش سوممىسى ئىسپانىيە ۋە ئەنگلىيەگە چىقىرىش سوممىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى، لېكىن ئىسپانىيە سودىگەرلىرى كۇبانىڭ تاشقى سودىسىنى قايتىدىن كونترول قىلىشقا كۈچەپ ئۇرۇندى. 1834 ـ يىلى ئىسپانىيە كۇبانىڭ ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىدىغان ئۇنىنىڭ تاموژنا بېجىنى هەربىر تۈگىنىگە 9.5 دوللار ئۆستۈردى، ئامېرىكىمۇ كۇبانىڭ سىرتقا قەھۋە چىقىرىشىدىن ئالاهىدە تاموژنا بېجى ئېلىپ ئۆچ ئالدى. ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە تاموژنا بېجى ئۇرۇشى كۇبانىڭ ئىقتىسادىغا چوڭ تەسىر قىلدى، قەھۋە ئىشلەپچىقىرىش شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ شېكەر ئىشلەپچىقىرىش سەل ئاشتى. 1833 ـ يىلى كۇبادىكى 2067 ئېكىنزارلىقتا قەھۋە ئىشلەپچىقىراتتى، ئېكسپورت مىقدارى 64 مىليون 150 مىڭ قاداق ئىدى. 1862 ـ يىلى قەھۋە ئېكىنزارلىقى ئازلاپ 782 گە چۈشۈپ قالدى، ئېكسپورت مىقدارىمۇ 5 مىليون توننىغا چۈشۈپ قالدى. بەزى قەھۋە ئېكىنزارلىقىنىڭ خوجايىن جەمەتلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ نوپۇزى چۈشۈپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. شېكەر ئىشلەپچىقىرىش مەهسۇلاتى 1850 ـ يىلى 220 توننا بولغان بولسا، 1869 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېشىپ 749 توننىغا يەتتى. شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىچكى جەھەتتىن

كۆزەتكەندە، ئىشچى ـ دېھقانلار تەقسىمات بويىچە ئىشلەش خاھىشى بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى ئۈنىۋېرسال ئىسىم — شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقىدىكى شېكەر زاۋۇتى مەركىزىي شېكەر زاۋۇتى ۋە شېكەر قومۇشى ئۆستۈرىدىغان دېھقانلار دېگەن ئىسىمغا ئورۇن بوشاتتى. مەركىزىي شېكەر زاۋۇتى يېڭى تىپتىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ قۇراشتۇرۇپ شېكەر قومۇشىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، تۆمۈريول ياسىدى، مەركىزىي شېكەر زاۋۇتى بىلەن شېكەر قومۇشى ئۆستۈرىدىغان دېھقانلارنى بىرلەشتۈرۈۋەتتى. كۇبادا ئىشلەپچىقىرىلغان شېكەرنىڭ 90% ى ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىندى، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىمۇ شېكەر ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىگە بىۋاسىتە مەبلەغ قىلىپ سېلىندى، 1896 ـ يىلى ئامېرىكا سالغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. كۇبادىكى شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقى خوجايىنلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خوجايىن دۆلەت ئىسپانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىنمۇ خېلىلا قويۇق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلار قارا تەنلىكلەر قۇللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، نامرات ئاق تەنلىك دېھقانلار، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسى ھەمدە ئىسپانىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتىن زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىمىغا نارازى بولغان سودا بۇرژۇئازىيەسى بىلەن يەرلىك ئاق تەنلىك ئېكىنزار ئىگىلىرىمۇ بار ئىدى. قارا تەنلىكلەر قۇللار بىلەن نامرات دېھقانلار كۇبانىڭ مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق قوشۇن ئىدى. ئۇلار مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن قارا تەنلىك قۇل تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى باشتىن ئاخىر يەر ئىگىلىك تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاچقا، لىبېرال

پومېشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيە مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

## 2. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

ئامېرىكىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى كۇبادىكى قۇللارنى قوزغىتىش ھەرىكىتىگە يېڭىدىن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 1868 ـ يىلىدىكى ئىسپانىيە ئىنقىلابى ئىسابېلا Ⅱ نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، كۇبادىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. قەھۋە ئېكىنزارلىقىنىڭ خوجايىنى ئانتونىيو مانۇئېل دې سېسپېدېس ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قارا تەنلىك قۇللىرىنى قويۇۋېتىپ، بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن بىرلەشتى. 1868 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئورىنت ئۆلكىسىدىكى دىماخاگۇئادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ كۇبانىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاساسلىق ئامما نېگىر قۇللار ۋە ئاق تەنلىك ئۇششاق دېھقانلار ئىدى، توختاملاشقان جۇڭگولۇق ئىشچىلارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. قوزغىلاڭنىڭ شوئارى: «ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتايلى»، «قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلايلى»، «ياشىسۇن ئەركىن كۇبا» ئىدى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان ئەركىن ئېكىنزار خوجايىنلىرى ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ قوزغىلاڭچى ئامما بىلەن بىللە ئورمانلىققا چېكىندى ۋە مائېراستىرا تاغلىق رايوندا تايانچ بازا قۇردى. قوزغىلاڭچىلار نەچچە ئاي ئىچىدىلا 150 نەچچە ئادەمدىن كۆپىيىپ 26 مىڭ ئادەمدىن ئاشتى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۈرەش قىلدى. ئۇلار ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان ئىسپانىيە قوشۇنى ۋە ئەكسىيەتچى پومېشچىكلارنىڭ قوراللىق «قوغدىنىش قىسمى»

www.uyghurkitap.com

بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، كۈرەش جەريانىدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر قوماندانلار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، ئانتونىيو ماسىئېل شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شالغۇت ئىرقتىن بولۇپ، بوي ـ تۇرقى قامەتلىك، باتۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، «كۈمۈش رەڭلىك گىگانت ئادەم» دەپ تەرىپلەندى، كۇبا خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى، ئامېرىكىنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى تۇراتتى. ئۇ: «بىز چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق غەلىبىنى تېزلىتىشكىمۇ، كېچىكتۈرۈشكىمۇ ئېھتىياجلىق ئەمەس»، «ئەركىنلىك تىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى قىلىچ ۋە مىلتىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ» دېگەنىدى.

1869 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ، «ئەركىن كۇبا جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا ئانتونىيو مانۇئېل دې سېسپېدېس سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى، قۇللارنى ئازاد قىلىش قاتارلىق پەرمانلار ئېلان قىلىندى. قۇللارنى ئازاد قىلىش پەرمانىدا: «كۇبا ئىنقىلابى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك ئەركىنلىكنىمۇ جاكارلىدى. بۇ ئەركىنلىك بىر تۈركۈم ئاھالىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ دەپ قارالسا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئەركىن كۇبا بىلەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى كۇبا ئوت بىلەن سۇدەك بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ، ئىسپانىيەنىڭ تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئەڭ ئادالەتسىز قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك» دېيىلگەن. پەرماننىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنقىلابنى قوللىغان ئېكىنزار قۇلدارلىرى تولۇقلىما سوممىغا ئېرىشەتتى، ئازاد قىلىنغان قۇللار ھەربىي سېپىلىككە قاتنىشىشى كېرەك ئىدى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭچىلار ۋە قوزغىلاڭنى قوللىغۇچىلارنى ھەرخىل قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن باستۇردى.

1873 ـ يىلى ئانتونىيو مانۇئېل دې سېسپېدېس ئەسىرگە چۈشۈپ قۇربان بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن لىبېرال ئېكسىزار ئىگىلىرى بىلەن ئوڭ قانات بۇرژۇئازىيە ئىسپانىيەنىڭ كۈچلۈك ھەربىي بېسىمى ئاستىدا تەۋرىنىپ مۇرەسسە قىلدى، ئۇلار 1878 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىسپانىيە بىلەن «زانخون ① سۈلھى شەرتنامىسى» تۈزدى. شەرتنامىنىڭ روھى بويىچە ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل بولدى، كۇبالىقلارنىڭ ئىسپانىيە پارلامېنتىغا ۋەكىللىنى كىرگۈزۈشىگە قوشۇلدى، كۇبالىقلارنىڭمۇ ئەمەلدار بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەش ھوقۇقى بولىدىغان بولدى. شەرتنامىدە يەنە ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشقان ئاسىيالىق كۆچمەنلەر ۋە قۇللارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1880 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى پۈتكۈل ئارال بويىچە قۇللارنى ئازاد قىلىش پەرمانىنى ئېلان قىلدى. ئانتونىيو مانۇئېل دې سېسپېدېس ۋەكىللىك قىلغان بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى «زانخون سۈلھى شەرتنامىسى»نى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. 1879 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئانتونىيو مانۇئېل دې سېسپېدېس يامايكىدا خىتابنامە ئېلان قىلىپ، كۇبا خەلقىنى، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنى، 10 يىللىق ئۇرۇشقا قاتناشقان پېشقەدەم ئەسكەرلەرنى قولىغا قورال ئېلىپ مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن ئاتلىنىشقا چاقىردى.

1868 ~ 1878 ـ يىللىرىدىكى ئىنقىلاب «10 يىللىق ئۇرۇش» دەپ ئاتالدى، ئۇ كۇبا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئىدى. بۇ 10 يىل ئىچىدە ئىنقىلابچىلار دۈشمەن قوشۇنىدىن جەمئىي 140 مىڭ ئادەمنى يوقاتتى،

① كاماگۇئېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر كىچىك بازار.

ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى 700 مىليون پېسو زىيان تارتتى. لېكىن، بىرىنچى قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇش مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملىيالمىدى، گەرچە قارا تەنلىك قۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قارا تەنلىكلەر يەرگە ئېرىشەلمىدى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىمۇ قامدىيالمىدى، يەنىلا كاپىتالىستلارغا ياللىنىشقا، قۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى ياكى پومېشچىكلارغا ئىجارىكەش بولۇپ ئىشلىدى. «زانخون سۈلھى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىدى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى سەللا مۇقىملاشقاندىن كېيىن، كۇبا خەلقىگە قاراتقان بېسىم ۋە شىلىۋېلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 10 يىللىق ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىندى، باج ئېلىش شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، كۆپلىگەن ئوتتۇرا ۋە كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن چېكىنىشىنى ۋە ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، چوڭ يەر ئېكىنزارلىق خوجايىنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە يەر قوشۇۋالدى. 1895 - يىلى مەملىكەت بويىچە دېھقانلار ئاھالىسىنىڭ 1.4% نى تەشكىل قىلىدىغان چوڭ يەر ئېكىنزار خوجايىنلىرى پۈتۈن مەملىكەت تېرىلغۇ يېرىنىڭ 45.5% نى ئىگىلىدى.

بۇ پاكىتلار مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بەزى ئىلغار ۋەتەنپەرۋەرلەر بىرىنچى قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭى بىر قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشى قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. 1892 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كۇبانىڭ مەشھۇر ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىسى خوسې مارتى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە دۆلەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ كۇبا ئىنقىلابىي

پارتىيەسىنى رەسمىي تەشكىللىدى. ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، بىر قىسىم بۇرژۇئازلار ۋە لىبېرال يومېشچىكلار، ئۇنىڭدىن باشقا زىيالىيلارمۇ بۇ پارتىيەگە قاتناشتى. كۇبا ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىدا ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق كۇبانىڭ تەلتۆكۈس مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

خوسې مارتى (1853 ~ 1895 ـ يىللار) ھاۋانا شەھىرىدە ئىسپانىيەلىك كۆچمەن نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، دادىسى ئىسپانىيەنىڭ پادىشاھلىق توپچىلار قىسمىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەسكەر بولغانىدى. 16 ياش چېغىدىلا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، 1869 ـ يىلى (10 يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلى) «ئەركىن ۋەتەن» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، كۇبا خەلقىنى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشقا چاقىرغاندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى.

خوسې مارتى 18 يېشىدا ئىسپانىيەگە سۈرگۈن قىلىنىدى، 10 يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۇباغا قايتىپ كەلدى. ئۇ «زانخون سۈلھى شەرتنامىسى» غا قارشى ئىدى، سۈلھى شەرتنامە ئىمزالاش مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى «يېرىم يولدا بەربات قىلدۇ» دەپ قارايتتى. مارتى 1880 ـ يىلى ئامېرىكىغا سەرگەردان بولۇپ بېرىپ، نيۇيورك، فىلورىدا قاتارلىق جايلاردىكى مۇھاجىرلار ئارىسىدا ھارماي ـ تالماي تەشۋىقات ئېلىپ باردى، ئىقتىساد توپلىدى، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇردى، ئامېرىكىدا مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كۇبالىق كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاممىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى. ئۇ كۇبادىكى يەرلىك ئاق تەنلىك چوڭ ئېكىنزارلىق خوجايىنلىرى، چوڭ سودىگەرلەر ئىچىدىكى قوشۇۋېتىش ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكىغا چوقۇنۇشىنى ۋە ئامېرىكاپەرەسلىكىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ تاشلىدى، كۇبا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى خەلقلەرنى «خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن ۋە زورلۇق ۋاسىتىلەرنى قوللانغان شىمالدىكى دۆلەتلەر ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەرنىڭ يولىنى يۇتۇۋېلىشى»نى كۆكرىكى بىلەن توسۇشقا چاقىردى. ئۇ ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، كۇبا ئىنقىلابى خەلقنىڭ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقلا غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ئۇ: «ھوقۇق تىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ!» دەيتتى.

كۇبا ئىنقىلابىي پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مارتى چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلار تەرىپىدىن پارتىيە ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. 1892 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇ دومىنىكاغا بېرىپ، 10 يىللىق ئۇرۇشتىكى پېشقەدەم جەڭچى ماكسىم گومېس بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى كۇبا ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. 1895 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مارتى قاتارلىق كىشىلەر 2 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پۈتكۈل ئارالدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بىردەك كېلىشتى. 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كۇبانىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پۈختا ئىنقىلابىي ئاساسقا ئىگە ئورىېنت ئۆلكىسىدە كۆتۈرۈلدى. 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مارتى بىلەن ماكسىم گومېس دومىنىكادا «مونتېكرىستى خىتابنامىسى»[1]نى ئېلان قىلىپ، كۇبا خەلقىنى قولغا قورال ئېلىپ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى. 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇلار ئىككىسى يىراقتا يۇرۇش قىلىش قوشۇننى باشلاپ كۇبادا قۇرۇقلۇققا چىقتى. مارتى دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ

① مونتېكرىستى ــ دومىنىكادىكى بىر بازار.

كۇنىدىكى دوسرىيودىكى جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ماكسىم گومىس، ئانتونىئو ماسئېل قاتارلىق كىشىلەر مارتىنىڭ جاسارىتىگە ھۆرمەت بىلدۇرۇپ، «كۇبالىقلار جېنىدىن كېچىشكە رازىكى، ئەركىنلىكتىن ۋاز كەچمەيدۇ» دەپ قەسەم بەردى ھەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باشلاپ مىللىي مۇستەقىللىق كۇرىشىنى داۋاملاشتۇردى.

1895 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلتاي ئېچىلىپ كۇبانىڭ ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. قۇرۇلتايدا ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن تۇزۇلۇپ، كۇبا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، سايلام ئارقىلىق بىتاكۇرت زۇڭتۇڭ بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۇبا ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنى تەشكىللىدى. ماكسىم گومىس بىلەن ئانتونىيو ماسئېللار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا باش قوماندان ۋە مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى ئۇلار قورال ـ ياراغلىرى ناچار 30 مىڭغا يېقىن كىشىلىك قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇچ ئاي ئىچىدە كۇبا ئارىلىنىڭ شەرقىدىن غەربىي قىسمىغا يۇرۇش قىلىپ كەڭ زېمىننى ئازاد قىلدى. دېھقانلار، ئىشچىلار، قارا تەنلىكلەر، جۇڭگولۇق ئىشچىلار ۋە باشقا قاتلامدىكى خەلقلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىنقىلابىي ئارمىيەگە قاتناشتى ياكى ئىنقىلابىي قوشۇنغا خەۋەرچىلىك قىلدى، ئۇلارنى ئوزۇق ـ تۇلۇكلەر بىلەن تەمىنلىدى، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى يۆتكىشىپ بەردى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 34 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئوخشىماشغان دەرىجىدە ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقاندى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۇبا خەلقىگە ئۇرۇشپەرەسلىك سىياسىتىنى قوللاندى، 1896 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۇنى كۇبا خەلقى تەرىپىدىن «قاسساپ» دەپ ئاتالغان ۋېيلېر ھەربىي ۋالىيلىققا تەيىنلەندى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن «يىغىۋېلىش لاگېرى سىياسىتى»نى قوللىنىپ، كۇبا خەلقىنى نۇقتىلىق مۇداپىئە قىلىنىدىغان

شەھەر ـ كەنتلەرگە يىغىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئازادلىق ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ ساندىكى ھەربىي ۋە ساقچىلارنى ھەربىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئازادلىق ئارمىيەنى قورشاۋغا ئالدى. ئازادلىق ئارمىيە پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، 60 مىڭ ئادەم تەخمىنەن 200 مىڭ كىشىلىك ئىسپانىيە مۇنتىزىم ئارمىيەسىنىڭ قورشاۋغا ئېلىشىغا تاقابىل تۇردى. ماكسىم گومېس قول ئاستىدىكىلەرگە: «جەڭچىلەر تۇشمۇتۇش تاقابىل تۇرمىسۇن، ئۇلار ئامال قىلىپ يىستىرما ئۇرۇشى قىلسۇن، ئات ـ ئۇلاغلارنى ئاسراپ، كېچىدىن پايدىلىنىپ ئىستىھكاملىرنى مۇستەھكەملىسۇن، كۈندۈزلىرى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېچىلىرى تۇيۇقسىز زەربە بەرسۇن» دەپ يوليورۇق بەردى. پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئىسپانىيەنىڭ ئازادلىق ئارمىيەسىنى قورال كۈچى بىلەن يىمىرىۋېتىش خام خىيالىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى. 1898 ـ يىلىغا كەلگەندە ئازادلىق ئارمىيە ئۈچتىن ئىككى قىسىم زېمىننى ئازاد قىلدى. ئىسپانىيە قايتا ـ قايتا ئىچكى كابېنت تەشكىللەپ، قوماندانلىرىنى ئۈچ قېتىملاپ ئالماشتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، كۇبا ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرالماقتا يوق، ئەكسىچە ئۆزلىرى مالىيەدە قىسىلىش، ئەسكەر يېتىشتۈرەلمەسلىك، خەلق قورقۇنچ ئىچىدە ھەر تەرەپكە يىتىرايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئىسپانىيە فىلوتىنىڭ ئىشتاب باشلىقى كونكاس: «كۇبادىكى توپىلاڭ ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇردى، بۇ ئارال ئەمدى بىزنىڭ بولماي قالدى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ۋېيلېر ئىستېپا بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىسپانىيە پادىشاھى پەرمان ئېلان قىلىپ، كۇبانىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا يول قويدى.

كۇبا ئىنقىلابى غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالدى.

# 4 ـ بۆلۈم مېكسىكا

## 1. يېڭىلاش ھەرىكىتى (1854 ~ 1876 ـ يىللار)

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە مېكسىكا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ جۇمھۇرىيەت قۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئىسپانىيەلىكلەرگە تەۋە بولغان چوڭ يەر ـ مۈلۈكلەر يەرلىك ئاق تەنلىك ئوفىتسېرلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، چوڭ يەر ـ مۈلۈكچىلىكى ئاۋۋالقىدەكلا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. 1810 ـ يىلى 4944 پارچە چوڭ يەر بولغان بولسا، 1854 ـ يىلىغا كەلگەندە 6092 گە كۆپەيدى. دىنىي جەمئىيەتلەر يەنىلا چوڭ يەر ئىگىلىگۈچىلەر، چوڭ بانكىرلار، جازانىخورلار ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى تەخمىنەن 300 مىليون پېسو دەپ مۆلچەرلەنگەنىدى.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن مېكسىكىنىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1821 ~ 1840 ـ يىللاردىكى 28 مىڭ 340 كىلوگىرام ۋە 5 مىليون 957 مىڭ 900 كىلوگىرامدىن ئېشىپ، 1841 ~ 1860 ـ يىللاردىكى 37 مىڭ 790 كىلوگىرام ۋە 8 مىليون 772 مىڭ 600 كىلوگىرامغا يەتتى. توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى، 1840 ـ يىللىرى پۈتۈن مەملىكەتتە جەمئىي 59 پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، 2609 توقۇش ماشىنىسى، 10 مىڭ 816 ئىشچى بار ئىدى.

بۇ دەۋردە مېكسىكىغا ئەنگلىيە كاپىتالىمۇ كىرىپ بولغانىدى، 1840 ـ يىلىغا كەلگەندە كان قېزىش سانائەت

ساھەسىدە ئەنگلىيە شىركىتىدىن 65 ى بولۇپ، سالغان مەبلىغى 10 مىليون فوندستېرلىڭدىن كۆپ ئىدى، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى يەنە بىر قىسىم توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ۋە تاشقى سودىنىمۇ كونترول قىلغانىدى.

فېئوداللىق چوڭ يەر مۇلۇكچىلىكى يەنىلا مەۋجۇت بولۇش، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەردە مۇئەييەن تەرەققىيات بولۇش ئاساسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مېكسىكىدا مۇتەئەسسىپلەر بىلەن لىبېراللار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇكسىز داۋاملاشقان ھاكىمىيەت تالىشىش بۆلۈنمە ھالىتى شەكىللەندى. فېئودال چوڭ يەر ئىگىلىرى، ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئوفىتسېرلار ۋە دىنىي جەمئىيەتلەر بىرلىشىپ مۇتەئەسسىپلەرنى تەشكىل قىلدى. ئۇلار جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى، چوڭ يەر مۇلۇكچىلىكى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغدايتتى، شۇڭا ئۇلار يەنە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرى ياكى پادىشاھلىق تەرەپدارلىرى دەپ ئاتىلاتتى. بۇرژۇئازلار، لىبېرال پومېشچىكلار، بىر قىسىم ئوفىتسېرلار ۋە زىيالىيلاردىن ئەركىنچىلەر تەشكىللەندى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار ئىتتىپاقداش تۈزۈمى ئاساسىدا جۇمھۇرىيەت گەۋدىسىنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەركىنچىلەر ئىتتىپاقچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئوڭ قانىتى مۆتىدىللەر، سول قانىتى ئۇچىغا چىققانلار دەپ ئاتالدى. ئۇچىغا چىققانلار كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ يەرلىرىنى دىندىن خالىي يەر ئىگىلىرىگە بۆلۈپ بېرىش، دىنىي جەمئىيەت ۋە ئارمىيەنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، دېھقانلار ۋە ئەركىن كەسىپتىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

مۇتەئەسسىپلەر بىلەن لىبېراللارنىڭ كۆرىشىدە ئوفىتسېرلار ئالاھىدە رول ئوينىدى. ئۇلار ئۆزئۆكسىز سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى ۋە زوڭتوڭنى ئالماشتۇردى. 1824 ــ يىلىدىن 1848 ــ يىلغىچە مېكسىكىدا 250 قېتىمغا يېقىن سىياسىي ئۆزگىرىش ياكى ھەربىي قوزغىلاڭ يۈز بەردى، 31 زوڭتوڭ ئالماشتى. سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىمسىز بولۇش، پاراكەندىچىلىك تىنچىماسلىق مۇشۇ دەۋردىكى مېكسىكىنىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىكى ئىدى.

مېكسىكىدىكى سىياسىي داۋالغۇش بىلەن دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئامېرىكا كېڭەيمىچىلىرىگە ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 1835 ــ يىلى 6 ــ ئايدا ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن، تېكساس ئىشتاتىدىكى كۆچمەنلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 1836 ــ يىلى مۇستەبىت سانتائانا تويىلاڭچى ئارمىيەدىن مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى ھەمدە ئاتالمىش «تېكساس جۇمھۇرىيىتى»نىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1845 ــ يىلى ئامېرىكا تېكساسنى ئۆزىگە رەسمىي قوشۇۋالدى. 1846 ــ يىلى ئامېرىكا مېكسىكىغا بىۋاسىتە ھالدا كەڭ كۆلەملىك قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ، 1847 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 13 ــ كۈنى پايتەختنى ئىشغال قىلدى. 1848 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى مېكسىكا ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى «گىۋادالۇپې ــ ئىداگو شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، يېڭى مېكسىكا، ئۇستۇن كالىفورنىيە، تاماۋولىپاس، كوئاخۇيلا، سونورانىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، بۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 300 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىدى. 1853 ــ يىلى سانتائانا ھۆكۈمىتى يەنە 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بەدىلىگە كولورادو دەرياسى، گىلا دەرياسى ۋە گىراند دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى 120 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدىكى زېمىننى ئامېرىكىغا سېتىپ بەردى.

ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقنى يوقىتىپ

ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرۈش، ۋەتەننى سېتىپ ئابرۇي قازىنىشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشى كەڭ خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1854 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خۇئان ئالۋارېز ئايۇتلادا سانتائانانىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلدى. خۇئان ئالۋارېز ئۇلاغچى (كارۋاندىكى مەدىكار) بولغان، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدى، 1849 ـ يىلى گېررېرو ئىشتاتىغا ئىشتات باشلىقى بولغانىدى. ئۇ «ئەركىن ئارمىيە» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئەترىتى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، تېز ئارىدىلا قوزغىلاڭنى ۋېراكرۇس، يېڭى لېئون، سونورا قاتارلىق ئىشتاتلارغا كېڭەيتتى. 1855 ـ يىلى خۇئان ئالۋارېز قوشۇنى باشلاپ پايتەختكە ھۇجۇم قىلغاندا، سانتائانا چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 10 ـ ئايدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، خۇئان ئالۋارېز زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى، ئوكامبو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا، بېنىتو خۇارېز ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، مېكسىكا تارىخىدىكى «يېڭىلاش ھەرىكىتى» باشلاندى.

يېڭىلاش ھەرىكىتى ماھىيەتتە بىر قېتىملىق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى ئىدى. بۇ ھەرىكەت سانتائانا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن باشلاپ، ئىچكى ئۇرۇش ۋە چەت ئەللەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت جاپالىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغۇچى ئۇلۇغ دېموكراتىزمچى بېنىتو خۇارېز (1806 ~ 1872 ـ يىللار) ئىدى. بېنىتو خۇارېز نامرات ئىندىيان دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يېتىم بالا بولۇپ، كىچىكىدىنلا جاپالىق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان، ياشلىق دەۋردە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇ جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلىنىپ، فېئودالىزمغا، كاتولىك دىنى ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە ۋە چەت

ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان باتۇر جەڭچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان مەزگىلىدە، «خۇارىز قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىپ، بارلىق ئالاھىدە سوتلارنى بىكار قىلغان، ھەربىي سوت ۋە دىنىي جەمئىيەت سوتلىرىنىڭ خەلق ئىشلىرىغا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقلىرىنى ئېلىپ تاشلىغانىدى.

1856 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قانۇن تۈزۈش كېڭىشى ئېچىلدى. ئۇچىغا چىققانلار كۆپ سانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن قانۇن تۈزۈش كېڭىشىدە «لېردو قانۇنى» ماقۇللىنىپ، دىنىدىن خالىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلەرنى ئىشلىتىشى مەنئى قىلىندى، دىنىي جەمئىيەتلەرنى چەكلەپ، ئۇلار ئىگىلىۋالغان يەر ـ مۈلۈكلەرنى ساتتى. 1856 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مۇشۇ پەرمانغا ئاساسەن جەمئىي 23 مىليون پېسو قىممىتىدىكى كۆچمەس مۈلۈكلەر سېتىۋېتىلدى. دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى سېتىۋالغۇچىلار ئاساسلىقى مېكسىكىدىكى چەت ئەل كاپىتالىستلىرى ئىدى. 1857 ـ يىلى پارلامېنت يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللىدى، ئاساسىي قانۇندا زۇڭتۇڭ ئومۇمىي سايلامدا ۋۇجۇدقا چىقىش، دىنىي زاتلار زۇڭتۇڭ ۋە پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانماسلىق، قۇللۇق تۈزۈمنى مەنئى قىلىش، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىندىن خالىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلەرنى ئىگىلىشىنى چەكلەش بەلگىلەندى، خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى جاكارلاندى، سۆز قىلىش، نەشر قىلىش، يىغىلىش ۋە خەت ـ ئالاقە قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش بەلگىلەندى.

1857 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يېڭى ئاساسىي قانۇن بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈلدى. كومونفورد زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى، بېنىتو خۇارىز ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئىسلاھاتقا ۋە 1857 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنغا قارشى تۇرغۇچى

دىنىي جەمئىيەت، دىنىي ھوقۇقدار يومبىشچىكلار، مۇتەئەسسىپ گېنېرال زۇلوئاگا قاتارلىقلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ مېكسىكا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، زوڭتۇڭ كومونفورد ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئامېرىكىغا قاچتى. ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچى 70 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى كېرېتارو شەھىرىدە يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بېنىتو خۇارېز زوڭتۇڭ بولدى، شۇنىڭ بىلەن مۇتەئەسسىپلەر ۋە ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش باشلاندى.

مۇتەئەسسىپلەر مېكسىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئىگىلەپ موناستىر ۋە دىنىي ھوقۇقدار يومبىشچىكلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1858 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دىنىي جەمئىيەتنىڭ گېنېرال زۇلوئاگاغا بەرگەن ياردەم پۇلى 4 مىليون 600 مىڭ پېسودىن ئاشتى. ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلار مېكسىكىنىڭ چەت رايونلىرىدىكى ئىشتاتلارنى كونترول قىلىۋالغاچقا، بۇرژۇئازلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار، دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلار نەچچە مىڭ پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىللىدى، ئۇلار مۇتەئەسسىپلەر ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلاردا ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلدى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇتەئەسسىپلەر ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلىدى، 1858 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇلار ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلارنى يېڭىپ، كان سانائىتىنىڭ مەركىزى گۇۋاناخۇئاتو شەھىرىنى ئىگىلىدى. 1859 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق جايى بولغان ۋېراكرۇس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭغا بېنىتو خۇارېز ھۆكۈمىتى قەتئىي تەدبىر قوللاندى. 1859 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ «ئىسلاھات قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، روھانىيلارنى ئاساسلىق

دۈشمەن، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۈلۈكلىرى دۆلەتكە مەنسۇپ، هاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش كېرەك، دىنغا ئىشىنىش ئەركىن بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى. بېنىتو خۇارېز يەنە دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى كىچىك پارچىلارغا بۆلۈپ سېتىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقتى. «ئىسلاھات قانۇنى» دىنىي جەمئىيەتنىڭ چوڭ يەر ئىگىلىك تۈزۈمىنى بىر قەدەر ئۈزۈل - كېسىل يوقاتتى، بۇ ئىسلاھاتلار ئىچكى ئۇرۇشنى ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلارغا پايدىلىق تەرەپكە بۇرىدى. 1860 - يىلى 8 - ئايدا ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچىلار غەربىي سىلائو رايونلىرىدا مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پايتەختكە ھۇجۇم قىلىپ، بېنىتو خۇارېز مېكسىكا شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن «ئىسلاھات قانۇنى» نى قايتىدىن ئېلان قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە يۈرگۈزدى.

مېكسىكىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار پارىژدا پائال ھەرىكەت قىلىپ، ناپولېيون Ⅲ نىڭ ئۆزلىرىگە فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى پادىشاھلىق تۈزۈم ئورنىتىشقا ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ناپولېيون Ⅲ مۇ مېكسىكىنى فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ھەمدە سىرتقا قارىتا قىلغان ئۇرۇش غەلىبىسى ئارقىلىق پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۆرىشىنى تونجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. 1861 - يىلى 7 - ئايدا مېكسىكا ھۆكۈمىتى تاشقى قەرزنى قايتۇرۇشنى ئىككى يىل توختىتىشنى قارار قىلدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىسپانىيەلەر مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، مېكسىكىغا قوراللىق ئارىلىشىش كېلىشىمىنى ئورتاق ئىمزالاپ، مېكسىكىنىڭ ئىسلاھاتىغا قارشى تۈزىدىغان يېڭى «مۇقەددەس ئىتتىپاق»[1]

---

① ماركس: «مېكسىكىغا قىلىنغان مۇداخىلە»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 15 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 389 - بەت.

تۇزدى.

1861 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كۇبادىن ئاتلانغان ئىسپانىيە قوشۇنى ۋېراكرۇس شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 1862 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە قوشۇنلىرى قورۇقلۇقـقا چىقتى. 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ئىسپانىيە قوشۇنلىرى چېكىنىپ چىقتى. مېكسىكىدا فىرانسىيە قوشۇنى يالغۇز قېلىپ، ۋېراكرۇس شەھىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ پايتەختكە بارىدىغان يوللارغا ھۇجۇم باشلىدى. 1863 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى فىرانسىيە قوشۇنى پۇئېبلا شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، مېكسىكا شەھىرىگە بارىدىغان يولنى ئاچتى. بېنىتو خۇارېز پايتەختتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنىپ، ھۆكۈمەتنى سان لۇئىس پوتوسىنىڭ غەربىگە كۆچۈردى. 1864 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيەنىڭ مۇداخىلىچى ئارمىيەسى ئاۋستىرىيەنىڭ بىر بېگىنى مېكسىكىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ماكسىمىلىيان I دەپ ئاتىدى، لېكىن مۇداخىلىچى ئارمىيە پەقەت بەزى چوڭ شەھەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىلا ئىشغال قىلدى. ئۇچتىن ئىككى قىسىم دۆلەت زېمىنى يەنىلا بېنىتو خۇارېز ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. خەلق تاجاۋۇزچىلار بىلەن شىددەتلىك قارشىلاشتى، يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان پارتىزان ئەترەتلىرى ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلدى، قاتىناش لىنىيەلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئەسكىرى ئاز مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. ئۇزۇن مەزگىللىك پارتىزانلىق ئۇرۇشى داۋامىدا، نامرات ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر قوماندانلار بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، ۋېراكرۇس شەھىرى ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغان ئىندىيان كارباخار شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلار ئىدى، غەربىي نالويا ئىشتاتىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان رۇبىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ

ھەممىسى كان ئىشچىلىرى ئىدى. خەلقنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېنىتو خۇارېز ھۆكۈمىتى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. 1863 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئايال‌لار موناستىرىنى تاقاش ھەققىدە پەرمان ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىپ، مال ـ مۈلۈكلىرى بىلەن ھەربىي ئېھتىياجىنى تولۇقلىدى. 7 ـ ئايدا يەنە پەرمان ئېلان قىلىپ، ھەربىر مېكسىكىلىقنىڭ 2000 گېكتاردىن تۆۋەن دۆلەتنىڭ ئاق يەرلىرىنى ئېچىشىغا رۇخسەت قىلدى، ئىندىيان يېزا جەمئىيەتلىرىنىڭ يەر ئىگىلەش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 8 ـ ئايدا ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش قانۇنىنى ئېلان قىلدى ھەمدە دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى. لېكىن، بۇ پەرمانلار پەقەت نەچچە ئىشتاتتىلا يۈرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، مېكسىكىنىڭ يەر ـ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى.

پارتىزانلارنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى فىرانسىيە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، 1867 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يىراققا يۈرۈش ئارمىيەسىدىن ئۇرۇشتا ۋە كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەر 20% ئەتراپىغا يەتتى. فىرانسىيە ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن بىزار بولۇپ كۆنسېرى چۇشكۈنلەشتى، قېچىپ كېتىش ۋە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىگە تەسلىم بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، قوراللىق مۇداخىلە قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. 1867 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى مېكسىكا شەھىرىدىن چېقىپ كەتتى، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مېكسىكىدىن چېكىنىپ چىقتى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىغا تايىنىپ قوغدىلىۋاتقان ماكسىمىلىيان ئىمپېرىيەسىمۇ يىمىرىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېنىتو خۇارېز ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى

كېرېتارو شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، پادىشاھ ماكسىمىلىيان ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە گېنېراللىرى ئەسىرگە چۈشتى ھەمدە 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. مېكسىكا خەلقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە ئېرىشىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ مېۋىسىنى قوغداپ قالدى. يازغۇچى ۋىكتور ھىيۇگو بېنىتو خۇئارېزغا ئەۋەتكەن تەبرىكنامىسىدە: «ھازىرقى ئامېرىكا قىتئەسىدە ئىككى قەھرىمان بار، ئۇ بولسىمۇ جون بىرووۋن بىلەن سىز. جون بىرووۋن قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقاتقان بولسا، سىز ئەركىنلىكنى تىرىلدۈردىڭىز» دەپ يازدى.

## 2. پورفىرىيو دىيازنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى

چەت ئەلنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش كۆرىشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بېنىتو خۇئارېز جايلاردىكى ئىسلاھاتقا قارشى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ توپىلىڭىنى باستۇردى. بۇ كونا دىنىي ھوقۇق مەسلىكىدىكى مۇتەئەسسىپلەر گۇرۇھى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ سىياسىي سەھنىدىن تەدرىجىي يوقالدى. 1871 ـ يىلى بېنىتو خۇئارېز 4 ـ قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. 1872 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگىنى بويىچە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لېيدو زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقتى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە بېنىتو خۇئارېزنىڭ سىياسىتىدىن چەتلىگەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇنىي ھىمايە قىلغۇچىلار بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىچكى ئۇرۇش ۋە چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بېيىپ كەتكەن بىر تۈركۈم گېنېراللار، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق

كۆتۈرۈلگەن يېڭى پومېشچىكلار ۋە ئامېرىكاپەرەس بۇرژۇئازلار پورفىرىيو دىيازنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، يېڭى مۇتەئەسسىپلەرنى تەشكىللەپ، بېنىتو خۇارېزنىڭ يېڭىلاش سىياسىتىگە قارشى چىقتى.

پورفىرىيو دىياز (1830 — 1915 ـ يىللار) ئەسلىدە بېنىتو خۇارېزنىڭ قول ئاستىدىكى بىر گېنېرال ئىدى. ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ھايانكەشلىك بىلەن بېيىپ چوڭ پومېشچىكقا ئايلانغانىدى. 1872 ـ يىلى بېنىتو خۇارېز بىلەن زوڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن توپىلاڭ قوزغىغانلىقى ئۈچۈن باستۇرۇلدى. 1876 ـ يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ زوڭتۇڭلۇق ئورۇنىنى تارتىۋالدى.

1876 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە پورفىرىيو دىيازنىڭ مېكسىكىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى 34 يىل داۋاملاشتى، بۇ جەرياندا 1880 ـ يىلدىن 1884 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان قورچاق گونزاس بىر نۆۋەت زوڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق يەنىلا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

پورفىرىيو دىيازنىڭ ھاكىمىيىتى چەت ئەل كاپىتالىستلىرى، يېڭى ـ كونا پومېشچىكلار، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ۋە ھەرخىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يېتەكچى پىرىنسىپى «بولكا ياكى توقماق» ئىدى. ئۇ بارلىق ئۆزىنى قوغدىغۇچىلارغا «بولكا» بېرەتتى، يەنى «ئەمەل ۋە پۇل»نى ئۆزىنى قوللاشقا تېگىشەتتى، بارلىق ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارغا «توقماق» بېرەتتى، يەنى ئۇلارغا شەپقەتسىز زەربە بېرەتتى ۋە زىيانكەشلىك قىلاتتى، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۆلتۈرۈلەتتى.

پورفىرىيو دىياز ھاكىمىيىتىنىڭ ساخاۋىتىدىن ئاۋۋال

مەنپەئەتلىنىدىغانلار چوڭ پومېشچىكلار ئىدى. 1883 - يىلى يوز يەر ئېچىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى، مەخسۇس يەر ئۆلچەش شىركەتلىرى قۇرۇلۇپ، قاقاس يەرلەر تەكشۈرۈلدى. ئىسپاتلىق ھۆججەت چىقىرالمىغان ئىندىيان دېھقانلىرىنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئېچىلمىغان يەر دەپ جاكارلاندى ھەمدە ئۇ يەرلەرنى ئۆزىنى ھىمايە قىلغۇچى پومېشچىكلار، گېنېراللار، سىياسەتۋازلارغا ۋە چەت ئەل كاپىتالىستلىرىغا ئەرزان باھادا سېتىپ بەردى ياكى ھەقسىز تارتۇق قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەرلەرنىڭ مەركەزلىشىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يېتىپ يەتتى. تۆۋەن كالىفورنىيەدىكى 30 مىليون ئاكىرغا يېقىن يەرنى تۆت ئادەمگە بۆلۈپ بەردى، 1910 - يىلىغا كەلگەندە مېكسىكىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگۈدەك كەڭ كۆلەمدىكى يەرلەر 3000 غىمۇ يەتمەيدىغان چوڭ پومېشچىكلارغا تەۋە بولدى. بۇ چوڭ پومېشچىكلار يەرلىرىنى ئۆزلىرى ياللىۋالغان باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى مېكسىكا شەھىرىدە ئولتۇراتتى ياكى پارىژدا بۇزۇپ - چېچىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 10 مىليون مېكسىكىلىق ئىچىدە 9 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يېرى يوق ئىدى، تەخمىنەن 5 مىليون ئىندىيانىنىڭ يەرلىرى تارتىۋېلىنغانلىقتىن، ئۇلار قەرزدار، ھاشارچى دېھقانلارغا ئايلىنىپ قالدى.

پورفىرىيو دىياز كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرىگە قارىتا تىل بىرىكتۈرۈش، قاپقانغا چۈشۈرۈش ۋە تىزگىنلەش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ خوتۇنىنىڭ دىنىي مەسلىھەتچىسى ئارقىلىق چوڭ ئېپىسكوپ راباستى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىم بويىچە دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان نامزاتلارنى بېكىتىشتە ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ يېڭىدىن چېركاۋ، موناستىرلارنى سېلىشقا يول قويۇپ، دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ نۇرغۇن ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن

دىنىي جەمئىيەتلەر قايتىدىن بايلىق شىلىۋېلىش، يىغىش بىلەن شۇغۇللاندى، يەر سېتىۋالدى ھەمدە مائارىپنى مونوپول قىلىۋېلىپ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قورالىغا ئايلاندى. پورفىرىيو دىياز مېكسىكىنىڭ يەر بايلىقىنى ساتتى، چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ مېكسىكىدا كان ئېچىشىغا، زاۋۇت قۇرۇشىغا، تۆمۈريول ياسىشىغا، ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويدى. 1887 ـ يىلى پورفىرىيو دىياز ھۆكۈمىتى پەرمان ئېلان قىلىپ، كۆمۈر، نېفىت، سىماب، تەبىئىي گاز ئېچىشنى بەلگىلىدى. ئاز مىقداردا ماركا بېجى ئالغاندىن سىرت، دۆلەت بېجى ۋە يەر بېجىنى بىر دەك ئالمىدى، شۇنداق قىلىپ چەت ئەل كاپىتالى، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ كاپىتالى مېكسىكىغا يامغۇردەك ياغدى. 1900 ـ يىلى ئامېرىكا كاپىتالىستلىرى ھەربىر ئاكىرغا بىر ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرىراق بەدەل تۆلەش ئارقىلىق مېكسىكىنىڭ كەڭ نېفىتلىكىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، مېكسىكىنىڭ نېفىتلىكىنى، نېفىت سانائىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى، تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئەتراپىدىكى كانلارنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. پورفىرىيو دىياز ھۆكۈمىتى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قىلىش ئۈچۈن چەت ئەلنىڭ تۆمۈريول شىركەتلىرىگە ھەربىر كىلومېتىر تۆمۈريول ئۈچۈن 6 مىڭدىن 10 مىڭ پېسوغىچە ياردەم پۇلى تۆلىدى، نەتىجىدە چەت ئەل شىركەتلىرى مېكسىكىنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ۋە تىجارىتىنى كونترول قىلىۋالدى. 1884 ـ يىلى 49 چەت ئەل شىركىتى 3500 مىل كېلىدىغان تۆمۈر يول لىنىيەسىدە تىجارەت قىلدى. چەت ئەل كاپىتالىستلىرى يەنە كۆپلەپ يەر سېتىۋېلىپ، يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە سىڭىپ كىردى. ئامېرىكىنىڭ «سونورا شىركىتى» 1 مىليون 300 مىڭ ئاكىر كېلىدىغان يەر ئىشلەتتى. ئاخبارات دوكارى خېست 2 مىليون 500 مىڭ ئاكىر كېلىدىغان يەر ئىشلەتتى. «پالوماس شىركىتى» نىڭ چىۋاۋا ئىشتاتىدىكى يەر مۈلكى 2 مىليون ئاكىرغا يەتتى. ئۇلار قەھۋە،

شېكەر قومۇشى، كۆك تاماكا، ئاپېلسىن، بانان ئېكسپورتلىقى ئېچىپ، مېكسىكا دېھقانلىرىنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىدىن سىرت، ئەنگلىيەمۇ ئاساسلىقى نېفىت، قىممەتلىك مېتاللار، شېكەر، قەھۋە ۋە جامائەت ئىشلىرى ساھەسىگە مەبلەغ سالدى. فىرانسىيە ئاساسلىقى توقۇمىچىلىق ساھەسىگە مەبلەغ سالدى، گېرمانىيە ئاساسلىقى مېتاللار ساھەسى بىلەن دورىگەرلىك ساھەسىنى كونترول قىلدى. چەت ئەلنىڭ مونوپول كاپىتالى مېكسىكىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

پورفىرىيو دىياز ھۆكۈمىتى چەت ئەل كاپىتالىستلىرىغا شۇنچىلىك «سادىقلىق» ۋە «مەردلىك» كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمگەكچى خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى، شۇڭا پورفىرىيو دىيازنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى كىشىلەر: «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز ئانىسى، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسى» دەپ ئاتىدى. بۇ خىل ئەھۋال مېكسىكا مىللىتى بىلەن جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، خەلق بىلەن فېئودال پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

يېزىلاردا يەرلىرىدىن ئايرىلىپ پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان نامرات دېھقانلار يەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قوزغىدى. 1909 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئاچارچىلىقتا قالغان دېھقانلار ئىنقىلابىي قوشۇنغا ئاتلاندى. دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق تايانچ بازىسى شىمالدىكى چىۋاۋا ئىشتاتى، جەنۇبتىكى موربلوس ئىشتاتى ئىدى. شىمالدىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ۋىلا (1877 ~ 1923 ـ يىللار) ئىدى. ئۇ ئىجارىكەش دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 16 ياش ۋاقتىدا ئاچا ـ سىڭىللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان پومېشچىكنىڭ خوجىدارىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ تاغقا قېچىپ

كەتكەن ھەممە ئېزىلگەن قېرىنداشلار بىلەن بىرلىشىپ پارتىزانلىق ئەترىتى تەشكىللىگەنىدى. ئۇ چىۋاۋا ئىشتاتى ئەتراپىدا پومېشچىكلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەرلىرىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيدى. جەنۇبتىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى زاپاتا (1877 ــ 1919 ـ يىللار) ئىدى. ئۇ مورېلوس ئىشتاتىدىكى نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، پومېشچىكلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى بىلەن، ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ يەر قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىگە قاتناشقانىدى.

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

1640 ـ يىلى ئەنگلىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى باشلاندى.

1641 ـ يىلى ئىرېلاندىيەدە ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

1642 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1646 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئەنگلىيەدە بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بولدى.

1642 ـ يىلى لى زىچېڭ شياڭياڭدا ئۆزىنى شۇنۋاڭ دەپ ئاتىدى.

1644 ـ يىلى 3 ـ ئاي جاڭ شيەنجوڭ ۋۇچاڭنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئۆزىنى بۈيۈك غەرب ۋاڭى دەپ ئاتىدى. چاررۇسىيە جۇڭگونىڭ خېيلوڭجياڭ رايونىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. لى زىچېڭ قوشۇن باشلاپ شىئەندىن بېيجىڭ (شىمالىي ئاستانە)غا ھۇجۇم قىلدى، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزۇڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، مىڭ سۇلالىسى ھالاك بولدى.

1644 ـ يىلى 10 ـ ئاي جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسى بېيجىڭ (شىمالىي ئاستانە)نى پايتەخت قىلدى.

1645 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنت ئارمىيەسى ناسبىدا غەلىبە قىلدى.

1646 ـ يىلى جېڭ چېڭگوڭ ئارالغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى.

1647 ـ يىلدىن 1648 ـ يىلغىچە ئىتالىيەدىكى ناپلېستا ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى بولدى.

1648 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1648 ـ يىلىدىن 1649 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەنىڭ پارىژدا فىروند ھەرىكىتى بولدى.
1648 ـ يىلىدىن 1651 ـ يىلىغىچە پولشانىڭ ۋارشاۋا ۋە پوزنان قاتارلىق جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1648 ـ يىلىدىن 1654 ـ يىلىغىچە ئۇكرائىنادا پولشا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي قوزغىلاڭ بولدى.
1649 ـ يىلى ئەنگلىيەدە يەر قازغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەن باراۋەرچىلەر ھەرىكىتى بولدى. ئەنگلىيەدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، چارروسىيە قانۇنى ئۇسۇل ئارقىلىق يانچىلىق تۈزۈمىنى بېكىتتى.
1649 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1652 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە كىرونۋېل ئىرېلاندىيەدىكى مىللىي قوزغىلاڭنى باستۇردى.
1652 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كاپنى ئىشغال قىلدى.
1652 ـ يىلىدىن 1654 ـ يىلىغىچە بىرىنچى قېتىملىق ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە ئۇرۇشى قوزغالدى.
1653 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەر تەقسىملەش قانۇنى تۈزدى.
1653 ـ يىلىدىن 1658 ـ يىلىغىچە كىرونۋېل ئەنگلىيەدە ھەربىي ئىستىبداتلىق يۈرگۈزدى.
1654 ـ يىلى چارروسىيە ئۇكرائىنانى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.
1655 ـ يىلى ئەنگلىيە يامايكانى ئىشغال قىلدى.
1656 ـ يىلى ھىندىستاندا ماراتلار قوزغىلىڭى باشلاندى.
1659 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خوتتېنتوتلارنىڭ گوللاندىيەگە قارشى ئۈنجى قېتىملىق ئۇرۇشى بولدى.
1660 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ستيۇئارت سۇلالىسى تىرىلدى.
1662 ـ يىلى جېڭ چېڭگۇڭ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ تەيۋەننى قايتۇرۇۋالدى.

1665 ـ يىلىدىن 1667 ـ يىلىغىچە ئىككىنچى قېتىملىق ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە ئۇرۇشى بولدى.
1667 ـ يىلىدىن 1668 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە، گوللاندىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى.
1668 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ئارمىيە ۋە خەلقى كىياختادا چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.
1670 ـ يىلىدىن 1671 ـ يىلىغىچە روسىيەدە ئىستېپان رازىن قوزغىلىڭى بولدى.
1672 ـ يىلىدىن 1674 ـ يىلىغىچە ئۈچىنچى قېتىملىق ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە ئۇرۇشى بولدى.
1672 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە ـ گوللاندىيە ئۇرۇشى بولدى.
1673 ـ يىلى ۋۇ سەنگۈي چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقتى، ئۈچ ۋاسسالنىڭ قالايمىقان توپىلىڭى بولدى.
1673 ـ يىلىدىن 1677 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خوتتىنتوتلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گوللاندىيەگە قارشى ئۇرۇشى بولدى.
1674 ـ يىلى ماراتلار مۇستەقىل دۆلەت قۇردى.
1674 ـ يىلىدىن 1675 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەنىڭ لىئون، بىرىتانى ۋىلايىتىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1674 ـ يىلىدىن 1676 ـ يىلىغىچە ئىتالىيەدىكى مېسسىنادا ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1674 ـ يىلىدىن 1679 ـ يىلىغىچە ھىندونېزىيەدىكى تىرونوجويونىڭ گوللاندىيەگە قارشى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1677 ـ يىلىدىن 1685 ـ يىلىغىچە ۋېنگرىيەدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1680 ـ يىلى چېختا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1681 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خۇنەن، گۇاڭدۇڭ،

سىچۇەن قاتارلىق ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يۈننەنگە ھۇجۇم قىلدى، ۋۇ شىفەن ئۆلۈۋالدى، ئۈچ ۋاسسالىنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلدى.

1683 ـ يىلدىن 1699 ـ يىلغىچە ئاۋستىرىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.

1683 ـ يىلدىن 1719 ـ يىلغىچە ھىندونېزىيەدىكى سۇراپاتىنىڭ گوللاندىيەگە قارشى قوزغىلىڭى بولدى.

1684 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيۋەندە ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئۇنى فۇجيەن ئۆلكىسىگە قارام قىلدى.

1685 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە سودا سارىيى قۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن رەسمىي سودا ئالاقىسى قىلدى.

1688 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە تىرىلگەن ستۇئارت سۇلالىسىگە قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى.

1693 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە نېرچىنسك شەرتنامىسى ئىمزالاندى. بېيجىڭدا جۇڭگو ـ رۇسىيە سودا ئالاقە ماددىلىرى تۈزۈلدى.

1695 ـ يىلدىن 1696 ـ يىلغىچە چاررۇسىيە تۈركىيەگە قارشى ئىككى قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى.

1698 ـ يىلى پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتى باشلاندى.

1700 ـ يىلدىن 1721 ـ يىلغىچە رۇسىيە بىلەن شىۋېتسىيە «شىمال ئۇرۇشى» قوزغىدى.

1701 ـ يىلى پىرۇسسىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلدى.

1701 ـ يىلدىن 1713 ـ يىلغىچە ئىسپانىيەدە پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇرۇشى بولدى.

1702 ـ يىلدىن 1705 ـ يىلغىچە فىرانسىيەدە «كەمزۇللۇقلار» قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1703 ـ يىلدىن 1711 ـ يىلغىچە ۋېنگرىيە خەلقى خابسبۇرگ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1709 ـ يىلى 6 ـ ئاي شىۋېتسىيە ئارمىيەسى پولتاۋادىكى چاررۇسىيە قوشۇنى بىلەن بولغان ھەل قىلغۇچ جەڭدە مەغلۇپ

بولدى.

1710 ـ يىلىدىن 1711 ـ يىلىغىچە رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.

1710 ـ يىلىدىن 1715 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندىكى شىك دىنىدىكىلەر پەنجئابتا قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1713 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەنچەنگە ئېردەنى دېگەن نامنى ئوتۇغات قىلدى.

1721 ـ يىلى چاررۇسىيە شىۋېتسىيەنى نىستاد سۇلھى شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

1727 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە كىياختا شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

1729 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەر ـ ئادەم بېجى تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى.

1730 ـ يىلىدىن 1731 ـ يىلىغىچە تۈركىيەدە ئىستانبۇل قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1733 ـ يىلىدىن 1735 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە بىلەن رۇسىيە، ئاۋستىرىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قوزغالدى.

1736 ـ يىلىدىن 1747 ـ يىلىغىچە ئىراندىكى نادىرشاھ سۇلالىسى دەۋرى.

1740 ـ يىلى ھىندونېزىيەدە «قىزىل ئېقىن» ۋەقەسى بولدى.

1740 ـ يىلىدىن 1748 ـ يىلىغىچە ئاۋستىرىيەدە پادىشاھلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇرۇشى بولدى.

1742 ـ يىلى پېرۇدا ئىندىيانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1749 ـ يىلىدىن 1775 ـ يىلىغىچە ئاۋستىرىيە ئايال پادىشاھى مارىياتېرىزىنىڭ ئىسلاھاتى بولدى.

1754 ـ يىلى ياپونىيەدە كۆرۈمې دېھقانلار قوزغىلىڭى بولدى.

1756 ـ يىلىدىن 1763 ـ يىلىغىچە يەتتە يىللىق ئۇرۇش

بولدى.
1757 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پىلاسسېي جېڭى بولدى.
1760 ـ يىلى بارلىق شىنجاڭلىقلار جۇڭگوغا تەۋە بولدى.
1761 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھىندىستاندا پانىپات جېڭى بولدى، ئافغانلار ماراتلارنى مەغلۇپ قىلدى.
1762 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگراسىنى تەكشۈردى.
1763 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىراننى قۇللۇق خاراكتېردىكى كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. ئەنگلىيە سېنىگامبىيەدە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەملىكە ئورنۇن قۇرۇپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 ئىشتات خەلقىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى چەكلىدى.
1764 ـ يىلى ئەنگلىيەدە خارگرېۋىس جېننىي يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى.
1765 ـ يىلى ئەنگلىيە شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 ئىشتاتتا «ماركا بېجى قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.
1767 ـ يىلى رۇسىيە پولشا بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.
1767 ـ يىلىدىن 1799 ـ يىلىغىچە مايسور جېڭى بولدى.
1768 ـ يىلى ئەنگلىيەدە كاي سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان توقۇمىچىلىق ماشىنىسىنى ئىجاد قىلدى.
1768 ـ يىلىدىن 1774 ـ يىلىغىچە رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.
1769 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ۋات تاق يۆنىلىشلىك پار ماشىنىسىنى ياسىدى ( 1782 ـ يىلى يەنە قوش يۆنىلىشلىك پار ماشىنىسى ياسىدى).
1770 ـ يىلى بوستون پاجىئەسى يۈز بەردى.
1771 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ئاكرايت سۇ كۈچى بىلەن

ھەرىكەتلىنىدىغان تۇنجى پاختا يىپ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇردى.

1771 ـ يىلدىن 1802 ـ يىلغىچە ناتايسون دېھقانلار قوزغىلىڭى بولدى.

1772 ـ يىلى 8 ـ ئاي رۇسىيە، پىرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە تۇنجى قېتىم پولشانى بۆلۈشۈۋالدى.

1773 ـ يىلدىن 1775 ـ يىلغىچە رۇسىيەدە پۇگاچىيوف قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1774 ـ يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ 13 ئىشتاتىدا بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇقلۇق يىغىنى ئېچىلدى. ئەنگلىيە ھىندىستاننىڭ ئود رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى.

1775 ـ يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ 13 ئىشتاتىدا ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇقلۇق يىغىنى ئېچىلدى.

1775 ـ يىلدىن 1785 ـ يىلغىچە رۇسىيەدە يېكاترىنا II نىڭ ئىسلاھاتى بولدى.

1776 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنىپ ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى قۇرۇلدى.

1777 ـ يىلى ئامېرىكا ساراتوگادا غەلىبە قازىنىپ قوشما ئىشتاتلار نىزامنامىسىنى تۈزدى.

1779 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كوسالارنىڭ بۇر مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشى بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 100 يىل داۋام قىلغان «كاپىرلار ئۇرۇشى باشلاندى».

1780 ـ يىلدىن 1781 ـ يىلغىچە پېرۇدا ئىندىيانلارنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. يېڭى گىرانا (كولومبىيە)دا «جامائە» قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1781 ـ يىلى ئەنگلىيە گېنېرالى كورنۋاللىس يوركتوۋنىدا ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى. ئاۋستىرىيە پادىشاھى يوسىپ II قۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.



uyghurkitap.com

لەنجۇدا خۇيزۇلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1781 ـ يىلىدىن 1789 ـ يىلىغىچە ئاۋستىرىيە پادىشاھى يوسىپ Ⅱ نىڭ ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلدى، چېخلار قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى.
1782 ـ يىلى گۇاڭدۇڭدا 13 جامائەت بانكىسى قۇرۇلدى.
1783 ـ يىلى «ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. رۇسىيە گىرۇزىيەنى يۇتۇۋالدى.
1784 ـ يىلىدىن 1785 ـ يىلىغىچە ۋېنگرىيەدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1785 ـ يىلى ئەنگلىيەدە كارترايت سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان رەخت توقۇش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى.
1786 ـ يىلىدىن 1787 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىدا شېيس قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1787 ـ يىلى ئامېرىكىدا «بىرلەشمە ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىندى. ياپونىيەدە گۈرۈچ بۇلاش توپىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1787 ـ يىلىدىن 1791 ـ يىلىغىچە رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.
1788 ـ يىلى رۇسىيە ـ شىۋېتسىيە ئۇرۇشى بولدى.
1789 ـ يىلى ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.
1789 ـ يىلىدىن 1794 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى.
1789 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋېرسالدا فىرانسىيەدىكى ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىلدى.
1789 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پارىژ خەلقى باستىل تۈرمىسىنى ئىشغال قىلدى.
1789 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «كىشىلىك ھوقۇق

خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى.
1790 ـ يىلىدىن 1803 ـ يىلىغىچە هايتىدا قارا تەنلىك قۇللارنىڭ مۇستەقىللىق ئازادلىق ئۇرۇشى بولدى.
1791 ـ يىلى پولشا پارلامېنتى «ئەركىنلىكنى ئىنكار قىلىش هوقۇقى»نى بىكار قىلىش يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. فىرانسىيەنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كېڭىشى ئاساسىي قانۇن ۋە «شاپېلېر» قانۇننى ماقۇللىدى. پىرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، فىرانسىيە ئىنقىلابىغا قوراللىق ئارىلىشىمىز، دەپ داۋراڭ سالدى.
1792 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى فىرانسىيە پىرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.
1792 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پارىژ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.
1792 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى ۋالمىدا پىروسسىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى.
1792 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى فىرانسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، فىرانسىيە بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
1793 ـ يىلى رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە ئىككىنچى قېتىم پولشانى بۆلۈشۈۋالدى.
1793 ـ يىلى 2 ـ ئاي ئەنگلىيە پىرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە، ئىسپانىيە ۋە ناپلېس قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ فىرانسىيەگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزدى.
1793 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە پارىژ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ژىروندىچىلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.
1793 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1794 ـ يىلى 7 ـ

ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە ياكوبىنچىلارنىڭ دىكتاتۇرىسى يۇرگۈزۈلدى.

1794 ـ يىلى پولشادا كوسيۇسكو مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلدى.

1794 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى فىرانسىيەدە «تېرمىدور» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولدى.

1795 ـ يىلى رۇسىيە، پىرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە ئۈچىنچى قېتىم پولشانى بۆلۈشۈۋالدى.

1795 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە پارىژ خەلقى «تېرمىدور» پارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1795 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە فىرانسىيەدە پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرگۈچىلەر كىمبېرون يېرىم ئارىلى ۋە پارىژدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈردى.

1795 ـ يىلدىن 1796 ـ يىلغىچە فىرانسىيەدە بابېف «باراۋەرچىلەرنىڭ سۈيىقەستچى گۇرۇھى»غا رەھبەرلىك قىلدى.

1795 ـ يىلدىن 1799 ـ يىلغىچە فىرانسىيەگە تەپتىش ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

1796 ـ يىلى ئىراندا قاجار خاندانلىقى قۇرۇلدى.

1796 ـ يىلدىن 1797 ـ يىلغىچە ناپولېيون بۇناپارت ئىتالىيەدە ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

1797 ـ يىلى گۈيجۇدا مياۋزۇ خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى بولدى.

1798 ـ يىلدىن 1799 ـ يىلغىچە ناپولېيون مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولدى.

1798 ـ يىلى 10 ـ ئاي قاھىرە خەلقى فىرانسىيەگە قارشى بىرىنچى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1798 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئەنگلىيە، رۇسىيەلەر تۈركىيە، ئاۋستىرىيە، ناپلېس قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ

فىرانسىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزدى.
1799 ـ يىلى ئەنگلىيە مايسورغا تاجاۋۇز قىلدى.
1799 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناپولېيون «تۇمانلىق ئېيىنىڭ 19 ـ كۈندىكى سىياسىي ئۆزگىرىش»نى قوزغىدى.
1799 ـ يىلدىن 1804 ـ يىلغىچە فىرانسىيەگە ئىجرائىيە ھۆكۈمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئەنگلىيە ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. چارروسىيە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئالياسكىغا تاجاۋۇز قىلدى.
1800 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى تارقىتىۋېتىلدى.
1800 ـ يىلى 3 ـ ئاي قاھىرە خەلقى فىرانسىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
1801 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىرېلاندىيەنى رەسمىي ئۆزىگە قوشۇۋالدى. غەربىي ئافرىقىدىكى ئاسانتىلارنىڭ 100 يىل داۋام قىلغان ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى باشلاندى.
1801 ـ يىلدىن 1805 ـ يىلغىچە ئامېرىكا لىۋىيەگە تاجاۋۇز قىلدى.
1802 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئامېن سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى، ئىككىنچى قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق يىمىرىلدى. ۋېيتنامدا رۇەن سۇلالىسى قۇرۇلدى.
ئەنگلىيە جۇڭگودىكى ئاۋمېنغا تاجاۋۇز قىلدى.
1803 ـ يىلى ئامېرىكا فىرانسىيەدىن لۇئىسئانانى سېتىۋالدى.
1804 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھايتى رەسمىي مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1804 ـ يىلى 5 ـ ئاي ناپولېيون جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ فىرانسىيە 1 ـ ئىمپېرىيەسىنى قۇردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1804 ـ يىلىدىن 1830 ـ يىلىغىچە سېربىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
1805 ـ يىلى مىسىردا مۇھەممەد ئەلى سۇلالىسى قۇرۇلدى.
1805 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئاۋسترىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فىرانسىيەگە قارشى ئۈچىنچى قېتىم ئىتتىپاق تۈزۈپ، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا يىمىرىلدى.
1806 ـ يىلى ئەنگلىيە گوللاندىيەنىڭ ئورنىنى بېسىپ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كاپقا هۆكۈمرانلىق قىلدى. رېيىن ئىتتىپاقى قۇرۇلدى، ناپولېيون گوللاندىيەنى بېسىۋالدى. ناپولېيون «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى»نى بىكار قىلىپ «قۇرۇقلۇقنى قامال قىلىش» بۇيرۇق چۈشۈردى.
1806 ـ يىلى 9 ـ ئاي رۇسىيە، ئەنگلىيە، پىرۇسسىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فىرانسىيەگە قارشى تۆتىنچى قېتىم ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىككىنچى يىلى يىمىرىلدى.
1806 ـ يىلىدىن 1812 ـ يىلىغىچە رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.
1807 ـ يىلى تىلسىت سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى. فۇلتون هور پاراخوتىنى ئىجاد قىلدى.
1807 ـ يىلىدىن 1808 ـ يىلىغىچە ناپولېيون ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پورتۇگالىيە، ئىسپانىيەلەرنى بېسىۋالدى.
1807 ـ يىلىدىن 1812 ـ يىلىغىچە پىرۇسسىيەدىكى شىتېين ۋە خاردېنبۇرگلارنىڭ ئىسلاھاتى بولدى.
1808 ـ يىلىدىن چاررۇسىيە شىۋېتسىيە هۆكۈمرانلىقىدىكى فىنلاندىيەنى بېسىۋالدى. مىسىردا مۇھەممەد ئەلى ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئەنگلىيە سېررالېيوننى بىۋاسىتە مۇستەملىكە زېمىنغا ئايلاندۇرۇۋالدى.
ئەنگلىيە ئاۋمېننىڭ زەمبىرەك سۇپىسىغا هۇجۇم قىلىپ نەتىجە قازىنالمىدى.
1808 ـ يىلى 1814 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيە فىرانسىيەگە

قارشى ئۇرۇش قىلدى.
1809 ـ يىلى ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە فىرانسىيەگە قارشى بەشىنچى قېتىم ئىتتىپاق تۈزدى (شۇ يىلى يىمىرىلدى) «كوكۇس پارتىيەسى» قۇرۇلدى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەت ئەل سودا پاراخوتلىرىنىڭ مال قوغدىغۇچى ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ پورتقا كىرىشىنى چەكلىدى.
1810 ـ يىلدىن 1826 ـ يىلىغىچە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشى بولدى.
1810 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مېكسىكا مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1811 ـ يىلى ۋېنېسۇئېلا بىلەن پاراگۋاي مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1811 ـ يىلىدىن 1812 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەدە لوردچىلار ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.
1812 ـ يىلى چاررۇسىيە تۈركىيەنى بۇخارېست سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى، مولداۋىيە كىنەزلىكىدىن بىسارابىيەنى تارتىۋالدى.
1812 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ناپولېئوننىڭ رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى مەغلۇپ بولدى.
1812 ـ يىلىدىن 1814 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش بولدى.
1813 ـ يىلى ئەنگلىيە، رۇسىيە، پىرۇسسىيە، ئىسپانىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فىرانسىيەگە قارشى ئالتىنچى قېتىملىق ئىتتىپاق تۈزدى.
1813 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چاررۇسىيە ئىراننى گۈلىستان شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، ئىراننىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى.

1814 ـ يىلى فىرانسىيەگە قارشى بىرلەشمە قوشۇن پارىژغا كىردى، ناپولېيون ئورۇن بوشاتتى، بوربون سۇلالىسى تىرىلدى.
ستېفېنسۇن تۇنجى ھور ماشىنىسىنى ياسىدى.
ئەنگلىيەنىڭ پاراخوتلىرى خۇمېنغا بېسىپ كىردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئەتكەسچى پاراخوتلىرىنى تۇتۇپ قېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.
1814 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1815 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ۋېينادا «زاڭ ماللارنى بۆلۈشۈش» يىغىنى ئېچىلدى.
1815 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـكۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە ناپولېيوننىڭ «100 كۈنلۈك» ھۆكۈمرانلىقى بولدى.
1815 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋاتېرلو بىرلەشمە جېڭى بولدى.
1815 ـ يىلى «مۇقەددەس ئىتتىپاق» تۈزۈلدى. گېرمانىيە ئىتتىپاقى تۈزۈلدى. بوربون سۇلالىسى ئىككىنچى قېتىم تىرىلدى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەپيۇن چەكلەش نىزامنامىسىنى تۈزدى.
1816 ـ يىلى 7 ـ ئاي ئارگېنتىنا مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1817 ـ يىلى بىرازىلىيەدە پېرنامبۇكو قوزغىلىڭى بولدى.
گۇاڭدۇڭنىڭ مېيشەن ناھىيەسىدە تيەندىخۇي خۇراپاتچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى بولدى.
1818 ـ يىلى چىلى مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1818 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ماركس تۇغۇلدى.
1819 ـ يىلى ئەنگلىيە سىنگاپورنى بېسىۋالدى. «پېتېرلۇ چوڭ قىرغىنچىلىقى» بولدى. بۈيۈك كولومبىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
1820 يىلى 8 ـ ئاي پورتۇگالىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى.

1820 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېنگېلس تۇغۇلدى.
1820 ـ يىلدىن 1821 ـ يىلىغىچە ئىتالىيەدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ناپلېس ئىنقىلابى بىلەن پىدمونت ئىنقىلابى بولدى.
1820 ـ يىلدىن 1823 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيەدە ئىككىنچى قېتىم بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى.
1821 ـ يىلى مېكسىكا بىلەن پېرۇ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
ئەنگلىيە ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلدى.
1821 ـ يىلدىن 1829 ـ يىلىغىچە گىرېتسىيەدە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولدى.
1822 ـ يىلى بىرازىلىيە مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ ئىمپېرىيە قۇردى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېڭىز بويلىرىدىكى سودا پورتلىرىدا شەخسلەرنىڭ ئەپيۇن يۆتكىشىنى چەكلىدى.
1822 ـ يىلدىن 1824 ـ يىلىغىچە مېكسىكا خەلقى ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ تىرىلىشىنى يوقىتىپ، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.
1823 ـ يىلى ئوتتۇرا ئامېرىكىدا بىرلەشمە ئۆلكە قۇرۇلدى. «مونرو خىتابنامىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. فىرانسىيە ئىسپانىيە ئىنقىلابىغا قوراللىق ئارىلاشتى.
1825 ـ يىلى بولىۋىيە مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. رۇسىيەدە دېكابىرىستلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
1825 ـ يىلدىن 1830 ـ يىلىغىچە ھىندونېزىيەدە دېپو نېگرو رەھبەرلىك قىلغان ياۋا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1826 ـ يىلدىن 1828 ـ يىلىغىچە رۇسىيە بىلەن ئىراننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى بولدى.
1828 ـ يىلى ئۇرۇگۋاي مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىدا دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلدى.

چارروسىيە ئىراننى تۈركمەن شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، جەنۇبىي كاۋكازنى يۇتۇۋالدى.
1828 ـ يىلىدىن 1829 ـ يىلىغىچە رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى، رۇسىيە كاۋكاز، قارا دېڭىزنىڭ بويلىرى (پارىژ بىر تۇتاش تەييارلىق قىلىش كومىتېتىدىن باشقا) ۋە دوناي دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىكى رايونلارنى تارتىۋالدى.
1829 ـ يىلى سېربىيە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلدى. گىرېتسىيە مۇستەقىل بولدى.
1830 ـ يىلى ۋېنېسۇئېلا، ئېكۋاتورلار بۈيۈك كولومبىيەدىن ئايرىلىپ ئۆزلىرى جۇمھۇرىيەت قۇردى. فىرانسىيە ئالجىرىيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى.
1830 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە فىرانسىيەدە «ئىيۇل ئىنقىلابى» بولۇپ، بوربون سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.
1830 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بېلگىيەدە ئىنقىلاب بولۇپ، گوللاندىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1830 ـ يىلىدىن 1831 ـ يىلىغىچە پولشادا چاررۇسىيەگە قارشى مىللىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيەدە سىۋېن توپىلىڭى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.
1830 ـ يىلىدىن 1848 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەدە ئىيۇل سۇلالىسى ھۆكۈم سۈردى.
1831 ـ يىلى فىرانسىيەدە لىئون توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيە خەلقىنىڭ كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ماززىنىدا «ياش ئىتالىيە پارتىيەسى» قۇرۇلدى. ئامېرىكىدا نات تۇرنېر قۇللار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1831 ـ يىلىدىن 1833 ـ يىلىغىچە تۈركىيە ـ مىسىر ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش بولدى.

1832 ـ يىلى ئەنگلىيەدە پارلامېنتنىڭ تۇنجى ئىسلاھات قانۇنى تۈزۈلدى.

ئەنگلىيەنىڭ پاراخوتلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى دەريالىرىغا بۇسۇپ كىردى.

1832 ـ يىلدىن 1847 ـ يىلغىچە قادىر رەھبەرلىكىدىكى ئالجىرىيە خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرىشى بولدى.

1834 ـ يىلى فىرانسىيەدە لىئون توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. جەنۇبىي ئافرىقىدا ماگۇما رەھبەرلىك قىلغان كوسالارنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى بولدى. گېرمانىيەدە «تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى.

1836 ـ يىلى «ھەققەتچىلەر ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. بۇرلار تۈركۈملەپ كۆچۈپ بانتۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى.

خۇنەندىكى ۋۇگاڭدا ياۋزۇلارنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1837 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ ئوساكا شەھىرىدە ئۆشىئو خېيخاچىرو رەھبەرلىك قىلغان شەھەر خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

شەندۇڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدە دىنىي مەزھەپچىلەرنىڭ قوزغىلىڭى بولدى.

1837 ـ يىلدىن 1848 ـ يىلغىچە ئەنگلىيەدە ئاساسىي قانۇنچىلار ھەرىكىتى بولدى.

1838 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋاسساللاردا ۋاسسال ھاكىمىيىتى ئىسلاھاتى بولدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زۇلۇلار ئەنگلىيە ۋە بۇرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئوتتۇرا ئامېرىكا بىرلەشمە ئۆلكىسى گۋاتېمالا، سالۋادور، نىكاراگۇئا، ھوندۇراس، كوستارىكا قاتارلىق بەش مۇستەقىل دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى.

لىن زېشۇ ئەپيۇننى چەكلەش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە چەكلەشنىڭ ئالتە ماددىلىق نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى. چىڭ



www.uyghurkitap.com

سوْلالىسى ھۆكۈمىتى لىن زېشۈنى ئەپيۈن چەكلەشكە گۇاڭدۇڭغا ئەۋەتتى.
1838 ــ يىلىدىن 1842 ــ يىلىغىچە ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى بولدى.
1839 ــ يىلى ئەنگلىيە ئافغانىستان، بىرما ۋە ئادېننى بېسىۋالدى. تۈركىيەدە «تانزىمات» (ئىسلاھات) ھەرىكىتى بولدى.
لىن زېشۈ خۇمېندا ئەپيۈننى كۆيدۈردى.
1839 ــ يىلى 5 ــ ئاي فىرانسىيەدە بىلانكى رەھبەرلىكىدىكى «تۆت پەسىل جەمئىيىتى» قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ مۇراجىئەتنامە سۇنۇلدى.
1839 ــ يىلىدىن 1841 ــ يىلىغىچە تۈركىيە ــ مىسىر ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش بولدى.
1840 ــ يىلى 6 ــ ئايدىن 1842 ــ يىلى 8 ــ ئايغىچە جۇڭگو ــ ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۈن ئۇرۇشى بولدى.
1840 ــ يىلى پارىژدا 60 ئىشچى كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلىدى. ئەنگلىيە شىمالىي بورنېۋغا تاجاۋۇز قىلدى.
1841 ــ يىلى ئەنگلىيە ــ ئىران شەرتنامىسى ئىمزالاندى. ئافغانىستاندىكى كابۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.
1841 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى خۇمېندىكى زەمبىرەك سۇپىسىنى ئىشغال قىلدى.
1841 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى تېنخو يىللىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى.
سەنيۈەنلى خەلقى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى.
1841 ــ يىلىدىن 1843 ــ يىلىغىچە ئەنگلىيە ناتالنى تارتىۋالدى.
1843 ــ يىلى «رېين ئاخباراتى» ژۇرنىلى كولوندا نەشىر

قىلىندى.

1842 ـ يىلى جۇڭگو ـ ئەنگلىيە نەنجىڭ شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

1844 ـ يىلى دومىنىكا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. گېرمانىيەدە سىلېزىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

خۇڭ شيۇچۈەن ئىنقىلاب قىلىپ، خەلقنى تەڭرىگە چوقۇنۇشقا تەشكىللىدى.

1845 ـ يىلى ئەنگلىيە ھىندىستاننىڭ پەنجئاب ئىشتاتىنى ئىشغال قىلدى.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ۋاڭشيا شەرتنامىسى ئىمزالاندى. جۇڭگو ـ فىرانسىيە خۇاڭپۇ شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

1845 ـ يىلدىن 1846 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندىكى شىك مۇرىتلىرىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى بولدى.

1846 ـ يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس بىريۇسسېلدا «كوممۇنىستىك ئاخبارات كومىتېتى» قۇردى. چاررۇسىيە قازاقىستاننىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىنى يۇتۇۋالدى.

1846 ـ يىلدىن 1848 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ مېكسىكىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى بولدى.

1847 ـ يىلى ئافرىقىدا لىبېرىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «گېرمانىيە ئىشچىلار جەمئىيىتى»نى قۇردى. كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى (6 ـ ئاي) ۋە 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى (11 ~ 12 ـ ئاي) ئېچىلدى.

1848 ـ يىلى 1 ـ ئاي سىتسىلىيەدىكى پالېرمودا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1848 ـ يىلى 2 ـ ئاي «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دۇنياغا كەلدى. فىرانسىيەدە فېۋرال ئىنقىلابى

بولۇپ، ئىيۇل خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، فىرانسىيە 2 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
1848 ـ يىلى 3 ـ ئاي ۋېنادا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بېرلىندا مارت ئىنقىلابى بولدى. ئىتالىيىدە مىلان قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ۋېنگرىيىدە بۇداپېشت قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. مولداۋىيىنىڭ غەربىدە مارت ئىنقىلابى بولدى.
1848 ـ يىلى 4 ـ ئاي «كولون ئىشچىلار جەمئىيىتى» قۇرۇلدى.
1848 ـ يىلى 5 ـ ئاي ۋېنادا ماي قوزغىلىڭى بولدى.
1848 ـ يىلى 6 ـ ئاي رۇمىنىيىدىكى قوزغىلاڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، چاررۇسىيىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. چېخىيا پىراگا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس كولوندا «يېڭى رېين» گېزىتىنى نەشىر قىلدى.
1848 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە پارىژ پىرولېتارىياتىنىڭ ئىيۇن قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1848 ـ يىلى 10 ـ ئاي ۋېنا خەلقىنىڭ ئۆكتەبىر قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.
1848 ـ يىلى 12 ـ ئاي لۇئى ناپولېيون فىرانسىيە 2 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.
1848 ـ يىلىدىن 1849 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندىكى شىك مۇرىتلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى بولدى. گېرمانىيە فىرانكفورد پارلامېنتى بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە قانۇنىنى ماقۇللىدى. ۋېنگرىيىدە ئىنقىلاب بولۇپ، چاررۇسىيىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى.
1848 ـ يىلىدىن 1852 ـ يىلىغىچە ئىراندا بابىيە مۇرىتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى بولدى.
1849 ـ يىلى ئەنگلىيە پەنجئابنى يۇتۇۋالدى، پۈتكۈل ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. رۇمىنىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. گېرمانىيىدە ئىمپېرىيە ئاساسىي

قانۇننى قوغداش ھەرىكىتى بولدى.

1850 - يىلى 8 - ئاي چاررۇسىيە جۇڭگودىكى خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئېغىزى ۋە ساخالىن ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ مياۋجيې كوچىسىنى ئىشغال قىلدى.

1851 - يىلدىن 1864 - يىلغىچە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى بولدى.

1851 - يىلى 12 - ئاي لۇئى بوناپارت سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، بىر يىلدىن كېيىن ئۆزىنى ناپولېيون III دەپ ئاتىدى ۋە فرانسىيە 2 - ئىمپېرىيەسىنى قۇردى.

1852 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. كولوندا كوممۇنىستلارنى سوراق قىلىش دېلوسى يۈز بەردى. كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تارقىتىۋېتىلدى. ئەنگلىيە پارلامېنتى ئەركىن تاشقى سودا پرىنسىپىنى ماقۇللىدى.

1853 - يىلى 9 - ئاي شاڭخەيدە خەنجەرچىلەر ئۇيۇشمىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1853 - يىلدىن 1856 - يىلغىچە قىرىم ئۇرۇشى بولدى.

1854 - يىلى ئامېرىكا ياپونىيەنى «ياپونىيە - ئامېرىكا دوستلۇق شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. ئامېرىكا پارلامېنتى «كانزاس - نېبراسكا» قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى. ئامېرىكىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى قۇرۇلدى.

1855 - يىلى ئامېرىكىدا ھور بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ساپان سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

گۇاڭدۇڭدا تيەندىخۇيچىلارنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1856 - يىلى ئەنگلىيە ماراكەشنى تەڭسىز شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، ساردىن قاتارلىق دۆلەتلەر پارىژ سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

1856 - يىلدىن 1857 - يىلغىچە ئەنگلىيە - ئىران ئۇرۇشى بولدى.

يۇنىنىدە خۇيزۇلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

ھەرقايسى يۆنىلىش نيەنجۇن ئارمىيەسىنىڭ سەردارلىرى خاۋجوۋنىڭ جىخې ناھىيەسى ئەتراپىدا يىغىلىپ، يىغىن ئېچىپ ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتتى.

1856 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1860 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى بولدى.

1857 ـ يىلى ئۆمەر سېنېگال ۋادىسىدىكى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بازىسى بولغان مېدىنېلېۇرگقا ھۇجۇم قىلدى. ئامېرىكىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئىرېلاندىيەلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر «فېنىيە پارتىيەسى»نى قۇردى. ئامېرىكىدا دېرېد سكوتقا كېسىم چىقىرىش دېلوسى يۈز بەردى.

1857 ـ يىلىدىن 1859 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندا مىللىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

1858 ـ يىلى ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، ئەنگلىيەگە ئايال پادىشاھى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. فىرانسىيە ۋيېتنامغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلدى. ئامېرىكا، گوللاندىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياپونىيەنى تەڭسىز شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تيەنجىن شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

1859 ـ يىلى فىرانسىيە ـ ئىتالىيە ئاۋستىرىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئامېرىكىدا جون بىرووۋن قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

1860 ـ يىلى ئىتالىيەنىڭ سىتسىلىيەدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيەدە لوندون ئىشچىلىرى «لوندون ئىشچىلار كومىتېتى»نى قۇردى. ئامېرىكا ئىشچىلىرى «مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئىتتىپاقى»نى قۇردى. لىنكولن زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى.

ئامېرىكىلىق لوكچەك ۋال شاڭخەيدە «ئەجنەبىي مىلتىقلىقلار ئەترىتى»نى تەشكىللىدى.

1860 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى بېيجىڭغا بېسىپ كىردى، جۇڭگو ـ ئەنگلىيە، جۇڭگو ـ فىرانسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى ئىمزالاندى. چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بېيجىڭ شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

1860 ـ يىلى 11 ـ ئاي چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بېيجىڭ شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى.

1860 ـ يىلدىن 1864 ـ يىلغىچە ۋېيتنامدا جاڭ دىڭ رەھبەرلىك قىلغان فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش بولدى.

1861 ـ يىلى ئەنگلىيە غەربىي ئافرىقىدىكى لاگېسنى يۇتۇۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوڭلى يامۇلى تەسىس قىلىپ، «ئەجنەبىيچىلەرنىڭ ئىشلىرى»نى باشقۇردى. گۇيجۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئامما ئەجنەبىي دىنىغا قارشى كۈرەش قىلدى.

1861 ـ يىلى 2 ـ ئاي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە ئىشتاتتا «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

1861 ـ يىلى 3 ـ ئاي روسىيە يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش پەرمانىنى ئېلان قىلدى. ئىتالىيەدە پادىشاھلىق دۆلەت قۇرۇلدى.

1861 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە روسىيە ياپونىيەنىڭ تسۇشىما ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

1861 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1865 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئامېرىكىدا جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى.

1861 ـ يىلدىن 1866 ـ يىلغىچە پىرۇسسىيەدە «ئاساسىي قانۇن» ماجىراسى تۇغۇلدى.

1862 ـ يىلى بىسمارك پىرۇسسىيەنىڭ باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەندى. لىنكولن «تۇرالغۇ جاي قانۇنى» ۋە «قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى»نى جاكارلىدى. لوندوندا دۇنيا سانائەت كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. «بىرىنچى قېتىملىق سايگون شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. فىرانسىيە ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالدى.

1862 ـ يىلىدىن 1867 ـ يىلىغىچە مېكسىكا خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشى بولدى.

1863 ـ يىلى كامبودژا فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. «پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. پولشادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىكى ئىشچىلار ۋەكىللىرى لوندوندا پولشادىكى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇش نامايىشى ئۆتكۈزدى. فىرانسىيە ماراكەشنى تەڭسىز شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى.

1863 ـ يىلىدىن 1873 ـ يىلىغىچە چاۋشيەندە دايۋانگۇن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى تاقاش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

1864 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلدى.

1864 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چاررۇسسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «غەربىي شىمال چېگراسىنى تەخمىنەن تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى 440 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى بۆلىۋالدى.

تۇنىس خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. فىرانسىيە «شاپېلىر قانۇنى»نى بىكار قىلدى. پىرۇسسىيە ـ ئاۋسترىيە دانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1865 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئامېرىكىدىكى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

1865 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لىنكولن قەتل قىلىندى.
چاررۇسسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىنى بېسىۋالدى. فىرانسىيە تۇنىسنى تەڭسىز شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى.
ئەنگلىيەلىكلەر شاڭخەيدە جياڭنەن ياساش باش جۇجۇقىنى تەسىس قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ شياڭگاڭ ـ شاڭخەي بانكىسى شىركىتى شاڭخەي تارماق بانكىسى تەسىس قىلدى.
1866 ـ يىلى پىرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى بولدى. ئىتالىيە ئاۋستىرىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.
1866 ـ يىلى 7 ـ ئاي ئامېرىكا چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ مەغلۇپ بولدى.
1866 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال جەنۋەدە قۇرۇلتاي ئاچتى.
1866 ـ يىلى 10 ـ ئاي فىرانسىيە چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ مەغلۇپ بولدى.
ساتسۇما، ناگاسو ۋاسسالى بىرلىشىپ بارگاھنى ئاغدۇرۇش ئىتتىپاقى قۇردى.
1867 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئامېرىكا ئارمىيەسى ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلغاندا، تەيۋەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن چېكىندى.
1867 ـ يىلى 9 ـ ئاي ماركس يازغان «كاپىتال»نىڭ 1 ـ تومى نەشىردىن چىقتى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال لوساندا قۇرۇلتاي ئاچتى.
1867 ـ يىلى 10 ـ ئاي ياپونىيەنىڭ تېننوسى ساتسۇما، ناگاسو قاتارلىق ئىككى ۋاسسالغا بارگاھ بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلدى. بارگاھ تېننوغا «ھاكىمىيەتنى قايتۇرۇپ بېرىش» مەكتۇپى سۇندى.
ئامېرىكا پارلامېنتى جەنۇبتىكى جايلارنى «قايتا قۇرۇش قانۇن

لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. ئامېرىكا چارروسىيەدىن ئالياسكىنى سېتىۋالدى. ئىرېلاندىيەدە فېنىيە پارتىيەسىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇلدى. ئەنگلىيەدە ئىككىنچى قېتىملىق پارلامېنتنىڭ ئىسلاھات قانۇنى تۈزۈلدى. گارىبالدى قىزىل كۆڭلەكلىكلەر قوشۇنىنى باشلاپ رىمغا يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولدى. فىرانسىيە جەنۇبىي ۋېيتنامدىكى ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالدى.

1867 ـ يىلىدىن 1868 ـ يىلىغىچە ئېفىيوپىيەنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۆرىشى بولدى.

1868 ـ يىلىدىن 1873 ـ يىلىغىچە ياپونىيەدە مېيجى يىللىرىدا يېڭىلىقا كۆچۈش ھەرىكىتى بولدى.

1868 ـ يىلى ياپونىيەدە مېيجى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال بىرىيۇسسېلدا قۇرۇلتاي ئاچتى. باكۇنىن شىۋېيتسارىيەدە «سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى»نى قۇردى. چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا خانلىقىنى بېسىۋالدى.

1868 ـ يىلدىن 1869 ـ يىلغىچە ياپونىيەدە ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ، توكۇگاۋا بارگاھى ئاغدۇرۇلدى.

1868 ـ يىلىدىن 1878 ـ يىلىغىچە كۇبادا 10 يىللىق ئازادلىق ئۇرۇشى بولدى.

1869 ـ يىلى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى (ئېيزوناخچىلار) قۇرۇلدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال باسىلدا قۇرۇلتاي ئاچتى.

1870 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لېنىن تۇغۇلدى.

1870 ـ يىلى 6 ـ ئاي تيەنجىن خەلقى ئەجنەبىي دىن تارقاتقۇچىلارغا قارشى كۆرەش قىلدى.

1870 ـ يىلىدىن 1871 ـ يىلىغىچە پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى بولدى.

1870 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى فىرانسىيە

پرۇسسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.
1870 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناپولېيون III سېداندا مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى.
1870 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پارىژ خەلقىنىڭ ئىنقىلابى بولدى. 2 ـ ئىمپېرىيە يىمىرىلىپ «دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، فرانسىيە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
1870 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىتالىيەنىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن گارىبالدىنىڭ پىدائىيلار قوشۇنى رىمنى ئىشغال قىلدى.
1870 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پارىژ خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
1871 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئىتالىيە پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى فىلورېنسادىن رىمغا كۆچۈرۈلدى.
1871 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇلدى.
1871 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پارىژ خەلقى يەنە بىر قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
1971 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى فرانسىيە «دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى» گېرمانىيەگە تەسلىم بولۇپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.
1871 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى فىرانسىيە ـ گېرمانىيە تەييارلىق سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈلدى.
1871 ـ يىلى 3 ـ ئاي گېرمانىيەدە كاتولىك دىنى مەركىزىي پارتىيەسى قۇرۇلدى.
1871 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلدى.
1871 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژ كوممۇناسى قۇرۇلدى.

1871 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئالجىرىيە خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. گېرمانىيە ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى.

1871 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋېرسال ھۆكۈمىتى پارىژ كوممۇناسىغا قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى.

1871 ـ يىلى 5 ـ ئاي چاۋشيەن ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى چېكىندۈردى.

1871 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋېرسال ھۆكۈمىتى گېرمانىيەنىڭ فىرانكفورد سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىشىغا قوشۇلدى.

1871 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە پارىژدا «ماي قانلىق ھەپتىلىكى» بولدى.

1871 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چاررۇسىيە قوشۇنى جۇڭگونىڭ چۆچەك، ئىلى رايونلىرىنى بېسىۋالدى.

1871 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال لوندوندا قۇرۇلتاي ئاچتى.

ياپونىيەدە ۋاسساللىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1872 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال گائاگادا قۇرۇلتاي ئاچتى.

ھىندىستاندا شىك مۇرىتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ياپونىيە رىيۇكيۇ تاقىم ئاراللىرى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جاي ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

1872 ـ يىلدىن 1873 ـ يىلىغىچە ياپونىيەدە يەر ۋە باج ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ فېئوداللىق سالاھىيەت تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1872 ـ يىلدىن 1882 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

1873 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قارا تۇغلۇقلار قوشۇنى بىلەن ۋېيتنام خەلقى خانوي شەھرىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋە خانلىقىنى بېسىۋالدى. ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى تۈزۈلدى.

1874 ـ يىلى فىرانسىيە بىلەن ۋېيتنام ئىككىنچى قېتىملىق سايگون شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

ياپونىيەنىڭ جۇڭگو زېمىنى تەيۋەنگە قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى.

1875 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فىرانسىيە 3 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ماقۇللاندى. گېرمانىيەدىكى ئېيزىناخچىلار بىلەن لاسسالچىلار گوتادا بىرلىشىش قۇرۇلتىيى ئېچىپ، گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسىنى قۇردى (1890 ـ يىلى ئىسمىنى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى).

1875 ـ يىلى 7 ـ ئاي بوسنىيە بىلەن خېرزېگوۋىنادا مىللىي قوزغىلاڭ بولدى.

رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئىشچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

1876 ـ يىلى بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال فىلادېلفىيەدە قۇرۇلتاي ئېچىپ، «بىرىنچى ئىنتېرناتسىيونال»نىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ياپونىيە چاۋشىيەننى «ئىچون شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. چاررۇسىيە قوقەند خانلىقىنى بېسىۋالدى. ئامېرىكا ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى (كېيىنكى يىلى ئىسمىنى ئامېرىكا سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى)، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيە ئۆزىنى ھىندىستاننىڭمۇ ئايال پادىشاھى دەپ جاكارلىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن يەنتەي شەرتنامىسى ئىمزالاپ «ئاتالمىش ماگارى دېلوسى»نى ئاخىرلاشتۇردى.

1877 ـ يىلى جۇڭگو ئارمىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى.
1877 ـ يىلىدىن 1878 ـ يىلىغىچە رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.
1878 ـ يىلى 3 ـ ئاي چاررۇسىيە تۈركىيەنى سان ستېفانو سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى.
1878 ـ يىلى 6 ـ ئاي بېرلىن يىغىنى ئېچىلدى. ئەنگلىيە سىپرۇسقا تاجاۋۇز قىلدى.
رۇسىيەنىڭ شىمالدا ئىشچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. گېرمانىيە پارلامېنتى «پەۋقۇلئاددە قانۇن»نى ماقۇللىدى. سېربىيە، مونتېنېگرو، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئەنگلىيەدە توماس توماسچە پولات تاۋلاش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى.
1878 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە ئافغانىستاندا ئەنگلىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش بولدى.
1879 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ستالىن تۇغۇلدى.
جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زۇلۇلارنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشى بولدى. مىسىردا ۋەتەن پارتىيەسى قۇرۇلدى. ياپونىيە ريۇكيۇنى يۇتۇۋېلىپ، نامىنى ئوكىناۋا ناھىيەسىگە ئۆزگەرتتى. فىرانسىيەدە ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئىسپانىيەدە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئىرېلاندىيەدە «يەر ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. رۇسىيەدىكى «يەر ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى» «قارا تارماق جەمئىيەت» ۋە «ئەل رايى پارتىيەسى»گە بۆلۈنۈپ كەتتى.
1808 ـ يىلى ئىسپانىيە كۇبادا قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش پەرمانى ئېلان قىلدى.
1880 ـ يىلىدىن 1881 ـ يىلىغىچە بىرىنچى قېتىملىق ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشى بولدى.
1881 ـ يىلى فىرانسىيە تۇنىسنى بېسىۋالدى. ئامېرىكىدا

«ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئەنگلىيەدە دېموكراتلار ئىتتىپاقى قۇرۇلدى (1884 ـ يىلى ئىسمىنى سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتتى). ياپونىيەدە لىبېراللار پارتىيەسى قۇرۇلدى.

جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

1881 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە سۇداندا مەھدى ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ دۆلەت قۇردى.

1882 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

ياپونىيەدە ئاساسىي قانۇن تۈرغۇزۇش ئىسلاھات پارتىيەسى قۇرۇلدى. چاشىيەندە رېنئۇ ئەسكەرلەر ۋەقەسى بولدى. چاۋشيەن ـ ياپونىيە ئىچون شەرتنامىسى ئىمزالاندى. مىسىردا ئەرەبى رەھبەرلىكىدىكى ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش بولدى. ئەنگلىيە مىسىرنى بېسىۋالدى. ئاۋستىرىيە ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئىتالىيە ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. فىرانسىيە ئىشچىلار پارتىيەسى پارچىلاندى. گېرمانىيە مۇستەملىكە جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

1882 ـ يىلىدىن 1885 ـ يىلىغىچە ئافرىقىدا مالاگاسى خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشى بولدى.

1882 ـ يىلىدىن 1898 ـ يىلىغىچە غەربىي ئافرىقىدا ساموري فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى.

1883 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ماركس ۋاپات بولدى.

1883 ـ يىلى 10 ـ ئاي پېلېخانوف جەنۋەدە «ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى» قۇردى.

1883 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1885 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى بولدى.

1884 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن فىرانسىيە جۇڭگو ـ فىرانسىيە

ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەرتنامە ئىمزالىدى، فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى ئىشغالىيىتى ئېتىراپ قىلىندى.

فىرانسىيە ـ ۋيېتنام پاتنو شەرتنامىسى ئىمزالاندى. جياشېن سىياسىي ئۆزگىرىشى بولدى. چارروسىيە تۈركمەنىستاننىڭ پارلىق زېمىنىنى بېسىۋالدى. ئەنگلىيەدە ئۈچىنچى قېتىملىق پارلامېنت ئىسلاھاتى بولدى. ئەنگلىيەدە فابىيان جەمئىيىتى قۇرۇلدى. گېرمانىيە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئانگولابېكۇئالاند ۋە غەربىي ئافرىقىدىكى توگو، كامېرون قاتارلىق دۆلەتلەرنى بېسىۋالدى.

1884 ـ يىلىدىن 1885 ـ يىلىغىچە بېرلىندا ئېچىلغان يىغىندا كونگو مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى.

1885 ـ يىلى 6 ـ ئاي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن فىرانسىيە تيەنجىن شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى، جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

ئەنگلىيە بېچۇانالاند، نىگېرىيەنى بېسىۋالدى. ھىندىستاندا مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيەسى قۇرۇلدى. بېلگىيە ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. روسىيەدىكى موروزوف زاۋۇتىدا ئىشچىلار ئىش تاشلىدى. گېرمانىيە ئىلىئان ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن مارشال تاقىم ئاراللىرى ۋە شەرقىي ئافرىقىدىكى تانگانىيكانى بېسىۋالدى.

1886 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىش تاشلاش كۈرىشى بولدى (يەنى «1 ـ ماي» چوڭ ئىش تاشلاش كۈرىشى بولدى).

بىرما پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە شەرقىي ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

1887 ـ يىلى ھىندىچىنى ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. نورۋېگىيە ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئېفىيوپىيە ئىتالىيە تاجاۋۇزچى

قوشۇنلىرىنى تۇنجى قېتىم مەغلۇپ قىلدى.

1887 ـ يىلدىن 1897 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەدە بۇلانژي ھەرىكىتى بولدى.

1887 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلىغىچە ۋېيتنامدا ئەنشى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولدى.

1888 ـ يىلى بىرازىلىيە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىمالىي ئوكيان دېڭىز ئارمىيەسىنى قۇردى ھەمدە دېڭىز ئارمىيەسى يامۇلى تەسىس قىلدى.

1889 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پارىژدا ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

1889 ـ يىلى 10 ـ ئاي تۇنجى قېتىملىق پانئامېرىكىزم يىغىنى ۋاشىنگتوندا ئېچىلدى.

1889 ـ يىلى 11 ـ ئاي بىرازىلىيەدە پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

ئاۋسترىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئەنگلىيەدە ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى ھەرىكىتى بولدى. ياپونىيە ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلدى. شىۋېيتسارىيەدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. شىۋېتسىيەدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلدى.

1890 ـ يىلى ئەنگلىيە، گېرمانىيە شەرقىي ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىش ئىككىنچى قېتىملىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئەنگلىيە كېنىيەنى ئىشغال قىلىشنى تاماملىدى. لوندوندا 200 مىڭ خەلق تۇنجى قېتىم «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزدى. گېرمانىيە «پەۋقۇلئاددە قانۇن»نى بىكار قىلدى. بىسمارك تەختتىن چۈشتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو، ئەنگلىيە، تىبەت، ھىندىستان شەرتنامىسى ئىمزالىدى. 1893 ـ يىلى يەنە تىبەت ـ ھىندىستان شەرتنامىسىنى تۈزدى.

1891 ـ يىلى 8 ـ ئاي بېرىيۇسسېلدا ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

گېرمانىيەدە پانگېرمانىزم جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇلغارىيەدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قۇرۇلدى.

1892 ـ يىلى فىلىپپىندا «كاتىپۇنان» قۇرۇلدى. كۇبادا ئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇلدى. بىرازىلىيەدە 1 ـ قېتىملىق ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئىتالىيەدە سوتسىياللار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئەنگلىيەدە مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. لائوس فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى. لوبېنگۇلا رەھبەرلىكىدىكى مادابېلې خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشى بولدى.

1893 ـ يىلى 8 ـ ئاي سيۇرىختا ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

1893 ـ يىلى 12 ـ ئاي فىرانسىيە ـ رۇسىيە ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى.

1893 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلدى.

1893 ـ يىلدىن 1898 ـ يىلغىچە ئامېرىكا ھاۋاي تاقىم ئارالىرىنى تەدرىجىي يۇتۇۋالدى.

1894 ـ يىلدىن 1895 ـ يىلغىچە چاۋشيەندە جياۋۇ يىللىرى دېھقانلار ئۇرۇشى بولدى (شەرق مەسلىكىدىكىلەرنىڭ قوزغىلىڭى بولدى).

جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشى بولدى.

1894 ـ يىلى 11 ـ ئاي سۇن جۇڭشەن ھونولۇلۇدا جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇردى.

ئەنگلىيە ـ ياپونىيە شەرتنامىسى ئىمزالاندى. ئامېرىكا ياپونىيە شەرتنامىسى ئىمزالاندى. تۈركىيەدە «بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى» قۇرۇلدى.

1894 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە درېيفۇس ۋەقەسى يۈز بەردى.

1895 ـ يىلى 4 ـ ئاي ياپونىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىمونوسېكى شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى، جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. كاڭ يۇۋېي «مەيدىدە ئولتۇرغۇچىلارنىڭ پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇش» ۋەقەسىنى تەشكىللىدى.

1895 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېنگېلس ۋاپات بولدى.

1895 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە پېتېربۇرگ ئىشچىلىرىنىڭ ئازادلىق كۈرەش جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

1895 ـ يىلدىن 1896 ـ يىلغىچە ئېفىيوپىيە ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى ئىككىنچى قېتىم مەغلۇپ قىلدى.

1895 ـ يىلدىن 1898 ـ يىلغىچە كۇبادا ئىككىنچى قېتىم مۇستەقىللىق ئازادلىق ئۇرۇشى بولدى.

1896 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چارروسىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولىنى ياساش ئالاھىدە ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالدى.

1896 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە لوندوندا ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ماداغاسقار فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئامېن ئاساسىي نىزامنامىسى ماقۇللاندى.

1896 ـ يىلى فىلىپپىندا بۇرژۇئا ئىنقىلابى باشلاندى.

1897 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە گىرېتسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بولدى.

1897 ـ يىلى 10 ـ ئاي لياڭ چىچاۋ قاتارلىق كىشىلەر چاڭشادا ۋەزىيەت مەكتىپىنى قۇردى.

1897 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گېرمانىيە ئەسكەر چىقىرىپ جياۋجوۋ قولتۇقىنى بېسىۋالدى.

1897 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چارروسىيە فىلوتى لۈشۈن پورتىنى، داليەن قولتۇقىنى بېسىۋالدى، جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگودا تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشتى.

1898 ـ يىلى 1 ـ ئاي تەن سىتۇڭ قاتارلىق كىشىلەر چاڭشادا «جەنۇبىي جۇڭگو ئىلمىي جەمئىيىتى»نى قۇردى.
1898 ـ يىلى 3 ـ ئاي رۇسىيەدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.
گېرمانىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى جياۋجوۋ، ئاۋمېننى ئىجارىگە بېرىش كېلىشىمى تۈزۈشكە قىستاپ، جياۋجوۋ قولتۇقىنى مەجبۇرىي ئىجارىگە ئېلىۋالدى. چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى لۈشۈن، دالىيەن قاتارلىق جايلارنى ئىجارىگە بېرىش كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى.
1898 ـ يىلى 4 ـ ئاي فىرانسىيە گۇاڭجوۋ قولتۇقىنى ئىجارىگە ئېلىۋالدى. كاڭ يۇۋېي قاتارلىق كىشىلەر بېيجىڭدا دۆلەتنى قوغداش ئۇيۇشمىسىنى قۇردى.
1898 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى بولدى.
1898 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەنگلىيە شېنجېن، داپېڭ ئىككى دېڭىز قولتۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋالدى.
1898 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گۇاڭشۈ خان «دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بېكىتىش» پەرمانىنى چۈشۈرۈپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى جاكارلىدى. «100 كۈنلۈك يېڭىلىققا كۆچۈش» ھەرىكىتى باشلاندى.
1898 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فىلىپپىن مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.
1898 ـ يىلى 7 ـ ئاي ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ۋېيخەيۋېينى ئىجارىگە بېرىش توختامى تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى.
1898 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئەنگلىيە سۇداننى يۇتۇۋالدى.
1898 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نارا جەمەتىدىكىلەر ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغىدى.

1898 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە شودا توقۇنۇشى يۈز بەردى.

ياپونىيەدە كاتاياما سېن سوتسىيالىستىك ئىلمىي جەمئىيەت قۇردى. ئىرېلاندىيە سوتسىياللار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئامېرىكا كۇبا، پۇئېرتو ـ رىكو، فىلىپپىنلارنى بېسىۋالدى.

1899 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ئامېرىكا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىخېتۇەنچىلەر ئېنشەن ناھىيەسى ۋە پېڭيۈەن ئەتراپلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

«مىللىيران ۋەقەسى» بولدى، گېرمانىيە كارولىن ۋە مارىيانا تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋالدى.

1899ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە راباخ رەھبەرلىكىدىكى چاد خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرىشى بولدى.

1899 ـ يىلىدىن 1902 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشى بولدى.

1899 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلىغىچە فىلىپپىن خەلقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرىشى بولدى.

1900 ـ يىلى يازدا يىخېتۇەنچىلەر بېيجىڭ، تيەنجىنگە كىرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىنى تىزگىنلىدى.

1900 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى داگۇكۇنى ئىگىلىدى.

1900 ـ يىلى 8 ـ ئاي يىخېتۇەنچىلەرنىڭ بېيجىڭنى قوغداش كۈرىشى بولدى. سەككىز دۆلەت ئارمىيەسى بېيجىڭنى ئىگىلىدى.

1900 ـ يىلى 9 ـ ئاي پارىژدا ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ئەنگلىيە ئىشچىلار ۋەكىللەر كومىتېتى قۇرۇلدى (1906 ـ يىلى نامىنى ئىشچىلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى). ياپونىيەدە سىياسىي دوستلۇق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民出版社1997年4月第1版，2001年7月第7次印刷本翻译出版。

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى، ئىككىنچى كىتاب)

**تۈزگۈچىلەر:** ليۇ زوچاڭ، گۇاڭ رېنخۇڭ، خەن چېڭۋېن، ئەي جۇۋچاڭ
**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئازات ئالماس، تۇرسۇن يۇسۇپ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەركىن شېرىپ
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئابلىمىز ئابباس
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 30.5
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 14233 − 0
**باھاسى:** 75.00 يۇەن